# شىنجاڭ
# تارىخ ماتېرىياللىرى

(تارىخىي ئەسلىمىلەر)

(27)


شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى




1 - رەسىم: 1930 - يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا چىققان 3 - قارار ئوقۇغۇچىلارنىڭ كوللېكتىپ چۈشكەن رەسىمى.



2 - رەسىم: 1930 - يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا چىققان قىسمەن ئوقۇغۇچىلار
تۆۋەندىن بىرىنچى رەت: بىرىنچى ئابلىمىت ھاجىيوۋ، ئىككىنچى ئابلىمىت موھىتوۋ،
ئۈچىنچى ئىسكەندەر ئىمىنوۋ، تۆتىنچى سەيدۇللا غوجىنىياز ھاجىيوۋ. يۇقۇرىدىن
ئىككىنچى رەت: بىرىنچى ئوسمان يونۇس، ئىككىنچى سەيپىدىن تاشاخۇنوۋ، ئۈ
چىنچى مەھەممەتجان، تۆتىنچى قاسىم پەرسايوۋ، بەشىنچى ئەنۋەر موھىتوۋ.



3 - رەسىم: سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا چىققان ئوقۇغۇچىلار جوغراپىيە دەرسى ئۈستىدە.



4 - رەسىم: ساكو ئۇنىۋېرسىتېتىدىن بىر كۆرۈنۈش.



5 - رەسىم: ئىنقىلابىي قۇربان - قاسىمجان قەمبىرى.



6 - رەسىم: تەرەققىيپەرۋەر زىيالى - نامان ئەپەندى.



7 - رەسىم: خەلقپەرۋەر زات - موللا ئىسلام، (شاگىزۇك) ئىسمائىلوۋ.

# شىنجاڭ

# تارىخ ماتېرىياللىرى

(27)

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ش ئۇ ئا ر
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى ھەيئىتى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



8 - رەسىم: ھەمدەمبەگ ھاجى:

«شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» تەھرىر بۆلۈمى
مەسئۇل مۇھەررىرى: خالىق ساقى
جاۋابكار مۇھەررىرلىرى: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى
ئەركىن ھۇشۇر

# شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى (27)

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى ش ئۇ ئا ر
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى ھەيئىتى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجۇڭ كوچىسى 54 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 3 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850 × 1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 12.625، قىستۇرما ۋارىقى: 4
1989 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى
1990 - يىل 1 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 —— 2,500
ISBN 7-228-01188-0/K·103
باھاسى: 3.15 يۈەن
(ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلىدۇ)

## مۇندەرىجە

ئاتاقلىق رەھبەر، پېداگوگ — ئەخمەتجان قاسىمى ...... 1
ھاكىم جاپپار ......
ھەل قىلغۇچ جەڭ — شىخو ئۇرۇشى ...... ئىمىنوۋ ئېلاخۇن 15
ئازادلىقتىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئەھۋالىمدىن قىس
قىچە ئەسلىمە ...... ئېزىز نىيازى 32
ئوبۇلخەيىر تۆرە — تۇغرىسىدا ئەسلىمە ...... قۇجاي دوقاس 140
شىڭ شىسەينىڭ 1930 - يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىغا
ئوقۇغۇچى ئەۋەتكەنلىكى ھەققىدە ئەسلىمە ......
ئابلىمىت ھاجىيوۋ ...... 149
سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئوقۇش تارىخىم ......
ئابدۇقادىر توختاروۋ ...... 169
موللا ئىسلام ئىسمائىلوۋ ...... ئابدۇكېرىم مەخمۇتوۋ 182
ئىنقىلابىي قۇربان — قاسىمجان قەمبىرى ......
شېرىپ خۇشتار ...... 200
تەرەققىيپەرۋەر خەلقچىل زىيالى — نامان ئەپەندى ......
ئەسقەر ئەيسا ...... 212
توقسۇن ئىلغار ياشلىرىنىڭ كۈرەشلىرىدىن ئەسلىمە ......
شېرىپ پەتتار ...... 217

ئۇيۇشما ۋە ئىتتىپاق...خ. سۈزۈك ھاجىيوۋ 250
قەشقەر ۋىلايەتلىك قازاق - قىرغىز مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى توغرىسىدا ئەسلىمە...... تاھىر مەمتىلى، مەمەت ھەسەن 289
قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ تارىخىدىن ئەسلىمە......يەھيا ئېلىم 294
شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بىلەن خوجىنىيازھاجى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن فۇكاڭ مۇئاھىدىسى توغرىسىدا ئەسلىمە......خېۋىر تۆمۈر 310
ئاقسۇ، يەكەنلەردە بولۇپ ئۆتكەن بەزى ۋەقەلەردىن ئەسلىمە......سۆزلەپ بەرگۈچى: ھۈسەن ھادىل رەتلىگۈچى: قادىر مەكىت 327
پىچانىدىكى لەمجىن مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپى......ھەمدۇللا ھىۋىپ 346
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى......شىيا ۋېيرۇڭ 357
ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى......شىيا ۋېيرۇڭ 362
شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى چوڭ ۋەقەلەر يىلنامىسى...... 365



## ئاتاقلىق رەھبەر، پېداگوگ — ئەخمەتجان قاسىمى

(ئەسلىمە)

ھاكىم جاپپار

بۇ يىل ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ قوزغالغىنىغا 45 يىل بولدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئاتاقلىق رەھبىرى، شىنجاڭ خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ۋاپاتىغا 40 يىل تولدى. 1944 - يىلى 9 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلاپ تاكى 1949 - يىلى 9 - ئايغىچە يەنى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانغا قەدەر ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى بەش يىل داۋام قىلدى. مۇشۇ بەش يىل داۋامىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخىي غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۈچ ۋىلايەتتە گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ، دېموكراتىك ھاكىمىيەتنى تىكلەپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ غەلىبىلىك يۈرۈشىگە ماسلىشىپ، شىنجاڭنى تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىشتا ئۇلۇغ تۆھپىلەرنى قوشتى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جۇڭگو خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، تارىختا ئۆچمەس سەھىپە قالدۇردى. ئەخمەتجان قاسىمى خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى يولىدا بارلىقىنى قۇربان قىلىش روھى، ئۆتكۈر، زېرەك پىكىرلىكى، مول بىلىمى، تۇرمۇشتىكى ئاددىي - ساددىلىقى، ھەر مىللەت خەلقى بىلەن ئىچقويۇن تاشقويۇن بولۇش ئىستىكى ۋە تولۇق ئالىيجاناپ پەزىلەتلىرى بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتى ۋە مەڭگۈ ئەسلىشىگە سازاۋەر بولدى. ئەخمەتجان قاسىمى ئاتاقلىق

سىياسىي رەھبەر ئىدى، شۇنداقلا يەنە ئاتاقلىق مائارىپچى — پېداگوك ئىدى. ئۇ مائارىپ ئىشلىرىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلەتتى، ئۇنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش، مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدىكى تىرىشچانلىقلىرى ۋە ئىجادى ئەمگەكلىرى كەڭ مائارىپچىلارنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ئۆچمەس ئىز قالدۇرۇپ كەتتى. خەلقنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرۈش، ھەر مىللەت ياش - ئۆسمۈرلىرىنىڭ تەربىيىلىنىشىگە كۆڭۈل بۆلۈش ئۇنىڭ سۆز - نۇتۇق ۋە ئەمەلىي ھەركىتىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى.

1944 - يىلى 9 - ئايدىن باشلانغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ھەر مىللەت خەلقى ۋە ھەر مىللەت زىيالىيلىرى ئاكتىپ قاتناشتى. بولۇپمۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى توغرا يول بويىچە غەلىبىگە يېتەكلەشتە زىيالىيلارنىڭ رولى چوڭ بولدى. بۇ چاغدىكى زىيالىيلار پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئوقۇتقۇچىلار قاتلىمىدا ئىدى. شۇڭا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا بۇرۇنقى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىر قىسمى ئوقۇتقۇچىلىق قىلىسمۇ، زور تۈركۈمدىكىلىرى ئۈچ ۋىلايەت ھاكىمىيىتىنىڭ ھەر ساھەدىكى ئىدارە، جەمئىيەت ئورگان خىزمەتلىرىگە، بولۇپمۇ مىللىي ئارمىيە سېپىگە قاتناشتى ۋە بۇ ئورۇنلاردا مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالدى. مەسىلەن، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ ئاتاقلىق كوماندىرلىرىدىن: مەرغۇپ ئىسھاقوۋ، ھەمدۇللا قۇربانوۋ، ئامانتۇر بايىزاقوۋ قاتارلىق نۇرغۇن كىشىلەر ئەسلىدە ئوقۇتقۇچىلار ئىدى.

ئەينى يىللاردا مۇنداق زور تۈركۈمدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ھاكىمىيىتىنىڭ ھەر ساھەدىكى خىزمەتلىرىگە قاتنىشىشى زۆرۈر ئىدى، مۇنداق قىلماي بولمايتتى. لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سۈپىتى تۆۋەنلەپ كېتىش ۋە جەمئىيەتتە بىر قىسىم



كىشىلەر ئارىسىدا ئوقۇتقۇچىلىقنى تۆۋەن كۆرۈش، ئوقۇتقۇچى بولۇشنى خالىماسلىق ئەھۋالى يۈز بەردى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئەخمەتجان قاسىمى رېئاللىقنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتتى، مەكتەپلەر، مائارىپتىكى ئەھۋاللارنى سۈرۈشتە قىلدى، ھەممە كەسىپ ئالمىشىپ كەتكەن بىر تۈركۈم ئوقۇتقۇچىلارنى قوشۇنغا قايتۇرۇش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ئىشلەپ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى دەسلەپكى قەدەمدە تولۇقلىدى ۋە ئۇلارنىڭ سىياسىي ۋە كەسپىي سەۋىيىسىنى نەزەردە تۇتۇپ، بىرىنچى قارار مۇئەللىملەر كۇرسىنى ئاچتى. ئو كېلەچەكنىڭ ئۈمىدلىرى بولغان ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىدەك ئۇلۇغۋار ئىشنى ئۆزى بىۋاسىتە تۇتتى.

ئەخمەتجان قاسىمى 1948 - يىلى غۇلجا شەھىرىگە قاراشلىق مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىغا مۇھىم نۇتۇق سۆزلىدى. بۇ نۇتۇقتا ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ مائارىپ توغرىسىدىكى ئاساسىي ئىدىيىسى، قاراشلىرى بىرقەدەر تەپسىلىي بايان قىلىنغان، مەكتەپلەرنىڭ تەربىيىلەش نىشانىسى، تەربىيىلەش مەزمۇنلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنىڭ شەرەپلىك ئىكەنلىكى قاتارلىق تەرەپلەر سۆزلەنگەن، شۇنداقلا شۇ چاغدىكى شىنجاڭنىڭ ئىچكى-تاشقى ۋەزىيىتى نۇرغۇن ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، مەكتەپلەر مائارىپىنى ياخشى تۇتۇش ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مەن ئەينى ۋاقىتتا مۇشۇ نۇتۇقنى خاتىرىلىگۈچى (مەن خاتىرىنى رەتلەپ چىققاندىن كېيىن ئەخمەت ئەپەندىم ئۆزى تۈزىتىش بەرگەندىن كېيىن مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىندى) ئىدىم. مەن بۇ نۇتۇقنى ئاڭلاپ، ئەپەندىم سىياسەتچىلا ئەمەس، بەلكى ھەقىقەتەنمۇ بىر پېداگوك ئىكەن، دېگەن ھېسسىياتقا كەلگەنىدىم.

ئەخمەتجان قاسىمى ئۆز نۇتۇقىدا تەربىيىلەش نىشانىسى ئۈستىدە سۆزلەپ كېلىپ ئوقۇتقۇچىلارغا قارىتا: «سىزلەرگە كېلەچەك دۆلەت ئىگىلىرىنى، كېلەچەك جەمئىيەت خىزمەتچىلىرىنى

تەربىيىلەش شەرەپلىك ۋەزىپىسى يۈكلەنگەن»، «جەمئىيەتنىڭ
كېلەچەك تۈزۈمى، كۆز قارشى ۋە شۇنىڭدىكى بولىدىغان مۇنا-
سىۋەتلەر هازىردىن سىزلەرنىڭ دۆلەت ئىگىلىرىنى تەربىيىلىشىڭ-
لارغا باغلىق مەسىلە. بىز كېلەچەكتە قاياققا بارىمىز، مەقسى-
تىمىز نېمە، مەقسەتكە قايسى يول بىلەن يېتىمىز؟ مانا شۇ مە-
سىلىلەرگە ئۇچۇق جاۋاب بېرەلىگۈدەك تەربىيىلىنىش نىشانىسىنى
بېلىشىمىز كېرەك. تەربىيىلىنىش نىشانىسىنى بېلىۋالغاندىن كې-
يىن، تەربىيىلەنگۈچىنى توغرا يول بىلەن ئېلىپ بارغىلى بو-
لىدۇ. بىزنىڭ ئالدىمىزدىكى ئەڭ مۇهىم ئىشىمىزنىڭ بىرى تەر-
بىيە مەسىلىسى. تەربىيە يالغۇز خەلقنىلا تەربىيىلەشتىن ئىبارەت
ئەمەس، تەربىيە كېلەچەكنىڭ ئىگىلىرىنى، جەمئىيەتنىڭ پايدى-
لىق ئەزالىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشنى مەقسەت قىلىدۇ. تەربى-
يە پەۋقۇلئاددە مۇهىم مەسىلە هېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پۈ-
تۈن دۇنيادىكى جەمئىيەت ئەرباپلىرى تەربىيە مەسىلىسىگە ئا-
لاهىدە دىققەت قىلىدۇ. ئەگەر تەربىيە جەمئىيەتنىڭ ئالغا كې-
تىپ بارغان ئىلغار يولى، خەلقچىل پىكىر① دىكى ئادەملەر-
نىڭ ئارزۇ قىلىپ يۈرگەن نەزەرىيىلىرىگە بىنائەن ئېلىپ بې-
رىلسا، شۇ يول بىلەن خەلق ئاممىسى مەنپەئىتىنىڭ هىمايىچى-
لىرى بولغان ئۈسمۈرلەر تەربىيىلىنىدۇ. ئەگەر دۆلەت تۈزۈمى
جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي تاپقان باسقۇچىغا لايىق بولمىسا، ئەگەر
دەۋرنىڭ ئىلغار نەزەرىيىلىرىنى قوبۇل قىلىپ ئالمىسا، خەلق-
چىل توغرا پىكىردىكى ئادەملەرنىڭ ئارزۇلىرى تىلەك بويىچىلا
قالىدۇ.»، دېگەنىدى، هەمدە بۇنى ئەنگلىيىنىڭ 16 - ئە-
سىردىكى مۇتەپەككۇرى توموس مور، فرانسىيىنىڭ 18 - ئەسىر-
دىكى مۇتەپەككۇرى ژان - ژاك روسسو، مولىر قاتارلىقلار-
نىڭ پىكىر - نەزەرىيىلىرىنىڭ ئارزۇ - تىلەك بويىچە قالغان-

① شۇ چاغدىكى ۋەزىيەتتە «سوتسىيالىزم يولى»، «كوممۇنىستىك ئىدىيە» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر «ئىلغار يول»، «خەلقچىل پىكىر» دەپ ئاتىلاتتى.



لىقىنى نەقىل كەلتۈرۈپ ئىسپاتلىغانىدى. «دۆلەت هاكىمى-
يىتى ئۈستىدە رېئاكسىئون مۇستەبىت كۈچ هۆكۈمرانلىق قىلىپ
تۇرغان جايدا، ئۇنىڭ خەلقچىل روهقا قارشى بەلگىلىگەن تەر-
بىيە ئۇسۇلى، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىگە مۇۋاپىق بولال-
مايدۇ» - دەپ كەسكىن كۆرسىتىپ كېلىپ، شۇ چاغدا گومىنداڭ
هۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلاردا تەربىيە ئىشىنى ئەكسىيەتچى
ئىدىيىنىڭ مەنپەئىتىگە قاراتقانلىقىنى، تەربىيىنى توغرا يولغا
سېلىش ئۈچۈن، تەربىيە نىشانىسىغا توسقۇن بولغان كۈچنى
يۇلۇپ تاشلاپ، هاكىمىيەتنى خەلق قولىغا بېرىش، تەربىيە
مەقسىتىنى خەلق مەنپەئىتىگە قارىتىش كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ
ئۆتكەن. نۇتۇقتا يەنە: «تەربىيىنىڭ سىياسەت بىلەن باغلىنىشى
يوق، دەپ قاراشقا ئورۇن قالمايدۇ، تەربىيە سىياسەت بىلەن
مەهكەم باغلانغان بولۇپ، تەربىيىنىڭ مەقسەت - نىشانىسىنى
سىياسەت بەلگىلەيدۇ، ئۇنداق بولغانىكەن، ياش - ئۆسمۈر-
لەرگە بېرىلىدىغان تەربىيىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ئەنە شۇ خەلق
ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىنى هىمايە قىلىشقا قارىتىلغان بولۇش
كېرەك.» - دەپ كۆرسەتكەن. بۇ ئارقىلىق تەربىيىنىڭ نىشانى-
سىنى شۇ ۋاقىتتىكى ئازادلىق كۈرەش ئىشلىرى ئۈچۈن، خەلق-
چىل سىياسەتنى تۇرمۇشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش-
نى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئەخمەتجان قاسىمى يەنە: «بىز ياش -
ئۆسمۈرلىرىمىزنى ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئىتىدىن خەلق مەنپە-
ئىتىنى ئەلا كۆرىدىغان قىلىپ تەربىيىلىشىمىز لازىم، بۇ بىز-
نىڭ تۇرمۇشىمىزدا ناهايىتى مۇهىم ئورۇننى تۇتىدۇ، تەربىيىلەن-
گۈچىلەرنىڭ تەربىيىلىنىشى — تەربىيىچىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ
بۇ مەسىلىدە ئۆرنەك بولۇشىغا باغلىق، ئەگەر مەن
تەربىيىچى بولۇپ ئەمەلى تۇرمۇشتا شەخسىي مەنپەئەتتىن
جەمئىيەت مەنپەئىتىنى ئەلا كۆرسەم، تەربىيىلەنگۈچى بۇنى

شەكسىز ئۆزىگە قوبۇل قىلىدۇ، ئادەم روھىنىڭ ئىنژېنېرى بولغان تەربىيىچىلەر شەخسى مەنپەئەتىنى جەمئىيەت ۋە خەلق مەنپەئەتىدىن تۆۋەن قىلىش بىلەن بالىلىرىمىزنى ۋەتەن، مىللەت، خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن جان كۆيدۈرىدىغان تۇرمۇش تارىخى بىلەن تەربىيىلىشىمىز كېرەك» ـ دەيدۇ.

ئۈچ ۋىلايەتتىكى ئوقۇتقۇچىلار بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى رايونلاردىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تۇرمۇش تەمىناتىدىمۇ زور پەرق بار ئىدى. مەسىلەن، 1948 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەتتە ئېيىغا بىر مىليون دوللار مۇئاش ئالىدىغان ئوقۇتقۇچى يۈز جىڭ ئۇننى يۈز دوللارغا، بىر گەز چىتنى توققۇزمىڭ دوللارغا، بىر جىڭ قوي گۆشىنى سەككىزمىڭ دوللارغا ئالسا، ئۈرۈمچىدە خۇددى شۇ ئوقۇتقۇچى ئېيىغا 300 مىليون دوللار ئايلىق مائاش ئېلىپ، يۈز جىڭ ئۇننى ئىككى يۈز مىليون دوللار، بىر گەز چىتنى 17 مىليون دوللار، بىر جىڭ گۆشنى توققۇز مىليون دوللار تۆلەپ ئالاتتى.

ئەخمەتجان قاسىمى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى ئۈستىدە توختىلىپ: «...شۇنداقتىمۇ راست، بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدە تەربىيىچى، كېلەچەك دۆلەت ئەربابىنىڭ تەربىيىچىسى، كېلەچەكتىكى ئالىم، مۇتەخەسسىس ۋە قوماندانىڭ تەربىيىچىسى بىز ئويلىغان ۋە بىز دىگەن ئورۇننى ئىشغال قىلالمايۋاتىدۇ، ئۇلارغا بىز ئۆزىمىز ئويلىغاندەك شارائىت تۇغدۇرۇپ بېرەلمەيۋاتىمىز. شارائىت تۇغدۇرۇپ بەرمەسلىك بىزنىڭ خاتالىقىمىزدىن ئەمەس، بۈگۈنكى شارائىتىمىزنىڭ شۇنداق بولغانلىقىدىندۇر. ئۈچ ۋىلايەتنى ئازاد قىلغىلى تۆت يىل بولدى. بىز ئەركىنلىكىمىزنى قولىمىزدا ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بارلىق كۈچىمىزنى ئەركىنلىكىمىزگە قەست قىلغان ئوسمان، سۇڭ شىليەن باندىتلىرى بىلەن كۆرۈشۈشكە سەپەرۋەر قىلغانلىقىمىزدىندۇر. مەدەنىي ـ مائارىپ ئىشلىرىمىزغا بودجېتنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى سەرپ قىلالىساقمۇ



دىگەندەك تولۇق تەمىن ئېتەلمەيۋاتىمىز» دەپ كۆرسەتكەنىدى. بۇنىڭدىن ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا قانچىلىك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

ئەخمەتجان قاسىمى ئوقۇغۇچىلارنى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىدا تەربىيىلەشنى تەكىتلەپ مۇنداق دىگەنىدى: «بىز بالىلىرىمىزنى تار مىللەتچىلىك روھى بىلەن تەربىيىلىدىغان بولساق، بىر مىللەتنىڭ پايدىسىنى كۆزلەيدىغان، باشقىلارنى ئادەم ھېسابلىمايدىغان روھتا تەربىيىلەپ قويىمىز. مىللىي ئازادلىق كۈرىشىمىزنى دىگەن جايىغا ئېلىپ بارماقچى بولساق، مۇنداق تار مىللەتچىلىك ئىگىنى تۈپ يىلتىزى بىلەن چىقىرىپ تاشلاپ، ئۆلكىدىكى ھەممە مىللەت خەلقلىرىنىڭ كۆرەش نىشانىنى بىر نۇقتىغا يىغىشىمىز لازىم. ئەگەر بالىلارغا خەنزۇنى ئۈچ كۆرسىتىپ، موڭغۇلنى ياخشى كۆرسىتىپ تەربىيە بەرسەك، ئۆزىمىز قارىمۇ قارشىلىققا چۈشۈپ قالىمىز. چۈنكى تەربىيىلىگۈچىدە بىر مىللەت ئەلا، بىر مىللەت پەس، بۇ مىللەت تاجاۋۇزچى، ئۇ مىللەت تاجاۋۇزغا دۇچار بولغۇچى دىگەن چۈشەنچە ھاسىل بولىدۇ. ۋەھالەنكى، تاجاۋۇزچى ـ مىللەت ئەمەس، مىللەتنى ساتقۇچى ـ بىر تۈپ ھەربىي پالتىسىيە، بيۇروكرات ئاپپاراتقا تايانغان مۇستەبىت ئۇنسۇرلاردۇر. ئۇلارنىڭ مىللەتكە ۋەكالەتەن سۆزلەشكە ھېچقانداق ھەققى يوق ۋە مىللەتكە ۋەكىلمۇ بولالمايدۇ. بىر قىسىم گومىنداڭچى «دارىن»لار بىزنىڭ قانچىلىك دۈشمىنىمىز بولسا، خەنزۇ خەلقىنىڭمۇ شۇنداق دۈشمىنىدۇر. شۇڭا ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىدا، ۋەتىنىدىكى ھەممە مىللەت خەلقلەر ئورتاقلارچە باراۋەر ھاكىمىيەت ئىگىسى بولىدىغان ۋە ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى ئىدارە قىلىدىغان بولۇش كېرەك دىگەن روھتا تەربىيە قىلىشىمىز لازىم.» ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ بۇ يالقۇنلۇق سۆزلىرىدىن شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ مىللىي سىياسەت، مىللىي ئىتتىپاقلىق ۋە مىللەتلەر باراۋەرلىكى قاتارلىق مەسىلىلەردىكى كۆز قارىشىنىڭ قانچىلىك ئوچۇق

ۋە ئېنىقلىقىنى، مىللەت كۆز قارىشى نەزەرىيىسىنىڭ قانچىلىك ئۈستۈنلۈكىنى كۆرەلەيمىز.

ئەخمەتجان قاسىمى مەكتەپلەر تەربىيىسىنىڭ مەزمۇنلىرى ئۈستىدە توختالغاندا: «ئەگەر بىز بالىلىرىمىزنى كېلەچەكتە ۋەتەننى تولۇق ئىدارە قىلسۇن دېسەك، ۋەتەننى چىن كۆڭلى بىلەن سۆيۈپ، ۋەتەن ئۈچۈن جان پىدا قىلىشقا ھەر دائىم تەييار تۇرىدىغان، ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، تەبىئەت ۋە باشقىلارنى تولۇق ئىگىلەپ، تېخنىكا قوراللىرىنى ئىشلىتىشنى، تەبىئەتنىڭ كۈچىنى بوي سۇندۇرۇشنى بىلىدىغان ساغلام ئادەملەردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈشكە تىرىشىشىمىز لازىم. تەربىيىدە سالامەتلىك، ساغلاملىق مۇھىم. «سالامەت تەنلىك، ساغلام ئەقىل» قىلىپ تەربىيىلەش ئاسان ئەمەس، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەر تەرەپتىن مۇكەممەل تەربىيىلىنىشى ئۈچۈن سالامەتلىك مەسىلىسىگە ئايرىم دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. ئوقۇغۇچىلارنى فىزكولتۇرا، گىمناستىكا ۋە مۇۋاپىق ئەمگەكلەر بىلەن بولغان تەربىيە ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق تاۋلاپ بېرىشىمىز كېرەك» دېگەن. ئەخمەتجان قاسىمى مەكتەپلەردىكى دوستلۇق ۋە ئەمگەك تەربىيىسىگە توختىلىپ: «...مەكتەپتەك دوستلۇقنى باغلايدىغان جاي بولمايدۇ. ئەگەر مەكتەپتە دوستلۇقنى تەمىن قىلىش ئىشى كۈچلۈك ئېلىپ بېرىلسا، مۇنداق تەربىيىلەنگەن بالىلاردا دائىمى دوستلۇق مۇناسىۋىتى جەمئىيەت پايدىسىغا قارىتىلغان بولىدۇ. مۇنداق تەربىيىلەنگەن ئادەم ھەقىقىي خەلقچىللىق سىياسىتىنىڭ تۇرمۇشتا ئاشۇرۇلۇشىنىڭ بىرىنچى كۈرەشچىسى بولىدۇ. شۇڭا ھەقىقىي دوستلۇق ۋە ھەمكارلىقنى مەكتەپتە تەمىن ئېتىشىمىز لازىم.»، «بىز ئوقۇغۇچىلارغا ئەمگەك سۆيۈش، ئەمگەكنى ھۆرمەتلەش تەربىيىسى بېرىشىمىز لازىم بولىدۇ. ئەمگەك بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنى كۆتۈرگىلى بولىدۇ. جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنى كۆتەرمەي تۇرۇپ، جەمئىيەتنى تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرگىلى



بولمايدۇ ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنى تەرەققىي قىلدۇرماي تۇرۇپ، خەلقچىللىق سىياسىتىنى تۇرمۇشقا ئاشۇرۇش ھەم قىيىن مەسىلىدۇر. ئەمگەكنى سۆيۈش ۋە ئەمگەكچىلەرنى ھۆرمەتلەشنى بالىلارغا سىڭدۈرۈشمۇ ئوقۇتقۇچىغا باغلىق مەسىلە. ئەمما بىزنىڭ تەربىيىچىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئەمگەك سۆيۈش تەربىيىسىنى ئۆزلىرى تولۇق ئېلىپ چىنىققان ئەمەس. شۇڭا قارا ئەمگەك (جىسمانىي ئەمگەك) قىلىشنى نومۇس دەپ بىلىدۇ. بۇ بىزگە كونا جەمئىيەت تۈزۈمىدىن قالغان يامان ئادەت» ـ دەپ كېلىپ، ناھايىتىمۇ ئېنىق ۋە كەسكىنلىك بىلەن ئۆزىنىڭ ئەزەلدىن دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن ئىنىسىنىڭ ئۆز يېنىدا ئەسكەر بولغانلىقىنى، بىر كۈنى ئۇنىڭغا يېزىدىكى خاماندىن سامان ئەكېلىشنى بۇيرۇغاندا، سامانىنى كۈندۈزى ئەكەلمەي كېچىسى ئەكەلگەنلىكىنى، چۈنكى كۈندۈزى سامان ئەكېلىشتىن ئىزا تارتقانلىقىنى سۆزلەپ كېلىپ، ئىنىسىنىڭ ئېگىنى ئۈستىگە كىيگەن پاكىز ئەسكەر كىيىمى بىلەن يېنىغا ئاسقان تاپانچىسى ئۆزگەرتكەنلىكىنى ئېيتىپ قاتتىق تەنقىد قىلغانىدى. ئەخمەتجان قاسىمى مەكتەپلەرنىڭ تەربىيىلەش نىشانىسى ۋە مەزمۇنى ھەققىدىكى قارىشىنى، «قىسقىسى، خەلقچىللىق سىياسىتىنى تولۇق ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، كۈرەش ۋەزىپىسى بىزدىن ئاڭلىق، ئەقىللىق، ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ ھەممە تەرىپىدىن خەۋىرى بار، چوڭقۇر بىلىملىك، ئەخلاقلىق، ساغلام تەنلىك، خەلققە سادىق ۋەتەنپەرۋەر ئادەملەرنى تەربىيىلەپ چىقىشنى تەلەپ قىلىدۇ.» دەپ يىغىنچاقلايدۇ. ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ بۇ سۆزلىرى ھازىرقى مائارىپ فاڭجېنىمىز بىلەن ئوخشاش بولۇپ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئەخمەتجان قاسىمى ئوقۇتقۇچىنىڭ رولىغا ۋە ئۇنىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنىغا ناھايىتى يۇقىرى باھا بەرگەنىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىجتىمائىي سىياسىي

ئورنىنى كۆتۈرۈشكە، يەنە بىر تەرەپتىن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تۇرمۇش تەمىناتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن مۇمكىنچىلىكى بولغان بارلىق چارىلەرنى كۆردى. ئەخمەتجان قاسىمى بۇ ھەقتە توختىلىپ: «مەن ئۆزۈم مۇئەللىمەن، سىنىپتا قالاق ئوقۇغۇچى قالسۇن دەپ يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، تىرىشىۋاتقان ئوقۇتقۇچىنى بىلىمەن، كىشىلىك جەمئىيەتتە مۇئەللىملىك مېھنىتىدىن پەخىر-لىنەرلىك مېھنەت يوقتۇر، چۈنكى ئالىم، مۇتەخەسسىس، يازغۇچى، قوماندان، جەمئىيەت، دۆلەت ئەربابى ۋە باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇتقۇچى مېھنىتىنىڭ مەھسۇلاتىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئادا قىلغۇچى ئوقۇتقۇچى ھەرقانداق قىيىن-چىلىقلارنى يېڭىپ، سەزگۈر، قابىل، ئەسىلىك، پىكىرلىك، ئۆت-كۈر، چىدامىلىق ۋە ياخشى خۇيلۇق بوغۇنلارنى يېتىشتۈرۈشنى ئۆزىگە شۆھرەت دەپ بىلىدۇ.» — دەپ كۆرسىتىپ، ئوقۇتقۇچىلارنى ئەڭ ئۈستۈن ئورۇنغا قويدى. بۇ سۆزلەر ھەرقانداق كىشىدە ئوقۇتقۇچىغا، ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىنىڭ شان-شەرىپىگە، قەدىر-قىممىتىگە قىزغىن ئىشتىياق ۋە ھۆرمەتلەشنى قوزغايدۇ. شۇ چاغ-دىكى ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدىكى بارلىق مەكتەپلەردە ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ بۇ بىر ئابزاس ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن چوڭقۇر مەنىلىك دانا سۆزى چوڭ خەت بىلەن يېزىلىپ، مۇدىر ۋە ئوقۇتقۇچىلار ئىشخانىلىرى، سىنىپ ۋە زاللارغا ئېسىپ قويۇلاتتى. ئەخمەتجان قاسىمى ئۆز نۇتقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قىسمىدا: «بۇ مۇقەددەس ۋەزىپىنى توغرا ۋە تولۇقى بىلەن ئادا قىلىش ئۈچۈن ئوقۇتقۇچى-لىرىمىزنىڭ ھەر ساھەدىكى ئىشلىرىغا ۋە كېلەچەك دۆلەت ئىگى-لىرى بولغان ياش - ئۆسمۈرلىرىمىزنىڭ مۇكەممەل تەربىيە ئىش-لىرىغا مۇۋەپپەقىيەتلەر تىلەيمەن. ياشىسۇن ئېغىر خىزمەت ئۆتە-ۋاتقان ۋە ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىمىزدىن بولغان جەمئىيەتنىڭ كېلەچەك ئىگىلىرىگە تەلىم - تەربىيە بەرگۈچى مۇدىر، مۇئەللىم-لىرىمىز!»، دەپ سەمىمىي ئۈمىد - ئارزۇسىنى قويغانىدى.



ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ مائارىپقا مۇشۇنداق ھەرتەرەپلىمە كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە بىۋاستە تۇتقۇشى ئارقىسىدا ئۈچ ۋىلايەتنىڭ مائارىپ ئىشلىرى تېزدىن راۋاجلىنىپ، گۈللەپ ياشناشقا باشلىدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشى بىلەن مائارىپ ئىشلىرى تەرەققىي قىلدى. ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى دائىم دېگۈدەك مەكتەپلەرگە بېرىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ئەستايىدىللىق بىلەن ھەل قىلدى. مەسىلەن: 1948 -، 1949 - ئوقۇش يىلىدا ئىلى ۋىلا-يىتىدە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى 35 مىڭ 479 نەپەر (تولۇق-سىز ئوتتۇرا بىلەن قوشۇلغاندا 39 مىڭ 269 نەپەر ئوقۇغۇچى، 1413 نەپەر ئوقۇتقۇچى بار ئىدى) بولۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئالدىدىكى گومىنداڭ دەۋرىدىكىدىن 12.4% كۆپ، تارباغاتاي ۋىلايىتىدە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى 14 مىڭ 594 نەپەر بولۇپ، گومىنداڭ دەۋرىدىكىدىن 20.7% كۆپ (بۇ چاغدا تارباغاتاي ۋىلايىتىدە باشلانغۇچ ھەم ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا 23 مىڭ نەپەر بولۇپ، ۋىلايەت ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 13 پىرسەنتىنى تۇتاتتى). ئالتاي ۋىلايەت خەلقى گومىنداڭ ۋە ئوسماننىڭ ئېغىر بۇلاڭ - تالاڭ، خانىۋەيرانچى-لىقىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، 1948 -، 1949 - ئوقۇش يىللىرى باش-لانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى 7800 نەپەرگە يېتىپ، گومىنداڭ دەۋرىدىكىدىن 23.8% كۆپەيدى. يېتىم - يېسىر باللار ئۈچۈن دارىلئېيتام قۇرۇلۇپ، ھۆكۈمەت ھېسابىدىن تەمىنلىنىپ ئوقۇتۇلدى. قازاق، قىرغىز، موڭغۇل قاتارلىق چەت جايلاردىكى كۆچمەن چارۋىچىلار بالىلىرىنىڭ ئوقۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن جايلاردا كۆچمە سىنىپ قۇرۇلغاندىن باشقا، بۇ مىللەتلەرنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ يۇقىرىراق سىنىپلاردا ئوقۇشى ئۈچۈن ئۈچ ۋىلا-يەتنىڭ ھەربىر ناھىيىسىدە بىردىن ياتاقلىق، تەمىناتلىق مەر

كەزلەشكەن ئوتتۇرا مەكتەپلەر قۇرۇلدى. ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەرمىللەت مەكتەپلىرىدە پۈتۈنلەي ئۆز ئانا تىلىدا دەرس ئۆتۈلدى. مۇشۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە غۇلجا شەھىرىدە ئۇيغۇر، قازاق، خەنزۇ، خۇيزۇ، رۇس، ئۆزبېك ۋە موڭغۇل مەكتەپلىرى (موڭغۇل بالىلىرى ئىلىنىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرىدىن قوبۇل قىلىنىپ غۇلجا شەھىرىدە ياتاقلىق - تەمىناتلىق قىلىپ قۇرۇلغان مەكتەپتە ئوقۇيتتى) قاتارلىق سەككىز مىللەتنىڭ مەكتىپىدە ئۆز تىلىدا دەرس بېرىلەتتى (تولۇقسىزدىن يۇقىرى سىنىپلاردا دۆلەت تىلى يەنى خەنزۇچە ياكى رۇسچە دەرس كىرگۈزۈلەتتى). دەرسلىك مەسىلىسىدە بىرقىسىم دەرسلىكلەرنى مائارىپ ئورۇنلىرى كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ تۈزۈپ چىقىپ تەمىنلىگەندىن باشقا، ئاساسىي دەرسلىكلەر بولۇپمۇ تەبىئىي پەن دەرسلىكلىرى جۇڭگو ۋە شىنجاڭ ئەھۋالىنى ماسلاشتۇرغان ھالدا سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۈزۈلۈپ، ئۇيغۇرچە، قازاقچە تىل - يېزىقتا مەخسۇس شىنجاڭ ئۈچۈن نەشر قىلىنىپ، قامدىلىپ كېلىنگەنىدى. ھەتتا خەرىتە ۋە بىر قىسىم تەجرىبە ۋە كۆرسەتمىلىك قوراللارمۇ شۇنداق تەمىنلەندى. ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىلىرىنىڭ يېنىدا مەخسۇس ئوقۇتقۇچىلارغا پېداگوگىكا ۋە مېتودىكا تەربىيەسىدىن ياردەم كۆرسىتىدىغان پېداگوگىكا كابىنېتلىرى تەشكىل قىلىنغانىدى. يەنە ۋىلايەتلىك ۋە ناھىيىلىك مائارىپ ئورۇنلىرىدا ئىنسپېكتورلۇق تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش ئەھۋالى تەكشۈرۈلۈپ، باھالىنىپ تۇراتتى. مۇشۇ ۋاقىتتا بىرلا ئىلى ۋىلايىتىدە 220 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنىڭ ساۋادى چىقىرىلغانىدى. مەكتەپ مائارىپىدا بۇ چاغدا يەتتە يىللىق ۋە ئون يىللىق تۈزۈمدىكى مەكتەپلەر قۇرۇلغانىدى. ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى مەلۇماتلىق ھەرمىللەت ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش ئۈچۈن غۇلجىدا تىببىي تېخنىكوم ۋە مۇتەخەسسىسلەر يېتىشتۈرۈش بىلىم يۇرتى تەشكىل قىلىندى. بىلىم يۇرتىدا



ئىجتىمائىي پەن، تەبىئىي پەن، ئىقتىساد، قانۇنشۇناسلىق، ئاگرونوم، چارۋىچىلىق، مال دوختۇرلۇق قاتارلىق كەسىپلەر تەسىس قىلىندى. بىلىم يۇرتىدا شۇ ۋاقىتتا يۇقىرى سەۋىيىلىك ھەر ساھەدىكى ئوقۇتقۇچىلاردىن مالىك لىكىمتىروۋ، خەمىت ۋەكىلى، سۇلتان ئۆسكەنبايوۋ، ئىسمايىل ياسىنوۋ، قادىر ھەسەنوۋ، ئىسمايىل ھېفزۇللايوۋ قاتارلىق كىشىلەر ئوقۇتقۇچىلىققا ۋە مەكتەپ رەھبەرلىكىگە تەكلىپ قىلىنغانىدى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەسپىي بىلىم سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈنۈپ، تۈرلۈك قىسقا مۇددەتلىك كۇرسلار ۋە كەچكى بىلىم ئاشۇرۇش مەكتەپلىرى ئېچىلغانىدى. مەسىلەن، 1948 - يىلى غۇلجا شەھىرىدە ئېچىلغان چوڭلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپىدە 200 نەپەر ئوقۇتقۇچى (ئاز بىر قىسىم ئىدارە كادىرلىرىمۇ بار ئىدى) ئوقۇيتتى. بۇلاردىن ئىمتىھان ئېلىش ئارقىلىق مەدەنىيەت بىلىم سەۋىيىسىگە قاراپ، تولۇق ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بىرقىسىم دەرسلىكلىرى ئۆتۈلەتتى. دەرس بېرىشكە بىلىم يۇرتىنىڭ ئاساسلىق ئوقۇتقۇچىلىرى تەكلىپ قىلىنىپ دەرسلەر ئۆتۈلەتتى. مەكتەپ پۈتتۈرۈش ئىمتىھانىدىن ئۆتكەندىن كېيىن تولۇق ئوتتۇرا ۋە ئالىي تېخنىكوم پۈتتۈرگەنلىك دىپلومى بېرىلەتتى. بۇ چاغدا ئۈچ ۋىلايەتتە تۆۋەندىن يۇقىرىغا قاراپ بىر ئومۇمىيۈزلۈك ئۆرلەش دولقۇنى كۆتۈرۈلگەنىدى. ئۈچ ۋىلايەت مائارىپىنىڭ سۈپىتىنىڭ يۇقىرىلىقىنى شۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، ئىلى، تارباغاتاي قاتارلىق جايلاردىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن مەكتەپ پۈتتۈرۈش ئىمتىھان سوئاللىرى شۇ ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا چىقىرىلغان سوئال بويىچە ئېلىناتتى. ئازادلىقنىڭ دەسلىپىدە شىنجاڭ شۆيۈەنگە يۆتكەپ كېلىنگەن ئىلى بىلىم يۇرتىنىڭ نەچچە يۈز ئوقۇغۇچىسى ۋە ئازادلىق دەسلىپىدە ئۈرۈمچى ۋە ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەرگە

ئىمتىھان بىلەن قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلار ئۈچ ۋىلايەتتىن ئېلىنغان ئوقۇغۇچىلار ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە مۇھىم خىزمەتلەرنى قىلىۋاتقان ۋە يۇقىرى ئوقۇش ئورۇنلىرىدا ئىشلەۋاتقان ئالىملارنىڭ كۆپچىلىكى ئەنە شۇ ۋاقىتتا تەربىيىلەنگەن ئوقۇغۇچىلار ئىدى.

ئەخمەتجان قاسىمى مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى. بىز ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ۋاپاتىنىڭ 40 يىللىقىنى خاتىرىلىگىنىمىزدە، ئۇنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، مائارىپ ئىنقىلابىنى چوڭقۇر، ئەستايىدىل ئېلىپ بېرىپ، مائارىپ ئىشلىرىنى يەنىمۇ يۈكسەلدۈرۈشىمىز لازىم.



# ھەل قىلغۇچ جەڭ — شىخو ئۇرۇشى

ئىمىنوۋ ئىبلاخۇن

(ئاپتور ئىمىنوۋ ئىبلاخۇن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ھەربىي سەپكە قاتنىشىپ، بىرنەچچە قېتىملىق ئۇرۇشلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن. ئازادلىقنىڭ دەسلەپىدە ئۇمۇل ۋە بەيتىك تاغلىرىدا گومىنداڭ قالدۇقلىرىنى تازىلاش ئۇرۇشىغا قاتناشقان. ئازادلىقتىن كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى بولغان. ھازىر دەم ئېلىشتا. تەھرىردىن.)

مەن شىخو ئۇرۇشىغا ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى مىللىي ئارمىيىسىنىڭ ئاددىي جەڭچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن بىۋاسىتە قاتناشقانىدىم. شىخو ئۇرۇشى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچى قوشۇنلىرى ئوتتۇرىسىدا بولغان مۇھىم ئۇرۇش بولىدۇ. بۇ يىل ئۈچ ۋىلايەت مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ پارتلىغىنىغا توپتوغرا 40 يىل بولدى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن مۇشۇ ئۇرۇشتا ئۆز بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن ئۇرۇش ئەھۋالىنى ئەسلەپ ئۆتۈش بىلەن شىخو ئۇرۇشىدا قۇربان بولغان سەبداشلىرىمنى ۋە كوماندىرلىرىمنى چوڭقۇر ياد ئېتىمەن.

شىخو — ئۈرۈمچى ۋە ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرىدىغان تاش يول تۈگۈنى. بۇ يەرگە مايتاغ نېفىت كان رايونى جايلاشقان بولۇپ، بۇ يەر تۈزلۈكى بىلەن ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ۋە ستراتېگىيىلىك ئورنى (ئەينى ۋاقىتلاردا) مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى بىلەن گومىنداڭ قىسىم-

لىرى چوقۇم تالىشىدىغان جاي ئىدى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى 1944 - يىلى 8 - ئاي-
دىن باشلاپلا قىسىملىرىنى كەڭ - كۆلەمدە شىخوغا يۆتكەپ،
شىخونى يېڭىلمەس، مۇستەھكەم مۇداپىئە ئىستىھكامىغا ئايلاندۇ-
رۇشقا جىددىي كىرىشتى. گومىنداڭ ھەربىي كۈچ جەھەتتىن
1945 - يىلى 7 - ئايلارغا كەلگەندە 2 - جۇن جۇنبۇسى
ۋە ئۇنىڭ بىۋاسىتە قىسىملىرى: 7 - شىنىڭ بىر تۇەنى، ئالا-
ھىدە تۇەننىڭ بىر يېڭى (باتاليون) بىراۋنىڭ - تانكا لىيەنى،
ئېغىر پىلىموت لىيەنى، ئايرىم زىنىت توپ دۈيى، ماشىنا تۇەنى-
نىڭ بىر قىسمىنى شىخوغا، بىر ئاتلىق تۇەننى چىپەيزىگە
ئورۇنلاشتۇردى. جەنۇبىي تاغ بۆرتۈنكىگە 3 - ئاتلىق تۇەننى،
ئىككى لىيەننى مايتاغقا، پىلىموت يېڭىنى چىگشور قاتارلىق
ئورۇنلارغا بۆلۈپ، جەمئىي 6000 دىن ئارتۇق قوراللىق كۈچلى-
رىنى ئورۇنلاشتۇردى. شۇنىڭدەك نۇرغۇنلىغان ئوق - دورا،
تەمىنات ۋە ھەربىي ئەشيالارنى شىخوغا توپلاپ پۇختا تەييارلىق كۆر-
دى، بۇنىڭغا 2 - جۇننىڭ جۇنجاڭى شيې يىفېڭ قوماندانلىق قىلدى.

گومىنداڭ قىسىملىرى شىخونىڭ يەر شارائىتىدىن پايدىلى-
نىپ، مۇداپىئە لىنىيىلىرىنى پۇختىلاپ قۇردى. ناھىيە شەھىرىنىڭ
ئەتراپىغا قاتمۇ قات پوتەي ياساپ، سىم توساق تارتتى،
ئاكوپ قازدى، مۇداپىئە لىنىيىسىگە خەندەك كولاپ، سۇ
قويۇۋەتتى. مۇداپىئە لىنىيىسىگە پۈتلىكاشاڭ بولىدىغان خەلقلەرنىڭ
ئۆيلىرىنى چېقىپ تۈزلەپ، دەرەخلەرنى كېسىپ، يەرلەرنى
ھەيدەپ، مۇھىم ئۆتكەللەرگە مىنا كۆمۈپ، مۇستەھكەم مۇداپىئە
ئىستىھكامىغا ئايلاندۇردى. شىخوغا ئاشۇنداق قوراللىق كۈچ، زا-
پاس ئوق - دورا، تەمىنات، ھەربىي ئەشيالار ۋە مۇداپىئە ئىس-
تىھكامى جەھەتلەردىن پۇختا تەييارلىق كۆرگەنلىكتىن گومىنداڭ
ھەربىي ئەمەلدارلىرى ئۆز - ئۆزلىرىدىن مەغرۇرلىنىپ، شىخونى
«يېڭىلمەس ئىستىھكام»، «خەۋپتىن خالى مۇستەھكەم پولات قور-



غان»، «جىڭ فرونتىنىڭ مۇستەھكەم ئارقا تايانچىسى» دەپ
بىلىپ، شىخو مۇداپىئەسىگە زور ئۈمىد باغلىدى.

ئەمدى مىللىي ئارمىيىنىڭ ئەھۋالىغا كەلسەك: خېلى بۇرۇنلا
شىخو، ماناس رايونلىرىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان پارتىزانلىق ھەرىكەتلەر
دۈشمەنلەرنى خېلى ئالدىراتقانىدى. 1945 - يىلى 5 - ئاينىڭ
ئاخىرلىرىدا قازىخان رەھبەرلىكىدىكى 400 نەپەردەك ئات-
لىق پارتىزان ئىلى ۋىلايىتىنىڭ كۈنەس ناھىيىسىدىن چىقىپ
12 كۈن جاپالىق يۈرۈش قىلىپ، قارلىق تاغ - داۋانلارنى
بېسىپ، تەكرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى ئىرەنقابىرغاغىچە كېلىپ
چۈشۈپ، ئىرەنقابىرغىدا دۈشمەنگە قارشى كۈرەش قىلىۋاتقان
ئۈچ يۈزگە يېقىن قازاق پارتىزانلار بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلار
بىلەن بىرلەشتى. بۇلار دۈشمەن قولىدىكى ماناس - شىخو ئارىلىقىغا
جايلاشقان ماناس كۆۋرۈكىگە ئوت قويدى. دۈشمەن بۇ پارتىزانلارنى
يوقىتىش ئۈچۈن بىر تۇەن ئەسكەر كۈچىنى ئىرەنقابىرغىغا
ۋە تاغلارغا ئەۋەتتى. پارتىزانلار تونۇشلۇق بولغان يەر شارا-
ئىتىدىن پايدىلىنىپ، دۈشمەنگە قاتتىق زەربە بېرىپ، دۈشمە-
نىڭ 100 نەپەردىن ئارتۇق ئادىمىنى يوقاتتى. قالدۇق دۈشمە-
لەر ماناسقا قېچىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن گومىنداڭ ئەك-
سىيەتچىلىرى قوراللىق باستۇرۇشقا كۆزى يەتمەي، تاكتىكىسى-
نى ئۆزگەرتىپ، سىياسىي جەھەتتىن ئالداپ كۆرمەكچى بولدى.
ماناسلىق × × × قارى باشلىق بەش - ئالتە ئادەمنى
پارتىزانلار بىلەن «سۆھبەت» ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ۋەكىل قىلىپ
ئەۋەتتى. ئەلچىلەر: «غۇلجا تۈپلىكى تامامەن يوقىتىلدى،
سىلەر قورالنى تاپشۇرۇپ تەسلىم بولۇڭلار، بىز ھاياتىڭلارغا
كاپالەتلىك قىلىمىز»، دەپ پارتىزان باشلىقلىرىغا بىر تەرەپتىن
تاكتىكا ئىشلەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن ھەيۋە قىلىپ: «تەسلىم
بولمىساڭلار، مۇشۇ تاغنىڭ ئىچىدە بىرىڭلارنى قويماي يوقىتى-
مىز»، دەپ پارتىزانلارغا تەھدىت سالدى. كەينىدىنلا ئالدىن

يەشۇرۇپ قويغان بىر پەي ئەسكىرى پارتىزان باشلىقلىرىنى
قولغا ئېلىش ئۈچۈن سۆھبەت مەيدانىنى قورشىدى. بۇ سۇيىقەستـ
نى بورۇنلا سەزگەن پارتىزانلار دۈشمەننىڭ بىر پەي ئەسـ
كىرىي كۈچىنى سىرتتىن قورشاۋغا ئېلىپ، شەرتسىز تەسلىم
قىلدۇرۇپ، قوراللىرىنى غەنىمەت ئالدى. ئاندىن ئۆزلىرىنى
تەسلىم بولۇشقا دەۋەت قىلىپ كەلگەن ئەلچىلەرنى قايتۇردى.
شۇنىڭدىن كېيىن پارتىزانلار شىخونىڭ شەرقىي جەنۇبىي بۆلـ
تۇڭىدە تۇرۇشلۇق دۈشمەننىڭ ئاتلىق تۈەنىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم
قىلىپ، ئۇلارغا تەھدىت سالدى. پارتىزانلار بولۇپمۇ شىخو - ماناس
مايتاغ - يەنسەخەي قاتارلىق قاتناش تۈگۈنلىرىدە ھەرىكەتلىنىشـ
كە باشلىدى. ئېلىغان سىملىرىنى كېسىپ تاشلاش، كۆۋرۈكلەرگە
ئوت قويۇش بىلەن بىرگە ئۈرۈمچىدىن شىخوغا كېلىۋاتقان ئوت
ماشىنا قورال - ياراق، كىيىم - كېچەكلەرنى قولغا چۈشۈرۈپ،
ماشىنىغا ئوت قويۇپ، دۈشمەن ئەسكىرىنى پۈتۈنلەي يوقاتتى.
ئارقىسىدىنلا شىخوغا 60 كىلومېتىر كېلىدىغان شەرقتىكى
يەنسەخەي چوڭ كۆۋرۈكىگە ئوت قويدى. ئەتراپتىكى خەلقلەرگە
گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زۇلمىغا قارشى تۇرۇش توغرىسىـ
دا تەشۋىق ئېلىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن پارتىزانلار خەلقنىڭ
ھىمايىسىگە ئىگە بولۇپ، تېخىمۇ كۈچىيىشكە باشلىدى.

نائىل ئىبراھىموۋ رەھبەرلىكىدىكى 110 دىن ئارتۇق پار-
تىزان توقسۇن ناھىيىسىنىڭ غەربىدىكى ئالغۇي ئەتراپلىرىدا
ھەرىكەتلىنىشكە باشلىدى. ئۇلار 1945 - يىلى 7 - ئاينىڭ
ئاياغلىرىدا ئالغۇيدىكى دۈشمەننىڭ بىر ئاتلىق لىيەنىگە ھۇجۇم
قىلىپ بىر پەي ئەسكىرىي كۈچىنى يوقىتىپ، مىڭ تۇياق قوي،
350 باش ئات غەنىمەت ئالدى. 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى
بۇ پارتىزانلار توقسۇن ناھىيە تەۋەسىگە قەدەر باردى. بۇ
مەزگىللەردە شىمالىي يۈرۈش 2 - ئايرىم ئاتلىق بىرىگادا
قوبۇقنى ئىشغال قىلىپ، ئالتايغا قاراپ جىددىي ئىلگىرىلىمەكتە



ئىدى. بۇنداق ۋەزىيەتتە دۈشمەنلەر ئۆز ئىچىدە روھىي جەھەتتىن
چۈشكۈنلۈككە ئۇچراپ، بارغانسىرى ھالسىزلىنىپ بارماقتا ئىدى.
يامانتۇ، تارتاش ۋە ئۇتتۇلارنى مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى ئىشـ
غال قىلدى. ئۇلانبۇلاق بولسا دۈشمەن ئىشغالىيىتىدە ئىدى.
ئۇلانبۇلاقتىكى دۈشمەنلەر ئۇتتۇغا ئىلگىرىلەپ كېلىپ، موڭغۇل
دىۋىزىيونىنىڭ بىر ئەدىلنىيەسىنى (بىر بەن) تۇيۇقسىز بېـ
سىۋالدى. موڭغۇل دىۋىزىيون بىلەن مايلى پارتىزانلىرى ئۇتـ
تۇ ئەتراپلىرىدا دۈشمەن بىلەن ئۈچ سوتكا قاتتىق ئۇرۇش قىلـ
دى. نەتىجىدە دۈشمەن بەرداشلىق بېرەلمەي بىر بەن ھەقـ
قەتكە قايتقاندىن باشقا، قالغانلىرى چېپەيزىگە قاراپ قاچتى.
مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى دۈشمەننى قوغلاپ ئۇلانبۇلاقنى ئىشـ
غال قىلدى. شۇنداق قىلىپ ئەھۋال بارغانسېرى بىز ئۈچۈن
پايدىلىق بولۇپ، شىخوغا ھۇجۇم قىلىش شەرتى پىشىپ يېتىلـ
گەنىدى.

سۋىدۇك 1 - ئاتقۇچى پىيادە پولك سۋىدۇك (ھازىرقى
قورغاس) تەۋەسىدىكى پارتىزانلارنى ئاساس قىلغان بولۇپ،
1945 - يىلى 8 - ئاپرېلدا مىللىي ئارمىيە قۇرۇلغاندا تەسىس
قىلىنغان، تەركىبىدە ئىككى باتاليون، بىر ئاتلىق دىۋىزىيون
بار. ئادەم سانى 1700 دىن ئارتۇق ئىدى. بۇ پولك ئۇرۇش
قىلىش تەجرىبىسىگە بىر قەدەر پۇختا قىسىملاردىن ئىدى. پولك
سۋىدۇكتىن 1945 - يىلى 7 - ئاينىڭ باشلىرىدا قوزغىلىپ
چىقىپ لوسكۈك، سىمپوتوزا ۋە سەنتەي قاتارلىق جايلاردا بىر
ئايغا يېقىن تۇرۇپ، ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بارغانـ
دىن كېيىن، قورال - ياراق جەھەتتىنمۇ ئوبدان قوراللىنىپ
ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆردى. بىز سۋىدۇك 1 - پىيادە پولكى
(كوماندىرى مۇگۇتوۋ، سىياسىي كومىسسارى ئىسھاقوۋ مەرغۇپ)
بۇ ئۇرۇنلاردىن قوزغىلىپ بورتالا، قىزىلتۇز ئارقىلىق يۈرۈش

قىلىپ، تارباغاتاي 6 - پولك ①، موڭغۇل دىۋىزىيون ② (كو-
ماندىرى ئىردە)، كومىندانىسكى دىۋىزىيونلار③ بىلەن قوشۇلدۇق.
شۇنداق قىلىپ تۆت قىسىمدىن تەركىب تاپقان، شىخوغا ھۇ-
جۇم قىلىدىغان بىر چوڭ قوشۇن تەشكىللەندى. ئومۇمىي ئادەم
سانى 4 مىڭدىن ئاشىدۇ. بۇ قوشۇنغا ۋە شىخونى ئازاد قى-
لىش ئۇرۇشىغا گېنېرال پالىنوۋ بىۋاسىتە قوماندانلىق قىلىشقا
تەيىنلەندى ۋە قوماندانلىق قىلدى.

1945 - يىل 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى سوۋېدۇك 1 -
پىيادە پولك، تارباغاتاي 6 - پولك ۋە موڭغۇل دىۋىزىيونلىرى
ئۇتتۇ، ئۇلانبۇلاقلاردىن چىپەيزىگە قاراپ ئىلگىرى - ئاخىر
يولغا چىقتى. دۈشمەن ئايروپىلانلارنى ئەۋەتىپ، مىللىي ئارمى-
يە قىسىملىرىنى يولبويى بومباردىمان قىلىپ، ئوقتا تۇتتى.
بىز كۈندۈزى يول يۈرگەندە دۈشمەن ئايروپىلانى تۇيۇقسىزلا
ئاسمان بوشلۇقىدا پەيدا بولاتتى. كۆكتىن قوغدىنىش
سىگنالى بېرىلگەن ھامان ئەسكەرلەر ئۆزلىرىنى دالدىغا ئالات-
تى. دۈشمەن ئايروپىلانلىرى كەينى - كەينىدىن كېلىپ قىسىم-
لارنى بىر قۇر بومباردىمان قىلغاندىن كېيىن، پىلىموت بىلەن
ئوقتا تۇتاتتى. سوۋېدۇك 1 - پولكىنىڭ ئاتلىق دىۋىزىيونى دۈش-
مەننىڭ بومباردىمان قىلىشى بىلەن ئاتلىرى ئۆلۈپ خېلى كۆپ
زىيان تارتتى، لېكىن شۇنداقتىمۇ مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى
توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەۋەردى.

ئالدىنقى چارلىغۇچى ئىزۋود سار قۇمۇشقا يېتىپ بارغاندا
دۈشمەننىڭ بىر پەي ئەسكىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇرۇش

---

① تارباغاتاي ئازاد قىلىنغاندىن كېيىنكى پولك.
② بورتالادىكى ئىردە رەھبەرلىكىدىكى پارتىزانلاردىن تەشكىل قىلىنغان ئاتلىق دىۋىزىيون.
③ مىللىي ئارمىيە ئىتتىپاقىغا بىۋاسىتە قارايدىغان ئاتلىق مۇھاپىزەت دىۋىزىيونى.



قىلدى. دۈشمەنلەر ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرەلمەي چىپەيزىگە
قاراپ قاچتى. چىپەيزىگە 15 كىلومېتر قالغاندا بىزنىڭ ئال-
دىنقى ئىزۋود دۈشمەننىڭ ئالدىن مۆكتۈرۈپ قويغان بىر لىيەن-
دىن ئارتۇق ئەسكىرىنىڭ مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قېلىپ، ناھا-
يىتى جاپالىق ئېلىشتى. بىزنىڭ ئىزۋودتىن 15 كىشى يارىلان-
دى. ئۇرۇش جىددىي داۋام قىلىۋاتقان مەزگىلدە، تارباغاتاي
6 - پولكىنىڭ ئالدىنقى قىسىملىرى يېتىپ كېلىپ دۈشمەنگە
ھۇجۇم قىلدى. نەتىجىدە دۈشمەننىڭ يۈزگە يېقىن ئادىمى يو-
قىتىلىپ، 47 نەپەر ئادىمى ئەسىرگە ئېلىندى.

چىپەيزە شىخودىن دۆربىلجىن، چۆچەك ۋە ئالتايغا بارى-
دىغان چوڭ يول ئۈستىدىكى جاي بولۇپ، دۈشمەنلەر چىپەيزى-
نىڭ چۆچەك تەرىپىدىن كېلىدىغان يولىغا خەندەك كولاپ، سۇ
قويۇپ، بىر ئاتلىق پولكنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، مۇستەھكەم مۇداپىئە
قۇرغانىدى. 1945 - يىل 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى بىز سوۋې-
دۇك 1 - پولكى، تارباغاتاي 6 - پولكى، موڭغۇل دىۋىزىيونى
چىپەيزىگە يېقىنلىشىپ كېلىپ، تارباغاتاي پولكى، موڭغۇل دى-
ۋىزىيونى، سوۋېدۇك 1 - پولكىنىڭ بىر باتالىيونى شەرق شىمال،
غەربلەردىن چىپەيزىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ ھۇجۇم قىلدۇق.
مۇستەھكەم مۇداپىئەگە جايلاشقان دۈشمەن قاتتىق قارشىلىق
كۆرسىتىپ بىز تەرەپنى خېلى چىقىمغا ئۇچراتتى. 8 - ئاينىڭ
27 - كۈنى سوۋېدۇك 1 - پولكىنىڭ ئاتلىق دىۋىزىيونىمىز چى-
پەيزىنىڭ غەربىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ چىپەيزىنىڭ جەنۇب
تەرىپىگە ئۆتتۈۋالدى. شۇنىڭ بىلەن دۈشمەننىڭ شىخو بىلەن
بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ تاشلاپ چىپەيزىدىكى دۈشمەننى
پۈتۈنلەي مۇھاسىرىگە ئېلىپ، تۆت تەرەپتىن بىردەك
ھۇجۇم قىلدۇق. دۈشمەن جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ
تۇردى. قىسىملىرىمىز 82 مىللىمېترلىق مىناميوت، يۈزمىللى-
مېترلىق مىناميوتلار بىلەن چىپەيزىنى راسا بومباردىمان قىلدى.
چىپەيزە بازىرى ئوت - يالقۇن ئىچىدە قالدى. بۇنىڭغا

بەرداشلىق بېرەلمىگەن دۈشمەن 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى شىخوغا قاراپ قاچتى. چېپەيزىدىكى كۈۋرۈككە ئوت قويدى. قوغلاپ كېلىۋاتقان مىللىي ئارمىيە ئاتلىق قىسىملىرىمىزنىڭ زەربىسىدىن بەدەر قاچقان دۈشمەن توپتوغرا شىخوغا كىرىپ كەتتى. قىسىملىرىمىز ئىلگىرىلەپ بېرىپ، 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى كونا شىخونى ئىشغال قىلدى.

مىللىي ئارمىيە قوماندانلىقى جىڭ-شىخو ئاھالىلىرىنىڭ گومىنداڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن قاتتىق مۇداپىئەگە ئېلىنىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇ ئىككى ئاھالىگە بىر ۋاقىتتىلا ھۇجۇم قىلىپ، ئىشغال قىلىشنى پىلانلىدى. شىخو ناھىيىسىگە مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى، تارباغاتاي ۋىلايىتى ئارقىلىق ئايلىنىپ ئۆتۈپ، دۈشمەننىڭ ئارقىسىدىن ھۇجۇم قىلىدىغان بولدى. جىڭ فرونتىدىكى مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىغا قوماندانلىق قىلىش ۋە جىڭنى ئىشغال قىلىش گېنېرال ئىسھاقبەگكە تاپشۇرۇلغانىدى. ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە غۇلجا 2 - پولك، ئارتىللېرىيە دىۋىزىيون، 1 - تېكەس ئاتلىق پولك، غۇلجا 4 - زاپاس پولك قاتارلىق قىسىملار بولۇپ جەمئىي ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر بار ئىدى.

ئەمدى، نۆۋەتتە دۈشمەنلەرنىڭ «يېڭىلمەس ئىستىھكام»ى بولغان شىخونى ئىشغال قىلىشتىن ئىبارەت جىددىي ۋەزىپە تۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن شىخوغا ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشىنى ئەتراپلىق، ئوبدان ئويۇشتۇرۇشنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ قوماندانلىق، دۈشمەن بىلەن ئۆزىمىزنىڭ ئەھۋالىنى، يەر تۈزۈلۈشىنى، بولۇپمۇ دۈشمەننىڭ كۈچلۈك مۇداپىئەسى ئالدىدا قانداق قىلىپ ھۇجۇمغا ئۆتۈش قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئەتراپلىق مۇھاكىمە قىلىپ، شىخو ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىش ۋە جەزمەن غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش توغرىسىدا كونكرېت پىلانلارنى تۈزۈپ چىقتى. ئالدى بىلەن جىڭ ۋە شىخودىكى دۈشمەنلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ تاشلاش ئۈچۈن، شىخونىڭ غەربىدىكى جايغا سۇيدۇڭ



1 - پولكنىڭ بىر ئېسكادرونىنى ئەۋەتتى. سۇيدۇڭ 1 - پولك شىخونىڭ غەربىي شىمالىي ۋە شىمالىدىن ھۇجۇم قىلىش، موڭغۇل دىۋىزىيون سۇيدۇڭ 1 - پولكنىڭ سول تەرىپىدىن يەنى شىخونىڭ شەرقىي شىمالىدىن ھۇجۇم قىلىش، تارباغاتاي 6 - پولك موڭغۇل دىۋىزىيونىنىڭ سول تەرىپىدىن — شىخونىڭ شەرقىي شىمالىدىن ھۇجۇم قىلىش، كامىندانىڭ دىۋىزىيون زاپاس كۈچ بولۇپ تۇرۇش قارار قىلىنىپ، ھەرقايسى قىسىملارغا ۋەزىپە كونكرېت تاپشۇرۇلۇپ، ئەسكىرىي كۈچلەر مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

بىز شىخوغا ھۇجۇم قىلىشتىن بىر كۈن ئىلگىرى، يەنى 4 - سېنتەبىر چۈشتىن كېيىن، 1 - پولكنىڭ تەركىبىدىكى بارلىق ئەسكەرلەر بىر ئورۇنغا يىغىلدۇق، پولك ئىمامى ئابدىرېھىم يۈسۈپ: «ئەتە جەڭگە كىرىمىز، ئۆلسەك شېھىت، قالساق غازى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىر ھەممىڭلارنىڭ نامىزىنى چۈشۈرىمەن. ئەگەر جەڭدە ئوق تېگىپ قۇربان بولساڭلار، نامىزىڭلارنى قايتا چۈشۈرمىسىمۇ بولىدۇ» — دەپ تىرىك تۇرغۇزۇپلا نامىزىمىزنى چۈشۈردى. قىسىملىرىمىز جەڭگىۋار ۋەزىپىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، مىللىي ئارمىيە شىخو ئۇرۇشى قوماندانلىقىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە 1945 - يىل 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى سەھەردە فرونت بويىچە شىخوغا ھۇجۇم باشلىدى. سۇيدۇڭ پولكىنىڭ 1 -، 2 - باتالىيونى ۋە 1 - باتالىيونغا قوشۇپ بېرىلگەن پولك شتابىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئاپتومات ئىزۋوتى، بىرىنچى مۇداپىئە لىنىيىسى بولغان قارادۆڭ مەھەللىسىگە شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى. قارادۆڭ دۈشمەننىڭ ئالدىنقى مۇداپىئە لىنىيىسى بولۇپ، بۇ جايغا پوتەيلەر زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ئاكوپلار قېزىلغا، تام ۋە ئۆيلەردىن تۆشۈك تېشىلىپ، ئوق توچكىسى قىلىنغانىدى. ئۆزلىرىگە پۇتلىكاشاڭلا بولىدىغان جايلار پۈتۈنلەي تۈزلىنىپ، ئوچۇقچىلىققا ئايلاندۇرۇلغان ئىدى. ئەھۋال بىزگە بەكمۇ قولايسىز ئىدى. بىزنىڭ ھۇجۇمغا ئۆتكەن قىسىملىرىمىز تۇپتۇز ئوچۇقچىلىقتا ئۆمىلەپ ئىلگىرىلەپ

دۈشمەن مۇداپىئەسىگە يېقىنلا شىقاندا، دۈشمەن بىردىنلا پۈتۈن پوتەي،
ئاكوپلىرىدىن ھەر خىل قورااللىرىنى ئىشقا سېلىپ ۋە تانكا ئارقىلىق
ھۇجۇمغا ئۆتۈپ بىزنى باش كۆتۈرگۈزمىدى. بىزنىڭ ئاساسىي
يۆنىلىشتىكى قىسىملىرىمىز، بولۇپمۇ سۈيدۈڭ 1 - پولكىنىڭ
1 -، 2 - باتالىئونلىرى ناھايىتى زور چىقىمغا ئۇچراپ، نۇرغۇن
جەڭچىلەر قۇربان بولدى ۋە يارىدار بولدى. بىز ئارقىغا چېـ
كىنىشكە باشلىدۇق. دۈشمەن تانكىسىنىڭ ھىمايىسىدە داۋاملىق
بىزنى ئوققا تۇتماقتا ئىدى. دۈشمەننىڭ تانكا ئارقىلىق قىلغان
قايتۇرما ھۇجۇمى مىللىي ئارمىيىمىزنىڭ شىمالدىن ئۆتكەن قىـ
سىملىرىنى زور ئەندىشىگە سالدى. بىز تەرەپ مۇشۇ جىددىي
پەيتتە دەرھال دۈشمەننىڭ ئىلگىرىلەپ كېلىۋاتقان 1 - تانكىسىـ
نى تانكا ئاتار قورال بىلەن ئېتىپ توختاتتى، بۇنى كۆرگەن
2 - تانكا ئارقىغا بۇرۇلۇپ قېچىپ، ھۇدۇققان پېتى بىر چوڭـ
قۇرلۇققا چۈشۈپ توختىدى. دۈشمەن تانكىلىرىنىڭ توختىشى
بىلەن مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى قايتا غەيرەتكە كېلىپ قەھرىـ
مانلىق بىلەن جىددىي قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى. سۈيدۈڭ 1 -
پولك دۈشمەننىڭ 1 - مۇداپىئەسى بولغان قارا دۆڭگە بۆسۈپ
كىرىپ، قارادۆڭنى ئىگىلەپ، دۈشمەننى چېكىندۈرۈپ، ۋەزىيەتـ
نى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈردى.

دۈشمەننىڭ 2 - لىنىيىدىكى شىخو شەھەر ئىچى بىلەن
قارادۆڭ مەھەللىسى ئارىلىقىدا شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ سوـ
زۇلغان بىر سازلىق بولۇپ، دۈشمەن ئۇچۇن تەبىئىي مۇداپىئە
يەر شارائىتى ھازىرلىغانىدى. دۈشمەن 2 - لىنىيىدىكى پۇخـ
تا ئىستىھكام ۋە تەبىئىي مۇداپىئەدە چىڭ تۇرۇپ قاتتىق قارـ
شىلىق كۆرسەتتى. جەڭ ناھايىتى قاتتىق، كەسكىن بولدى.
دۈشمەن شىخو مۇداپىئەسىنىڭ جەنۇبىي ۋە غەرب تەرەپلىرىدىـ
كى كۈچلىرىدىن بىر قىسمىنى سۈيدۈڭ 1 - پولكىمىزنىڭ قارشى
لىنىيىسىگە يۆتكەپ، ئېغىر قوراللىرىنى ئىشقا سېلىپ، قىسىملىرىـ
مىزنى بومباردىمان قىلىپ، ئىككى قېتىم قاتتىق قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى.



سۈيدۈڭ 1 - پولكىنىڭ قەيسەر جەڭچى - كوماندىرلىرى
قەھرىمانلىق بىلەن قەتئىي جەڭ قىلىپ، دۈشمەننىڭ ئىككى
قېتىملىق ھۇجۇمىنى چېكىندۈردى. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىـ
مىزدا چىقىم بارغانسېرى كۆپەيدى. لېكىن مىللىي ئارمىيىنىڭ
قەيسەر جەڭچى - كوماندىرلىرى ئالدىنقىلار يىقىلسا ئارقىدىكىـ
لەر ئىز بېسىپ ئۇرۇش قىلدى. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، بىز
تەرەپتىن بەزى روتا - ئىسكادرون (لىيەن)، ئىزۋود (پەي) كومانـ
دىرلىرى پۈتۈنلەي قۇربان بولۇپ كەتكەندە، روتا، ئىسكادرونلارـ
نىڭ كاتىپلىرى ۋە بەنجاڭلار ئۆزلىكىدىن روتا، ئىسكادرون، ئىزۋوتـ
لارنىڭ قوماندانلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ جەڭنى داۋاملاشتۇردى.

2 - سېنتەبىر ئەتىگەنلىكى، دۈشمەن زەمبىرەك، مىناميوت،
ئېغىر پىلىموت قاتارلىق ئېغىر - يېنىك قوراللارنى ئىشقا سېـ
لىپ 3 - قېتىم يەنە قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ مىللىي ئارمىيە
ئىگىلىگەن قارادۆڭ مەھەللىسىنى قاتتىق بومباردىمان قىلدى.
مۇشۇ جىددىي پەيتتە، زاپاس كۈچ قىلىپ قالدۇرۇلغان كامىنـ
دانىسكى دىۋىزىيون شىخونىڭ شەرقىي شىمالىدىن ھۇجۇمغا ئۆتـ
تى. قالغان قىسىملار ئۆز فرونت سەپلىرى بويىچە كوماندىر ۋە
سىياسىي خادىملارنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن، كۈچىنى مەرـ
كەزلەشتۈرۈپ سازلىقتىن ئۆتۈپ، دۈشمەننىڭ 2 - مۇداپىئە لىـ
نىيىسىگە يەنە ھۇجۇم قوزغىدى. بۇ ۋاقىتتا بىزنىڭ ئېغىر قوـ
رااللىرىمىزدىنمۇ شىددەت بىلەن ئوق ئېتىلىشقا باشلىدى. جەڭچىلەر
ئالدى تەرەپنىڭ زور چىقىم بېرىشىگە قارىماي شىخو شەھىرىنىڭ
ياقىسىغىچە ھۇجۇم قىلىپ باردى، بۇ ۋاقىتتا ھەر ئىككى تەـ
رەپنىڭ ئېغىر قوراللىرى جىددىي ئىشقا سېلىندى. دۈشمەننىڭ
ئايروپىلانلىرى 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن تارتىپ مىللىي
ئارمىيە قىسىملىرىنى بومباردىمان قىلىپ، ئوققا تۇتۇشنى توخـ
تاتمىغانىدى. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىمىز قاتمۇ قات
توساالغۇلارنى يېڭىپ، قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، كەسـ

كىن جەڭ ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، ئاخىرى دۈشمەننىڭ 3 - قېتىملىق ھۇجۇمىنىمۇ چېكىندۇردى.

مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ زاپاس ئوق - دورا، ئوزۇق - تۈلۈكلىرى تۈگەپ، جەڭچىلەرنىڭ بەزىلىرىدە ئون نەچچە تالدىن، يەنە بەزىلىرىدە بەش تالدىن ئوق قالدى. مەندە 17 تال ئوق قالغانىدى. يەنە كېلىپ بىزگە نە ئىسسىق تاماق، نە ئىسسىق چاي بولسۇن، ھەتتا قۇرۇتۇلغان نانلارمۇ تۈگىگەنىدى. ئەمدى بىز ئۈزۈمنى ئاساسلىق ئوزۇق قىلدۇق. قارادۆڭ مەھەللىسىنىڭ يېنىدا بىر چوڭ ئۈزۈملۈك باغ بولۇپ، سېنتەبىر ئېيىنىڭ باشلىرىدا ئۈزۈملەر راسا قىيام بولغانىكەن. بۇ بىز ئۈچۈن چوڭ تەسەللى بولدى. ئۈزۈم بىلەن ئىككى كۈننى ئۆتكۈزدۇق. ئۇرۇشنىڭ 1 -، 2 - كۈنلىرى ئوقنى ئارقىمىزدىن يەتكۈزۈپ تۇرغانىدى. 7 - سېنتەبىر كۈنى قوماندانلىقتىن ئوقنى تېجەپ ئېتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشتى. ئارقا سەپ ناھايىتى يىراق. كېرەكلىك ئوق - دورىلارنى چۆچەك، ئىلىدىن ئەكىلىشكە توغرا كېلەتتى. ۋەزىيەت بىز ئۈچۈن ناھايىتى خەۋپلىك ئىدى.

9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى چۈشتىن كېيىن مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. سۋېدوۋنىڭ 1 - پولكىنىڭ 2 - باتالىيونى بىلەن بىر ئاپتومات ئىزۋوتى، تارباغاتاي 6 - پولكىنىڭ بىر ئىسكادرونى قەھرىمانلىق بىلەن دۈشمەن سېپىگە بۆسۈپ كىرىشكە باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ قوشۇنىمىز دۈشمەننىڭ شىخودىكى 2 - مۇداپىئە لىنىيىسىنى ئىشغال قىلدى. بۇ زەربىدىن كېيىن دۈشمەن ھالسىراشقا باشلىدى. مانا بۇ ھالقىلىق پەيتتە غۇلجىدىكى گومىنداڭ ئايرودرومىدىن غەنىمەت ئېلىنغان ھەربىي ئايروپىلان غۇلجىدىن ئۇچۇپ كېلىپ بىزنىڭ ئۇرۇشىمىزغا ماسلىشىپ، شىخوغا جايلاشقان گومىنداڭ قىسىملىرىنى راسا بومباردىمان قىلدى. بىزنىڭ قىسىملىرىمىزنىڭ مىنامىيوتلىرىمۇ ھەرىكەتكە كېلىپ، شىخو شەھىرىنى ئىس - تۈتەككە



كۆمدى. بۇنداق بولۇشىنى دۈشمەن قىسىملىرى ئويلاپمۇ كۆرمىگەن بولۇپ، بۇ خىل قاتتىق زەربە ئۇلارنى ئېغىر تەشۋىشكە سالغانىدى. ئەكسىچە، ئۇ بىزنىڭ قىسىملىرىمىزدىكى كوماندىر - جەڭچىلەرگە زور مەدەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆرەش ئىرادىسىنى تېخىمۇ چىڭىتتى.

9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى سەھەردە، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىمىز پۈتۈن سەپ بويىچە دۈشمەننىڭ 3 - لىنىيىسىگە ھۇجۇم باشلىدى. دۈشمەن قىسىملىرى ئىچكى جەھەتتىن ئالاقىزادىلىشىپ تەرتىپسىز ھالدا قېچىشقا باشلىدى. ئۇرۇش شىخو شەھىرىنىڭ ئىچىگىچە كېڭىيىش بىلەن دۈشمەن كۈچلىرى پارچىلىنىپ كەتتى. ئۇرۇشنىڭ ئارقا سېپىدە تۇرغان بىر قىسىم دۈشمەن قوشۇنلىرى ئۈرۈمچى تەرەپكە قېچىشقا باشلىدى. بىر قىسىملىرى ئەسىرگە ئېلىندى. بىز تەرەپتىن سۋېدوۋنىڭ 1 - پولك ۋە ئاتلىق قىسىملار دۈشمەن كەينىدىن قوغلاپ، كۈيتۇڭ، شىخو ئايرودرومى ۋە ماييتاغلارنى ئىشغال قىلىپ، يەنىسخەيگە قاراپ داۋاملىق ئىلگىرىلىدى. سۋېدوۋ 1 - پولكقا قاراشلىق ئاپتومات ئىزۋوتى 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى تاڭ سەھەردە يەنىسخەيگە ھۇجۇم قىلىپ، يەنىسخەينى ئىشغال قىلدى. دۈشمەن شۇ دەرىجىدە ھودۇقۇپ كەتكەنكى، ئۇلار ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئىچىدە قازانلارغا سېلىپ پىشۇرۇۋاتقان گۆشلىرىنى شۇ پېتىچە تاشلاپ، ھەتتا چىراغلىرىنى ئۆچۈرۈشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قاچقان. ئۇلار يەنىسخەي - ئۈرۈمچى يول ئۈستىدە بىرقانچە بىگۇناھ خەلقنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن.

9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، جىڭ فرونتىدا بىر نەچچە ئايدىن بېرى قاتتىق مۇداپىئەدە تۇرغان گومىنداڭ 45 - شىنىڭ قوماندانى گېنېرال گوچىڭنىڭ 7 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرى، شىخونى مىللىي ئارمىيە ئىشغال قىلىشى بىلەنلا ئالاقىزادە بولۇپ، جىڭ فرونتىدا ھۇجۇمغا ئۆتكەن مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمغا بەرداشلىق بېرەلمەي، جىڭنى تاشلاپ ئۈرۈمچىگە قاراپ قېچىشقا باشلىدى. شىخو ئۇرۇش

قوماندانلىقى بۇ خەۋەرنى ئالغاندىن كېيىن، دەرھال تارباغا-
تاي 6 - پولكىنىڭ بىر قىسمىنى، موڭغۇل دۆڭىز يۇنىنى شىخو-
نىڭ غەربىي تەرىپىگە ئۆتۈپ جىگدىن قاچقان دۈشمەنلەرنى
توسۇشقا ئەۋەتتى. بۇلار قاچقان دۈشمەننى توستى ھەم نۇرغۇن-
لىرىنى ئەسىرگە ئالدى. جىڭ، شىخولار ئىشغال قىلىنىشى بى-
لەن شاۋگوۋەي پارتىزانلىرى چىپەيزىدىن داگوۋەيگە بېرىپ، ئالاۋ-
سۇن ئەترابلىرىدا ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى.

شىخو ئۇرۇشى ناھايىتى قاتتىق، كەسكىن ئۇرۇش بولۇپ، ھەر ئىككى تەرەپتىن ناھايىتى كۆپ ئادەم چىقىم بولدى. مىل-
لىي ئارمىيە قىسىملىرىمىزدىن يارىدار بولغانلار چۆچەك، ئىلىغا
يۆتكەلدى. لېكىن يول يىراق، ترانسپورت قىس، كۆن ئىسسىق،
دوختۇر، داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى كەم بولۇشتەك ناچار شارائىتتا
قوتقۇزۇپ قېلىشقا تېگىشلىك يارىدارلار يول ئۈستىدە خېلى
كۆپلەپ ئۆلۈپ كەتتى.

مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىمىز، بولۇپمۇ سۇيدۇڭ 1 - پولكى
شىخونى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىدا، جەڭچى - كوماندىرلار قەھرى-
مانلىق بىلەن كەسكىن جەڭ قىلىش ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان قۇر-
بانلارنى بېرىپ، دۈشمەننىڭ «يېڭىلمەس ئىستىھكام»ى، جىڭ
فرونتىنىڭ مۇھىم ئارقا تايانچىسى بولغان شىخونى 1945 - يىل
9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئىشغال قىلدى. بۇ ئۇرۇشتا 900 دىن
ئارتۇق دۈشمەن يوقىتىلدى. 1200 دىن ئارتۇق دۈشمەن ئەسىرگە
ئېلىندى. بەش دانە تانكا ۋە براۋنىك، 15 دانە زەمبىرەك،
12 چوڭ مىنامىيوت، بىر دانە زىنوت توپ، 1700 دىن ئارتۇق
مىلتىق، 939 دانە قېلىچ، بىر مىليون دانىدىن ئارتۇق ئوق، ئام-
بىرىكىنىڭ 13 ئاۋتو ماشىنىسى ۋە باشقا نەرسىلەر غەنىمەت ئېلىندى.

2 - سېنتەبىر بىز تەرەپتىن قايتۇرما ھۇجۇم قىلغاندا
كوماندىر شاۋكەت ئاپتومات ئىنژۋۇتنىنىڭ بىرنەچچە جەڭچىلى-
رىگە باشلامچىلىق قىلىپ، سازلىقنىڭ ئىچىدىكى كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ



دۈشمەننىڭ ئالدىنقى سەپ لىنىيىسىگە يېقىنلاشقاندا، دۈشمەن
مۇداپىئە ئىستىھكامىدىن (بۇتخانا) ئېتىلغان ئوق ۋە گىراناتلاردا
شاۋكەت قاتارلىق بىرنەچچە يولداشلار قۇربان بولغانىدى.
شىخو ئىشغال قىلىنىپ ئەتىسى 4 - سېنتەبىر كۈنى مەن شىخو
بىلەن قارادۆڭ مەھەللىسى ئارىلىقىدىكى سازلىقتا (سەپداشلار
كۆپرەك قۇربان بولغان جاي) بېرىپ كوماندىر شاۋكەتنىڭ
جەسىتىنى ئىزدىدىم، بىراق تاپالمىدىم. مەن شۇ كۈنى خەلق
تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان جەسەت يۆتكەۋاتقانلارنىڭ ئارىسىغا
بېرىپ كوماندىر شاۋكەتنىڭ جەسىتىنى تاپتىم. كۆزۈمگە ئىسسىق
ياش ئېلىپ ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى جانلىق ئوبرازىنى ئەس-
لىدىم. قۇربان بولغان يولداشلارنىڭ جەسىتى دەپنە قىلىنغان
جاي شىخودىن جىڭغا ماڭىدىغان ماشىنا يولىنىڭ بويىدا بو-
لۇپ، شىخودىن ئۈچ - تۆت كىلومېتىر كەلمەيدۇ. ھازىر ئاشۇ جايدىن
ھەر بىر ئۆتسەم ئاشۇ چاغدا قۇربان بولغان يولداشلارنى چوڭقۇر
ئەسلەيمەن.

دېمەك، شىخو ئۇرۇشى — ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا، مىللىي
ئارمىيىنىڭ ئۇرۇش تارىخىدا ھەل قىلغۇچ چوڭ، كەسكىن ئۇرۇ-
ش بولدۇ. بۇ ئۇرۇشتا مىللىي ئارمىيە، گومىنداڭ ئارمىيىسى
بولۇپ ھەر ئىككى تەرەپتىن پىيادە، ئاتلىق، پارتىزان، ماتور-
لاشقان ترانسپورت قىسىملار سەپەرۋەر قىلىنىپ، كۆپ ئەسكەر
كۈچى قاتناشتۇرۇلدى. شۇنىڭدەك ئايروپىلان، تانكا، زەمبىرەك،
ھەر خىل مىنامىيوت، ئېغىر قوراللار ئىشلىتىلدى. بۇ ئۈچ ۋىلا-
يەت ئىنقىلابى بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى
ھايات - ماماتلىق، ھەل قىلغۇچ، كەسكىن ئۇرۇش ئىدى. شى-
خو ئىشغال قىلىنىپ ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن شىخو ئۇ-
رۇشىنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن يۇقىرى تەشكىلىنىڭ قارارى بويىچە
سۇيدۇڭ 1 - پىيادە پولكىنىڭ ئىسمى شىخو 1- پىيادە ئاتقۇچى
پولك دەپ ئۆزگەرتىلدى. شىخو ئۇرۇشىدا كۆپلىگەن قۇربانلار-

نى بېرىپ، زور چىقىملارنى تارتقان بولسىمۇ قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىمىز چوڭ بولدى.

شىخونى ئىشغال قىلىپ، غەلىبە قىلىشىمىز گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ناھايىتى چوڭ قاقشاتقۇچ زەربە بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زۇلۇمغا، ئېزىلىشكە قارشى تۇرۇپ، ئەركىنلىك ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئىنقىلابىي كۈچ قۇدرىتىنى نامايەن قىلدى.

شىخو ئۇرۇشى جىددىي، كەسكىن ئۇرۇش بولۇپ، ئۇرۇشقا قاتناشقان مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىمىزنىڭ جەڭچى - ئوفىتسېرلىرى ئېغىر سىناقلار ئارقىلىق تەربىيىلىنىپ، بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۇرۇش قابىلىيىتىنى ئۆستۈردى.

شىخو ئۇرۇشى ئورتا يۆنىلىش فرونتى بويىچە ئەڭ كەسكىن ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش بولۇپ، مىللىي ئارمىيە ئاساسەن مۇنتىزىم ئۇرۇش بىلەن دۈشمەننىڭ مۇداپىئە لىنىيىسىنى ئىگىلەپ، ھەرىكەتلىك ئۇرۇش بىلەن پارتىزانلىق ئۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق، نەتىجىدە دۈشمەننى مەغلۇپ قىلىپ، شىخونى ئىشغال قىلدى. بۇ غەلىبە جىڭ فرونتىدىكى گېنېرال گوجىڭ قوماندانلىقىدىكى 7 مىڭدىن ئارتۇق دۈشمەن كۈچلىرىنىڭ ئىچىگە قورقۇنۇش سېلىپ، جىڭنى تاشلاپ قېچىشىدا چوڭ تەسىر كۆرسەتتى. شۇنىڭدەك بۇ غەلىبە شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىگە تارقىلىپ، خەلقنى چەكسىز خۇشاللاندۇرۇپ، شاتلىققا چۆمدۈرۈۋەتتى. خۇددى جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى ئېتىراپ قىلىپ: «ئۆلكە داۋالغۇش، قالايمىقانچىلىق ئەھۋال ئىچىدە قالدى» دېگەندەك، شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى دائىرىلىرىنىڭ ئاساسى ئېغىر تەھدىتكە ئۇچرىغانىدى.

شىخو ئۇرۇشىدا بىر مۇنچە قەھرىمانلار ئوتتۇرىغا چىقتى. مەسىلەن، دۈشمەن تانكىسىنى ئېتىپ توختىتىپ قۇربان بولغان سۇيدۇڭ پولكىنىڭ تانكا ئاتار جەڭچىسى ساۋۇت؛ شىخو مۇداپىئەسىنىڭ غەربىدىكى دۈشمەننىڭ مۇستەھكەم ئوت نۇقتىسىدىن تاشلانغان گىراناتنى دۈشمەننىڭ ئۆزىگە قايتا تاشلاپ ئالاھىدە قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن



پىلىموتچىك دارىيوۋ تۇرغان؛ شۇنىڭدەك قەھرىمانلىق بىلەن دۈشمەن 2 - مۇداپىئە لىنىيىسىنىڭ (سازلىقنىڭ) ئالدىنقى ئاكوپلىرىدىن يامغۇردەك ئېتىلىۋاتقان ئوقلارغا قارىماي كۆكرەك كېرىپ، قەھرى غەزەپ بىلەن ھۇجۇم قىلىپ قۇربان بولغان شاۋكەت (تاتار)، غوجا (ئۇيغۇر)، سىمونسكى (رۇس)، ئىسمائىل (ئۇيغۇر)، ئۇجا (موڭغۇل) قاتارلىق كۆپلىگەن يولداشلار ئۆزلىرىنىڭ جەسۇرانە ئىش - ئىزلىرى بىلەن مىللىي ئارمىيىگە ئۈلگە كۆرسەتتى.

مىللىي ئارمىيە شىخونى ئىشغال قىلىپ، قاچقان دۈشمەنلەرنى ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغىچە قوغلاپ باردى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بۇ مەغلۇبىيەتتىن ھودۇقۇپ، ماناسنى تاشلاپ ئۈرۈمچىگە قېچىپ كەتتى. ھەتتا ئۈرۈمچىدىنمۇ ئىچكىرىگە قېچىش باشلانغان. ئالدى بىلەن گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى ئائىلە، بالا - چاقىلىرىنى ئىچكىرىگە ماڭغۇزۇشقا باشلىغان. مۇشۇ جىددىي، كەسكىن ۋەزىيەتتە گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىپ، ئاتاقلىق سىياسىي ئەرباب جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىنى شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، 1945 - يىل 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى چوڭچىڭدىن ئۈرۈمچىگە ئەۋەتتى. جاڭ جىجۇڭ ئۈرۈمچىگە كېلىپ تۆۋەندىكى: (1) مىللىي ئارمىيە ماناس ئەتراپىغا يېتىپ كەلگەنلىكى، ئۈرۈمچىگە ئىككى كۈنلۈك يول قالغانلىقى، قاچانلا بولمىسۇن ھۇجۇم قىلىش ئېھتىمالى بارلىقى، (2) ھازىر ئۈرۈمچىنى ساقلاپ تۇرۇۋاتقان قىسملاردىن ئارانلا 6 يىڭ ئەسكەر قالغانلىقى؛ (3) ئوزۇق - تۈلۈك، ئوق - دورا زاپىسىنىڭ كەملىكى، قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئىگىلەپ، جياڭ جېشىغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى ئىنتايىن جىددىي؛ غۇلجا قوشۇنلىرىنىڭ ئىلگىرىلىشىنى توختىتىشتىن باشقا ئامال قالمىدى، ۋەھاكازالار دەپ، شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچلىق سۆھبەت ئارقىلىق ھەل قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئېيتقان. نەتىجىدە ئۇلار تىنچلىق سۆھبىتىگە كېلىپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

# ئازادلىقتىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئەھۋالىمدىن قىسقىچە ئەسلىمە

ئېزىز نىيازى

(ئاپتور ئېزىز نىيازى 1945 – يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، ئالاقىدار تارماقلاردا خىزمەت ئىشلىگەن. ئازادلىقتىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسىدە ۋە مەدەنىيەت نازارىتىدە مەسئۇل خىزمەتلەردە بولغان. ھازىر دەم ئېلىشتا.)

## ماناستىكى ھاياتىم

مەن 1905 – يىلى ماناس ناھىيىسىدە كىچىك بىر تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدىم. چوڭ دادام مەشۇق غوجا ئاستىن ئاتۇش تېغىدىن، چوڭ ئانام تەرەپ ئازاقتىن بولىدىكەن. دادام نىياز ئاخۇن دىنىي جەھەتتە ئوتتۇرا سەۋىيىلىك كىشى بولۇپ يۇرت ئىچىدە خېلىلا ھۆرمىتى بارىكەن. خۇشخەت يېزىشنى ۋە خەنزۇ تىلىنى بىرئاز ياخشى بىلگەنلىكتىن شاگىيۇ (شۇ ۋاقىتتىكى بازار بېگى)مۇ بولغانىكەن. ئەپسۇسكى ئاغرىق سەۋەبىدىن 40 يېشىدا ۋاپات بولۇپ كەتتى. بىز بەش بالا يېتىم قالدۇق. بالىلارنىڭ چوڭى مەن بولۇپ ئون ياشتا ئىدىم، قالغان تۆتى قىز بولۇپ بىرىدىن – بىرى كىچىك ئىدى. 27 يېشىدىلا تۇل قالغان ئاپام ئايىسىخان بىز يېتىملارغا قاراپ، بىۋاپا دۇنيانىڭ بەختسىزلىك تومانلىرى ئاستىدا تۈرلۈك جاپا-مۇشەققەتلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى.



دادام ھايات ۋاقتىدا ئۈچ يىل ئوقۇپ، ئاساسىي جەھەتتىن ساۋادىم چىقىپ قالغانىدى. كونا جەمئىيەتتىكى مەكتەپلەردە پەن دەرسلىكى يوق دېيەرلىك بولۇپ، ھەممىسىگە دېگۈدەك دىنىي دەرسلەر ئوقۇلاتتى. باشلانغۇچ دەرسلىك ئىسلام ئەقىدىلىرىدىن كېيىنلا ھەپتىيەك، قۇرئان، نامىھەق، پەندىنامىلەردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ پارس تىلىدىكى كىتابلار ئىدى. ئوقۇتقۇچى — موللامنىڭ تولىسى كىتابتىكىنىڭ نېمە گەپ ئىكەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئوقۇغۇچىلار بولسا غەزەل ئورنىدا ۋارقىراپ، باشلىرىنى ئالدى – ئارقىغا لىڭشىتىپ ئوقۇشاتتى. مۇشۇ ئەھۋال ئىككى يىل داۋام قىلغاندىن كېيىن، يەنە بىر بالداق يۇقىرى ئۆرلەپ سوپى ئاللايارنىڭ «سوباتىل ئاجىزىن» دېگەن كىتابى ئوقۇلاتتى. بۇ كىتاب گەرچە دىنىي دەرسلىك سۈپىتىدە ئوقۇلسىمۇ بىراق تۈرك تىلىدىكى بىردىنبىر مەنپەئەتلىك كىتاب بولۇپ، ئاساسەن ئەدەپ – ئەخلاق ئۆگىتەتتى. بولۇپمۇ تەجنىس① يەنى ئوخشاش كېلىدىغان سۆزلەردىكى ماھارەتلەر كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى. بۇلار ئوقۇپ بولۇنۇشىغا ناۋايى ئوقۇلاتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن خوجا ھاپىز شىرازىنىڭ پارس تىلىدا يېزىلغان شېئرىي غەزەلىياتى بولۇپ، بۇ تېخىمۇ مۇشكۈل كىتاب ئىدى. مانا مۇشۇ خىل كىتابلار ئۈچۈن بەش – ئالتە يىل ۋاقىت كېتەتتى. بۇ جەھەتتە مەن يۇقىرىقى كىتابلارنى يادلاپ ئوقۇش سەۋىيىسىگە ئېرىشىپ، ئۇستازىمىز يوق چاغدا خەلپەتلىك (مۇئەللىملىك) قىلاتتىم، بۇ مەكتەپلەر تولۇقسىز ئوتتۇرا ھېسابىدىكى مەكتەپ بولۇپ، ئۇنىڭدىن بىر دەرىجە يۇقىرىراقى تولۇق ئوتتۇرىغا كىرەتتى. بۇنىڭدا ئوقۇلىدىغانلىرى ئەرەپ ۋە پارس تىلىدىكى كىتابلار، يەنى، سەرپ نەھۋى (گراماتىكا ۋە مۆئىزى زەنجا-

① تەجنىس — (ئەرەپچە، جىنسداش دېگەن سۆز بولۇپ) ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىل ئائىلىسىدىكى خەلقلەرنىڭ ئېغىز ئىجادىيىتى ۋە يازما ئەدەبىياتىدا بىر خىل بەدىئىي سەنئەتنىڭ تۈرى ـ تەھرىردىن.

نى، ئاۋامىل) كافىيە قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئەرەب، پارس تىللىرىنى بىلىش ئۈچۈن مەنپەئەتلىك كىتابلار ئىدى. بۇ كىتابلارنى ئوقۇتقۇچى — مۇئەللىم سەۋىيىلىك بولسا، ئوقۇغۇچىلار بىر يىلدا خېلى بىلىمگە ئىگە بولالايتتى. ئەپسۇسكى كۆپىنچە مۇئەللىملەرنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ياخشى بولمىغاچقا، ئوقۇغۇچىنىڭ تۆت - بەش يىللىق ۋاقتى زايە بولۇپ كېتەتتى. كېيىنچە، خەنزۇچە ۋە ئىنگلىزچە تىل ئۆگىنىشكە كىرىشتىم. شۇ ۋاقىتلاردا پوچتىخانىغا خەت سالماقچى بولغان كىشى كونۋېرتقا خەنزۇچە ئادرېس يازمىسا قوبۇل قىلىنمايتتى. شۇنىڭدەك تېلېگراممۇ ئىنگلىزچە يېزىلاتتى. بۇ جەھەتتە مىللەتلەر ئارا مۇھتاجلىق كۈچلۈك بولۇپ، مېنىڭ ئۆگىنىشىمگە ئاساسلىق سەۋەب بولدى. ئۈچ - تۆت ئاي ئىرىشىپ، شىنجاڭنىڭ بارلىق ناھىيىلىرىنىڭ ئىسمىنى ۋە ئادەم ئىسىملىرىنى يېزىشنى ئۆگىنىۋالدىم. يەنە شۇ كۈنلەردە قازاندا نەشر قىلىنغان رۇس تىلىدىن تاتار تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان «ساموچىتىل» (ئۆزى مۇئەللىم) دېگەن كىتابنى تېپىپ، بۇنىمۇ ئالتە ئاي ئۆگىنىپ رۇس تىلىدىن كۈندىلىك تۇرمۇشتا قوللىنىدىغان بەزى سۆزلەرنى ئاز - تولا بىلىپ قالدىم. بەزى ئادەملەر: «ئۇ رۇسچە گەپ بىلىدىغان بولۇپ قاپتۇ» — دېيىشتى. شۇنىڭدەك چاررۇسىيە ۋاقتىدا نەشر قىلىنغان «ئۇلپەت»، «بايانىل ھەق»، «ئىسلام موجەللەسى»، «شۇرا» ناملىق كىتاب ۋە گېزىتلەرمۇ مەن ئۈچۈن ئوبدان دەرسلىك بولدى.

شۇ كۈنلەردە مەرھۇم ئاپام ئۆز تۇغقانلىرىمىزدىن قاساپلىق قىلىدىغان قۇربان ئاخۇن ئىسىملىك بىر كىشىگە ياتلىق بولدى. ئۇ كىشى ساۋاتسىز بولسىمۇ بىز يېتىم بالىلارغا مېھرىۋان ئىدى. مەن 17 ياشقا كىرگەن ۋاقتىمدا ئوقۇشتىن توختاشقا توغرا كەلدى (بۇ ئۆگەي دادىمىزنى مەن ئاكا دەپ ئاتايتتىم). ئەھۋالدىن قارىسام ئۇ، قاساپچىلىقتا يالغۇزلۇق تارتىپ قېلىپ،



قوشۇمچە ياردەم كۈچىگە مۇھتاج بولۇپ قالغانىكەن، شۇ سەۋەبتىن مەن ئىختىيارىم بىلەن ياردەمدە بولدۇم. گۆش دۇكىنىدا تۇرۇپ گۆش ساتىمەن، ئاكىمىز سىرتتىن قوي ئېلىپ كېلىپ سويۇپ بېرىدۇ. بۇ ۋاقىتلاردا خەجلىنىدىغان پۇل بىر سەرلىك قەغەز پۇل بولۇپ، پۇل يۈزىگە بىر قۇر خەنزۇچە خەت بېسىلغان. مەزمۇنى «بۇ بىر سەر پۇل 400 داچەنگە خەجلىنىدۇ» دېيىلگەن. ئىككىنچى خىلى ئىككى يېرىم مىسقاللىق قەغەز پۇل بولۇپ، ئۇنى گوۋازا «ئىت كۈچۈكى» دەپمۇ ئاتايتتى. چۈنكى بۇ پۇلنىڭ ئىككى چېتىدە ئىككى دانە كورگا ئىتنىڭ سۈرىتى بار ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا مىستىن، تۈچتىن قۇيۇلغان تۇڭپۇر، داچەن، يارماق قاتارلىق پارچە پۇللارمۇ بار بولۇپ، خەنزۇلار تۇڭيۈەن، خۇڭچەن، ماچەن دەپ ئاتىشاتتى. بىر سەر پۇل 400 دانە يارماق بولۇپ، شوينىغا ئۆتكۈزۈپ كۆتۈرسە ئىككى كىلودىن ئارتۇق كېلەتتى. بۇنىڭدىن باشقا باي خەنزۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا بېسىپ چىقارغان بىر سەرلىك، بىر مىسقاللىق ياغلانغان لاتا پۇللىرى بار بولۇپ، ھۆكۈمەت پۇلى بىلەن تەڭ كۈچكە ئىگە ئىدى.

يۇقىرىقىدەك ئائىلە ياردىمىدە بولۇشتىن سىرت يەنە ھۆسنىخەت يېزىشنى مەشىق قىلدىم. بۇنىڭغا ھەر خىل ھۆسنىخەت نۇسخىلىرى ۋە شېئىرلار تۈرتكە بولغانىدى، مەسىلەن، مەشھۇر خەتتاتلىرىمىزدىن زىيائىدىن قەشقەرى، ئاتۇشلۇق شېرىپ قارىملارنىڭ چوڭ خەت نۇسخىلىرىدىن پايدىلاندىم.

شېئىرىيەت توغرىسىدا ماڭا تەسىر قىلغىنى: ماناس دوكىنىدا (شەرقى دەرۋازا) ئولتۇرۇشلۇق ۋاقتىمىزدا قوشنىمىزنىڭ تويى بولۇپ، قۇتۇبىدىن تويغا كەلگەن بىرقانچە ئەر - ئايال مېھمانلار قۇدا تەرەپ قوشنىمىزنىڭ ئۆيىگە چۈشتى. توي تۈگەپ مېھمانلار يانماي بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ قالدى، بۇ ۋاقىتتا قوشاقچى توختى نىياز تۆۋەندىكى قوشاقنى يازدۇ:

بۈگۈن كۈنگە چارشەنبە،
ھېيت ھارۋاڭنى قوش ئەمدى.
ئىنساۋى يوق مېھمانلار،
كەتمىسىمۇ خوش ئەمدى.

يى بېيى جىك مىيەن ئېرلىياڭ ۋۇ،
نى سەۋەپتۇر بۇ يەردە،
بىزگە نېمە زۆرۈكلار،
توي ئىگىسى ئۇ يەردە.

بىر ھەپتىلەپ ياتقىنى،
مېھمان ئۈچۈن يەتمەمدۇ،
قانداق دېگەن سەت ئىش بۇ،
ئۆز يۇرتىغا كەتمەمدۇ.

شۇنىڭدەك ئۆزبېكىستان شېئىرلار توپلىمى «باياز ھەزىنى»دىكى تۈرلۈك شېئىرلار تەدرىجىي يوسۇندا ھېسسىياتىمنى قوزغاپ، تەقلىدىي شېئىرلارنى يېزىشقا باشلىدىم. بۇ ۋاقىتتا شېئىرنىڭ ئارۇز ۋەزنى، قاپىيە، رېتىم، تۇراق ۋە باشقا شەكىل خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىخەۋەر بولسامۇ ھەر ھالدا ئۇزۇن - قىسقا قىلىپ، بىر نېمىلەرنى يازاتتىم. تۇنجى قېتىم يازغان شېئىرىم ماناس دوقمىن مەسچىتىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق قۇرۇلۇشىغا بېغىشلانغان بولۇپ تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

ئىلاھى مۇتائال ئەيلەپ ئىنايەت،
ماناس ئەھلى تېپىپ تۆۋپىق ھىدايەت.
دىيانەتلىك، ساخاۋەتلىك جامائەت،
بىنا قىلدى ئۇلۇغ مەسچىت ئىمارەت.

نامازدۇر بارچىدىن ئەۋزەل،
كى خەللاق بەرگىسىدۇر ھەشتى جەننەت.



ھوللا رەھمەت ئىمام قىلىپ غەيرەت،
جۈملە ئاتۇش، ئازاق، تىجەن، مەشھەت.

تامچى ئۇستا كاشغەرى ھاشىم،
ياغاچچى ئۇستا مەھەممەت ئىبراھىم.

ماناستا مېنىڭ ئانا تەرەپ بىر نەۋرە ئاكام بار ئىدى. ئۇ ئاكامنىڭ دادىسى بولۇپ، ئوتتاھال چارۋىدار ۋە تىجارەتچى ئىدى. شۇ كۈنلەردىكى بايلىقى بەش قورا قوي، 300 چە ئات، كالىسى بار ئىدى. ھەر يىلى قويدىن چىققان يۇڭ كىرىمى ۋە چارۋا سېتىپ قىلغان كىرىمى بىلەن تىجارەت قىلاتتى. 1927-يىلى نەۋرە ئاكامنىڭ ماڭا ئىچى ئاغرىدىمۇ قانداق، بىر كۈنى مېنى چاقىرتىپ: «ساڭا بىرئاز مال بەرسەم قازاقلار ئىچىگە چىقىپ قىرچىلىق قىلامسەن؟» دېدى. ئۇنىڭ بۇ شەپقىتىنى دەرھال قوبۇل قىلدىم. ئۇ شۇنىڭ بىلەن ماڭا شۇ كۈننىڭ پۇلى قىممىتىدە تاش چاي، كۆرەك چاي، گەزمال، كۆن، چەم بولۇپ 1000 يۈەنلىككىچە مال بەردى. بۇ مەن ئۈچۈن ئەڭ چوڭ غەمخورلۇق ۋە ياردەم ئىدى. ئەتىسى يېزىلغان توختام خەتكە قول قويدۇم. خەتتە مېنىڭ شېرىك تىجارەتچى بولۇپ، تاپقان پايدىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئېلىشقا رازى ئىكەنلىكىم يېزىلغانىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، تىجارەتتە گەرچە مەندە پۇل بولمىسىمۇ جاپالىق تىجارەتنى قىلغۇچى مەن بولغانلىقىم ئۈچۈن، تاپقان پايدا تەڭ بولۇش لازىم ئىدى. بىراق مەن بۇنى ئاغزىمدىن چىقارمىدىم. شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈشكە مەجبۇرمەنكى، تاغ ئىچىدە تىجارەتچىلىك قىلىش ئاسان ئەمەس. بۇ جەرياندا تارتقان ئازاپ، چەككەن رىيازەتلەردە ياش ئورنىغا قان يىغلىغان چاغلىرىم بولدى. مەسىلەن، ماناسنىڭ جەنۇبىي تىيانشان باغرىنى بويلاپ (تېرىسكەي تەرىپىنى قازاقلار ئېرەن قابۇرغا دەپ ئاتايدۇ) شى-

خو تەۋەسىگە يېقىن قورغاس دەرياسىنىڭ باش تەرىپىدىن بۆر-
توڭگۈنى بېسىپ شەرققە قاراپ ماڭغاندا، قىزىل ئۆزەن، ئۈلۈ-
جان، ئۈچ بۇلاق، دازىڭگو، دازىمياۋ قاتارلىق تاغ، جىلغا، ساي-
لارنى بېسىپ ماناس دەرياسىنىڭ باش تەرىپىدىن ئۆتۈپ، تى-
رەكتى، قامىستى، كۆك تەكچە، كۆك مونياق، كەڭ يايلاق، چوڭ-
قۇر يايلاق، دانو كۆك ساي قاتارلىق جايلاردىكى جەھەننەم
چوڭقۇرلۇقى ۋە خەتەرلىك سەكرەتمە قىيالاردىن ئاشقاندا ماڭ-
دامدا بىر ئىمان ئوقۇپ ئۆتەتتىم. قىشلاق - كۆزلەكلەردە ما-
كانلاشقان كېرەي، نايمانلار ئىچىدە يۈرۈپ مەن باسمىغان ساي
سالالار قالمىدى. قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇقلىرىدا مۇزلاپ، ياز-
نىڭ تومۇزلىرىدا كۆيۈپ - پىشىپ، ئاچ - توق قېلىشتەك جا-
پالىق كۈنلىرىم ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز دۇر. مىنگەن ئېتىمغا گەز-
مال، چاي قاتارلىق نەرسىلەرنى ئارتىپ ئاۋۇلمۇ ئاۋۇل يۈ-
رۈپ سودا قىلىمەن. سودىدىن چۈشكەن پۇللارغا ئاساسەن قوي
ئالىمەن. ئالغان قويلارنى يىغىپ ھەيدەپ ماڭغاندا، بىر - بى-
رىگە قوشۇلماي ھەر تەرەپكە قېچىپ كېتىپ ئاۋارىچىلىق
تۇغدۇراتتى.

تاغلىق رايون بولغاچقا پات - پاتلا ھاۋا ئۆزگىرىپ تۇ-
مان باساتتى ياكى يامغۇر ياغاتتى. مۇنداق چاغدا ھەيدىگەن
مالدىن ئايرىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆز جېنىمنى بۆرىدىن قوغ-
داشقا توغرا كېلىپ ئامالسىز ئۆڭكۈردە پاناھلىنىپ يېتىشقا مەج-
بۇر بولاتتىم. مۇشۇ جەريانلاردا تارتقان ئازاپ ۋە كۈلپەتلىرىم
كۆز ئالدىمغا كەلسە ھازىرمۇ كۆزلىرىمگە ئىسسىق ياش كېلىدۇ.

شۇنداق قىلىپ ئىككى يىل ئىشلەپ، قوي، سەركە بولۇپ
211 تۇياق مال پايدا ئالدىم. تەخسىماتتا بولسا ماڭا 70 گە
يېقىن قوي تەگدى. شۇنى ئىزھارلاشقا توغرا كېلىدۇكى، مەن
سودىدىن چۈشكەن ماللىرىمغا ھەر قېتىمدا ئالاھىدە بەلگە سې-
لىپ، ئاكامنىڭ مېلىغا قوشۇپ تۇراتتىم. بۇ ماللىرىمنى ئاكام



ئاتا - بالا ئىككىسى كۆرۈپ، بىلىپ تۇردى ۋە كېيىنچە كۆزى
قىزىرىپ ئۆزىنىڭ ماللىرى ئىچىدىن شاللاپ چىقىرىۋېتىلگەن
ئورۇق، كېسەل ماللارنى بېرىپ قوشلاپ زۇلۇم قىلدى.
مۇشۇنداق ئىنساپسىزلىق، ۋىجدانسىزلىق بىلەن قىلغان ئۇۋالچىلىققا
قانداقمۇ سەۋرى قىلغىلى بولسۇن؟... ئەمما مەن يېتىم بالا
بولغاچقا يەنىلا سەۋرى قىلىپ كەلدىم.

تەجرىبىلەردىن ئالغاندا، مەيلى تۇغقان ياكى يات بول-
سۇن، ئىنساپسىزلىقتا چېكىدىن ئاشقان ئادەمنىڭ ئاقىۋىتى ياخ-
شى بولمايدىكەن. بەزى قىساس ئاخىرەتكىمۇ قالماي مۇشۇ دۇن-
يادىلا نەق كۆرسىتىلىدىكەن. يۇقىرىقى تۇغقانلىرىم گەرچە بىر
قانچە يىل ئۆمۈر كۆرۈپ بايلارچە تۇرمۇش كەچۈرگەن بولسى-
مۇ، ئەپسۇسكى، نەۋرە ئاكام ئاتتىن يىقىلىپ قازا تاپتى. دادى-
سى مەرھۇم ئاخشىمى ساق ئادەم ئىدى، كېچىسى يۆتەل بىلەن
ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇلارنىڭ توپلىغان چارۋا ۋە باشقا بايلىقلىرى-
مۇ كېيىنچە ئاستا - ئاستا توزۇپ كەتتى.

قىرچىلىق قىلىپ يۈرگەن كۈنلىرىمدە مېھماندوست قازاق
قېرىنداشلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئۆزگىچە ئادەتلىرىنى قىسمەن ئۆ-
گەندىم. قازاق ئەر - ئاياللىرىدا بولىدىغان بىر پەزىلەت،
مەيلى تونۇش بولسۇن ياكى تونۇش بولمىسۇن مېھماننى ئوب-
دان قارشى ئالىدۇ. دېمەك، ئۇلارنىڭ مېھمانغا بولغان ھۆرمى-
تىنى يۇقىرى باھالاشقا ئەرزىيدۇ. شۇنىڭدەك ئۇلاردا مېھمانغا مال سو-
يۇش ئادەتكە ئايلانغان، ھەتتا ئۆيىدە گۆش بولسىمۇ يېڭىدىن
مال سويىدۇ. قىشتا قېزا، يازدا قوزا گۆشى ۋە قىمىز بىلەن مېھمان
قىلىدۇ. كېچىسى ئاتلىرىڭغا قاراپ خەۋەر ئالىدۇ. قايتىشىڭدا
قىز - كېلىنچەكلەر قولتۇغۇڭدىن يۆلەپ ئاتقا مىندۈرۈپ
قويىدۇ.

قازاقلارنىڭ ئاز ساندىكىلىرىنىڭ ئۆيىدە ئۆينىڭ خوجۇ-
لۇق ھوقۇقى كەمپىرلىرىنىڭ قولىدا بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ مىجە-

زى تەرسا كېلىدۇ. بۇنداقلارنى ئۇلار ئۆزئارا «كەمپىرى بارلارنىڭ كاپىرى بار» دېيىشەتتى. بۇ خىلدىكى كەمپىرلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن چاي، قارامۇچ، يىپ - يىڭنە قاتارلىق نەرسىلەرگە قوشۇمچە قىلىپ «بازارلىغىم» دەپ يەل - يېمىش ئالغاچ بارىدىغان بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن كەمپىرلەر بالام دەپ مېنى ياخشى كۆرىدىغان بولدى.

قازاقلار ئىچىدە بىرەر يىل يۈرگەندىن كېيىن قازاقچە سۆزلىشىدىغان بولدۇم. بەزى تونۇشمىغان كىشىلەر: «قاي تۇغان بۇلاسىڭ؟» دەپ سورىسا بەزىدە «كىرەي① مىن» دەپ قوياتتىم ياكى «جەدىك، قارقاس، مىركىت» دېگەندەك قەبىلىلەردىن بىرىنى دەپ قوياتتىم. گاھىدا ئۆلەڭچىلىرى بىلەن ئۆلەڭگە ئەگىشەتتىم. مانا مۇشۇ خىل جاھاندارچىلىق ھاياتتا بىر قانچە يىل يۈرۈپ قازاق خەلقىنىڭ مېھماندوستلۇقى ۋە باشقا پەزىلەتلىرىنى خېلى ئوبدانلا ئۆگىنىپ قالغان ئىدىم.

ماناس دەرياسىغا بىر كۆۋرۈك سېلىش ئىنتايىن زۆرۈر بولۇپ، ماناس خەلقى ياڭ زىڭشىڭغا كۆپ قېتىم ئىلتىماس قىلغان بولسىمۇ ئېتىبارغا ئېلىنماي كەلگەنىدى. كۆۋرۈك سېلىشقا زۆرۈر بولغان بۇ دەريا شىخەنزە بىلەن ماناس ئوتتۇرىسىدا بولۇپ كەڭلىكى يېرىم كىلومېتىرچە كېلەتتى. تاشقىن ۋاقىتلىرىدا دەريادىن ئۆتۈشكە پەقەت مۇمكىن بولمايتتى. ئادەتتە ياز كۈنلىرى سۇنىڭ كۆپلۈكى، ئېقىش سۈرئىتىنىڭ تېزلىكىدىن تاۋۇزدەك تاشلارنى يۇمىلىتاتتى. ھەر يىلى بىرقانچە ئادەم، ئات - كالا ئۆلۈپ تۇراتتى. قازاقلار: «بۇ دەرياغا 12 ئۆزەن قويۇلىدۇ» — دېيىشەتتى. مۇشۇنداق سۈيى ئۇلۇق دەرياغا ھۆكۈمەت كۈچ چىقارمىسا خەلقنىڭ كۈچى بىلەن ھەل قىلىش ناھايىتى تەس گەپ ئىدى. ئاخىرى ماناس خەلقىنىڭ

① كىرەي، جەدىك، قارقاس، مىركىت دېگەنلەر قازاقلارنىڭ ئىچىدىكى قەبىلىنىڭ ناملىرى — تەھرىردىن.



قايتا - قايتا قىلىنغان تەلىپىگە بىنائەن، 1926 - يىلى ياڭ زىڭشىڭ تەستىقلاشقا مەجبۇر بولدى. كۆۋرۈكنى ياساش ئۈچۈن كورلىلىق ئەيسىراخۇن شاڭزۇڭنى ھوقۇقلۇق ۋەكىل قىلىپ تەيىنلىدى. ئەيسىراخۇن تېخنىك ئىشىغىمۇ كاپالەتلىك قىلىشنى زىممىسىگە ئېلىپ ماناسقا كەلدى. ياڭ زىڭشىڭنىڭ بۇيرۇقى بويىچە كېتىدىغان ماتېرىيال — تاش، ياغاچ، تۆمۈر قاتارلىق نەرسىلەرنى يەتكۈزۈشكە شيەنجاڭ مەسئۇل بولدى. ئىقتىساد ۋە قۇرۇلۇشقا ئەيسىراخۇن مەسئۇل بولدى. كۆۋرۈك سېلىنىدىغان ئورۇننىڭ مۇستەھكەم بولۇشىنى نەزەردە تۇتۇپ، چوڭ يولدىن بەش كىلومېتىر يۇقىرىغا سالماقچى بولۇپ، ياڭ زىڭشىڭنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈلدى.

كۆۋرۈككە ئىشلىتىلىدىغان تاشنى ناھىيىدىن 70 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى گەنگو دېگەن جايدا 30 غا يېقىن تاشچى تۆت بۇرجەك قىلىپ، چاسىلاپ ياساپ چىقتى. ھەربىر تاشنىڭ كەڭلىكى 80سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى بىر يېرىم مېتىر، قېلىنلىقى 60 سانتىمېتىر بولۇپ، بىر ھارۋىدا ئاران بىرنى ئېلىپ كەلگىلى بولاتتى. ياغاچ ماتېرىياللارنى بىرقانچە ئونلىغان ياغاچچى ئۇستىلار تاغقا چىقىپ تاللاپ كېسەتتى. بۇ ياغاچلار ئۇزۇن ھەم يوغان بولغاچقا، بەش ئاتلىق ھارۋا ئىككىنى ئاران ئەكىلەتتى. بۇ ماتېرىياللارنى دېھقانلار يېرىم ھەق، يېرىم ئالۋاڭ ھېسابىدا بىر ئادەم تۆت ياكى بەش ئات قوشقان ھارۋىدا توشۇيتتى، بېرىپ-كېلىشى ئۈچۈن بەش كۈنلۈك ۋاقىت كېتەتتى. بۇنداق ئىشلەش دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا مىسلىسىز ئاۋارىچىلىقنى كەلتۈرەتتى.

شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە مەنمۇ كۆۋرۈك ياساش ئىشىغا قاتنىشىپ كۆۋرۈككە يەتكۈزۈلگەن تاش، ياغاچلار ۋە كۈنلۈك ئىشلىگەن ئەمگەكچىلەر ھەم ھۆددىگە ئېلىپ ئىشلىگەن ئۇستىلارنىڭ ھېسابىنى يېزىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيتتىم. ۋەكىل ئەيسىراخۇن شاڭزۇڭ ئىشخانىسىدا پۈتۈن ئالاقە، توختام ۋە ناھىيىلىك

ھاكىم ئىدارىسى بىلەن بولۇنغان مۇناسىۋەتلەرنى، كۆۋرۈكنىڭ
ئومۇمىي كىرىم - چىقىمى قاتارلىق ھېسابات ئىشلىرىنى تۇردا-
خۇن شاكىرۇك ئوغلى باقى ئاخۇن جاۋابكار بولۇپ بېجىرەتتى.
كۆۋرۈك قۇرۇلۇشىنىڭ 60 پىرسەنتى پۈتكەن چاغدا ماناسنىڭ
خەنزۇ پومېشچىك - بايلىرى پىتنە پەيدا قىلىپ، زىددىيەت تۇغ-
دۇرغانلىقتىن، كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى بىر مەزگىل توختاپ قالدى.
شۇ ئارىدا ياڭ زىڭشىڭ ئۆلتۈرۈلدى. ئەھۋالنىڭ مۇرەككەپلە-
كىدىن ئەيسىراخۇن شاكىرۇكمۇ ھېساباتنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئۈ-
رۈمچىگە قايتىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى
بىرقانچە يىل تاشلىنىپ قالدى.

* * *

ماناس ناھىيىسى شىنجاڭدىكى چوڭ ناھىيىلەرنىڭ بىرى
ھېسابلىنىپ، ئۇزاق تارىختىن بىرى ماناس دېگەن نام بىلەن
مەشھۇر ئىدى. شىنجاڭ يىلنامىسىدا ئېيتىلىشىچە، 1778 - يى-
لىدىن باشلاپ بۇ ناھىيە خەنزۇچە «سۇيلەي» (绥来) دەپ
ئاتالغان. 1954 - يىلىدىن باشلاپ، «سۇيلەي» دېگەن نام
ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، «ماناس» دېگەن ئەسلى نامىغا ئۆزگەر-
تىلدى، «ماناس» دېگەن ئاتالغۇ ھەققىدە تولۇق مەلۇمات يوق.
ئەمما يىلنامىدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، بۇ زېمىن غەربىي خەن
دەۋرىدە ئۇيسۇن، ئۇتەيزى دۆلىتىگە، شەرقىي خەن دەۋرىدە
ئىجۋا بەگلىكىگە تەۋە بولغان، سۇي - تاڭ سۇلالىسىدا غەربىي
تۈركلەرگە تەۋە بولغان. كېيىن تاڭ سۇلالىسىدا بېشبالىق قو-
رۇقچى بەگ مەھكىمىسىگە قارىغان. سۇڭ، يۈەن سۇلالىسى دەۋ-
رىدە ئۇيغۇرلارغا تەۋە بولغان. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئوي-
راتلارغا قارىغان.

ماناس ناھىيىسى تىيانشاننىڭ ئوتتۇرا قىس-



مىغا توغرا كېلىدۇ. يەر تۈزۈلۈشى جەھەتتىن جەنۇب تەرىپى
ئېگىز، شىمال تەرىپى تۆۋەن بولۇپ، ئاساسەن دېھقانچىلىق ۋە
چارۋىچىلىق رايونى ھېسابلىنىدۇ، شۇنىڭدەك بۇ زېمىندا كۆمۈر،
مىس، ئالتۇن، كۈمۈش، تۆمۈر، قاشتېشى، زۇمرەت، تۇز مەنبە-
لىرىمۇ مول. تاغ ھايۋاناتلىرىدىن بوغا، سىلەۋسۇن، بۆرە،
يولۋاس، ياۋا ئېشەك، ئېيىق، تۈلكە، سۇغۇر، ياۋا توڭگۇز قا-
تارلىقلار بار. ماناس يەنە غەربىي شىمال بويىچە دورا ماتې-
رىياللىرى كۆپ چىقىدىغان ئۈچ چوڭ رايوننىڭ بىرى بولۇپ
ھېسابلىنىدۇ. ماناسنىڭ بوجادەن بىلەن تاشىرقاي ئارىلىقىدا
ئۇزۇنلۇقى 30 كىلومېتىر، كەڭلىكى 10 كىلومېتىرچە كې-
لىدىغان بۈك - باراقسان ئورمانلىق بار ئىدى. لېكىن ئۇ زا-
مانلاردا ئورمان ئاسراش دېگەن چۈشەنچە بولمىغانلىقتىن، شۇ
چاغدىكى شەخسىي بايلار ۋە ئوتتاھال سودىگەرلەر ۋە دېھقانلار
ئىختىيارى كېسىپ - توغراپ، ئات - ئېشەك ھارۋىلىرى بىلەن
توشۇپ ئەكېلىپ، قۇرۇتۇپ ئوتۇن قىلىپ قالايتتى ھەم ساتات-
تى. ئۇندىن باشقا ماناس بازىرىغا يېقىن شىمالىي تەرەپتە كەڭ
كەتكەن قۇمۇشزارلىق بولۇپ، ئۇنىمۇ ھەركىم ئىختىيارى ئورۇپ
ساتاتتى ياكى بورا توقۇش، تۇتۇرۇق قىلىشقا ئىشلىتىپ، تۈگى-
مەي قالغىنىنى كۆيدۈرۈپ تاشلايتتى. جۈملىدىن بۇنىڭغا ئوخ-
شاش زىيانلار ھەددى - ھېسابسىز ئىدى.

ماناستا ئۆز زامانىسىدا سىفۇيۈەن ئىسىملىك بىر خەنزۇ
باي بولۇپ، ئۇيغۇر، قازاقلار ئادەتتە ئۇنى سىسىڭ دەپ ئاتايت-
تى. ئۇنىڭ سودا تىجارەت ۋەسىقىسى شىڭشىڭيى ئىدى. مې-
نىڭ بىلىشىمچە، بۇ ئائىلىنىڭ بايلىقى، ماناستا ئىگىلىگەن قو-
را - جاي، يەر - زېمىنى 30% بولسا، شىخەنزىدە 70 پىرسەنتىنى
تەشكىل قىلاتتى. ئاشلىقتىن كىرگەن كىرىمى ھۆكۈمەت ساقلىرى-
دىن ئۈستۈن تۇراتتى، چارۋا جەھەتتە 70 قورۇغا يېقىن قوي، 2 مىڭغا
يېقىن يىلقا. كالا، تۆگە، خېچىر، ئېشەك قاتارلىق ماللىرى بار

ئىدى. بۇندىن باشقا تىجارەت جەھەتتە نەچچە ئونلىغان ماگىزىن، يۇفاڭ، شياۋفاڭ، تاڭفاڭ، فۇڭفاڭ، سۇفاڭ، موفاڭ بولۇپ ئۇنىڭ ئۈستىگە يىلدا بوردىلىشۋاتقان قوي، كالا ۋە باشقا ئات، كالا ئۇلاقلارنى ساتاتتى. يۈزلىگەن كۆتەك ھارۋىدا نەچچە ئون توننا گۈرۈچنى ئالتايغا ئاپىرىپ ئالتۇنغا تېگىشىپ كېلەتتى. بۇ باي يەنە ئۆز ئالدىغا پۇل چىقارغانىدى. بۇ پۇل بىر سەرلىك ياكى ئون مىسقاللىق ياغلانغان لاتا پۇل بولۇپ، بۇ پۇللار ھۆكۈمەت پۇلى بىلەن باراۋەر كۈچكە ئىگە ئىدى.

بۇ بايلىقلارنىڭ مەنبەيى يەنىلا ئەمگەكچى ئىشچى - دېھقانىنىڭ قان - تەرى ئىكەنلىكىدە شەك يوق. چۈنكى ئۇنىڭ قوي ۋە چوڭ چارۋىلىرى 100 قورۇغا پېتەتتى. دېمەك، بۇنى بېقىشقا 100 ئائىلە كېرەك. دېھقانچىلىقتا دائىملىق ھەم ۋاقىتلىق مەدىكارلاردىن بولۇپ ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ئەمگەك كۈچى ئۇنىڭ تېرىلغۇ خىزمىتىدە بولاتتى.

ئۇنىڭ زوراۋانلىق قىلمىشلىرىدىن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگىنىم: سىفويۇەنىڭ ئاساسىي ئىش باشقۇرۇدىغانلىرى ئىككى نەپەر بولۇپ، چوڭى ئەر جاڭگۇيدى، يەنە بىرى سەن جاڭگۇيدى ياكى شاۋيى (بايۋەچچە) دەپ ئاتىلاتتى. جاڭگۇيدى دېمەك خوجايىن دېگەن سۆز ئىدى. بۇلار چارۋا - مال ئاربىلماقچى بولسا، بىر ئىككى ئادىمى بىلەن قورالىق چىقاتتى. ئۇلارنىڭ ماللىرى باشقىلارنىڭ يەرلىرىگە ئوتلاپ كىرسە بولىدۇكى، لېكىن ئۆز يېرىگە باشقىلارنىڭ مېلىنى دەسسەتمەيتتى. مەن قىرچىلىق قىلىپ يۈرگەن كۈنلىرىمدە ئەر جاڭگۇيدىنىڭ قول ئاستىدا ئىككى قازاق مالچى، بەش نەپەر خەنزۇ مالچى بار ئىدى. ئەر جاڭگۇيدىنىڭ مالچىلىرى مەن قونغان ئۆي ئىگىسىنى «بۇ يەردىن كۆچ، بۇ بىزنىڭ يەر» دەپ زورلۇق قىلدى. قونۇسبېك ئات چاپتۇرۇپ يېقىن ئاۋۇل-



دىكى مامىر زەڭگىنى چاقىرىپ كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ جايدا ئون نەچچە يىلدىن بېرى ماكانلىشىپ ياشاۋاتقانلىقىنى ئېيتقاندا، ئەر جاڭگۇيدى دەرھال قورال ئىشلەتكەن. كېيىن ئاڭلىشىمچە، ئۇ قونۇسبېك قاچى، مامىر زەڭگىلەرنى قاماققا ئالدۇرۇپ ئۇلارنىڭ يېرىنى تارتىۋالغان.

يەنە بىرسى، مەرھۇم روزاخۇن باينىڭ ئېيتىشىچە: ماناستا ھاپىز باي دېگەن بىر كىشى بولۇپ، ئۇ كىشىنىڭ 40 قورۇغا يېقىن قويى، 500 چە يىلقىسى بار ئىكەن. ئۇنىڭ بىر قىسىم ماللىرى ئەر جاڭگۇيدىنىڭ ماللىرى بىلەن بىر قاتاردا يايلايدىكەن. ئەر جاڭگۇيدى بولسا ھاپىز باينىڭ مالچىسى قاسىمجان دېگەنگە ئورۇنسىز زورلۇق قىلىپ: «مالنى بۇندىن كېيىن مېنىڭ يېرىمدە ئوتلاتقۇچى بولما» - دەپ ئەمر قىلىدۇ. قاسىمجان قارشى چىققاندا ئۇنى قاتتىق ئۇرغان. بۇ ئىش ماناس شيەن ياموۇلىغا بارغان. لېكىن سىفويۇەن كۈچلۈك كېلىپ ئۇتۇپ چىققان. بۇ زالىملار يەنە مالچى، ئىشچى قاتارلىقلارنىڭ ئائىلىسىگە باستۇرۇپ كىرىپ ئاياللارنىڭ نومۇسىغا تەگكەن. بىچارە ئىشچى - دېھقانلارنى ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن ئۇرۇپ قامىغان، بۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ.

* * *

1933 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرى ما جۇڭيىڭ چېكىنگەندە، ما خېيىڭ بىر يىلىك ئەسكىرى بىلەن شىمالغا ماڭغان. ئۇ تىيانشان تېغىنى بويلاپ مېڭىپ، يول ئۈستىدە ئۇچرىغاننى بۇلاپ - تالاپ، ئۆلتۈرۈپ، ئات، كالا قاتارلىق چوڭ ماللاردىن نەچچە يۈزنى ھەيدەپ ماناسقا كېلىدۇ. بازار ئەتراپىدىكى خەنزۇ دېھقانلارنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، قارشىلىق بىلدۈرگەنلەرنى ئۆلتۈرۈپ، شەھەر سېپىلىغا

چىقىپ، بازارغا قارىتىپ ئوق ياغدۇرىدۇ.

ماناسنىڭ شەرقىي دەرۋازا تەرىپىدە ئولتۇراقلاشقانلارنىڭ كۆپچىلىكى خۇيزۇ ۋە ئۇيغۇرلار بولۇپ، ئاز ساندا خەنزۇلارمۇ بار ئىدى. بۇ جايدىكى خەلقلەرنىڭ مال - چارۋا ۋە باشقا مۈلۈكلىرىنى تالان - تاراج قىلىپ بولغان ماخىيىڭ بىر كېچىدىلا قېچىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ شۇم قەدىمى يوقىلىپ، ئىككىنچى كۈنى ئۈرۈمچى تەرەپتىن ئارقا - ئارقىدىن ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى كېلىپ، بىر قىسمى ماخىيىڭنى قوغلاپ ماڭىدۇ. قالغان بىر قىسمى ماناستا بولغان ئەھۋاللارنى تەكشۈرىدۇ. بۇلاڭ - تالاڭغا ئۇچرىغانلا ئومۇميۈزلۈك بولسىمۇ، لېكىن خۇيزۇ ھەم ئۇيغۇرلاردىن ئۆلگەن ئادەم يوق ئىدى. بۇ ئەھۋالدىن يەرلىك خۇيزۇلارنىڭ ماخىيىڭ بىلەن تىلى بىر دېگەن گۇمان پەيدا بولىدۇ. بەزى كىشىلەر — ماخىيىڭ كەلگەندە ئۇيغۇرلار ئۆيىدىن چىقمىدى ۋە بىرمۇنچىسى شەھەر ئىچىگە قېچىپ كىرىۋالدى، دەپ گۇۋاھلىق بەرگەچكە، ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى ئۇيغۇرلارغا ھېچقانداق زىيان يەتكۈزمەستىن، خۇيزۇلارنى بولسا قارا - قويۇق ئېتىپ، چېپىپ، قىرىپ تاشلىدى.

بۇ ۋەقەنى ئۆز ۋاقتىدا چالا - بۇلا ئاڭلىغان بولسامۇ، يېقىنقى يىللاردا ماناستا بارغىنىمدا، ماناسلىق كونا خۇيزۇ ئۇ جيانىڭ ئوغلى ئۇ ئاخۇن ۋە قاسساپ جاڭ ئاخۇنلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. شۇنىڭدەك روزىكام ئوغلى ئابدۇكېرىم ئاخۇن بىلەنمۇ ئەھۋاللاشتىم. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئەمەلىيەتتە يەرلىك خۇيزۇلار ماخىيىڭغا ياردەم قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى ئۇنىڭغا قارشى تۇرغانىكەن. لېكىن ئۈرۈمچىدىن چىققان ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى ئۇلارنى قارا - قويۇقلا قىرغىن قىلغان. شۇ چاغدا قىرغىن قىلىنغانلار مىڭدىن ئاشىدۇ.



## قۇمۇلدىكى كۈنلەر

كاچ پەلەكنىڭ تەقدىرى شۇنداقمۇ، دادام ۋاپات بولۇش ئالدىدا قولۇمنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ: «بالام! مەن ئاپاڭدىن ئايرىلغىلى 20 يىل بولدى. كۆرۈشۈشكە نېسىپ بولمايدىغان ئوخشايدۇ. ساڭا ۋەسىيىتىم شۇكى، ئاپام ھايات ۋاقتىدا قۇمۇلغا بىر بېرىپ كەلگىن، ئىككىنچىدىن ياخشى ئوقۇغىن» دېگەنىدى. مەرھۇم دادامنىڭ ۋەسىيىتى قەلبىمدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغاچقا، قۇمۇلغا بېرىش ئارزۇيۇم ئەسلا يادىمدىن چىقمىدى. 1928 - يىلى كۈزدە قۇمۇلغا بېرىپ چوڭ ئانىمىز بىلەن كۆرۈشۈشكە مۇۋەپپەق بولدۇم. شۇنىڭدىن كېيىن تۇغقانلار قايتىشىمغا رۇخسەت قىلماي، تۇغقىنىمىزنىڭ قىزى بىلەن تۇرمۇشلۇق قىلىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن 1937 - يىلغىچە قۇمۇلدا تۇرۇپ قالدىم. بۇ جەرياندا قېيىن ئاتامنىڭ سودا ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، گەنسۇ ئۆلكىسىگىچە باردىم. قۇمۇل تاغلىرىدا قازاقلار ئىچىدە تىجارەت بىلەن شۇغۇللاندىم.

مەن قۇمۇلغا بارغان يىلى شا مەخسۇت ۋاڭ ئۆلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئوغلى نەزىر بار ئىكەن. نەزىرنىڭ ئىسمى ئاتالماستىن، «گۇڭ غوجام»، «بەيسى غوجام» دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۇنىڭ ئوغۇللىرى بېشىر، ئابدۇللالارنى «چوڭ شاھزادە غوجام»، «كىچىك شاھزادە غوجام» دەپ ئاتىشىدىكەن. بۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ھوقۇق تەسىرى يەنىلا داۋام قىلىۋاتقان بولۇپ، بايلىق كۈچ - قۇۋۋىتى ئۆز قولىدا بولغانلىقتىن، خەلقنىڭ بېشىدىكى ئىس - تۈتەكلەر كۆتۈرۈلمىگەنىدى.

قۇمۇل خەلقىنىڭ تۇرمۇشىدىن ئېيتقاندا، ئاساسەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە يەككە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشتىن ئىبارەت ئىكەن. مىجەز -

خۇلق جەھەتتە بولسا تاۋازۇلۇق پەزىلەتلەر ۋە ئاقكۆڭۈللۈك، مېھماندوستلۇق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن مەشھۇر ئىكەن.

قۇمۇلدا ئوردا قورۇلۇشى كونا شەكىلدە بولۇپ، ھەرەم سارايلىرى، قاراڭغۇ دالان، بەگلەر سارىيى، چىڭۋاڭنىڭ مەخسۇس مېھمانخانىسى، ئوردا ئالدى تەيجى، ئاخۇنلىق ئىشخانىلىرى قاتارلىق بىنالار بولۇپ، بۇنىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرى قارا سىردا سىرلانغان، دېرىزە پەنجىرىلەرگە ئەينەك سېلىنغانىدى. راۋاق ئورنى، ئوردا قوۋۇق تەرەپ سېپىل ئۈستىگە سېلىنغان بىرقانچە ئېغىز ئۆي بولۇپ، بۇ ئاتالمىش راۋاققا چىققۇچە پەلەمپەيلەرگە باشتىن - ئاخىر مەخمەل ياكى قارا تاۋاردا پايانداز سېلىناتتى. پەلەمپەينىڭ ئاستى - ئۈستىدە قىلىچ تۇتقان مۇھاپىزەتچىلەر تۇراتتى. دېمەك، بۇ ئوردا بىناسى ئانچە ھەيۋەتلىك بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ خەلق قېنىنى شورايدىغان زۇلۇم ئۇۋىسى بولغاچقا، مەزلۇم خەلققە بەكمۇ سۈرلۈك كۆرۈنەتتى.

بىچارە خەلققە — بۇ راۋاققا چىڭگاڭ غوجام ھەر كۈنى چىقىپ دۇربۇن بىلەن ئەتراپقا نەزەر سېلىپ ئولتۇرارمىش، ئەگەر راۋاق ئۇدۇلىدىن ئۆتكەن ھەرقانداق كىشى ئاتتىن چۈشۈپ تەزىم قىلىپ، دۇئا ئوقۇپ ئۆتمىسە، جازاغا تارتىلارمىش! — دېگەن ئۇقۇم بار ئىدى. ئەپسۇسكى، بۇ قېرى چىڭگاڭ غوجىنىڭ راۋاققا كۈندە ئەمەس، ئاندا - ساندا چىقىپ تۇرۇشىمۇ ناتايىن، ئەمما، بىچارە خەلق دەل بۇ راۋاققا ئۇدۇل كەلگەندە، مەيلى ۋاڭ ئۇ يەردە بولسۇن، ياكى يوق بولسۇن ئاتتىن چۈشۈپ ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ، دۇئا ئوقۇپ ئۆتۈشكە مەجبۇر ئىدى.

مەن تۇنجى قېتىم قۇمۇلغا بارغىنىمدا ئاخۇن ئاكا دېگەن ئۆزبېك كىشى بىلەن بارغانىدىم. قۇمۇل خان ئوردىسىغا يېقىن يەردىكى «ئالتۇنلۇق» دېگەن بىر گۈمبەز بار يەرگە (ۋاڭ ئەۋلادى قەبرىسى) كەلگەندە ئۇ كىشى مېنى: «ئاتتىن



چۈشۈپ ئايەت ئوقۇغىن» — دېدى. بىز ئايەت ئوقۇپ دۇئا قىلدۇق. ئاخۇنكام يەنە ئوردا قوۋۇقى كۆرۈنگەن ھامان ئۆزى ئاتتىن چۈشۈپ بولۇپ مېنىمۇ دەرھال ئاتتىن چۈشۈشكە دەۋەت قىلدى. «نېمە ئۈچۈن» — دېسەم ئاخۇنكام: «ئەنە شۇ راۋاقتا ۋاڭ غوجام قاراپ تۇرادۇ، ئاتتىن چۈشمىسە بولمايدۇ» — دېدى. 18 ياشىمدىن باشلاپلا يېڭىلىق دۇنياسىغا ئازراق كۆز ئېچىپ قالغانلىقىمدىن كاللامدا بۇنى قوبۇل قىلمىدىم. ئاتتىن چۈشۈپ قورۇق تامغا تەزىم قىلمىدىم. ئاخۇنكام ماڭا بىرئاز خاپا بولدى. قۇمۇلغا بارغاندىن كېيىن بۇ توغرىسىدا ھېچقانداق ھاۋشىغان ئىت كۆرۈنمىدى. دېمەك، بۇ ھۆكۈمران ئۇۋىسى ئەنە شۇنداق زوراۋان ئىدى.

قۇمۇل، بەش شەھەر دەپ ئاتالغان بولۇپ، ھەربىر يۇرتىنىڭ چوڭلۇقى ئاتۇشنىڭ بەزى جايلىرىغا تەڭ كېلىدۇ. شۇنىڭدەك قۇمۇل شەھىرى ھەم ئون ئىككى تاغدا ياشىغان بارلىق خەلقنىڭ يەنە خىلمۇ خىل ئىزىلىشلىرى شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، خەلق ئۆزىنىڭ ئەركىنلىكىنى ئۇنتۇلۇپ قۇللۇق ھالەتكە چۈشۈپ قالغان. ئۇلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ئېغىر ھالدا دەپسەندە قىلىنغان.

ئەمەلىيەتتىن سۆزلىگەندە، ئوردىغا ئەمەس، تۆۋەندىكى بەگ - غوجىلارغا ئىلتىماس، ئەرز يازماقچى بولسىمۇ، «قۇللىرى» دەپ يازمىسا جىنايەت ھېسابلىناتتى. شۇنىڭدەك سۆز، خەت - چەك ئىشلىرىدا، «ئۇلۇغ پاشا غوجام»، «ھوزۇر ئالىلىرى»، «ھەزرەتلىرى»، «سۇلتان شاھلىرىغا ئۆمرى بەختىيار، دۆلەتلىرى بەرقارار بولغاي ئامىن» دېگەن كىرىش سۆزلىرىدىن كېيىن «بەندىلىرى»، «قۇللىرى»، «يۈكۈنۈپ تەزىم بىلەن تىلەنگۈچىلىرى» دېگەن جۈملىلەر يېزىلاتتى. شۇنىڭدەك قۇمۇلدا تۇغۇلۇپ بىر ئۆمۈر ياشىغان قېرى ئادەملەر ۋاڭ ئەۋلادىنىڭ ئىسمىنى بىلمەيتتى. بۇ غوجىلارنى گۇڭ غوجام، پاشا غوجام،

شاھزادە غوجام دەپلا ئۆتكەن. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئاتاشنىڭ ئۆزى بىر جىنايەت ئىدى.

قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ بايلىقى، يىغىپ ئېيتقاندا، ئەسىرلەر بويى ھۆكۈم سۈرۈپ كېلىۋاتقان ۋاڭلارنىڭ ئالۋاڭ - ياساقىدىن يەنى ئاشلىق، چارۋا، تىجارەت ۋە باشقىلاردىن توپلانغانىدى. ھېسابسىز ئالتۇن - كۈمۈش، مەرۋايىت، بىرىليانتلار ئامبارلاردا تولۇپ ياتاتتى. بۇلارنىڭ مەنبەسى خەلق ئۈستىدىن يۈرگۈزۈلگەن زورلۇق، ھەقسىز ئىشلىتىش، تۈرلۈك ئالۋاڭ - ياساق، بۇلاش، تەھدىت سېلىش قاتارلىق زۇلۇم - ئوقۇبەتلەرنىڭ بەدىلىگە كېلەتتى.

قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ خەزىنىسىدە تونناپ ئالتۇن - كۈمۈش ۋە يامبۇلار، گۆھەر ۋە مەرۋايىتلار توپلانغان بولسا، تاغلاردا يۈزمىڭلىغان قوي، ئات - كالا ۋە تۆگىلىرى يايلايتتى. ساڭلاردىكى ئاشلىقتا مىتە چۈشۈپ كېتەتتى. بۇلاردىن باشقا يەنە يۇقىرىسى تەيجى، پاششاپ، قىزبەگ، دوغا بەگ، غوجا بەگ، سەك... لىرى پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ، تۈرلۈك باھانىلار بىلەن خەلقنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلاتتى.

گۆڭ غوجىنىڭ شەرمەندىلەرچە قىلمىشلىرى پۈتۈن قۇمۇل ئەھلىگە مەلۇمكى، ئۇنىڭ ئىچىشى ھاراق، چېكىشى ئەپيۇن بىلەن خام بەڭ، ئوينىشى مەشرەپ، قىلىدىغىنى پاھىشە بولۇپ، دەللاللار ئارقىلىق كىمنىڭ خوتۇن - قىزلىرى چىرايلىقراق بولسا، شۇنى زومۇ زو ئەكەلتۈرۈپ ئاياللارنىڭ ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلاتتى. شۇنىڭدەك خوتۇنلىرىنى ئەۋەتىشكە قارشىلىق كۆرسەتكەن ئەرلەرنى ئۇرۇپ قاماشتەك ئىشلار چېكىدىن ئاشقانىدى. بۇنىڭ دەستىدىن كىممۇ چىرايلىقراق خوتۇن ئالالىسۇن؟ كىممۇ قاۋۇلراق ئات مىنەلىسۇن؟...

شا مەخسۇت ئۆلگەندىن كېيىن نەزىر ۋاڭ جىڭ شۇرېننىڭ دامىغا چۈشۈپ ئۈرۈمچىدە نەزەربەنت ئاستىدا ئۆلدى. نەزىر



ئۆلگەندىن كېيىن ۋاڭلىق تەختى بېشىرغا قالدى. ئۇ دادىسىنىڭ چىرىك جەندىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، كېچە - كۈندۈز ھاراق، نەشىنىڭ قولى بولۇپ زالالەت دېڭىزىغا چۆكتى.

يۇقىرىدىكى ۋاڭ - غوجىلار قىلمىشلىرىنىڭ داۋامىغا كەلسەك:

شا مەخسۇتنىڭ ئەتراپىدا بىرقانچە قول - چوماقچىلىرى بولۇپ، بۇلار مەنسەپ ئۈچۈن قامچىسىدىن قان تامغۇزۇپ، قۇمۇل زېمىنىنى زىل - زىلىگە كەلتۈرگەنىدى. تەيجىلىرى بولسا ۋەزىر دەرىجىلىك، ھوقۇقلۇق مەنسەپدار بولۇپ، چوڭ تەيجىسىنىڭ ئىسمى يۈسۈپ، كىچىك تەيجىسىنىڭ ئىسمى يۇنۇس ئىدى. يۈسۈپ تەيجى گەرچە ئادالەتنى ياقىلاش تەرىپىدە بولسىمۇ، ئەمما چوڭ ئۆستەڭنىڭ لاي سۈيى، كىچىك ئېرىقنىڭ پاك سۈيىنى بۇلغىغاندەك بولۇپ، ۋەزىيەت ئۇنىڭغا يار بەرمەيتتى. شۇنىڭدەك ئىككى تەيجى ئارىسىدا ئۇزاق داۋام قىلغان زىددىيەت مەۋجۇت ئىدى، ھەر ئىككىلىسىنى قوللايدىغانلار بار بولۇپ، ئۇلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، تۈرلۈك - تۈمەن پىتنە - پاساتلارنى تۇغدۇراتتى ۋە ھەرخىل رەزىل ھەرىكەتلەردە بولاتتى.

يۇنۇس تەيجى بولسا، ئۇچىغا چىققان پارىخورلىقى، ئاغمىلىقى، خەلقنى قارلاشتىن باش تارتمايدىغان قارا نىيەتلىكى بىلەن مەشھۇر ئىدى. ئۇ ئالۋاستىلارنىڭ ئەپتى - بەشىرىسى مۇستەبىت مانجۇ زالىم جاللاتلىرىنىڭ قىياپەتلىرىگە ئوخشاپ كېتەتتى، بېشىغا كېيگىنى گىرۋىكى ئىچىگە ئېگىلگەن يۇمىلاق قارا قالپاق بولۇپ چوققىسىدا قىزىل پوپۇكى بار. ئۈستىدە سېرىق تاۋارغا كەشتىلەنگەن ماگۇازا چاپان، بىر دەرىجە چوڭراقلىرىدا كەڭ يەڭلىك ئەژدىھار سۈرەتلىك ئۇزۇن چاپان بولاتتى. شا مەخسۇت بىر يەرگە چىقماقچى بولسا ھەسەن بالا ھاجىم ئارقىلىق ئۈرۈمچىدىن ئالدۇرغان پەۋىسكا (چاررۇسىيىدە ياسالغان، بۇ پەۋىسكىنىڭ ئىچى سولەۋسۇن، تۈلكە تېرىلىرىدا قاپلانغان بولۇپ، تولىمۇ ھەشەمەتلىك ئىدى) غا چىقىپ چېقىر كۆزلىرى

شاھزادە غوجام دەپلا ئۆتكەن. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئاتاش-
نىڭ ئۆزى بىر جىنايەت ئىدى.
قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ بايلىقى، يىغىپ ئېيتقاندا، ئەسىرلەر
بويى ھۆكۈم سۈرۈپ كېلىۋاتقان ۋاڭلارنىڭ ئالۋاڭ - ياسىقى-
دىن يەنى ئاشلىق، چارۋا، تىجارەت ۋە باشقىلاردىن توپلانغا-
نىدى. ھېسابسىز ئالتۇن - كۈمۈش، مەرۋايىت، برىليانتلار
ئامبارلاردا تولۇپ ياتاتتى. بۇلارنىڭ مەنبەسى خەلق ئۈس-
تىدىن يۈرگۈزۈلگەن زورلۇق، ھەقسىز ئىشلىتىش، تۈرلۈك ئال-
ۋاڭ - ياساق، بۇلاش، تەھدىت سېلىش قاتارلىق زۇلۇم - ئوقۇ-
بەتلەرنىڭ بەدىلىگە كېلەتتى.
قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ خەزىنىسىدە تونىلاپ ئالتۇن - كۈمۈش
ۋە يامبۇلار، گۆھەر ۋە مەرۋايىتلار توپلانغان بولسا، تاغلاردا
يۈزمىڭلىغان قوي، ئات - كالا ۋە تۆگىلىرى ياياليتتى. ساڭلار-
دىكى ئاشلىقتا مىتە چۈشۈپ كېتەتتى. بۇلاردىن باشقا يەنە
يۇقىرىسى تەيجى، پاششاپ، قىبىزبەگ، دوغا بەگ، غوجا بەگ،
سەك... لىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، تۈرلۈك باھانىلار بىلەن
خەلقنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلاتتى.
گۇڭ غوجىنىڭ شەرمەندىلەرچە قىلمىشلىرى پۈتۈن قۇمۇل
ئەھلىگە مەلۇمكى، ئۇنىڭ ئىچىشى ھاراق، چېكىشى ئەپيۇن
بىلەن خام بەڭ، ئوينىشى مەشرەپ، قىلىدىغىنى پاھىشە بولۇپ،
دەللاللار ئارقىلىق كىمنىڭ خوتۇن - قىزلىرى چىرايلىقىراق
بولسا، شۇنى زومۇ زو ئەكەلتۈرۈپ ئايالالارنىڭ ھوقۇقىنى
دەپسەندە قىلاتتى. شۇنىڭدەك خوتۇنلىرىنى ئەۋەتىشكە قارشىلىق
كۆرسەتكەن ئەرلەرنى ئۇرۇپ قاماشتەك ئىشلار چېكىدىن ئاشقا-
نىدى. بۇنىڭ دەستىدىن كىممۇ چىرايلىق خوتۇن ئالالىسۇن؟
كىممۇ قاۋۇلىراق ئات مىنەلىسۇن؟...
شا مەخسۇت ئۆلگەندىن كېيىن نەزىر ۋاڭ جىنىڭ شۇرىنىنىڭ
دامىغا چۈشۈپ ئۇرۇمچىدە نەزەر بەنت ئاستىدا ئۆلدى. نەزىر



ئۆلگەندىن كېيىن ۋاڭلىق تەختى بەشىرغا قالدى. ئۇ دادىسى-
نىڭ چىرىك جەندىسگە ۋارىسلىق قىلىپ، كېچە - كۈندۈز ھاراق،
نەشىنىڭ قۇلى بولۇپ زالالەت دېڭىزىغا چۆكتى.
يۇقىرىدىكى ۋاڭ - غوجىلار قىلمىشلىرىنىڭ داۋامىغا كەلسەك:
شا مەخسۇتنىڭ ئەتراپىدا بىرقانچە قول - چوماقچىلىرى بولۇپ،
بۇلار مەنسەپ ئۈچۈن قامچىسىدىن قان تامغۇزۇپ، قۇمۇل زېمىنى-
نى زىل - زىلىگە كەلتۈرگەنىدى. تەيجىلىرى بولسا ۋەزىر
دەرىجىلىك، ھوقۇقلۇق مەنسەپدار بولۇپ، چوڭ تەيجىسىنىڭ ئىسمى
يۈسۈپ، كىچىك تەيجىسىنىڭ ئىسمى يۇنۇس ئىدى. يۈسۈپ تەي-
جى گەرچە ئادالەتنى ياقىلاش تەرىپىدە بولمىسىمۇ، ئەمما چوڭ
ئۆستەڭنىڭ لاي سۈيى، كىچىك ئېرىقنىڭ پاك سۈيىنى بۇلغى-
غاندەك بولۇپ، ۋەزىيەت ئۇنىڭغا يار بەرمەيتتى. شۇنىڭدەك
ئىككى تەيجى ئارىسىدا ئۇزاق داۋام قىلغان زىددىيەت مەۋجۇت
ئىدى، ھەر ئىككىلىسىنى قوللايدىغانلار بار بولۇپ، ئۇلار پۇرسەت-
تىن پايدىلىنىپ، تۈرلۈك - تۈمەن پىتنە - پاساتلارنى تۇغدۇ-
راتتى ۋە ھەرخىل رەزىل ھەرىكەتلەردە بولاتتى.
يۇنۇس تەيجى بولسا، ئۇچىغا چىققان پارىخورلىقى، ئاغمىلىقى،
خەلقنى قارلاشتىن باش تارتمايدىغان قارا نىيەتلىكى بىلەن
مەشھۇر ئىدى. ئۇ ئالۋاستىلارنىڭ ئەپتى - بەشىرىسى مۇستە-
بىت مانجۇ زالىم جاللاتلىرىنىڭ قىياپەتلىرىگە ئوخشاپ كېتەتتى،
بېشىغا كىيگىنى گىرۋىكى ئىچىگە ئېگىلگەن يۇمىلاق قارا قال-
پاق بولۇپ چوققىسىدا قىزىل پوپۇكى بار. ئۈستىدە سېرىق
تاۋارغا كەشتىلەنگەن ماگۇازا چاپان، بىر دەرىجە چوڭراقلىرىداكەك
يەڭلىك ئەژدىھار سۈرەتلىك ئۇزۇن چاپان بولاتتى. شا مەخسۇت
بىر يەرگە چىقماقچى بولسا ھەسەن بالا ھاجىم ئارقىلىق
ئۇرۇمچىدىن ئالدۇرغان پوۋۇسكا (چاررۇسىيىدە ياسالغان، بۇ
پوۋۇسكىنىڭ ئىچى سولەۋسۇن، تۈلكە تېرىلىرىدا قاپلانغان بو-
لۇپ، تولىمۇ ھەشەمەتلىك ئىدى) غا چىقىپ چىقىر كۆزلىرى

بىلەن يىراققا نەزەر سېلىپ ماڭاتتى. ئالدىدا قىلىچ يالىڭاچ-
لىغان بىر قاۋان جار سېلىپ: «ۋاڭ غوجام پاشا چىقتى، ئاگاھ
بولۇڭلار!» — دەپ چالۋاقاپ ۋارقىرايتتى. پوۋىسكىنىڭ ئالدى-
ئارقىدا قوراللىق 40 نەپەر ئەسكەر يالاپ ماڭاتتى. بۇ 40
نەپەر ئەسكەر ۋە بەگ پايلاقچىلىرىنىڭ مىنگەنلىرى ھەر بىر
ۋىلايەت، ناھىيىلەردىن تاللاپ ئالدۇرۇلغان داڭدار يورغا ئات-
لاردىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ماڭغاندىكى تۇياق ئىزلىرىدا يوللار
چاڭ - توزاڭغا تولۇپ كېتەتتى. ئەگەر بۇنداق ۋاقىتتا يول ئۈستىدە
ئەما، ئاجىز كىشىلەر ئۇچراپ قالسا، دەسسىتىپ ئۆتۈپ كېتەتتى.

قۇمۇل 12 تاغ ئاتىلىپ، بۇ تاغلاردا ياشىغان خەلقنى
تاغچى دەپ ئاتىشاتتى. بۇ تاغلارنىڭ بەزىسىدە تېرىلغۇ يەر
بار، بەزىسىدە يوق ئىدى. ئاساسىي ھاياتى چارۋىچىلىقتىن
ئىبارەت بولسىمۇ، ئۇلار پەقەت ۋاڭنىڭ چارۋىسىنى بېقىپ
يېرىم ئاچ، يېرىم يالىڭاچ ھالدا تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئىقتى-
سادىي جەھەتتە 1927 - يىلدىن 1930 - يىللارغىچە ۋاڭغا
تەۋە بولغان نەق چارۋا سانى 250 قوتانغا يېقىن بولۇپ، ھەر
بىر قوتان قويىنىڭ ئالدى مىڭ تۇياقتىن، كەينى 700 تۇياقچە
ئىدى، چوڭ چارۋىمۇ 4 مىڭدىن ئاشاتتى. مۇشۇنچىلىك مالنى
قىش - ياز ئامان ساقلاش، بېقىش ئۈچۈن كام دېگەندە
500 ئائىلىنىڭ 3 مىڭغا يېقىن ئەر - ئايال ئادىمى كېچە ۋە كۈن-
دۈز قان - تەر تۆكۈپ ئەمگەك قىلاتتى.

تاغچىلار شۇنداق ئىشلەپ بەرسىمۇ، ۋاڭ بۇنىڭغا قانائەت قىل-
مايتتى، شا مەخسۇت ۋە چارۋا باشقۇرغۇچى دورغىلار ئۆلمەك
ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك، مالچىلارنى تۈرلۈك زوراۋانلىق يول-
لار بىلەن غەرەزلىك ھالدا قەرزگە بوغۇپ: «قەرزىنى تۆلىيەل-
مىسەڭ قىزىڭنى بەر! بەرمىسەڭ بېشىڭ كېتىدۇ» — دەپ قىز-
لىرىنى ئېلىپ كېتەتتى. بۇ ئىنساپسىز زالىملارنىڭ زۇلمىغا چىدى-
ماي قارشى تۇرغان ئاتا - ئانىلار زىندانغا تاشلىناتتى. يەنە



بىر تەرەپتىن قىزلارمۇ ئۆزىنى - ئۆزى ھالاك قىلىشتەك ئىشلار
كۆپلەپ بولۇپ تۇراتتى. نۇرغۇنلىغان ئوغۇللار قەرز تۈرىنىغا
قول بولۇپ ئۆمرى خارلىقتا ئۆتەتتى.

ئىككىنچى بىر ئەھۋال، ئوردا تەرەپتىن تاغچى پالۋانلارغا
ئون - يىگىرمىدىن قارا مىلتىق بېرىپ، ھەرقايسى يۇرتقا يىلىغا
تاغ ھايۋانلىرىنى ئېتىپ، مەلۇم ساندا موي تاپشۇرۇشقا يارلىق
چىقىراتتى. بۇ ھايۋانلاردىن يولۋاس، سىلەۋسۇن، يىلپىز، سۆ-
سەر، تۈلكە، بۆرە، ئېيىق، تىيىن، قۇندۇز، بۇلغۇن، قاما، بۇغا
مۈڭگۈزى، بۆكەن مۈڭگۈزى قاتارلىقلارنى نورما بويىچە شەرتسىز
تاپشۇرۇشقا پەرمان قىلىناتتى. تاپشۇرمىغانلارغا جازالاش ياكى
موي باھاسىدا پۇل تۆلىتىپ ئېلىشتەك چارە كۆرەتتى.

1930 - يىلى، مەن يۈسۈپ تەيجىنىڭ ئوغلى مەھبۇ بەگ
ۋاسىتىسى بىلەن ئوردىدىكى مويدىن سېتىۋالماقچى بولدۇم. ئۇ
مېنى موي بار ئىسكىلاتقا باشلاپ كىرىپ كۆرسەتتى. يوغان
بىر زالدا تۇرغان مويلار گاھىسى قوزۇقتا ئېسىغلىق، بىرمۇنچى-
سى يەرگە تاشلانغان ھالدا تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. قانچە يىل-
لاردىن بېرى بۇ ئېسىل مويلار ياخشى قارالمىغانلىقتىن، كۆپىنچ-
چىسىگە كۈيە چۈشۈپ زايە بولغانىدى. ئىسىت موي! مۇشۇ
مويلارنى قولغا كەلتۈرۈشتە بىچارە پالۋانلارنىڭ تارتقان جاپا -
مۇشەققەتلىرىگە ئادەم قانداقمۇ ئېچىنماي تۇرالىسۇن!

1929 - يىلى 11 - ئايدا قۇمۇلنىڭ شوپۇلۇ، باي، تۇر-
كۆل، ئاراتۈرك دېگەن جايلىرىغا موي ئېلىش ئۈچۈن باردىم.
شوپۇلۇ دېگەن يەر قۇمۇل قوزغىلىڭىنىڭ باش قەھرىمانى سالى
دورغىنىڭ يۇرتى ئىدى. مەن كېلىپ شۇ سالى دورغىنىڭ
ئۆيىگە چۈشتۈم. بۇرۇن نامىنى ئاڭلىغان بولسامۇ
لېكىن كۆرمىگەنىدىم. سالى دورغا مېنى كۆرۈپ تونۇش ئادەم-
دەك قارشى ئالدى، يېنىمدا تۇرغان ياش يىگىتكە ئات ۋە
خۇرجۇنۇمنى تاپشۇرۇپ قويۇپ، مېنى ئۆيىگە باشلاپ كىردى.

ئۇ كىشى قەددى - قامەتلىك كېلىشكەن، جاسارەتلىك ۋە غەيۇر ئادەم ئىكەن، يېشى ئەللىكتىن ئاشقان، ساقاللىرى سېرىققا مايىل بولۇپ، ئەخلاقلىق، كەمتەر كىشى ئىكەن، ياخشى مېھمان قىلىش بىلەن بىرگە خىزمەتچى، غەزەلچىلىرى بىلەن ئالاھىدە زىياپەت قىلىپ بەردى. ئەھۋاللاشقاندا ئالەمدىن بىرەر تارىخ، يېڭىلىقنى بىلىش ئارزۇسىنى ئىپادىلىدى. ئەتىسى يېقىن قوشنىلاردىن بىرقانچە كىشىلەر كەلدى. مەن بىرنەچچە دانە موي ئالدىم. چۈشلۈك تاماقتا بۇلار بىلەن تاماق يەپ ئولتۇرۇپ يېقىن بىر جايدىكى چازا توغرىسىدا گەپ بولۇپ: «بۈگۈن ئىككى كۈن بوپتۇ، چازىدىكىلەردىن ئىككى قاراقچى تۈركۆلدىكى مالچىلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قونۇپ، مەشرەپ قىلىپ بېرىڭلار، ھاراق بولسا ئەكىلىڭلار!- دەپ قورقىتىپ، ھاراق ئىچىپ بوزەك قىپتۇ» — دېدى ئولتۇرغانلاردىن بىرى.

بۇ گەپتە ھەممە بىردەك غەزەپلەندى. سالى دورغا: «ئەستاغپۇرۇللا ھەم، قىلغۇلۇقنى قىلىپ تۇرسۇن، بۇلارنىڭمۇ پەيمانى توشاي دېدى» دېگەن سۆزنى قىلدى. بۇ ۋاقىتتا يەنە بىرى: «بۇرۇنمۇ بۇنداق ئىش بىرقانچە قېتىم بولدىغۇ» — دېدى. شۇنىڭ بىلەن سالى دورغا: «ئەمدى جىم ياتىدىغان ۋاقتىمىز تۈگىدى. تەييار بولماقتىن باشقا گەپ يوق» - دېدى. دورغىنىڭ بۇ سۆزىنى ھەممە بىردەك قوبۇل قىلىشىپ، پات ئارىدا يەنە بىر مەسلىھەتلەشمەكچى بولۇشۇپ تارقالدى.

دېمەك، مۇستەبىت قارا ھۆكۈمەتنىڭ زۇلۇم سىياسىتى شۇ دەرىجىدە چېكىدىن ئاشقانكى، زالىم قاراقچىلار ھەربىر ۋىلايەت، ناھىيىلەرگىچە يامراپلا قالماي، ھەتتا تاغ رايونلىرىنىڭ چەت جايلىرىغىچە يامراپ، قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىغانىدى.

بۇ ئولتۇرۇشىمىزدا ئىككى سائەتتەك داۋام قىلغان سۆھبەتتە بولۇنغان غەزەپلىك شىكايەتلەرنى ئاڭلاپ، مەنمۇ قايناپ كېتىپ: «قولدىن كەلسە قىرىپ تاشلىسا» — دەپتىمەن، دورغا



كۈلۈپ قويۇپ: «خۇدا بۇيرۇسا ئۇ كۈنلەرمۇ بولىدۇ، ئاخۇن» — دېدى («ئاخۇن» دېگەن سۆزنى ئادەتتە قومۇل خەلقى ياشلارنىڭ ئىسمىنى بىلمىسە ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئىشلىتەتتى). پاراڭ ئاياغلاشقاندىن كېيىن دورغا مەندىن: «شىمال تەرەپلەردىكى تاغلاردىمۇ قاراقچىلار تۇرىدىغان چازىلار بارمۇ»؟ - دەپ سورىدى. «بەزى تاغلاردا بار» - دەپ جاۋاب بەردىم. داستىخاندىن تارقاشتۇق. ئۈچىنچى كۈنى بايغا قاراپ ماڭماقچى بولغىنىمدا، دورغا مېنىڭ يالغۇز يۈرگەنلىكىمدىن ئەندىشە قىلدى. چۈنكى خۇرجۇنۇمدا نەق پۇل، گەزمال، تاۋار قاتارلىق نەرسىلەر بار ئىدى. «بايدىن كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغان ئادەملەرمۇ بار. شۇنداقتىمۇ سەگەك بولسىلا» — دېدى. دورغىدىن يولنى سورىغان بولدۇم. ئەمما تاغ يولى چوڭ يول بولماي ئات - ئۇلاق يولى بولۇش بىلەن ھەممە ئەتراپنى قار بېسىپ كەتكەچكە، بەزىدە يول يوقىلىپمۇ كېتەتتى. باي ئارىلىقىدىكى 30 كىلومېتىر يولنىڭ بىردىمىغا يەتمەي تۇرۇپ ئالدىمدىن ئىككى يول چىقىپ قايسى يولغا مېڭىشنى بىلمەي بېشىم قاتتى. ئىلاجىسىز شەرق تەرەپكە تەۋەككۈل قىلىپ تۆت - بەش كىلومېتىردەك ماڭغىنىمدا دوقمۇشتىن بىر ئاتلىق كىشى چىقىپ كەلدى. مەن مىنگەن ئېتىمنى تىزلىتىپ ئۇ ئادەمنى چاقىرغانىدىم، يېقىن كېلىپ سالام قىلدى. ئۇ ئات ئىزدەپ يۈرگەن بىر ياش يىگىت ئىكەن. بېشىنى كۆك سىياھبۇ لاتىدا تېڭىۋالغان، پۇتىدا قوپال توقۇلغان يۇڭ پايپاق بىلەن چورۇق تارتىغلىق، ئۇزۇن پاختىلىق قارا چاپانىنىڭ بېلىنى باغلىۋالغان بولۇپ، يەڭلىرى تار، ئۇزۇن ئىدى. مىنگەن ئېتى ياخشى ئىكەن، ئامانلىشىپ بولۇپ باينىڭ يولىنى سورىدىم. ئۇ بالا تاغ شىۋىسىدە ئۇلۇڭ تەرەپنى كۆرسىتىپ: «پۈتتۈن يۈرسىلەر بىر بەچىرگە چىقىدىلا، بەچىردىن ئۆتكەندە بىر كۆتەك بار، كۆتەكتىن ئۆتۈپ، جىرغايغا چۈشۈپ ماڭسىلا، ئالدىلىرىدا بىر كۆندۈ بار. كۆندۈنى ياقىلاپ ماڭسىلا بايغا بارىدىلا» — دېدى. بۇ گەپ-

نى ئاڭلاپ ئۇقالماي: «ماشائاللا» — دېدىمدە، ھەيران بولدۇم،
قۇمۇلدا تۇرغۇنۇمغا ئىككى - ئۈچ يىل بولغان بولسىمۇ ئاڭلاپ
باقمىغان ئاتالغۇلارنى ئاڭلاپ بىر تەرەپتىن ھەيران بولدۇم،
يەنە بىر تەرەپتىن بەچىرنى بەل، جىرغاينى جىرا دېگەن بولسا
كېرەك دېگەن چۈشەنچىگىمۇ ئىگە بولدۇم. قالغىنىنى مېڭىپ
كۆرەي دېدىم - دە، رەھمەت دەپ تەۋەككۇل قىلىپ مېڭىپ
كەتتىم. كۆندۈ كۆتەك دېگەن قوي قوتانلىرىدىن ئۆتۈپ،
نامازدىگەردە بايغا سالامەت يېتىپ كەلدىم.

باي بولسا تاغ ئېتىكىگە جايلاشقان تۈزلەڭ زېمىن بولۇپ،
بىر چوڭ مەھەللىدىن ئىبارەت ئىكەن. ئۇزۇنغا سوزۇلغان كو-
چىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېقىپ تۇرغان ئۆستەڭ سۈيى بولۇپ،
ئىككى تەرىپى مېۋىلىك ۋە مېۋىسىز دەرەخلەر بىلەن قاپلانغا-
نىكەن. باي تاغچىلىرىنىڭ ئاساسي كەسپى چارۋىچىلىق،
قوشۇمچە دېھقانچىلىق بولۇپ، قىش كۈنلىرى 30% ئائىلە شى-
كار بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. قارا مىلتىق، قوش ئاتار، قاپقان،
تايغانلار بىلەن كۆپىنچە بۆرە، تۈلكە، سۈلەۋسۇن، بورسۇق،
قاتارلىق ھايۋانلارنى شىكار قىلىدىكەن.

مەن بايغا كېلىپ قېيىن ئاتامنىڭ تونۇشى بولغان ئادىل
مىراپنىڭكىگە چۈشتۈم. ئادىل مىراپ باي رايونىنىڭ بېگى بو-
لۇپ، بارلىق تەقدىر شۇ كىشىنىڭ قولىدا ئىكەن. يېشى ئاتمىشتىن
ھالقىغان بۇ ئادەم دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىن تەرەققىتچىلىكتە
ئۇنىڭ يېقىن سوپىلىرى بار بولۇپ، بىر گۇرۇھنىڭ باشلىقلىقىنى
ئۆتەيدىكەن، مەن بۇ كىشىگە ماسلىشىپ خۇپتەن نامىزىدا بىللە
بولدۇم. نامازدىن كېيىن قۇرئان تىلاۋەت قىلدىم. قىرائىتىم بى-
لەن گەپ - سۆزۈم مىراپبەگكە يېقىپ قالدىمۇ قانداق، ماڭا بول-
غان مۇئامىلىسى خېلىلا ياخشى ئىدى. بۇ كىشىنىڭ ئۆيىدىكى
چوڭ خېنىم، كىچىك خېنىملار ۋە ئوغۇل - قىزلىرى بىردەك مې-
نى تۆرگە باشلىدى. قېيىن ئاتام خالتا قىلغان ھەسەل بىلەن بەش گەز



پاكچۇنى بېرىۋىدىم. بەگ تېخىمۇ خۇش بولۇپ كۆپ رەھمەتلەر
ئېيتتى. مەن كەلگەن ئاخشىمى خۇپتەنگە چىققۇچە بىر سىمىز
تۇپاقنى سويۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدىم. بىز نامازدىن كىرىپ
بەگ بىلەن ئۈچ - تۆت كىشى سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرغاندا، بەگنىڭ
چوڭ ئوغلى ئەدەب بىلەن سالام قىلىپ كىرىپ: «ئاتا، مېھمان-
لار كېلىپ بولدى» — دېدى. بەگ ئۇنىڭغا: «ھە بوپتۇ ئوغلۇم،
قارى مېھماندارچىلىققا چىققاي» - دېدى. ئاندىن ماڭا قاراپ: «ئا-
خۇن بالام، باللار ئۆزلىرىگە مىلىس قىلغان ئوخشايدۇ، چىقىپ
كۆڭۈللىرىنى ئېچىپ كىرسىلە» - دەپ ئەمر قىلدى. تارتىنغاندەك
بولۇپ ئورنۇمدىن تۇردۇم ۋە بىللە ئولتۇرغانلاردىن ياشراق بىر-
سى بىلەن قوشۇلۇپ، ئايبەگ بىلەن مېھمانلار بار ئۆيگە كىر-
دۇق. ئۆيگە كىرىشىم بىلەنلا ئەر - ئاياللار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇ-
شۇپ كەتتى. مېنى ئەڭ يۇقىرى ئورۇنغا تەكلىپ قىلدى. ئۆي
دېگىنى بىر زال ئىكەن. ئۆينىڭ تۆت بۇلۇڭىدا تۆت دېڭخۇلۇ
(سۇ يېغى بىلەن يانىدىغان يوغان قارا چىراغ) بولۇپ، بۇ چىراغلارنىڭ
پىلىكى بارماقتىن يوغان ئىكەن، بۇنىڭ ئىسسى زال تۈڭلۈكىدىن گو-
يا موردىن چىققان تۈتۈندەك چىقاتتى. ئەتراپىمغا قارىسام كۆپ-
چىلىكى ئەر - ئايال ياشلار ئىكەن. قېرى ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار-
مۇ ئاز ساندا بار ئىكەن. بىر تەرىپىدە ئەرلەر، بىر تەرىپىدە
ئاياللار بولۇپ شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇرغانىكەن. شىرەنىڭ
ئۈستىگە گازىر، ئۈزۈم، چىلان، قاق، مېغىز قاتارلىق بىر نەچچە
خىل يېمىشلەر تىزىلغان. قايماق بىلەن يېقىلغان نانلار قويۇلغانى-
دى. داڭلىق غىجەكچى تەيجاك تۆمۈر، ھاشىم راۋاب ۋە ئۇنىڭ-
دىن باشقا نەغمىكەشلەر ئولتۇرۇشقانىكەن. چاي قۇيۇلۇپ يەل
يېمىش يېيىلگەندىن كېيىن تەيجاك تۆمۈر (ئەسلى تېجاك — تۆمۈر-
چى دېگەن مەنىدە) غىجەكنى سازلاپ مۇقام باشلىدى. راك مۇ-
قامى ھۆۋەيدا غەزىلى بىلەن تولۇق ئوقۇلۇپ، ئاخىرىدا
«ئاي جانان بى بى دەردەي» بىلەن باراۋەر «دەردىڭ

يامان» — غەزىلى ئوقۇلدى، يەتتە كىشىدىن تەڭ چىققان ئاۋازدىن ھەر قانداق ئادەمنىڭ قەلبى جۇش ئۇرماي تۇرالمايدۇ.

نەغمە ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا تەخسىلەردە سەيلەر قويۇلۇشقا باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھاراقمۇ قويۇلدى. ماڭىمۇ بىر رومكا ھاراق قويۇلغاندا ناھايىتى قىسىلدىم. چۈنكى مەن 20 نەچچە ياشلارغا كەلگىچە ھاراق ئىچمىگەنىدىم. ئىككىنچىدىن مىراپ بەگ بىلەن مەن دىنىي جەھەتتە قارى دېگەن ھۆرمەتتە تونۇلۇپ تۇرۇپ ھاراق ئىچىشىم تېخىمۇ مۇۋاپىق ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزرە ئېيتىپ ئىچمىدىم. باشقىلارنىڭ ھاراق ئىچىشى 3 — نۆۋەتكە كەلگەندە بىر ياش يىگىت ئورنىدىن تۇردى — دە، بىر جۈپ رومكا قويۇلغان بىر پەتنۇسنى كۆتۈرگىنىچە ئۇسسۇلغا چۈشتى. يەنە بىر قولىدا پوتا بار ئىدى. ئايلىنىپ كېلىپ بىر ئايالنىڭ ئالدىدا توختاپ ناخشا ئوقۇشقا باشلىدى. ناخشا باشلانغاندا ئادەتتە ساز توختاپ تۇردى. ناخشا ئاخىرلاشقاندا پوتىنى ئايالغا سۇنۇش بىلەن پەتنۇستىكى ھاراقنىمۇ تۇتتى. ئايال ئورنىدىن تۇرۇپ قارشى ئالغان ھالەتتە قولىغا ئالدى. بۇ ۋاقىتتا بىر نەچچە يەردىن «ۋاشىشەرەي، ۋاشىشەرەي!» دېگەن ئاۋاز ئەۋج ئالدى. دېمەك پەتنۇسنى ئەرلەر ئاياللارغا، ئاياللار ئەرلەرگە تۇتۇش ئارقىلىق ئايلىنىپ تۆردە مېنىڭ يېنىمدا ئولتۇرغان بىر چوكانغا تۇتۇلدى. ئۇ چوكان بايىدىكى مىراپ بەگدىن قالسا نوپۇزلۇق ئاۋۇت مۆتىسىپىنىڭ گۈلئايىلا خېنىم ئىسىملىك داڭلىق قىزى ئىكەن. بۇ چوكان 20 ياش ئەتراپىدا بولۇپ گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق ئىدى.

چوكان ئورنىدىن ئەدەب بىلەن تۇرۇپ قەدەھ قويۇلغان پەتنۇسنى ئېلىپ، ئۇزۇن تۇم چېچىغا ئۇلانغان چالانى جۇلالىتىپ، كېلىشكەن قامىتى بىلەن شۇنداق ئويىنىدىكى، ھەر بىر تولغىنىشتىكى جىلۋىسى ئولتۇرغان بارلىق مېھمانلارنى ھەيران قالدۇردى. ئاخىردا ئالدىمغا كېلىپ پوتىنى ماڭا سۇنۇپ تۆۋەندىكى



بېيىتىنى ئوقۇدى:

«ئىچكىنىم شېرىن شاراب، يار ئالدىدا ھالىم خاراب.
شۇ شارابنى ئىچمىسە، بولۇر مېنىڭ باغرىم كاۋاب».

شۇنىڭ بىلەن بۇلۇڭ — پۇشقاقتىن شاۋقۇن كۆتۈرۈلدى. قارىسام بۇ جانانىڭ مەقسەتلىك تىكىلگەن كۆزلىرىدىن، سۇنۇلغان بۇ بىر قەدەھ مەيىنى رەت قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. مەن ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ پەتنۇسنى ئېلىپ، قائىدە بويىچە قەدەھنى ئېلىپ ئۇسسۇلغا چۈشتۈم ۋە بىر — ئىككى ئايلىنىپ كېلىپ يەنە بىر چوكانغا تۇتتۇم.

دېمەك، مۇشۇ تەرىقىدە ئۈستۈن روھ، قىزغىن كەيپىياتتا ئولتۇرۇش ئەۋجىگە چىققان ساز ۋە توپاق گۆشىدە قىلىنغان قورداق، پىشتاڭ قاتارلىقلار بىلەن تاڭ ئاتقۇچە داۋام بولۇپ مېھمانلار تارقاشقا باشلىدى. مېنىڭ ياش ۋاقتىم بولغاچقا كۈچلۈك تاماق بىلەن نورمال ئىچكەن ھاراقتا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولماي مىراپبەگ بىلەن بىللە سۆھبەتلىشىپ ئارام ئالدىم. بۇ مەشرەپ شۇندىن ئېتىبارەن ئارقىمۇ ئارقا داۋام قىلىپ، كۈندۈزى ئۇخلاپ، كېچىسى ئويناش بىلەن 11 كۈن ئۆتۈپتۇ، ئىشىممۇ بىر ئاز ئوڭغا تارتىپ قالغانمۇ — قانداق، شۇنىڭ بىلەن ئەرزان باھادا ئوتتۇزدىن ئارتۇق تۈلكە، بۆرە موينى ئالدىم.

شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتىمەنكى: ئولتۇرۇشمىزنىڭ تۆتىنچى كۈنى مەشرەپ بولۇۋاتقىنىدا، ئۇشتۇمتۇت ئىككى قاراقچى ئىت پەرۋاسىزلىق بىلەن تارتىنماستىن مەشرەپ ئۈستىگە كىرىپ كەلدى. ئۆي ئىگىسى يەنە بىر قانچە چوڭلار ئۇ ھايۋانلارغا پەگادىن ئورۇن بېرىشنى تاپىلىدى. ئۇلارنىڭ بىرىدە مىلتىق بار بولۇپ ئۇلار كىرىش بىلەنلا خۇددى باغقا توڭگۇز كىرگەندەك تۇس ئالدى. مەن يېنىمدىكى كىشىدىن سورىدىم: «نېمە ئادەملەر بۇ؟» ئۇ كىشى نەپرەتلىك جاۋاب بېرىپ: «بۇ نېجىسلار يېقىندىكى چازىدىن كەلگەن ئىتلار» — دېدى. بۇ ئىتلار ئولتۇرۇپ تاماق يەپ

ھاراق ئىچىشكە باشلىدى، كېيىن چالا مەس قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، ئېگىز - پەس دەسسىگىنىچە تۇردى. شۇنداق بىر چاغدا ئۇلاردىن بىرى ئۇسسۇل ئوينىغان بولۇپ كېلىپ بىر ئايالنى ئۇسسۇلغا تارتتى. ئۇ ئايال بۇنىڭغا نارازى بولدى. مۆتىسىپنىڭ سوپاھبەگ دېگەن چوڭ ئوغلى ھېلىقى ئەسكەرگە تىكىلىپ: «سىلىنى بىز چىللاپ كەلمىدۇق. تىنچ ئولتۇرۇڭلار، بولمىسا كېتىڭلار» - دېدى. شۇ ئارىدا مەشرەپتىكى چوڭ كىچىك ھەممەيلەننىڭ غەزەپ ئوتى ئۆرلەپ سازلارنى توختاتتى. بۇنى كۆرگەن ئالۋاستىلار يالغان كۈلۈشۈپ تۈلكىلىك قىلىشىپ ئاستا سوغۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى.

مەن يەنە بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ ئىشىم پۈتۈپ يانماقچى بولدۇم. ئىككى يىگىت مېنى شوپۇلۇغا يەتكۈزۈپ قويدى. بايدا بولغان ئەھۋاللارنى سالى دورغىغا دەپ ئۆتتۈم. دورغا ماڭاكۆپ رەھمەتلەرنى ئېيتقاندىن كېيىن: «بۇ ھايۋانلارنىڭ قىلمىۋاتقان ئىشلىرىغا چىداپ تۇرغىلى بولمايۋاتىدۇ. بۇ كۈنلەرمۇ تۈگەر» — دېدى. مەن بۇ سۆزنى قۇۋۋەتلەپ - قوللاپ: «شۇنداق، ئۆزلىرى دېگەندەك ياخشى كۈنلەرمۇ كېلىدۇ» - دېدىم. شۇ قېتىم مەن كېتىپ بىر يىلدىن كېيىن قومۇل قوزغىلىڭى ئاشۇ باي بىلەن شوپۇلۇ ئارىلىقىدىكى چازىدىن باشلانغان. دېمەك، بۇ قوزغىلاڭلار ئۆتمۈشتە ھۆكۈم سۈرگەن فېئودال قومۇل ۋاڭلىقىنىڭ خەلق ئۈستىگە سالغان زۇلۇم - كۈلپەتلىرى غايەت ئېغىر بولغانلىقتىن شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئۈستىگە، شىنجاڭدا مۇستەبىل پادىشاھ بولۇشۇپ خەلق قېنىنى شوراش، قىرىش، خانىۋەيران، سەرگەردان قىلىشتەك زالىملىقنى كەسىپ قىلغان ياڭ زېڭشىڭ، جىن شۇرېن، شېڭ شىسەيگە ئوخشاش جاللاتلارنىڭ تارىختا مىسلىسىز قىلمىشلىرى ئاستىدا تۇرۇۋاتقان خەلقلەرنىڭ كۆرۈشى ئىدى. شۇنىڭدەك پولات ئىرادىلىك، جەسۇر قەھرىمانلاردىن ئاكا - ئۇكا تۆرپاقلار، تۆمۈر خەلپە، خوجانىياز ھاجى قاتارلىق باشلامچىلار بىرى بومبا،



بىرى پىلىموت، بىرى زەمبىرەك بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ جەڭلەردە ھەر قېتىمدا قۇربان بېرىشلەر بولغان بولسىمۇ، نەچچە مىڭلىغان دۈشمەن قوشۇنلىرى تارمار قىلىنىپ، نۇرغۇنلىغان قورال-ياراق ۋە غەنىيمەتكە ئىگە بولغانىدى.

يۇقىرىدىكى قوزغىلاڭغا ئۆزىنى پىدا قىلغان قۇربانلىرىمىزنىڭ كېيىنكى ئېچىنىشلىق ئەھۋاللىرى ھەربىر ۋىجدان ئىگىسىنىڭ قەلبىدە ئۆچمەس داغ بولۇپ قالدى. ئەپسۇسكى، شۇنچە ئاچچىق ساۋاق ۋە تەجرىبىگە ئىگە بولغان مەرھۇم خوجانىياز ھاجىنىڭ دۈشمەن قاپقىنىغا چۈشۈپ قۇربان بولۇشى خەلقىمىزنى تېخىمۇ ھەسرەتتە قالدۇردى.

ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا دېگەندەك، قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا بەزەن كىشىلەرنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ماجۇڭيىڭنى قومۇلغا تەكلىپ قىلىپ قويۇپ ئۇنىڭ دەردىنى يەتكۈدەك تارتتۇق. بۇ ھەقتە مەن توختىلىپ ئۆتمەكچى ئەمەسمەن. بۇيەردە، قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ باشلىنىش ئەھۋالىدىكى تارىخلارنى ۋە ماجۇڭيىڭنىڭ قىلمىشلىرىنى، شۇنىڭدەك گومىنداڭ رېئاكسىيونلىرىنىڭ ۋە شامەخسۇتنىڭ قىلغان ئەسكىلىكلىرىنى يىغىنچاقلاپلا خۇلاسە قىلدىم. چۈنكى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش تەرىپىدىن نەشىر قىلىنغان «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 12-، 13-15-سانلىرىدا يولداش خېۋىر تۆمۈر، ھەمدۇللا قۇربانوۋ، سوپاخۇن سوۋۇرۇپ، ئەيسا نىياز قاتارلىق يولداشلار ئاساسىي جەھەتتىن تەپسىلىي بايان قىلىشتى. شۇنىڭدەك ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ «ئىز» ناملىق رومانىدا يەنىمۇ تولۇق يېزىلغانلىقتىن تەكرارلاشنى ھاجەت تاپمىدىم.

* * *

شامەخسۇت ۋاڭنىڭ چوڭ خوتۇنىنىڭ نامىنى پۈجۈڭ خې

ئىم دەپ ئاتايتتى. قىز - كېلىنلەرنىڭمۇ ئىسمى ئاتالماستىن قىياپىتىگە قاراپ «ئاغچا خېنىم»، «ئالتۇن خېنىم»، «چىن تاش خېنىم»، «ئايتۆرۈك خېنىم»، «قاراكۆز ئايلا خېنىم» قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتىلاتتى. خېنىملارنىڭ كىيگەن كىيىملىرىنىڭ رەختلىرى زەرباپ، تەتۈللا، كىمخاب، ئالىي دۇخاۋا، ئىسىل شاڭخۇادەن، خاڭدەن، تاۋار، نەپىس يىپەكلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۆرە (بۆرەك) ياقىلىق ئۇزۇن چېكى بار چاپان، ياندىن تۈگمىلەيدىغان گۈللۈك قوشقىراق ئىسقا چاپان ۋە جۇيازى چاپان، ئۇزۇن يىپەك كۆڭلەك، ئىچ كۆڭلەك (بۇنى خەنتەي دېيىشەتتى)، چاچلىرىغا بولسىمۇ قوشۇمچە جالا سالاتتى. پۇتلىرىدا كەشتىلەنگەن دۇخاۋا پايپاق بولۇپ، گۈللۈك پاشنىلىق «موتۇرخەي» كىيىشەتتى. باشلىرىدا ئالتۇن قاداق بىلەن قاپلانغان دوپپا ۋە بەزىدە قاپاق بۆك (ئاغزى ئادەتتىكى بۆكتەك بولۇپ، ئۈستى يۇمىلاق يالىپاق، باشتىن ئىككى ھەسسە چوڭ)، ماڭلاي تەرىپىگە ئالتۇندىن ياسالغان گۈل ئورنىتىلغان بولاتتى. بەزى دوپپىلارنىڭ ئالدى تەرىپىدە ئېسىل بىليارت، جىنىك ياقۇتلار بولۇپ، بۇنى «ماۋخۇازى» (دوپپا گۈلى) دەپ ئاتايتتى. قوللىرىدا قوش ئالتۇن بىلەيزۈك، ئالتۇن ئۈزۈكلەر ئادەتتىكى زىننەتلەر ھېسابلىناتتى. قىياپىتى، ھۆسنى - جامالىدا كامالەتكە يەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارنى «ئوردا پەرىلىرى» دەپمۇ ئاتايتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، خېنىملار غىزا يېگەندە ئاغزىنى چوڭ ئېچىش، شالاپ - شۇلۇپ ئاۋاز چىقىرىش ئەيىب كۆرۈلىدىكەن. قاتتىق ئاۋازدا سۆزلىمەسلىك، بەكرەك كۈلمەسلىكتەك سۈپەتلەر بىلەن مەدھىيىلىنەتتى.

خېنىملارنىڭ سەيلى قىلىشى ئۈچۈن ئوردا تەرىپىدىن ياسالغان مەخسۇس باغلار بولۇپ، بۇ باغلار: ئوردا باغچا، ھالبايى باغچا، مەرگەش باغچا، چاھار باغ، شامالباغ، راھەتباغ دەپ ئاتىلاتتى. بۇ باغلارنىڭ بەزىسىگە خېنىملار مەپىگە ئولتۇرۇپ چىقىپ سەيلى - تاماشا قىلىشاتتى. ئايال غەزەلچىلەر بىرەر ئاختا



قىلىنغان قول غىجەكچى بىلەن بىللە چىقاتتى. خېنىملار ئارىسىدا ساۋاتلىقلىرى بولۇپ، ھېكايە كىتابلار ئوقۇشاتتى. مېنىڭ خوجامالار بىلەن ئانچە - مۇنچە مۇناسىۋىتىم بولۇپ گاھى باغچە سۆھبەتلىرىدە بىللە بولۇپ قالاتتىم. مۇشۇ خىل سۆھبەتلەردە قاراڭغۇدالاندىن (ھەرەم سارىيى) بەزى تالا - تۈزگە چىققان ۋاقتىمدا ياش خېنىملارنىڭ بەزىلىرى غىل - پال كۆرۈنۈپ قالاتتى.

مەندە چاغتاي يېزىقىدا يېزىلغان «مىڭ بىر كېچە» نىڭ كىتابى بولۇپ، بۇنىڭ بەزى ھېكايىلىرىنى خوجىلارغا سۆزلەپمۇ بەرگەنىدىم. قانداقتۇر خېنىملارنىڭ بىرى بىر ئايال ئارقىلىق مەندىن بۇ كىتابنى سورىتىپتۇ. بۇ كىتابنى بەردىم. ئەمما بۇ خېنىملار ئوردا ئىچى - تېشىدا ئۆز خوجىلىرىنىڭ ھايۋانىي قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئەمما ئۆزىنى ياخشى ساقلاپ ئەدەبلىك تۇرۇشاتتى.

دېمەك، شۇنچە كۆپ بايلىققا ئىگە بولغان ۋاڭلار دەۋر سۈرگەن ۋاقتىدا ھەر قانداق ياخشى ئىشلارنى قىلىمەن دېسە تامامەن مۇمكىنلىكى بولسىمۇ، ئەپسۇسكى، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىدا ۋەتەن، مىللەت، ئىلىم - بىلىم دېگەندىن قىلچە ئەسەر بولماي داۋاملىق ئەيش - ئىشرەت، كەيپ - ساپا بىلەن ئۆز دەۋرىنى ھالاكەتكە مەھكۇم قىلدى. شۇنداقلا خەلقنىڭ ئاھۇ - زارى، قارغىشى، لەنەت - نەپرىتىگە ئۇچراپ شۇنداق تار - مار بولدى.

1931 - يىلى كۆزدە ماجۇڭيىڭ بىلەن خوجانىياز ھاجىلار شېڭشىسەي قوشۇنى تەرىپىدىن ۋاقىتلىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ ماجۇڭيىڭ گەنسۇغا، خوجانىياز ھاجى تاراتۇ تېغىغا چېكىنگەندە، ئىككى قولى خەلق قېنى بىلەن بويالغان قانخور شېڭشىسەي قومۇلغا باستۇرۇپ كەلدى. بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغان قومۇل خەلقى ئەر - ئايال، قېرى - ياش دېگەندەك ھەممىسى تاغقا قاچتى. دەل شۇ چاغدا، خوجا بەگ ۋە خېنىملارمۇ گويا بۆرىدىن قاچقان قويدەك تاغقا قاراپ قېچىشقا مەجبۇر بولدى. بىچارە خەلق

ئەر - ئايال، قېرى - ياش ۋە مەسۇم، سەبى باللاردىن تارتىپ ھەممىسى ئىچىۋاتقان ئېشىنى تاشلاپ بالا ئاتىغا، ئاتا بالىغا قارىماي تاغقا قاراپ قاچتى.

قۇمۇل خەلقىنىڭ شەھەرنى تاشلاپ تاغ تەرەپكە قاچقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان شىڭ شىسەي فاشىستلارچە بۇيرۇق بېرىپ، ئىختىيارى تالان - تاراج قىلىشقا باشلىدى. قاراقچىلار ئۆز ئالدىغا قاۋان يولۋاس بولۇشۇپ خالىغانچە قىرغىن قىلدى ۋە بۇلاڭ - تالاڭچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى.

شىڭ شىسەينىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا بىر توپ ئەسكەرلەر ئوردىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. مېنىڭ شامەخسۇتنىڭ خەزىنىدارى يۈسۈپ تەيجىنىڭ ئوغلى مەھبۇببەگ بىلەن مۇناسىۋىتىم قويۇق ئىدى. ئۇ قۇمۇلدا ھوشيار ئادەم بولۇپ، بىلىمگە قىزىقاتتى. بىر قېتىملىق سۆھبىتىمىزدە ئوردىنىڭ نەق خەزىنىسىدىن گەپ بولغاندا، ئۇنىڭ مەخپىيەتلىكنى ساقلاشنى ئەسكەرتىپ: «تۇلۇم ھەم كومزەكلەر ۋە پولات ساندۇقلاردا ساقلانغان ئالتۇن تەخمىنەن بىرەر تونىنا بار، ئېسىل گۆھەر، مەرۋايىت، ياقۇتلار، شۇنىڭدەك تاختىلانغان كۆمۈش مىقدارى ئون توننىدىن ئارتۇق» دېگەنلىكى ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. بۇ بايلىقنىڭ ھەممىسى شىڭ شىسەينىڭ ئولجىسىغا ئايلاندى. ئوردا ئىچى - تېشىنى قېزىپ - كولاپ ھەممىنى ئېلىپ بولغان شىڭ شىسەي ئەڭ ئاخىردا ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈپ، پۈتۈن ئوردىنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇۋەتتى. دېمەك خۇلاسىلىگەندە: زورلۇق بىلەن يىغىلغان مۈلۈك خارلىق بىلەن كەتتى.

## جاڭيېغا بېرىش ۋە قايتىش

1930 - يىلى قىشتا مەن تىجارەت بىلەن جاڭيېغا بېرىپ بىر يېرىم ئاي تۇرۇپ قالدىم. شۇ يىلى قاتتىق سوغۇق بولدى.



خەلقنىڭ تۇرمۇشى تەبىئىي قىيىنچىلىق ۋە مابۇفاڭنىڭ دەھشەتلىك سىياسىتى ئاستىدا بەكمۇ ئېغىر ئىدى. 70% خەلق يوقسىزلىقتا ھالاكەت باسقۇچىغا بېرىپ قالغانىدى. بۇ قىيىنچىلىقتا ئازابلىنىۋاتقانلار ئاساسەن خەنزۇ مىللىتى ئىدى. مەن سارايدىن ھەر كۈنى دېگۈدەك تىجارەت مۇناسىۋىتى بىلەن كوچىغا چىقىپ تۇرىمەن.

جاڭيې شەھرىنىڭ دائىرىسى چوڭ بولۇپ، كوچىنىڭ ھەر دوقمۇشىغا ئېگىز سېلىنغان ئەگمە ئۆيلەر تامامەن پىششىق خىشتىن سېلىنغانىدى. ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلغان كوچىلاردا ئېچىنىشلىق ھادىسىلەر دائىم چېلىقىپ تۇراتتى. بولۇپمۇ قاتار - قاتار تىزىلىپ، بىر - بىرىنى يېتىلەپ، دۇكانمۇ دۇكان، ئۆيمۇ ئۆي دوقۇرۇپ تىلەمچىلىك قىلىۋاتقانلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى يىپىلىڭ بولۇپ، بەزى بالاغەتكە يەتكەن قىزلار ئالدىغا ئەسكى پالازنى تارتىۋالاتتى. ئۇلار ئۇچرىغانلا كىشىلەرگە يىغلاپ يېلىناتتى. شۇ كۈنلەردە پارچە خەجلەيدىغان ياماق توكپۇر (ماچيەن توكيۇەن) بولۇپ، بەش توكيۇەنگە 150 گراملىق بىر نان كېلەتتى. مەن ھەر كۈنى بازارغا چىققىنىمدا يېنىمغا 20 - 30 توكيۇەن سېلىۋالاتتىم. ئۇچرىغانلارغا بىر ئىككىدىن بېرەتتىم.

مەن بۇ يەردە يەرلىك رەھىمسىز بىر خەنزۇ باينىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتەي. ئۇ بايدىن مەن 80 سەر ئالتۇنغا قارا چاي، كۆزەينەك ماركىلىق ئاق خەسە، يىپەك تاۋار قاتارلىق ماللارنى ئالغانىدىم. مال ئىسكىلاتىغا كىرگىنىمدە چاي، گەزمال قاتارلىقلار تاغ بولۇپ يېسىلىپ كېتىپتۇ. چاڭ - توپا بېسىپ كەتكەن بۇ بايلىققا ئادەم ھەيران قالىدۇ.

گەنجۇدىكى دۇكاندار زىنەيتۇللا ئاخۇننىڭ ئېيتىشىچە، بۇ باي ھەر يىلى تونىلاپ ئەپيۇن ئوبوروت قىلىدىكەن، بىر كۈنى

بۇ يىلى دۇكىنىمنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان ئىككى كىچىك بالا
بىلەن 15 ياشلىق بىر تىلەمچى قىز دۇكان ئالدىغا كېلىپ
تىلەپ بېشىنى سەجدىگە قويۇپ كەتتى. باي ئېتىبارسىزلىق
بىلەن كۆرمەسكە سېلىپ ئولتۇراتتى. شۇ ۋاقىتتا پىركازچىك دۇ-
كان ئىچىدە تۇرۇپ ئۈچ دانە ياماقنى تاشلاپ بېرىپ كېتىڭلار
دەپ ۋوغلىدى. مەن تاقەت قىلالماي شۇئان يېنىمدىن ئالتە
تۇكيۇەننى چىقىرىپ بىر بالىغا ئىككىدىن بەردىم. ئۇلار ماڭا
سەجدە قىلىشقا باشلىۋىدى، مەن ئۇلارنىڭ بېشىنى يۆلەپ ماڭ-
دۇرۇۋەتتىم. بۇنى كۆرگەن باي ماڭا قاراپ: «سەن باي ئىكەن-
سەن، بۇنداق كەمبىغەللەر ناھايىتى تولا. باي بولساڭ شۇلار-
غىمۇ بەرگىن» — دەپ مەسخىرە قىلدى. مەن ئۇنىڭغا: «مەن
باي ئەمەس؛ سىزنىڭ بايلىقىڭىزنىڭ يۈز مىڭىنىڭ بىرىگە يەت-
مەيدۇ. بىراق ھەممىمىز ئادەم ئەمەسمۇ؟ ئەگەر بايلىقىم بول-
سا سىز دېگەندەك قىلىشىم مۇمكىن» — دېدىم. زۇۋانى تۇتۇل-
غان باي كۈلكىگە زورلاپ تۈگەتتى. يەنە بىر كۈنى ئەتىگەن-
دە كوچىغا نان ئالغىلى چىقسام ئاچلىقتىن ئۆلەر ھالەتكە يەت-
كەن كەمبىغەللەر ناۋاينىڭ ساتقىلى چىقىرىپ قويغان نانلىرىنى
بۇلاپ يەپ كېتىپتۇ. بۇ ئىشقا ناۋاي خاپا بولۇپ، ئاچچىقلى-
نىۋاتقانىكەن. مەن ناۋاي بىلەن تونۇش ئىدىم. ئۇنىڭدىن:
«بۇلانغان نان قانچە؟» دەپ سورىسام، «30 نان» — دېدى.
ئاندىن مەن: «خاپا بولماڭ، ناننىڭ پۇلىنى مەن بېرەي» —
دېۋىدىم، ناۋاي: «بوپتۇ، ئۆزلىرىمۇ بەرمىسلە، مەنمۇ ئالماي،
خۇدايىم بېرەر» — دېدى. بۇ ۋاقىتتا مەندىن باشقا مەنسۇر
باي، ئابدۇرەھىم ۋە ئەمەت ھاجىملارمۇ نان ئالغىلى چىققان-
دى. نان ئالماقچى بولۇپ تۇرغۇنىمىزدا ئادەم ئۆلىكىنى باس-
قان ئىككى ھارۋا ئۆتتى. ئۆلۈكلەرنىڭ بەزىلىرى ئوڭدا، بەزىلىرى
دۈم ياتقۇزۇلغانىدى. ھارۋىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ يىغلاۋات-
قان ئەر - ئاياللار تولىمۇ ئېچىنىشلىق، بۇ نېمە ئەھۋال دېسەم



گەنجۇدا يەرلىك بولۇپ قالغان مەنسۇر باي شۇنداق دېدى:
«نېمە ئەھۋال بولاتتى، ئاچلىقتىن، سوغۇقتىن ئۆلگەن بىچارى-
لەر بولمامدۇ؟» — يا ئاللا، يا رەببى دېيىشىپ، تىپىرلىشىپ
كەتتۇق.

كەمبەغەللەر ئۆز باللىرىنى ساتاتتى. ئاڭلىشىمچە ئۇيغۇر
سودىگەرلەر ھەم كىراكەشلەردىن بولۇپ، بىر قانچىسى بېقىۋې-
لىش ئۈچۈن بىر قانچە باللارنى سېتىۋالغانىكەن.

مەن شۇ يىلى جاڭيېدىن قايتىمىغانىدىم. كۈز ئايلىرى ئىدى.
ماجۇڭيىڭ گەنجۇغا كەلگەنىكەن. ماچىيەن ئىسىملىك سىلىڭ
ئۇنى قارشى ئالدى. 20 كۈن ئىچىدە خەنزۇ ۋە خۇيزۇدىن
بولۇپ 3 مىڭدەك ئەسكەر توپلاپ، مابۇفاڭغا قارشى خۇڭ-
شۈيدە قاتتىق ئۇرۇش قىلدى. ماجۇڭيىڭ ئەسلى ئۆزىنىڭ قارا
باتۇرلىقىغا تايىنىپ ھۇجۇم قىلغانىدى، ئۈچ سائەت داۋام
قىلغان ئۇرۇشتا 2 مىڭغا يېقىن ئادىمىدىن ئايرىلدى. ئې-
شىپ قالغان بىر تۈركۈم ئەسكىرى بىلەن قېچىپ گەنجۇغا كەل-
گەن ماجۇڭيىڭ جۇچۈەندە تۇرالماي جايۇگۇەندىن ئۆتۈپ يۇي-
مىن، ئەنشىگە كېلىپ توختىغانىدى. بۇ ۋاقىت قاتناشنىڭ
خەتەرلىك ئايلىرى بولغاچقا شىنجاڭغا قايتىش ئۈچۈن ھازىر-
لىق كۆرۈپ تۇرغان 17 نەپەر ئۇيغۇر سودىگەر ئىچكى جەھەت-
تىن پارا بېرىپ ئەنشى ناھىيە چېگرىسىدىن ئامان - ئېسەن
ئۆتۈۋېلىش شەرتى ئاستىدا يولغا چىقتۇق. بۇ چاغدا شىنجاڭغا
ئىچكى ئۆلكىلەردىن ئېلىپ چىقىدىغان قارا چايدىن باشقا پە-
قەت ئاق كويچەن (كۈمۈش پۇل) ئېلىپ چىقىش ياخشىراق ئىدى.
شۇڭا بۇ سەپەردە ھەممىمىزنىڭ ئېلىپ كېتىۋاتقىنىمىز كۈمۈش
پۇل ئىدى. ئات، خېچىر، ئېشەك بولۇپ ئەللىككە يېقىن ئۇلاغقا
كۈمۈش پۇل ئارتىپ شىنجاڭنىڭ چېگرىسى شىڭشىڭشاغا كەلدۇق.
ھەممىمىز دېگۈدەك بىر دەڭگە چۈشتۇق. شۇ چاغدا بىرمۇنچە
ئەسكەر كىرىپ تەكشۈرۈشكە باشلىدى. ئاۋۋال يېنىمىزنى، ئاندىن

خۇرجۇن – قاچا ۋە يۈكلەرنى ئالا قويماي تەكشۈرۈپ كېلىپ، ھەممىسى ئاق كويچەن ئىكەنلىكىنى بىلدى. تەكشۈرۈشتە مەتنىياز ئىسمىلىك خوتەنلىك كىشىدىن «لائىلاھە ئىللاللاھۇ مۇھەممۇدۇن رەسۇلللا» دەپ يېزىلغان بىر دانە بايراق چىقىپ قالدى. بۇ چاتاقنى كۆرۈڭ! تارىختىن بۇنداق نۇرغۇن كۆمۈش پۇلنىڭ ئۆتۈش ئەھۋالى كۆرۈلۈپ باقمىغانلىقى، شۇنىڭدەك ماجۇڭيىڭنىڭ شىنجاڭ بىلەن گەنسۇ چېگرىسىغا كېلىشى ھەربىيلەرگە زور گۇمان تۇغدۇرۇپلا قالماي تەرەپ – تەرەپتىن: «دۆسى تۇفى، چىئاكېسي (ھەممىسى قاراقچىكەن، ئىتىش كېرەك)، قاماڭلار»— دېگەن دەھشەتلىك بۇيرۇق ئاستىدا مەتنىيازنى باغلاپ قالغانلىرىمىزنى بىر قورۇنىڭ ئىچىگە ھەيدەپ كىرىپ، ھەممە نەرسىمىزدىن ئايرىپ قاماپ قويدى. ھەممىمىزنىڭ ئۈنى ئۆچتى. رەڭگىمىز سارغايغان ھالدا قورقۇپ ئولتۇردۇق. مەتنىيازنى قاغىدۇق. باش – كۆزلىرىمىز چاڭ – توپا، قورساقلار ئاچ، ئۇسساپ تاماقلىرىمىز قۇرۇغان ھالدا سولۇنۇپ ياتتۇق.

باشقىلار بىلمەيدىغان يەنە بىر خەتەرلىك ئەھۋال بار ئىدى. مەن گەنجۇدىكى ۋاقتىمدا كۆچۈڭلۈق ئابدۇرېھىم بەيۋەتچى، ئەمەت ھاجى ۋە كامال ئەپەندى دېگەنلەر بىلەن بىر سارايدا ئىدىم. شۇ كۈنلەردە ماجۇڭيىڭنىڭ گەنجۇغا كېلىدىغان خەۋىرى ئاڭلىنىپ ئۇنى قارشى ئالماقچى بولدۇق. گەنجۇدا تۇرۇشلۇق مەنسۇر باي، زىنەتۇللا قاتارلىق ئون نەچچە نەپەر ئۇيغۇرلارمۇ چاچاڭ قىلىشىپ قارشى ئېلىشقا چىقتى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن كامال ئەپەندى شۇ كۈنى ماجۇڭيىڭ بىلەن تونۇشۇپ قاپتۇ، ئىككى كۈن ئۆتكەندە ماجۇڭيىڭ ئاخۇن تۆەنجاڭ دېگەن ئادىمى ئارقىلىق كامالنى چاقىرتىپ كەتتى. شۇ كۈندىن باشلاپ كامال ماجۇڭيىڭغا مۇشاۋىر بولۇپ قالدى. بىر كۈنى كامال ئەپەندى ئاخۇن تۆەنجاڭ دېگەن بىلەن بىللە بىز بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەنىكەن. شۇ كۈنى سارايدا مەن بار ئىدىم.



باشقىلار كوچىغا چىقىپ كەتكەنىدى. كامال مەن بىلەن كۆرۈشۈپ قايتماقچى بولغاندا، ئاپپاراتىنى چىقىرىپ ئۈچىمىزنى رەسىمگە ئالغان بولدى. بۇ رەسىمدىن بىرى مېنىڭ خاتىرە دەپتىرىم ئىچىدە بار ئىدى. تەكشۈرۈۋاتقاندا بۇ رەسىم ئىسىمگە چۈشۈپ يۈرىكىم يېرىلىپ كەتكىلى تاس قالدى. خۇدانى سېغىنىپ ئىمان – ئىسلام ئوقۇۋاتىمەن. ئەگەر بۇ رەسىم قولغا چۈشسىلا مەن يوق. بەختىم ئوڭ كېلىپ خاتىرە دەپتىرىم تەكشۈرۈلمەي قاتاردىن ئۆتتۈم ۋە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ رەسىمنى شۇئانلا يوقاتتىم. دېمەك بۇ بىرىنچى قېتىم ئۆلۈمدىن ئامان قالغانلىقىم ھېسابلىنىدۇ.

كامال ئەپەندى مەسىلىسىگە كەلسەك، كامال گەنجۇدا ئابدۇرېھىم بىلەن بىر ھوجرىدىكى ۋاقتىدا مەنمۇ گاھىدا سۆھبەتتە بولغانىدىم. ئۇلاردا تۈركىيە ۋە جۇڭگو ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بېرىلگەن «سايابەتچى» دېگەن گۇۋاھنامىسى بار ئىكەن. شىنجاڭغىچە كېلىش ئىرادىسىنىڭ بارلىقىنى سۆزلەيتتى. ئۆتكەندە تۈركىيە ئارمىيىسىدە سىياسىي خىزمەتلەردە بولغانلىقى، بىرقانچە چەت ئەل تىلى بىلىدىغانلىقى، بولۇپمۇ ئەرەپ تىلىغا باي يۇقىرى سەۋىيىلىك ئادەم ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. مېنىڭ تونۇشۇم ۋە ھۆرمىتىممۇ ئۇنىڭ ئىلمىنى ھۆرمەت قىلىش ئىدى. ئەمما ئىچكى جەھەتتە قانداق مەخسەتتىكى ئادەم ئىكەنلىكىگە باھا بېرىش مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. بىراق كامالنى 1938 – يىلى شېڭ شىسەينىڭ ئۈرۈمچى ئىككىنچى تۈرمىسىدە يۇنۇسبەگ بىلەن بىر كامېردا ياتقان چېغىدا كۆردۈم. ئاڭلىسام كېيىن ئۇ تۈرمىدە يوقىتىلغان.

يۇقىرىقى گەپنىڭ داۋامىغا، كەلسەك بىز پاسكىنا ئۆيگە قامىلىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن بوشىتىلغان بولساقمۇ يەنىلا رىجىم ئاستىدا تۇردۇق. شۇ ئارىدا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا خەت ۋە تېلېگراما ئەۋەتكىنىمىزدىن كېيىن، خوتەن ۋە قۇمۇل تە-

رەپلەردىكى ئىناۋەتلىك كىشىلىرىمىزنىڭ يۇقىرىغا يازغان ئىلـ
تىماسى ۋە گۇۋاھلىقى بويىچە بىرەرمىڭ يۈەن پارە بېرىپ،
پۇل، ماللىرىمىزنى قولىمىزغا ئېلىپ قايتىپ كېلىشۋالـ
دۇق. دېمەك، شۇ ئارىلىقتا شىڭشىڭشادا بىر يېرىم ئاي رېـ
جىمدە تۇردۇق. مەتنىياز ئاخۇن ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىلىپ جىمجىتلا
يوقالدى.

1931 - يىلى ياز كۈنلىرى ئىدى. قۇمۇل دېھقانلار قوز-
غىلىڭى ئەۋج ئېلىپ، تاغنىڭ ھەر بىر جايلىرىغا ئىنقىلاب ئۇچـ
قۇنلىرى تۇتۇشۇپ، ھەر كۈندە يېڭى خەۋەرلەر ئاڭلىنىپ تۇرـ
دىغان بولدى: «بەش- ئالتە كۈن بوپتۇ، شوپۇلۇ چازىسىدىكىلەر
بېسىقتۇرۇلۇپتۇ» دېسە، ئىككىنچى كۈنى «ئابدۇنىياز باشچىلىقىدا
ئارا تۈركتىكى ئەسكەرلەرنىڭ بىرىنى قويماي يوقىتىپ، قورال -
ياراققا ئىگە بوپتۇ. تاراتى تېغىدىن خوجا نىياز ھاجى كېلىپ
لياۋدۇندا سىمتاناپلارنى كېسىپ، قۇمۇلغا كېلىۋاتقان ئۈچ
ماشىنا ئەسكەرنى يوقىتىپ، نۇرغۇن قورالغا ئىگە بوپتۇ...»
دېگەندەك خوش خەۋەرلەر تارقىلىپ، ھەر بىر كىشىدە يۈكسەك
روھ ۋە غەلىبىدىن ئۈمىد پەيدا قىلاتتى. بۇ ئەھۋالدىن ئەندىـ
شىگە چۈشكەن مۇستەبىت جىڭ شۇرېن، بىر تەرەپتىن قۇمۇل قوزغىلىڭىنى
مۇررەسسە يولى بىلەن ھەل قىلىشاق- دەپ نەيرەڭۋازلىق ئىشلىـ
تىپ ۋەكىل ئەۋەتكەن، يەنە بىر تەرەپتىن قوشۇن ئەۋەتىپ
«باستۇرۇش» تاكتىكىسىنى يۈرگۈزۈۋاتقان بىر پەيتتە، مەن پوچـ
تا ئارقىلىق تۇرپاندىكى بىر تونۇش سودىگەرگە سالام خەت
يېزىپ كېلىپ، «قۇمۇلدا ھازىر ئاق ماتا ئىنتىك، قارا ماتا كاـ
سات» دېگەن جۈملىنى يېزىپتىمەن. بۇ خېتىم قۇمۇل پوچتىخاـ
نىدا سېنزور قىلىنىپ، رېئاكسون دەپ تونۇلۇپ ئۈرۈمچىگە يولـ
لىنىپتۇ. نەتىجىدە بۇ خەت يېزىلىپ 20 كۈندىن كېيىن قۇمۇلدىكى
مۆتىۋەر ياشلاردىن يەتتە - سەككىز نەپەر ئادەم چاۋاغ تەرەپكە
سەيلىگە چىقىپ ئىستىراھەتتە ئەلنەغمە بىلەن ئولتۇرغان ۋاقتىـ



سىدا، ئۇشتۇمتۇت شەن يامۇلنىڭ ئىككى ئادىمى كېلىپ ئاتتىن
چۈشۈپ داستىخانغا ئولتۇرغاندىن كېيىن ماڭا قاراپ: «ئۆزلىـ
رىنى ئىزدەپ كېلىۋىدۇق، شەنجاڭ بىلەن ياۋ دارىن
(يولۋاس) چاقىرىپ كېلىڭلار دېۋىدى» — دېدى. شۇئان ئاق
ماتا، قارا ماتا دەپ يازغان خېتىم يادىمغا كەلدى. ئىككىنچى
بىر تەرەپتىن كۆڭلۈمنىڭ تۇقلۇقىغا مايىل تەرەپمۇ بار. چۈنـ
كى شۇ ۋاقىتلاردا يولۋاسنىڭ ئاتىلىرى بىلەن مۇناسىۋىتىم
يېقىن ئىدى. يولۋاسمۇ مېنى ياخشى كۆرەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن:
«بىر پىشكەللىك كەلگەندىمۇ يولۋاس ھىمايە قىلىدۇ» — دېگەن
ئويدا ئىدىم. ئەمما ئاغزىم كۈلگەندەك قىلغان بىلەن رەڭگىم
ئۆزگەرگەن بولسا كېرەك، ئاغىنىلىرىم ماڭا غەيرەت بېرىشكەنـ
دەك قىلدى. مەن يامۇلغا كېلىپ ئاتتىن چۈشۈپ تۇرۇشۇمغا ياقۇ-
پبەگ (يامۇل خىزمەتچىسى) كۆرۈپ — كەلسىلە، دەپ بىر ئىشخانىغا
ئېلىپ كىردى. ئىشخانىدا ۋالىي لىيۇ، شەنجاڭ جىڭ، يولۋاس،
گۇڭگەنجۈيىدىن بىر كىشى بولۇپ تۆتىسى سىرلىق ئولتۇرۇشۇپتۇ.
شەنجاڭنىڭ قولىدا ماۋبى (يۇڭ قەلەم) بار، ئۇ تارىخىمنى
ئىنچىكىلىك بىلەن سوراپ: «تۇرپاندا كىملەر بىلەن مۇناسىۋە-
تىڭ بار»، «بۇزۇقلار بىلەن بولغان جىنايى قىلمىشىڭنى تاپـ
شۇر، بىرىمۇ قالمىسۇن؟» - دېدى. مەن ئۇنىڭغا: «ھېچقانداق
جىنايى قىلمىشىم يوق» - دېدىم. ئۇ غەزەپكە كېلىپ پاققىدە ئۈسـ
تەلنى ئۇرۇپ: «تۇرپانغا يازغان ئاق ماتا، قارا ماتا دېگەن
خېتىڭ جىنايەت ئەمەسمۇ؟» - دېدى. شەنجاڭنى قۇۋۋەتلىگەن ۋالى
«خاۋدادى دەنزى؟» (يۈرىكىنىڭ چوڭلۇقىنى قارا) دەپ قويدى.
بۇ ۋاقىتتا يولۋاسمۇ قاراپ تۇرمىدى، «يەنە كىملەرگە خەت
يازغان» - دەپ بولۇپ، بۇ سوئالنى باشقىلارغىمۇ بىلدۈردى.
مەن ئۇلارغا: «بىز سودىگەرلەر خەتكە مالنىڭ نەرخىنى يېزىـ
شىپ تۇرىمىز. مەن قارىسىغا يازغىنىم يوق. تۇرپاندا ئىسمىن
دېگەننىڭ مالنىڭ نەرخىنى سوراپ يازغان خېتىگە جاۋابەن

يازدىم.» — دەپ جاۋاب بەردىم، يولۋاس: «شۇ خەت بارمۇ؟» — دېۋىدى، مەن «بار» دېدىم. يولۋاس: «ئادەم قوشايلى، خېتىنى تەكشۈرەيلى» — دېدى. ئاندىن ياقۇپبەگنى قوشتى. چىقىپ كېتىۋاتقىنىمىزدا، يولۋاس: «يوق بولسا بار قىلىپ كېلىڭلار؟» دېدى. ئۆيگە بېرىپ تۇرپاندىن يېڭىراق كەلگەن خەتلەرنىڭ بىرىنى ئېلىپ كەلدىم. ئىشخانىدا پوچتىخانا سىنزورى ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ ئادەمنىڭ ئىسمى تۆمۈر ئىدى. يۈرىكىم قاتتىق سىلىكىندى. چۈنكى ئۇ «تۇرپاندىن كەلگەن خەتنى مەن كۆرمىگەن» — دېسىلا ئىش چاتاق بولاتتى. شەنجاڭ تۆمۈرگە: «بۇ خەتنى كۆرگەنمۇ سەن؟» — دېدى. تۆمۈر خەتكە سىنچىلاپ قاراۋاتقاندا يولۋاس: «كۆردۈم دېگىن» — دېيىشى بىلەن تەڭ تۆمۈر: «كۆرگەن ئىكەنمەن» — دېدى. شەنجاڭ قانائەت تاپمىغان ھالدا: «مەسىلە مۇرەككەپ، بۇ ياخشى ئويلانسۇن، قايتماي تۇرسۇن، سەنپەنگە تاپشۇرۇپ تۇرۇلسۇن» — دەپ مېنى چىقىرىۋېتىپ، تۆمۈرنى ئېلىپ قالدى. ئاڭلىسام ئۇنى قاتتىق تەنقىت قىلىپ قايتۇرۇپتۇ. مېنى بولسا ئۈچ كۈندىن كېيىن بوشاتتى. بۇ مېنىڭ ئىككىنچى قېتىم ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇشۇمنىڭ جەريانى.

شىڭشىشانى خەنزۇچە تېيمىنگۇەن (تۆمۈر قاپقىلىق قوۋۇق) دەپ ئاتايتتى. بۇ يەر ھەقىقەتەنمۇ تاغ بىلەن ئورالغان بولۇپ باشقا يەردىن ئۆتۈپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ يەردە بىكار ئاش يەپ، قىمار ئويناپ، ئەپيۇن چېكىپ، ئۆتكەن - كەچكەننى قاقتى - سوقتى قىلىپ تۇرىدىغان ئاتلىق ۋە پىيادە بىر يىلك ئەسكەر تۇراتتى. بۇلارنىڭ ئاشلىق تەمىناتى ۋە باشقا تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى تامامەن قۇمۇل دېھقانلىرىنىڭ ئۈستىگە ئارتىلغانىدى. بۇ ئىشنى بېجىرىش ئۈچۈن يولۋاسنىڭ شەنجاڭلىقىغا قوشۇمچە ھەربىي تەمىنات باشقارمىسىنىڭ باشلىقى دېگەن خىزمەتنى بەرگەنىدى. يولۋاس ھەر بىر يۇرت چوڭلىرى ۋە دورغا بەگلەرگە ئەمر چۈشۈرەتتى.



بۆك ئال دېسە، باش ئالىدىغان بەگلەر ئۇنىڭ ئەمرىنى نەچچە قاتلاپ كۆپەيتىپ، ئەمگەكچى خەلققە زۇلۇم سالاتتى. قۇمۇل بەش شەھەر بىلەنلا قالماي، ھەتتا تاغچىلارغىمۇ ئات ھارۋا ئالۋاڭلىرى چېچىلىپ، ئات ھارۋىسى يوقلاردىن پۇل ئېلىش، پارە ئېلىش ئىشلىرى ئەۋج ئالدى. تەييارلانغان ئات - ھارۋىلارغا ئاشلىق بېسىپ، شىڭشىشاغا قاراپ ماڭدۇ. يوللار تاشلىق، قۇملۇق، مەنزىللىرى ئۇزۇن، سۇسىز چۆل ئىدى. خارابلاشقان مەنزىللەردە ئادەم يوق بولۇپ، مەنزىلدىكى بۇلاقلارنى خەنزۇچە چۇۋچۇەن (سېسىق بۇلاق)، كۇشۇي (ئاچچىقسۇ) دەپ ئاتايتتى.

بۇ مەنزىللەردە ھارۋا سۇنۇش، ئاتلار ئۆلۈشتەك ئېغىرچىلىقلار ئاستىدا ھارۋىكەشلەر قان يىغلايتتى. بىر قېتىم قاتناپ كېلىش ئۈچۈن يېرىم ئاي ۋاقىت كېتەتتى. بۇ يولدا بىر قېتىم ماڭغان ئۇلاقلار ئېزىلىپ كېرەككە كەلمەي دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا زور زىيان بولاتتى. مۇشۇ خىل ئېغىر ئەھۋال ئاستىدا شىڭشىشاغا ئاشلىق يەتكۈزۈپ يانغانلار بىر - ئىككى كۈن كېچىكىپ قايتىپ كەلسە دۇمباغا بېسىلاتتى. سىدىق دېگەن ئادەم ئەنە شۇنداق قاتتىق زەخىملىنىپ داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي ئۆلۈپ كېتىدۇ. بۇ ۋەقەنى ھازىرمۇ بىلىدىغانلار بار. دېھقانلارنىڭ شىڭشىشا يولىدا ئېيتقان نالە - پەريادلىق قوشاقلىرى خېلى كۆپ بولۇپ، بەزى ئولتۇرۇشلاردا غىجەك بىلەن شىڭشىشا غەزىلىنى ئوقۇپ يىغلىشاتتى. مەن بىر قېتىملىق مەشرەپتە غەزەلچى قاسىم بوۋىنىڭ ئېيتقان غەزىلىدىن ئېسىمدە قالغىنىنى تۆۋەندىكىچە يازىمەن:

شىڭشىشا دېگەن گوبى ئىككى تاغنىڭ ئاراسى،
خوشمۇ ئەرلەر خۇن بولدى، چۆلجەزىرە ئاراسى.
قۇمۇلدىن چىقىپ يەتمەك بەكمۇ يىراق چاڭلىشۇي،
قۇملۇق دەشتلەرنى باستۇق، يىبىيبادىغۇ كۇشۇي.①

① ئاچچىق سۇ ئۆتكىلى 180 يول كېلىدۇ دېگەن مەنىدە.

غەزەلنىڭ ئاخىرى قىسمى ئىسمىدىن چىقىپ قاپتۇ. غەزەل بەك-
مۇ مۇكەممەل ھەم ئېچىنىشلىق ئىدى.

## كۇشۇيدە ئاققان قان

1931 - يىلى 8 - ئاي ۋاقىتلىرى ئىدى. بۇندىن بىر
قانچە يىل بۇرۇن تىجارەت قىلىپ ئىچكى ئۆلكىلەردە تۇرۇپ
قالغانلاردىن شىنجاڭغا قايتماقچى بولغان 14 نەپەر ئادەم
شىڭشىڭشاغا كېلىپ تەكشۈرۈشتىن ئۆتىدۇ. بۇلاردىكى پۇل، مال-
نى كۆرۈپ كۆزى قىزارغان قارا يۈرەك بۇلاڭچىلارنىڭ نىيىتى
بۇزۇلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە جالالىدىن ئاخۇن باي، نەۋرە ئاكام
مەمەت ئىبلى ئاخۇنلار بىرلىكتە شىڭشىڭشادىن مېڭىپ، كۇشۇي
دېگەن مەنزىلگە كېلىپ قونىدۇ. بۇ مەنزىللەر ئىنتايىن ۋەيران
بولغاچقا دەڭ باقىدىغان ئادەممۇ يوق ئىدى. ئۇلار بۇ يەردە
بىر ئاخشام قونۇپ، ئەتىسى سەھەردە ماڭماقچى بولۇۋاتقاندا
شىڭشىڭشا تەرەپتىن ئالتە ئاتلىق ئەسكەر كېلىپ، ئاتتىن چۈش-
مەي تۇرۇپلا: «ھەممىڭ ئۆيدىن چىق!» دەپ توۋلايدۇ. شۇنىڭ
بىلەن ھەممەيلەن قورۇغا چىقىپ تىزىلىپ تۇرۇشقاندىن كېيىن
بۇلاڭچىلار بىر ئاۋاز بىلەن تەڭ ئوق چىقىرىپ ئېتىپ تاشلاپ،
قاچقاننى قىلىچ بىلەن چاناپ، ئاندىن ئۇلارنىڭ بارلىق باي-
لىقلىرىنى سودىگەرلەرنىڭ ياخشى ئات - خېچىرلىرىغا ئارتىپ
باشقا يول بىلەن ئېلىپ كېتىدۇ.

ملتىق ئېتىلغان ۋاقىتتا ئېشەك باققىلى كەتكەن توختا-
خۇن ئەھۋالنىڭ خەتەرلىكىنى سېزىپ ئېشەكنى تاشلاپ قېچىپ،
ئېقىن ئىچىدىكى بىر جىراغا مۈكۈنۈپ ئامان قالىدۇ. يىرىم
كۈن جىرادا يېتىپ جاھان تىنجىغاندىن كېيىن دەڭگە كېلىپ،
ئۆلۈكلەرنى كۆرۈپ قورقۇپ كېتىدۇ. ئاندىن كېچە - كۈندۈز
مېڭىپ قۇمۇلغا كېلىدۇ. بۇ ئەھۋالنى ئاڭلىغان قۇمۇل خەلق-



نىڭ دات - پەريادى پەلەككە ئۆرلەيدۇ. ئۆلگۈچىلەرنىڭ تۇغ-
قانلىرىمۇ ھۆكۈمەتكە قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرىدۇ. ئاخىرى
ئۆلگەنلەرنىڭ جەسىتىنىڭ سىڭسىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ھۆكۈمەت
تەرىپىدىن بولۇپ ئالتە نەپەر ئادەم ماشىنا بىلەن كۇشۇيگە بار-
دۇق. بۇ ۋاقىت ۋەقە يۈز بېرىپ ئالتىنچى كۈنى ئىدى. دەڭگە
ئىككى كىلومېتىر قالغاندا ئۆلۈكلەرنىڭ پۇرىقى كېلىشكە باشلى-
دى. دەڭگە كىرىپ قارىغۇدەك بولساق، قورۇنىڭ ئىچىدە قانغا
مىلىنىپ ياتقان جەسەتلەر ئوڭدا، دۈمدە بولۇپ، بىرقانچىسى-
نىڭ بېشىغا قىلىچ تەگكەنلىكتىن مېڭىسى چۇۋۇلۇپ كەتكە-
نىكەن. تونۇشقا مۇمكىن بولمىدى. ھەممىمىز بىئارام بولۇپ يىغ-
لاپ كەتتۇق. بىز مىڭ بىر جاپا بىلەن جەسەتلەرنى جەم
قىلىپ كىيىم - كېچەكلىرى بىلەن دەپنە قىلدۇق. ھۆكۈمەت
تەرەپتىن بارغانلار بۇلارنىڭ ئۆلۈش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش
ھەققىدە ئەرز يازغان بولدى. بۇ ھەتتە قۇمۇلغا كېلىپ ئەھۋال-
نى مەلۇم قىلىش بىلەن يوقۇرىغا ئەرز - ئىلتىماسلار قىلىن-
دى. ئەمما بۇ توغرىدا ھېچقانداق تەكشۈرۈش بولماستىن
شۇ پېتى بېسىلىپ كەتتى.

## يولۋاسنىڭ خېتى

1934 - يىلى 7 - ئاي مەزگىلى ئىدى. قۇمۇلدىكى يولۋاس
شىڭ شىسەي ئۈچۈن خەۋپلىك دۈشمەن ھېسابلىناتتى. ئۇنى قولغا
چۈشۈرۈش ئۈچۈن شىڭ شىسەي تۈرلۈك ھىيلىلەرنى ئىشلەتكەن
بولسىمۇ، يولۋاس ئۇنىڭ دامىغا چۈشمەستىن ھوقۇق تۇتۇپ
تۇراتتى. بىر كۈنى مېنى چاقىرتىپتۇ. بېرىپ سالام بەرگىنىم-
دىن كېيىن مېنى ئولتۇرۇشقا رۇخسەت قىلىپ كۈلكە ئارىلاش:
«جىنىڭ مىللەتچى بولسىلا ئۆزلىرىگە بىر خىزمەت بار، شۇڭا
چاقىرتتىم. بىر خىزمەت بار قىلامىلا؟» — دېدى. مەن جاۋا-

بەن: «خوش، ئەلۋەتتە مەن تەييار» — دېدىم. «ئۇنداق بولسا — دېدى ئۇ، ئەتە مەخسۇس ماشىنا بىلەن تۇرپانغا ئاپرىدىغان بىر پارچە خەت بار» — دەپ خەتنى ئېلىپ بەردى. خەتتىكى ئىباپىگە: «دادىمىز خوجا نىياز ھاجىمغا تېگىدۇ» — دەپ يېزىلغان. «مۇشۇ خەتنى ئېلىپ تۇرپانغا ئەتە بىر كۈندىلا يېتىپ بارسىلا، بىر-ئىككى كۈن ئارىلىقىدا خوجا نىياز ھاجىم ئۈرۈمچىگە كېتىشىۋېتىپ يول ئۈستىدە تۇرپانغا كېلىدۇ. بۇ خەتنى قادىر ھاجى، ئېلى ھاجى ئارقىلىق بىرسىلا» — دېدى. يەنە بۇ خەت ئىنتايىن مەخپى، ئىچىدە ئىككى خىل خەت بار، بىرىگە ھاجىمنىڭ ئوغلى، ئايالى قاتتىق ئاغرىق، ئەھۋالى ئېغىر. شۇنىڭ ئۈچۈن تېز قۇمۇلغا كېلىپ يوقلاپ كەتمىسە بولمايدۇ دېگەن مەزمۇنلار يېزىلغان. يەنە بىر خەتكە ھاجىمنىڭ ئۈرۈمچىگە چىقىشىغا قەتئىي نارازىلىق بىلدۈرۈش بىلەن شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ تورغا چۈشۈرۈپ ئاخىر نابۇت قىلىدىغان شەيتانلىقى ئوچۇق كۆرسىتىلگەن بولۇپ، قۇمۇل مۆتىۋەرلىرىدىن يۈسۈپ تەيجى، ئاخۇنلۇغۇم قاتارلىق ئون نەچچە نەپەر كىشى قول قويغان خەت ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. مۇشۇ گەپنى قىلىشىۋېتىپ خۇددى ھارۇن رىشىت ئاچچىقى كەلسە كۈلگەندەك، غەزەپ كۈلكىسى بار يولۋاس، كۈلۈپ تۇرۇپ يۇقىرى ئاۋازدا: «ھەي، ھاجىمنىڭ بىخوت يۈرگىنىنى نېمە دېگىلى بولىدۇ؟» — دەپ تىپىرلاپ كەتتى، دېمەك، بۇ خەۋپلىك خەتنى ئېلىپ تۇرپانغا كەلدىم. ئەتىسى شەن يامۇلغا بارسام ئۆزبېك ئەكبەرنىڭ شەنجاڭ ۋاقىتلىرى ئىكەن. داتاڭ ئالدىدا ئەكبەر ئۆز قەلىمى بىلەن قىزىل لوزۇنكىغا: «مۇئاۋىن رەئىس خوجا نىياز ھاجىمنى قىزغىن قارشى ئالىمىز!» — دەپ يېزىۋېتىپتۇ. بۇلارنى كۆرۈپ قايتتىم. ئەتىسى دېگەندەك ھاجىم ئىككى ماشىنىدا قوغداپ كېلىۋاتقان ئەسكەرلىرى بىلەن يېتىپ كەلدى. شۇنىڭدەك يەنە ئۈرۈمچىدىن ھاجىمنىڭ ئالدىغا كەل-



گەن، يۇقىرى دەرىجىلىك بىر توپ كىشىلەر، بىرقانچە كىچىك ماشىنىدا كېلىشىپ قارشى ئېلىندى. ئەمما كۆپلىگەن كىشىلەر ھاجىمنىڭ بۇ قېتىم شىڭ شىسەينىڭ دامىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىگە ئەپسۇسلىنىپ، نارازىلىقلار بىلدۈرۈشمەكتە ئىدى.

ھاجىم يامۇلغا چۈشۈپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، يولۋاسنىڭ تاپشۇرۇغى بويىچە خەتنى ئېلى ھاجىمغا بەردىم. خەتنى يولۋاس بەرگەنلىكىنى ھەم ئۇنىڭ مەزمۇنىنىمۇ ئېنىق ئېيتتىم. ئېلى ھاجىم مېنى باشلاپ، قادىر ھاجىم بار ئۆيگە ئېلىپ كىردى. بۇلار ئەھۋالنى تەپسىلى ئاڭلاپ، سۈكۈتكە چۈشۈپ، جىددىي ھالدا: «دېمىدۇقمۇ، بىز دېگەندەك بولدى» — دېيىشىپ، خەتنى ھاجىمغا كۆرسەتمەكچى بولۇشۇپ چىقىپ كەتتى. مەن چاي ئىچىپ يېرىم سائەتتىن كېيىن ئېلى ھاجىم مېنى ھاجىم قېشىغا ئېلىپ كىردى، ھاجىم مەندىن قۇمۇلدىن قاچان چىققانلىقىمنى سوراپ: «يولۋاس يەنە نېمىلەرنى دېدى» — دەپ سورىدى. مەن: «يولۋاسنىڭ ئەلپازىدىن ئۆزلىرىنىڭ ئۈرۈمچىگە چىقىشلىرىدىن نارازى ئىكەنلىكىنى سەزدىم» — دېدىم. ھاجىم سۆز قىلمىدى. ئىككى، ئۈچ مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن مەن چىقىپ كەتتىم.

ھاجىم خەتنىڭ مەزمۇنىدىن پۈتۈنلەي ۋاقىپ بولغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىگە چىقماس بولدى. بۇ ئەھۋالنى ئاڭلىغان بەزى كىشىلەر (ئالدامچىلار) قاتتىق چۆچۈشۈپ نېمە گەپ ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتە قىلىپ، نەتىجىدە: «قۇمۇلدىن خەت كېلىپ ماڭماس بوپتۇ» — دېگەن گەپنى ئاڭلايدۇ. سوۋېت كونسۇلى ۋە ھەربىي، مەمۇرىي رەھبەرلەر ئەندىشىگە چۈشۈپ ھاجىمنى پىكىرىدىن يېنىشقا دەۋەت قىلىدۇ. ھاجىم: «مەن قۇمۇلغا بېرىپ خاتىرجەم بولۇپ، ئاندىن ئۈرۈمچىگە چىقىمەن» دېگەن گەپتە چىڭ تۇرۇۋالىدۇ.

ھاجىم بىلەن بىللە كېلىۋاتقان يېقىن كىشىلەرمۇ ھاجىم-

نىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. بۇ ئاردا شىڭ شىسەي ۋە كونسۇل
تەرىپىدىن ئادەملەر كېلىپ ھەل قىلغۇچە ئۈچ كۈن ئۆتتى.
بۇ ئەھۋال خەلق ئىچىگىمۇ ئاشكارا بولدى. مۇشۇنداق
خەۋپلىك سائەتنىڭ بىرىدە سارايدا ئولتۇرسام شەن يامۇل-
دىن ئەسكەر كېلىپ: «شەنجاڭ سىزنى چاقىرىدۇ» — دېدى
مەن يامۇلغا كىرىشىم بىلەن قادىر ھاجىمنى كۆرۈپ قالدىم.
شۇ ئان: «ھاجىكا مېنى كىم چاقىرتقان؟ خەۋەرلىرى بارمۇ»؟ —
دېدىم. چىرايىمنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى كۆرگەن قادىر ھاجى بىل-
لە ئېلىپ كەلگۈچىلەردىن: «كىم چاقىرتقان؟» دەپ سورىدى.
«شەنجاڭ بىلەن ئۈرۈمچىدىن كەلگەن كىشى چاقىرتتى» — دې-
دى ئۇلاردىن بىرى. قادىر ھاجى ئاڭلاپ: «ھە بوپتۇ كىرسىلە»
دېدى. بىر ئۆيگە كىرىشىمگە ئۈچ نەپەر كىشى غەزەپ كۆزلىرى
بىلەن قارىشىپ قىسقىچە تارىخىمنى سوراپ: «قومۇلدىن خەت
ئەكەلگەن سەنمۇ» — دېدى. بىرسى: «ياخشى پوچتالىيون ئىكەنسەن،
خەتنى ساڭا كىم بەردى» — دېدى. مەن: «بۇ خەتنى يارى قا-
رى بەردى» — دېدىم (غوجانىياز ھاجىمنىڭ ئىنىسى). «قاچان
كەلدىڭ؟ ئەجەپ ھاجىمنىڭ كېلىشىگىلا ئۇلگۇرۇپ كەپسىنا؟
راستىڭنى ئېيت!» — دېدى. مەن جاۋابەن: «مەن ئۆزۈم سودىگەر،
ھاجىمنىڭ قاچان كېلىش - كەلمەسلىكى بىلەن ھېچقانداق مۇ-
ناسىۋىتىم يوق ھەم بىلمەيمەن. قومۇلدىن تۇرپانغا مال ئېلىش
ئۈچۈن ماڭاي دەپ گەرەجگە كېتىۋاتسام يارى قارى ئۇچراپ
قېلىپ: «نەگە بارىسىلا» — دەپ سورىدى. «تۇرپانغا» دېسەم
«بىر پارچە خەت بار ئىدى، ئالغاچ كەتكەن بولسىلا، ھازىرلا
يەتكۈزۈپ بېرەي» — دېدى. مەن ماقۇل بولۇپ گەرەجگە كېلىشىم-
گە خەتنى ئېلىپ كەلدى ۋە خەتنى ماڭا بېرىپ: «بۇ زۆرۈر
خەت قوللىرىدا ساقلىنىپ قالمىغاي ۋە ئاكاملار تۇرپانغا كەلمەك-
چى، كېلىشىگىلا تاپشۇرۇپ بىرەرلا» — دېدى. مەن ماقۇل دەپ
ئالدىم. مەن تۇرپانغا كېلىپ ھاجىملار ئىككى كۈندىن كېيىن



كەلدى. خەتنى ئېلى ھاجىم ئارقىلىق بەردىم. بۇنىڭدىن باش-
قا ئەھۋالنى ئۇقمايمەن» — دېدىم. شۇ ئاردا ھاجىم سوراق-
چىلار بار ئۆيگە بىر نەپەر رۇس بىلەن كىرىپ كەلدى. مېنى
كۆرۈپ: «بۇ يەرگە كەپسىزغۇ؟» — دەپ سورىدى. مەن ھاجىمغا
قاراپ: «بۇ كىشىلەرنىڭ سورايدىغان گېپى بار ئىكەن» — دەپ تۇ-
رۇشۇمغا، ھاجىم گېپىمنى كېسىپ: «بۇنىڭدىن نېمىنى سوراپ
يۈرىسىزلەر؟ بۇ ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ» — دېدى - دە، ماڭا قا-
راپ: «چىقىپ كېتىڭ» — دېدى. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى كىشى-
لەر ئىلاجىسىز بولۇپ: «ھېچ گەپ يوق، خاپا بولماڭ، ئارىدى-
كى گۇمان يوقالدى. بۇ يىگىت راستىنلا ھېچ نەرسە بىلمەيدى-
كەن» دېيىشىپ قېلىشتى. مەن شۇ يەردىن چىقىپلا قومۇلغا قا-
راپ تىكىۋەتتىم. مۇشۇ سوراق ئۈستىدە ئەگەر ھاجىم كىرمەي
قالغان بولسا، ساقچىغا تاپشۇرۇلۇپ شىڭ شىسەينىڭ ئۈرۈمچى-
دىكى زىندىنىغا تاشلىنىپ، تىرىك كۆمۈلىشىم تۇرغان گەپ ئى-
دى. بۇ مېنىڭ ئۈچىنچى قېتىم ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇشۇم بولدى.

ئەپسۇسكى، ئاقكۆڭۈل خوجا نىياز ھاجىم سىياسەتتە بى-
خوتلۇق قىلىپ، خائىنلارنىڭ دامىغا چۈشۈپ، ئۈرۈمچىگە كېتىپ
قالدى. ماڭا تەسىر قىلغىنى شۇكى، مەن شىڭ شىسەي تۈرمى-
سىگە ھاجىمدىن بىر يېرىم يىل ئىلگىرى قامالغاندىم. قا-
مىلىپ سەككىز ئايدىن كېيىن مېنى ئىككىنچى تۈرمىگە يۆتكەپ
تۈرمە ئىچىدە ئوچاقلارغا ئوت قالاشقا ۋە تازىلىق ئىشلىرى ئۈچۈن
كۈندۈزى كامېردىن چىقىرىپ ئىشلىتىدىغان ئون نەچچە نەپەر
گۇناھكارغا گوڭتۇ (ئىش بېشى) قىلىپ قويىدى. خەنزۇچە تىل
بىلگەنلىكىم، شۇنىڭدەك تۈرمىدىن بوشاش ۋاقتىمنىڭ ئاز قال-
غانلىقىدىن بولسا كېرەك، ماڭا ئېتىبار بەرگەندەك قىلىپ كو-
چىلارغا نەرسە كېرەك ئالغىلى ۋە تۈرمە ئۆيلىرى (كامېرلارغا)
قايناقسۇ، تاماق ئەكىرىپ بېرىدىغانلار قاتارىدا ئىشلەيدىغان
قىلدى.

1938 - يىلى 10 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى كېچىسى
تۈرمە ئىچىدە ھەربىي ھالەت بولۇپ كەتتى. تۈرمە سېپىلى ئۈس-
تىدە قوراللىق ئەسكەرلەر قورۇ ئىچىگە پىلىموتلارنى قارىتىپ
قويغانىدى. بۇ دەھشەتلىك كۆرۈنۈشنى كۆرۈپ تۈرلۈك خى-
ياللاردا بولدۇم. ئەتىسى تاڭ ئېتىشىغا ئادەتتىكىدەكلا ئەمگەك-
كە چىقتىم. مەن بىر تۈرمە ساقچىسى بىلەن كامېرغا تاماق
ئېلىپ كىرسەم تۈرمىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى بىر ئۆيگە كۆ-
زۈم چۈشتى. ئادەتتە تۈرمە كامېرىنىڭ ئىشىكىدە چوڭ قۇلۇپلار
بولاتتى. ئەمما جەنۇبتىكى ئۆينىڭ ئىشىكى ئوچۇق ئىكەن. ئى-
شىك ئالدىدا تاپانچا تۇتقان بىر ساقچى ئۇياق - بۇياققا مې-
ڭىپ كۆزەتچىلىك قىلىپ تۇرىدۇ. بۇ ئۆيگە كىمنى سولىغاندۇ، -
دەپ ئىت - ئىت بولدۇم، بىراق كىمنىڭ سولانغانلىقىنى كۆ-
رەلمىدىم. پەقەت كېيىنكى كۈنى بۇ مەخپى ئۆينىڭ تام مېشى-
گە ئوت يېقىۋاتقىنىمدا ئۆي ئىچىدىن قۇرئاندىكى تابارەك سۈرىسى
ئوقۇلۇۋاتقان ئاۋازنى ئاڭلىدىم. شۇ ئارىدا ساقچىنىڭ ھاجەتخا-
نىغا كىرىپ كەتكەن پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئىشىككە بېرىپ
قارىسام خوجا نىياز ھاجىم ئىكەن. «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھا-
جىكا» - دېدىم. «ۋاھالەيكۇم ئەسسالام» - دەپ ھاجىم لاپپىدە بىر
قارىدى - دە، مەن جاۋابسىزلا ئارقىغا ياندىم. چۈنكى سۆزلى-
شىشكە فەتئىي رۇخسەت يوق ئىدى. بىر ھەپتە ئۆتۈپ يەنە
بىر ئۇچرىشىشقا مۇيەسسەر بولدۇم. «كىم بولىسىز، تونۇش ئوغۇل-
غۇ؟» - دېدى ھاجىم. مەن ئاراتىدا بولغانلىقىمنى، تۇرپانغا خەت
ئېلىپ چىققانلىقىمنى قىسقا قىلىپ ئېيتتىم. «ھە» دەپ ھەس-
رەتلىك ھالدا تىنىپ قويۇپ: «شۇ ۋاقىتتا خاتا بوپتىكەن،
خەير خۇدانىڭ تەقدىرى، مېنى بۇ كاپىر ساق قويمايدۇ. بو-
شاپ چىققىنىڭىزدىن كېيىن كۆرگەن بىلگەنلەرگە سالام دەڭ» -
دېدى. «خوش ھاجىكا، خۇدا نىجاتلىق بىرەر» - دەپ تاراملىغان
يېشىمنى سۈرتۈپ ئارقامغا ياندىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچى
كۆرۈشەلمىدىم.



## كۆرچەيدىكى ھادىسە

1934 - يىلى قۇمۇلدىن تۇرپان، كۇچا تەرەپلەرگە تى-
جارەت بىلەن بارماقچى بولۇپ، 40 شىرە چاينى كىراغا بې-
رىپ تۇرپانغا كەلدىم (بىر شىرە دېگەنلىك 12 تاختا چاي
ئىدى). شۇ كۈنلەردە بىر سەر ئالتۇنغا 25 تاختا چاي كېلەت-
تى. تۇرپانغا كېلىپ، ئۈرۈمچىدە چاي، ئۈزۈم، پاختىلارنىڭ با-
ھاسى يۇقىرى ئىكەن دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئۈرۈمچىگە بې-
رىش مەقسىتىدە تۇرغان ئۈچ نەپەر سودىگەرگە قوشۇلۇپ، 30
نەچچە ئات، خېچىر ۋە ئېشەككە كىرا بېرىپ، توقسۇننىڭ كۆر-
چەي دېگەن يېرىدىن 11 ئادەم كېچىسى ئوغرى يول بىلەن
ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقتۇق. كۆرچەيدىن 30 كىلومېتىر
يىراقلىقتا كېتىۋاتقىنىمىزدا رازۋېتكىغا چىققان ماجۇڭيىڭنىڭ سەككىز
ئاتلىق ئەسكىرىگە ئۇچراپ قالدۇق. ئۇلار يىراقتىن: «تاك -
تۇك» قىلىپ بەش - ئالتە پاي ئوق ئاتتى. ئاندىن يېقىن كېلىشتى-
دە، «چاڭبى! ژىنەي نەي! شالەي» - دېيىشىپ، مىنگەن ئۇلاغلىرى-
مىزدىن يەرگە چۈشۈرۈپ قاتار تۇرغۇزدى. «راستىڭلارنى ئېيت-
تىڭلار، ئاراڭلاردا ئىشپىيون بارمۇ؟ ئېلىپ يۈرگەن مەخپى خەت
بارمۇ؟ ئالتۇن بارمۇ؟» دېگەندەك سوئاللارنى سورىدى. بىز
خۇدا ۋە رەسۇللانى شەفى كەلتۈرۈپ يىغلاپ تۇرۇپ: «بىزدە
ئۇنداق ئىش يوق. ئەگە تېپىلسا ئېتىپ تاشلاڭلار بىز رازى»
دەپ يالۋۇردۇق. شۇنىڭدىن كېيىن بىزنى ئىككى ئەسكەر، ئۇ-
لاقلارنى تۆت ئەسكەر قورشاپ توقسۇن تەرەپكە ئېلىپ
ماڭدى.

سامانغا تۇياق خۇيزا (غۇلجا تىلى) دېگەندەك،
بىزمۇ پۇلغا تويدۇق. 20 كىلومېتىر چازىغا يەتكىچە ئۇلاق
بىلەن تەڭ ھەيدەلگەچكە بەكمۇ قىينالدۇق. يەنە بىر تەرەپ-

تىن جان قايغۇسى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن مال قايغۇسى بىزنى قاتتىق قىينىماقتا، زۇۋان سۈرمەستىن ئىمان - ئىسلام ئوقۇپ مىڭ مۇشەققەتتە چازىغا يېتىپ كەلدۇق. چازىدا بىر كاپىتان دەرىجىلىك ئوفىتسېر بولۇپ، ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، ئۆزىمىزگە يۈكنى چۈشۈرتۈپ بولۇپ بىر قوتانغا قاماپ قويدى. ئۇسساپ كېتىپ سۇ تەلەپ قىلساق تاڭ يورۇغاندا ئوبدان سۇغىرىمىز، دەپ تەنە قىلدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئارىمىزدىكى ھاجى ئاخۇن دېگەن كىشى: «رازى بولۇڭلار» — دەپ ۋەسىيەت قىلغىلى تۇردى. «نىمە قورقىسەن، قورقما» دەپ تەسەللى بەرسەك، «سۇ بەرمىگەنگە قارىغاندا بىزنى ئېتىپ تاشلايدىغان ئوخشايدۇ» - دېدى ھاجى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىزمۇ ئەندىشە قىلدۇق. چۈنكى شۇ كۈنلەردە داۋانچىڭدا قاتتىق ئۇرۇش بولۇۋاتاتتى. ئازغىنە ئىش بىلەن بەش — ئون ئەمەس بىرەر يۈز ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاش ھېچگەپ ئەمەس ئىدى. بىر كېچە كىرپىك قاقماي چىقتۇق. خۇداغا شۈكرى، تاڭ يورۇغاندا بىر چېلەكتە قايناقسۇ ھەمدە نان ئەكىلىپ بەردى، بىر ئادەم ئاجرىتىپ ئۇلاقلارنى يىغىپ كېلىشكە رۇخسەت قىلدى. ئون نەچچە نەپەر ئەسكەر خورجۇن - قاچا ۋە نەرسە - كېرەكلىرىمىزنى يىغىشتۇردى ئاندىن يۈك - تاقلىرىمىز بىلەن ئۆز ئۇلاقلىرىمىزغا مىنگۈزۈپ توقسۇن تەرەپكە ھەيدەپ ماڭدى.

تۈن يېرىمدا توقسۇندىكى چېكفاك سىلىكبۇسىغا ئېلىپ كېلىپ ھەممىمىزنى بىر زالغا قاماپ قويدى. ئاز كەم بىر ئايدەك رېجىمدا تۇردۇق. چاي، ئۈزۈم، پاختا ۋە تۈلكە تېرىلىرى قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى مۇسادىرە قىلىندى. كېيىنچە توقسۇنلۇق سەمەت شاكيو، ماشاكپولارغا پارە بېرىش ئارقىلىق ماللىرىمىزنىڭ 50% پىرسەنتىنى ئېلىپ بوشاندۇق. مەن 20 شىرە (240 تاختا چاي) بىلەن ئىككى ئاتقا ئالغان قىچىرنى زىيان تارتتىم.



دېمەك ئون نەچچە نەپەر ئادەم ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدۇق. بىر نەچچە كىشى سەرگەردان، خانىۋەيران بولۇپ كەتتى. مەنمۇ بىرقانچە يىللارغىچە ئەسلىمگە كېلەلمەي، ئىشىم ئىلگىرى باسماي، كۆپ قىيىنچىلىقلارغا دۇچار بولدۇم.

### قۇمۇلغا ئىككىنچى قېتىم بېرىشىم

ھاشىم ھاجىنىڭ ئەسلى ئىسمى مەنسۇر بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ھەرقايسى ئورۇنلارغا بېرىپ ۋەزىپە ئۆتەشتە ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ تۇرىدىغان ۋە تۈرلۈك قىياپەتلەرگە كىرىۋالىدىغان ھىلىگەر رەڭۋاز ئىدى. ئۇ ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان مەككار بولۇپ، ئۇنىڭ قىياپىتى ۋە جادۇگەرلىك سىماسى، قارا چىرايى، سوقا يۈزلۈكى، چىقىر خۇنخور كۆزلىكى، ئۇنىڭ قارا يۈرەكلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. 42 ياشلارغا كەلگەن بۇ ئادەم سوۋېت تۈپرىقىدا ئۆسۈپ، گۇگېيەن (ئامانلىق ساقلاش) بۆلۈملىرىدە ئىشلەپ تېررورلۇق قىلىش بىلەن مەرتىۋىگە ئېرىشىپ، سوۋېت ئۆزبېكىستاننىڭ پەرغانە قاتارلىق جايلىرىدا نۇرغۇنلىغان خەلقنىڭ قېنىنى تۆككەن ھەم كۆپلىگەن ئائىلىلەرنى خانىۋەيران قىلغانلارنىڭ بىرى ئىدى.

1935 - يىلى شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنىڭ تەلىپى بويىچە ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئۈچ نەپەر ژاندارما خادىمى بىلەن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىدۇ. بۇلاردىن بىرسى، سېيىت ھاجى ئۈرۈمچى گۇڭئەن گوەنلىچۇدا پولكوۋنىك ئۇنۋانى بىلەن ئىشلىدى. ئىككىنچىسى، ھاشىم ھاجى قۇمۇلدا يولۋاسنى قولغا ئېلىش شۇنىڭدەك قۇمۇل خەلقى ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ئادەملەرنى يوقىتىش ئۈچۈن قۇمۇلغا كەلدى. ئۈچىنچىسى، قادىر ھاجى دېگىنى جەنۇبىي شىنجاڭغا خۇسۇسەن ماموت سىجاڭنى

قولغا چۈشۈرۈش، يوقىتىش ئۈچۈن قەشقەر گۇڭئەنجۈيگە كىب-جاڭ ئەمەلىيەتتە جۈيجاڭ بولۇپ بېرىپ ئورۇنلاشتى. بۇنىڭ قەشقەر خەلقىغە يەتكۈزگەن دەھشەتلىك قىلمىشلىرى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىزدۇر. ئۇ قانچە يۈزلىگەن ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولدى. ئاتا - بالا ۋە ئانىلارنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ، مال-مۈلۈكلەرنى مۇسادىرە قىلدى. بۇ ھەقتە قەشقەردىن قولغا ئېلىنىپ كەلگەن ئابدۇراخمان خالىقنىڭ ئېيتىشىچە قەشقە كوچىسىغا چاپلانغان بىر كۇبلېت شېئىردا مۇنداق دېيىلگەن:

كاشغەر چۇمبۇستا يۇرتۇم ھاشىم ھاجى ئۇغلىمەن،
كۆرۈنۈشتە سۇپى ئەمما باتىنىمدە ئوغرىمەن.
ئۆلتۈرۈش سەنئەتكە تولغان قانخۇمار كەسپىم مېنىڭ،
كىم ماڭا ئىشىنىڭ خاتا دېسە جاۋابىم توغرىمەن،

مانا قادىر ھاجىمنىڭ قەشقەر خەلقىغە قىلغان زىيانكەشلىكى، كۆشەندىلىكى پۈتۈن شىنجاڭغا ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن ئاللىقاچان مەلۇم بولغان.

ئەمدى ھاشىم ھاجىنىڭ قۇمۇلغا كېلىپ ئورۇنلاشقانىدىكى ئىپلاس قىياپىتىگە كەلسەك، ئۇچىسىغا كىيگىنى ئالا يوللۇق، ئالدى ئوچۇق ئۇزۇن چاپان، بېشىدا ھەرەمنىڭ سىرىق سەللىسى، پۇتىدا مەسە - كالاچ، كۆرۈنۈشى كەمتەر، يەنە بىر تەرەپتىن زاھىت - سۇپى، ئۆيىنىڭ ئىچىگە كىرسىڭىز تامغا ئېسىغلىق قۇرئان جىلتىكىسى ھەمدە تامغا نەقىشلەپ يېزىلغان ئايەتلەر كۆزىڭىزگە چېلىقىدۇ. بەشۋاق نامازدا جامائەت بىلەن بىللە بولۇپ، مەسچىتكە بۇرۇن كىرىپ، كېيىن چىققىشتەك ئۇستىلىقى بىلەن بىر تۈركۈم كىشىلەرنى ئۆزىگە دام قىلىپ ماتېرىيال توپلاشقا كىرىشىدۇ. شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ھاشىمنىڭ قۇمۇل گۇڭئەنجۈيگە كېلىشىدە، كۆرۈنۈشتە ئۇ گۇ-



جاڭ (بۆلۈمچە باشلىقى) بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ۋىلايەتلىك گۇڭئەنجۈيگە مۇئاۋىن جۈيجاڭ ئىدى. ئۇ كېلىپ بىر ئاي ئىچىدىلا باش قارا قوللۇق ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالىدۇ. بۇ جەرياندا قۇمۇل شەھرى، 12 تاغ، بەششەر دائىرىسىنى جاسۇسلۇق تورى بىلەن قاپلاپ بولىدۇ.

ئۆتكەن تارىختىن تارتىپ ئىنقىلابىي ھەرىكەتكە قاتناشقان ۋە ياردەم بەرگەن ئادالەتپەرۋەر كىشىلەرنىڭ ئەۋلاتلىرىنى، دورغا، بەگ، غوجا، خىزمەتچىلەرنى، شۇنىڭدەك شەھەر ئىچىدىكى يۇرت مۆتىۋەرلىرى ھەم دىنىي زاتلار ۋە زىيالىي، تىجارەتچى قاتارلىق نەچچە يۈزلىگەن ئادەملەرنى قولغا ئېلىش سۈيىقەستىنگە ھازىرلىق كۆرۈش بىلەن، بىر چەتتىن قولغا ئېلىپ ئۈرۈمچىگە يوللاشتەك رەزىل ئىشلارنى قىلدى. شۇنىڭدەك نەچچە يۈزلىگەن خەلقنى ناھەق ئۆلتۈرگۈزدى ۋە ئىزسىز يوقاتتى.

جاللات شېڭ شىسەينىڭ ھاشىم ھاجىنى قۇمۇلغا ئەۋەتىپ، يولۋاسنى قولغا چۈشۈرۈش مەقسىتى كىتابخانلارغا ئېنىق بولسىمۇ، بۇ ھەقتە مەن يەنە ئازراق توختىلىپ ئۆتىمەن.

يولۋاسنىڭ 1930 - يىللاردىكى ياش قورامى ئەللىك بەشلەردە بولۇپ، ساقاللىق، ئېگىزگە مايىل، ئاق چىراي ئادەم بولۇپ، ئۆتكۈر، زېھنىلىك، جەددىي، مۇھاپىزەتتى كۈچلۈك ئادەم ئىدى. خەنزۇ تىلىغىمۇ خېلى ئۇستا بولۇپ جىڭ شۇرېن، شېڭ شىسەيدىن كەلگەن خەنزۇچە تېلېگراممىلارنى تۇڭ فامىلىلىك كاتىپى ئوقۇپ بەرسىلا شۇ ھامانلا چۈشىنەتتى ۋە جاۋابىنىمۇ خەت بويى ئېيتىپ بېرەتتى. گارنىزون قوماندانى بولۇشتىن بۇرۇنقى تارىخىغا كەلسەك، شامەخسۇت ۋاڭ دەۋرىدىمۇ شامەخسۇتنى قايىل قىلدۇرۇپ كەلدى. ۋاڭنىڭ ئىككىنچى ھۆكۈمرانى بولغان تەيجىلىرىنى كۆرۈنۈشتە ھۆرمەت قىلغاندەك بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنى كۆزىگىمۇ ئىلمايتتى. ئۇ ۋاقىتتىكى خىزمىتى ۋاڭنىڭ تايانچ بەگلىرىنىڭ ئالدىنقىسى، ۋاڭنىڭ تەرجىمانى، شەنجاڭ،

ئۇردا تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن قوشۇمچە بازار بېگى ئىدى. كېيىنكى
كۈنلەردە بولسا قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ھوقۇقلۇق باشـ
لىقى بولۇش بىلەن ماجۇڭيىڭغىمۇ ياردەم قىلدى. ئەڭ ئاخىرىدا
شېڭ شىسەيگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن قۇمۇل، باركۆل تاغلىرىـ
دىكى قوراللىق، قورالسىز قازاقلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ھەربىي
كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ، گارنىزۇن قوماندانلىق ھوقۇقى ئاستىدا شېڭ
شىسەينىڭ قۇمۇلغا ئەۋەتكەن قوشۇنى يەتتە قۇدۇققا كەلگەندە
قوشۇننىڭ قۇمۇلغا كېلىشىگە قارشى چىقىپ، ئارقىغا چېكىندۈردى.
بۇ ئەھۋاللاردىن شۇ ۋاقىتتا خەۋەر تېپىپ تۇرغان شېڭ شىسەي
يولۋاسقا قارىتا تۈرلۈك ھىيلە ـ نەيرەڭ ئىشلىتىشكە كىرىپ، ئارقىمۇ
ئارقا سوۋغا ـ سالام ئەۋەتىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

بىر قېتىم مەن بۇ ئەھۋالنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنىـ
دىم: توختاخۇن بىلەن ئىككىمىز يولۋاسنىڭ ھويلىسىدا تۇرغىنىـ
مىزدا يولۋاس ھەربىيچە كىيىنگەن ھالدا كىرىپ كەلدى. بۇ
چاغدا توختاخۇن: «سىلىڭنىڭ ھەربىيچە كىيىمى تازا يارىشىپتۇ» ـ
دېدى. مەنمۇ قوشۇمچە قىلىپ: «راست يارىشىپتۇ، مۇبارەك بولغاي» ـ
دېدىم. يولۋاس شۇ چاغدا كۈلۈپ قويۇپ: «دۇبەن جانابلىرى
ئالدىدا پۇتۇمغا ئۆتۈك ئەۋەتتى، ئارقىسىدىن ئۇچاڭدەي بىلەن
پاگون ئىلتىپات قىپتۇ، بۇ ئىلتىپات ئۆرلەپ باشقا يېقىن
كېلىۋاتىدۇ» ـ دېدى ئۇ. ئۇنداق كۈلۈشى «يولۋاسنىڭ ھىجايـ
غىنى، كۈلگىنى ئەمەس» ـ دېگەن تەمسىلنىڭ ئۆز ئەينى ئىدى.
بىز «باشلىرىنى خۇدايىم ساقلايدۇ سىلىنىڭ» ـ دېدۇق. ئاخىرىدا
دۇبەن يولۋاسنى ئۇرۇمچىگە چىقىش ئۈچۈن تەكلىپ قىلىپ
بىرقانچە قېتىم تېلېگرامما ۋە ئالاقە ئەۋەتىدۇ. ئەمما يولۋاس
بۇ تورغا چۈشمەي ئۆزىنىڭ ئورنىغا ئوغلى ياقۇپبەگنى ئەۋەـ
تىدۇ. دېمەك يولۋاس سىياسى ھىيلىگەرلىكتە بىر قولىدا ئوت،
بىر قولىدا سۇ كۆتۈرىدۇ. ئۇ بىر يۇمىلىنىپ دىنىي زات، بىر يۇمىـ
لىنىپ كوممۇنىست بولۇۋېلىشتەك خۇسۇسىيەتكە ماھىر ئىدى.



يەنە كېلىپ قۇمۇلغىلا ئەمەس، بەلكى شىنجاڭغىمۇ مۇستەقىل
ھاكىم بولۇشتەك سۇيىقەستلىك غەرەزدىن خالى ئەمەسلىكى سۆز
ھەرىكىتىدىن ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

شېڭ شىسەي بۇنداق خەۋپلىك يولۋاسنى تورغا چۈشۈـ
رۈش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ھاشىم ھاجىدەك ئۇستا ئوۋـ
چى ئاپپاراتچىلارنى تەكلىپ قىلىپ قۇمۇلغا ئەۋەتتى، ھاشىم ھاجى
قۇمۇلغا كېلىپ ئالدى بىلەن يولۋاسقا يېقىنلىشىپ ئۇنى قولغا
چۈشۈرۈش ئۈچۈن تۈرلۈك ھىيلە ـ مىكىرلەرنى ئىشلەتتى. ئەمما
ئۇ ھەرقانچە نەيرەڭ ئىشلىتىپمۇ يولۋاسنى قولغا چۈشۈرەلمىدى.
ئاخىر ئۆزى مەغلۇپ بولۇپ، قۇمۇلدىن ھىمايەت ئاستىدا قېچىپ
قۇتۇلدى. ئاخىرىدا يولۋاس جىلىڭ شۈرۈپ، شېڭ شىسەي ۋە
سوۋېت جاسۇسلىرىنىڭ قولىغىمۇ چۈشمەي، ھەتتا كېيىنكى ۋاـ
قىتتا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگىمۇ تەسلىم بولماي قېچىپ
يۈرۈپ، ئۆزىنى تەيۋەندىكى جياڭ جيېشىنىڭ قوينىغا ئاتتى.

1935 - يىللىرى مەن قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشـ
مىسىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان ۋاقتىم بولۇپ،
ئانچە ـ مۇنچە كىچىك تىجارىتىممۇ بار ئىدى. سەبداشلىرىمدىن
توختاخۇن پولات ھاجى ئوغلى (يولۋاسنىڭ ئۇزۇن يىللىق مەسـ
ئۇل كاتىپى بولۇپ ئىشلىگەن)، باۋۇدۇن ھەسەن بالا ھاجى ئوغـ
لى (تىجارەت بىلەن چەت ئەللەرگىمۇ بارغان) قاتارلىقلارنىڭ
ياش قورامى تەڭ بولۇپ، قولغا ئېلىنغان ۋاقتىمىزدا 30 ياشـ
لار چامىسىدا ئىدۇق.) شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا بىز
ئۈچىمىز جامائەت ئىچىدە زىيالىيلار قاتارىدا سانىلىپ، ھەر
تەبىقىدىكى نوپۇزلۇق كىشىلەر بىلەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىمىز
قويۇق بولۇپ، ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىدۇق. شۇنىڭغا ھاشىم ھاـ
جىغا قىزىقارلىق ماتېرىيال بولۇپ قالغانىدۇق.

دەل شۇ كۈنلەردە قەشقەردىن ئاتۇشلۇق ئابدۇراخمان
قارىھاجى باشچىلىقىدا بىرقانچە مۇئەللىم (ئىزچى مەكتىپىنىڭ ئوقۇـ

غۇچىسى) قۇمۇلغا ئوقۇتقۇچى بولۇپ كەلدى. ئۇلار ئۇيغۇر، ئۆزبېك ياشلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، قەشقەردىكى مىللەتپەرۋەر مەمتىلى ئەپەندى تەربىيىسىنى سىڭدۈرگەن قەلبى پاك ياشلار بولسىمۇ، ئەپسۇسكى ئۈرۈمچىگە كېلىپلا شېڭ شىسەينىڭ پايلاقچىسى بولغان سېيىت ھاجى ۋە قادىر ھاجىلارنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە قاپقانغا دەسسەپ، ئىشپىيونلۇق ئورگىنىغا قول - چوماق بولۇپ، قۇمۇلغا ئەۋەتىلگەن ھەمدە ھاشىم ھاجىغا ئالدىن تونۇشتۇرۇلغانىكەن. ھاشىم ھاجى بۇلارنى چاڭگىلىغا ئېلىپ، كۈندىلىك مەلۇمات بېرىپ تۇرۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ. بۇ ياشلار يالغاننى راستقا بوياشتا ۋىجدان ئازابىغا گىرىپتار بولۇپ قىينالغان بولسىمۇ، توغرىنى ئوغرى قىلىپ كۆرسىتىپ مەلۇمات بېرىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: ×× (مەخپى ئىسمى بىگىز) مەن توغرۇلۇق يازغان بىر ماتېرىيالىدا: «ئېزىز نىيازى ياشلار مەشرىپىدە ئەكسىيەتچىل تەشۋىق تارقاتتى، ئېيتقان غەزەللىرى تىكەنلىك» دېگەن. ۋەھالەنكى، مەن مىڭ بىركېچىنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلىگەنىدىم.

ئەمدى ھاشىم ھاجىنىڭ بىزگە قۇرغان تور ۋە چاچقان دانلىرى مۇنداق بولدى: بىز تورغا چۈشۈشتىن بۇرۇن ھاشىمنىڭ قانداق زالىم ئىكەنلىكىنى ئاز - تولا سەزگەنىدۇق. ئەمما ئەھۋالنىڭ تاسادىپىيلىقى كىتابخانىلارغا كېيىن بىلىنىدۇ. ھاشىمنىڭ بىز ئۈچىمىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئۇ بىرىنچى قەدەمدە ئۆيلىرىمىزگە سالامغا كىردى ۋە بىزنىمۇ ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ، غەرەزلىك ھالدا دوستلۇق ئىشىكىنى ئاچتى. ئىككىنچى قەدەمدە ئۈچىمىزنى بىر - بىرىمىزگە يولۇقتۇرماي ئايرىم ھالدا سۆھبەتلىشىپ، سىرلىق ھالدا دوست بولۇش ۋە مەخپىيەتلىكنى ساقلاش توغرىسىدا ۋەدە ئالدى. ئۇنىڭ بىزگە ئېيتىشىچە، پات ئارىدا شۇنداق بىر يېڭى جاھان يارىتىلىدۇكى، ئۇنىڭغا توسالغۇ بولىدىغان يولۋاس بارمۇ، بۆرە بارمۇ - تامامەن يوقىتىلىدىكەن.



شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق شارائىتتا بىزنىڭ ئالدىنقى سەپتە تۇرۇپ، بۇ يېڭى جاھان ئۈچۈن ھەسسە قوشمىساق يامان ئاقىۋەتكە مۇپتىلا بولۇپ قېلىشىمىز ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەسمىش. مەن ھەممىنى ئاڭلاپ كاللامدا: «بۇ تاماشانى كۆرۈڭ، قېنى نېمە دەيسىز؟» دەپ ئويلايتتىم. شۇنداقتىمۇ كېچىكتۈرمەيلا: «بولىدۇ ھاجىم، پىكىرلىرىنى قوبۇل قىلىمەن، ئېيتقانلىرى راست، چۈشەندىم، ھەقىقەتەن يولۋاس يامان ئادەم، ئاغمىچى ئادەمدە ۋاپا يوق. يوقىتىش كېرەك!» - دەپ دادىل ئىپادە بىلدۈردۈم. چۈنكى ۋەزىيەتنىڭ مۇرەككەپلىكىنى چۈشىنەتتىم. ئۆزۈمچە كەلگۈسىدە شېڭ شىسەي غەلىبە قىلىدۇ. يولۋاس چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ، دەپ ئويلايتتىم. ھالبۇكى، يولۋاس مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىسا، يولداشلىرىم بىلەن ماڭا خەۋپ يېتىشى مۇقەررەر ئىدى. چۈنكى بىز يولۋاس ھەم ئۇنىڭ بالىلىرى بىلەن كېچە - كۈندۈز بىللە يۈرگەنلىكىمىز ھەممىگە مەلۇم ئىدى. شۇنىڭدەك يولۋاسنىڭ شېڭ شىسەيگە ۋە سوۋېتكە قارشىلىقىنىمۇ چۈشىنەتتۇق. مەسىلە شۇنداق ئىكەن، ئىككى بىسلىق تۇرۇشىمىز لازىم — دېگەن كۆز قاراشتا بولۇپ، جاۋابەن مەن ۋەدە بەرگەن بولدۇم. شارائىت، ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بۇنىڭدىن باشقىچە تەدبىرگە پۇرسەت بەرمەيتتى. يولۋاسنىڭ ئىستىقبالىغا كەلسەك، ئۇنىڭدىن قىلچە ئۈمىد يوق. شېڭ شىسەي تېخىمۇ خەۋپلىك، بىزنىڭ شۇ مەزگىللەردە يولۋاس بولسۇن ياكى بالىلىرى بىلەن بولسۇن مۇناسىۋىتىمىز چىن مۇناسىۋەت بولماستىن، شەكىلدىكى مۇناسىۋەتتىن ئىبارەت ئىدى.

يۇقىرىدا ھاشىم ھاجىنىڭ بىزگە قۇرغان تورلىرى توغرىسىدا بىر ئاز توختىلىپ ئۆتتىم. جۈملىدىن ئۇ ماڭا قىلغان سېھرىگەرلىكىنى توختاخۇن، باۋۇدۇن ئاخۇنلارغىمۇ ئوخشاش ئىشلىتىش ئارقىلىق جىددىي تەھدىت سېلىپ، قايمۇقتۇرۇپ، يولۋاسقا قارشى ھەرىكەت قىلىش ئۈچۈن قول قويدۇرۇپ ھۆججەت ئا-

لىدۇ. شۇنىڭدەك بىز ئۇچىمىزنىڭ بۇ ھەقتە بىر - بىرىمىزگە
گەپ قىلماسلىقىمىزنى ئۇقتۇردۇق. يەنە بىر تەرەپتىن ھاشىم
ھاجى ئۈچۈن زور خەتەرنىڭ يۈز بېرىشى، مىنۇتلاپ ئەندىشە-
نىڭ بولۇشى مۇقەررەر. چۈنكى بىز قولىمىزدىن ھۆججەت
بەرگەن. بۇنى ئەگەر يولۋاسقا ئېيتسىلا قويساق ئىشنىڭ بۇزۇ-
لىدىغانلىقىنى ئويلاپ، خاتىرجەم تۇرالماسلىقى چوقۇم. نەق
شۇ پەيتتىكى سائەتلەر بىز ئۈچۈن ئەڭ دەھشەتلىك سائەت
ئىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا ھاشىم ھاجى بىزنىڭ ئېيتىپ قويۇ-
شىمىزدىن ئەنسىرەپ، بىزنى گۇڭگەنجۇيگە ئېلىپ كېلىپ
يوقىتىۋېتىپ ئاندىن ئۆزى كېچىكلەپ ئۈرۈمچىگە قېچىپ كېتىشتەك
يامان نىيەتكىمۇ كەلمەيدۇ دېگىلىمۇ بولمايتتى.
بۇ ۋاقىتتا بىز ئۇچىمىز ئوخشاش باغلىنىپ بولغان بول-
غاچقا دەككە - دۈككىدە كاللىمىز ساراڭ ھالەتكە چۈشۈپ، بىر-
بىرىمىزگە يولۇقۇپ نىمە قىلىش ھەققىدە گەپ ئېچىشقا
جۈرئەت قىلالماي بىر يېرىم سوتكا ئۆتتى. بۇ ۋاقىتتا ھاشىم
ھاجى بىزنىڭ يولۋاسنىڭ ئۆيى تەرەپكە مېڭىش ۋە باشقا
ھەرىكەت قىلىشىمىز توغرىسىدا كېچىلەپ رازۋېت قىلىدۇ. ئەمما
توختاخۇن يولۋاسنىڭ يېنىدىكى ئادىمى بولغانلىقتىن، خاتىرجەم
بولمىغان ھاشىمغا ئىختىيارسىز قورقۇنچ چۈشۈپ، ئىككىنچى
كۈنى ئەتىگەن سائەت سەككىزدە توپتوغرا يولۋاسقا بېرىپ،
يالغان گەپ بىلەن مەلۇمات بېرىدۇ. بۇ ئەھۋالنى ئاڭلىغان
يولۋاس ئۇچىمىزنىڭ بۇنداق قارا نىيەتلىك ئادەملەر ئىكەنلى-
كىمىزدىن ھەيران بولىدۇ - دە، بىردە ئىشەنسە، بىردە ئىشەن-
مەي چوقۇم بىر سىرنىڭ بارلىقىنى سېزىدۇ. شۇ ئاندا يولۋاس
ئوغلى نىيازبەگ بىلەن كۆسۈرلۈشۈپ دەرھال ئۆزگىرىش پەيدا
قىلىپ، قومۇل ۋالىسى، شەنجاڭ ۋە گۇڭگەنجۈينىڭ جۇيجاڭ،
ۋە باشقا ئىدارە، جەمئىيەت باشلىقلىرى ۋە يۇرت مۆتىۋەرلىرىنى
قورۇسىغا يىغىپ، ۋەقەلىكنى بايان قىلىدۇ. شۇ سائەتتە بىز ئۇچىمىز-



نىمۇ بىر - بىرلەپ چاقىرتىپ كېلىدۇ. دەرۋازىدىن كىرىشىمىزگىلا قا-
رىغۇدەك بولساق، قورۇ ئىچىدە ھەربىي ھالەت بولغا قويۇلۇپ
پىلىموتلار قۇرۇلغان بولۇپ، بىزنىڭ پۇت - قوللىرىمىزغا
كويزا - كىشەن سېلىندى. ئوشتۇمتۇت بولۇنغان بۇ دەھشەتلىك
ھادىسە يۈرەكلىرىمىزنى مۇجۇپ، يولۋاسنىڭ ۋە خەلقنىڭ ئالدىدا
زۇۋانىمىز تۇتۇلدى. ئاندىن بىزنى سىلىڭبۇغا يەتكۈزۈپ قاماپ
قويدى. شۇ ئاخشىمى يولۋاس توختاخۇننى سوراق قىلغاندا، توخ-
تاخۇن ھاشىمنىڭ پۈتۈن سىرىنى پاش قىلىدۇ. بىزدىن سورىغاندا
بىزمۇ ئەينى ئەھۋالنى تەپسىلىي ئېيتتۇق. ئەھۋالنى ئۇققان يولۋاس
ھاشىمنى قولغا ئېلىش بىلەن گۇڭگەنجۈنى قامال قىلىپ، ئۈ-
رۈمچىگە تېلېگرامما يوللايدۇ. تېلېگرامما ئىككىنچى كۈنى
ئۈرۈمچىدىن گۇڭگەن گۇەنلىچۇنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاڭ بىلەن جۇنفا
چۇنىڭ باشلىقى كەلدى. بىز قامىلىپ ئۈچىنچى كۈنى كەچتە
سىلىڭبۇنىڭ زالىدا بىز سوراق قىلىندۇق. بىز ئۈچىمىزنى ئايرىم-
ئايرىم ئۆيلەرگە قامىدى. مېنى كەچتە سوراققا چاقىرىپ ئېلىپ
چىققانىدى. ئۆيگە كىرىشىمگىلا ئىككى خەنزۇ ئەمەلدار يەنە بىر شىبە
ئەمەلدار ۋە يولۋاس بولۇپ تۆت ئادەم ئولتۇرۇپتۇ. يولۋاسنىڭ
قوراللىق ئىككى فۇگۇەنى بار. خەنزۇ ئەمەلدارلارنىڭ بىرى مېنى
ئولتۇرۇشقا رۇخسەت قىلدى. يولۋاس ماڭا قاراپ: «بۇ مېھمانلار
ئۈرۈمچىدىن كېلىدۇ» — دەپ ئىككى خەنزۇ ئەمەلدارنى تونۇشتۇر-
دى. ئۈچىنچى كىشىنى: «دۇبەن گوڭشۇنىڭ ۋەكىلى بولىدۇ» —
دېدى. (بۇ كۆك كۆز ئادەم بولۇپ، ئۈرۈمچى كونسۇل ۋەكىلى
ئىدى). جۇنفا چۇنىڭ چۇجاڭى «جاڭ» مېنىڭ تارىخىمنى قىسقىچە
سوراپ كېلىپ: «سەن سوئالغا راستىڭنى ئېيت، بىرىنچى سو-
ئال، ياۋ سىلىڭنى ئۆلتۈرمەكچى بولغىنىڭ راستمۇ؟ ئىككىنچى،
نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرمەكچى بولىسەن؟ ئۈچىنچى، توختى، باۋۇدۇن
ئىككىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭنى تولۇق ئېيت؟» — دې-
دى. مەن ئۇلارغا: «ئۆلتۈرمەكچى بولغىنىممۇ راست، سەۋەبى ھا-

شىم ھاجىنىڭ پىكرىگە قوشۇلغانلىقىمدىن بولدى. باۋۇدۇن ۋە
توختى بىلەن يېقىن دوست بولغانلىقىم راست، ئەمما سىلىڭنى
ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقىمنى ئۇلارغا ئېيتمىدىم ھەم ئۇ ئىككىسىنىڭ
ياۋ سىلىڭغا سۇيىقەستى بارمۇ ياكى يوقمۇ ئۇنى بىلمەيمەن.
سۇيىقەستى بار دەپ ئېيتالمايمەن» — دېگەندەك جاۋاب-
لارنى بەردىم. ئاندىن كېيىن ھاشىم ھاجى بىلەن بولغان
مۇناسىۋەت توغرىسىدا باشقا سوئال سورىماي سۆزىنى ئاخىرلاش-
تۇرۇپ مېنى قايتۇردى.
بىزنىڭ ھاشىمغا يېزىپ بەرگەن ھۆججەت ۋە ھاشىمنىڭ
بىزگە ئېيتقان ئىچكى سىرلىرى يولۋاسقا پاش بولغىنىدەك، بۇ
سوراقچىلار ئالدىدىمۇ سىر پۈتۈنلەي ئاشكارىلاندى. بۇنىدىن كې-
يىنكى ئەھۋالنى قاماقتا بولغىنىمىز ئۈچۈنلا بىلەلمىدۇق، ئەمما
قاماقتىكى ۋاقتىمىزدا يولۋاسنىڭ بىزنى كۆزىتىشكە قويغان
ئەسكىرىدىن ئاڭلىشىمىزچە، ھاشىم ھاجىنى ئۈرۈمچىدىن كەل-
گەن «سوراقچىلار» يولۋاسنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇپ ئۈرۈمچىگە
ئېلىپ كېتىپتۇ.
بىز قومۇل سىلىڭبۇغا قامىلىپ، ئۈرۈمچىگە يوللانغانغا قە-
دەر بولغان ئەھۋالدىن ئېيتقاندا، بىز قولغا ئېلىنغان كۈنى بۇ
ئەھۋال قومۇلغا پۇر كېتىپتۇ. ئۇلار — «نېمە بوپتۇ؟»، «يول-
ۋاسنى ئۆلتۈرمەكچى بوپتۇ» - دېگەندەك سۆزلەرنى ئاڭلىغان كى-
شىلەر ھاڭ - تاڭ بولۇشۇپ بىزگە ئېچىنىدۇ. ئائىلىدىكىلەرمۇ
ئاڭلاپ، غەمگە چۆشۈپلا قالماي يىغا - زارە كۆتۈرىشىدۇ ۋە
يولۋاس ئالدىدا ئېغىر خىجالەت بولۇشىدۇ. بىزگە تۈرلۈك خى-
يااللار ئاستىدا ھەسرەتلىنىپ ياتماقتىن باشقا چارە بولمىدى.
قامىلىپ ئىككى يېرىم ئايدىن كېيىن يولۋاس بىز ئۈچىمىز بى-
لەن تۇرۇپ: «مەن بۇ ئۈچىڭلارنى بالىلىرىمدىن پەرقسىز قا-
راپ كەلگەن، ھېلىمۇ شۇنداق قارايمەن، بۇ ئىشلار ھەممىسىگە
مەلۇم بولدى، ھەممە شەيتانلىق ھاشىم ھاجىنىڭ خائىنلىقى



بولۇپ، ئۇنىڭ ھىيلىسىگە قوشۇلۇپ كېتىشتىلا. مەن چۈشىنىمەن،
ھەر قايسىلىرى مېنى ئۆلتۈرمەسلىكلىرى مۇمكىن، ئەمما شۇنداق
ئىشلارمۇ بوپتۇ، بىرلىرى كېلىپ ماڭا بۇ ئەھۋالنى شۇ كۈنى
بولمىغاندا ئەتىسى خەۋەر قىلىشماي، ھاشىم ھاجىنىڭ ئالدىن مەلۇم
قىلغىنىغا ناھايىتى ئېچىندىم. مەن ھەرقايسىلىرىغا يامانلىقمۇ
قىلمىغان ... خەير ئەمدى، دۇبەن ھەرقايسىلىرىنى جىق سۈ-
رۈشتۈرۈپ كەتتى. مەن چىقارتماي دېگەنىدىم. لېكىن چىقات-
مىسام بولمايدىغان پەيتكە توغرا كېلىپ قالدى. ئۈرۈمچىگە
چىقارتىدىغان بولدۇم. چىقىشىسىلا، قورقۇشمىسىلا. ھەرگىز خەتەر-
لىك ئەھۋال بولمايدۇ. چۈنكى مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىرى
دۇبەن ئۈچۈن چوڭ خىزمەتقۇ؟ ئىككىنچى، بۇ ئەھۋالنى ھەر
قايسىلىرى ھاشىم ھاجىدىن پاش قىلمىغان، بۇ جەھەتتىن دۇ-
بەنگە ئىشەنچ ھاسىل بولىدۇ. سىرنىڭ پاش بولۇشىغا ھاشىم
ھاجى جاۋابكار شۇنداققۇ؟» - دېدى. بىز: «خاتالاشتۇق» - دېيىشتۇق.
باۋۇدۇن ئاخۇن: «ئۆلۈپ كەتسەك رازى بولسىلا» — دېدى. شۇ
چاغدا توختاخۇن ئۆتۈنۈپ: «ھېلى بولسىمۇ بىزنى ئۈرۈمچىگە
چىقارمىغان بولسىلا ياخشى بولاتتى. ئۈرۈمچىگە چىقساقلا بىز
يوق» - دېگەنىدى، بىز ئۈچىمىز تەڭلا يىغلاپ كەتتۇق. ئاخىردا يول-
ۋاس يۇقىرقى گەپنى تەكرارلاپ خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.
ئەتىسى ئائىلىمىزگە خەۋەر قىلىنغانىكەن ھەممىسى كېلىپ كۆ-
رۈشۈپ رازىلىق ئېلىپ خوشلاشتى. ئىككىنچى كۈنى يولۋاس
تەرەپتىن تۆت ئەسكەر، ساقچى تەرەپتىن، ئىككى ئەسكەر
بولۇپ ماشىنىغا سالدى. يولغا راۋان بولدۇق.
ماشىنىنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى بىزگە تۆگىنىڭ
بوتىسى بوزلىغاندەك، ئارىلاپ بېشىمىزدىن ئەگىپ ئۇچقان قۇش-
لار خوشلاشقاندەك سېزىلىپ، ھەسرەتلىك پىغانلار ئىچىمىز-
گە سىغماي كېتىۋاتماقتىمىز. مەندىن باشقا ئىككىسى ناخشا
ئېيتىشنى بىلمەيتتى. مەن دەرد - ئەلەم ئاستىدا ئارقىمۇ ئارقا

مۇڭلۇق غەزەللەرنى ئېيتىشقا باشلىدىم. بۇ ۋاقىتتا بىزنى يالاپ ئېلىپ كېتىۋاتقان يولۋاسنىڭ مۇگوەنىبارات توقۇم كۆڭلىمىزگە تەسەللى بېرىپ: «ئوغۇل بالىدەك مەيدانغا ئاتلانغان يىگىت نېمىدىن قورقىدۇ. باشقا كەلگەندە باتۇر بولايلى، خۇدايىم ساقلايدۇ» — دېدى. بۇ سۆز بىزگە ئالاھىدە تەسەللى بولدى. چۈنكى ئېغىرچىلىق ۋاقىتتا قىلىنغان ياردەم ھەرگىز ئۇنتۇلمايدىكەن.

## ئۈرۈمچى تۈرمىسىدىكى كۈنلەر ۋە ئۇنىڭدىن چىقىش جەريانىم

ئۈرۈمچى گۇڭئەن گۇەنلىچۇسىغا يەتكۈزۈلۈپ بىر سائەتتىن كېيىن ئۈچ ئەسكەر كېلىپ ئۈچىمىزنى ئۈچ تەرەپكە باشلاپ گۇەنلىچۇ ئىچىدىكى ۋاقىتلىق تۈرمىگە سولاپ قويدى. ئۈچ سائەتتىن كېيىن ئۈچىمىزنى بىر زالغا ئاچىقىپ پۇتىمىزدىكى كىشەنلەرنى بوشىتىپ، بىر قاچىدىن شىفەن بەردى. بۇ چاغدا پاگون تاقىغان بىر ئۇيغۇر ئەمەلدار بىلەن بىر خەنزۇ ئەمەلدار كىرىپ، سوئال سوراشتىن بۇرۇن ئىسىملىرىمىزنى ئاتاپ چاقىردى. پاگونلۇق كىشى ئۆزىنىڭ سېيىت ھاجى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ: «سىلەر ئۈچەيلەن يولۋاسقا قارشى چىققانلىقىڭلار ئۈچۈن دۇبەن يولۋاسنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇۋالدى. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا يولۋاس سىلەرنى تىرىك قويمايتتى. شۇنداقمۇ؟ ئەمدى سىلەرگە كەڭچىلىك قىلىنىدۇ. بۇندىن كېيىن كۆرگەن — بىلگەنلىرىڭلارنى ئېيتىپ بېرىڭلار، سىياسەتكە دائىر سورالغان سۆزگە تولۇق جاۋاب بېرىڭلار، بولۇپمۇ يولۋاس توغرىلىق، ھېلىقى ئەيسا بەگ دېگەن خائىن توغرىلىق بىلگەنلىرىڭلارنى ئېيتىپ خىزمەت كۆرسىتىڭلار» — دېگەن سۆزلەرنى قىلىپ چىقىپ كەتتى. ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۈچىمىزنى بىرىنچى تۈرمىگە يۆتكىدى.



شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قېنىنى شوراش ئۈچۈن ئالدىن تەييارلىغان قۇشخانىسى — تۈرمە دەپ ئاتىلاتتى. بۇ تۈرمىلەر بىرىنچى تۈرمە، ئىككىنچى تۈرمىدىن تاكى يەتتىنچى تۈرمىگىچە بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۈرۈمچى شەھەر ئەتراپىدا ئىدى. بۇ تۈرمىلەرنىڭ خەۋپلىكى ئىككىنچى ۋە بەشىنچى تۈرمىلەر بولۇپ، بۇ تۈرمىلەرنىڭ ئازابى ھەققىدە يازغان بىر پارچە شېئىرىم 1946 — يىلى غۇلجىدا نەشر قىلىنغان، ئالمائاتادا ئېلان قىلىنغان بولۇپ تۆۋەندىكىدەك:

شېڭ شىسەي دەپ كەلگەن جاللات، يۇرتىمىزغا تىكتى دار،
ئىككى قولىدىن قان تېمىغلىق بارچە كەسپى خۇنخۇمار.
مىللىتى خەنزۇ بولۇپ، يۇرتى ئۇنىڭ شەرقىي شىمال،
ياش كۈنىدىن تەلىم ئالغان شۇم ياپونىدىن بى شۇمار.
بولدى كەسپى تا قاچان ئەقلىگە كەلگەندىن بېرى،
ئىچكىنى ئادەم قېنى زۇلمى جاھانغا ئاشكار.
نەس ئاياغى يەتتى شىنجاڭ يەر ۋە ئىنسان قاخشىدى.
دەھشىتىدىن بەلكى ۋىجدان قىلدى ئالدىن نالە — زار.
ئورنىتىپ ئۇ گۇەنلىچۇ، گۇڭئەن ئۈرۈمچى شەھرىدە،
ھەر ۋىلايەت ناھىيە، سەھراغا باشلاپ زۇلمكار،
تۈرمە نام زىندان سېلىپ ھەر جايغا بەش ئونلاپ قەپەز،
قامىغان ناھەق خەلقنى مىڭلىغان ھەر ئىلمدار.
ئالدى ئون يىل، ئارقى بەش يىل ھەپسىدە ياتقان چىرىپ،
سالدى ۋەھشەت زۇلمى دەھشەت قىلدى شۇنچە خارۇ زار.
بىگۇناھ قولغا ئېلىپ، قىيناپ يەنە تۆھمەت قىلىپ،
قويغۇزۇپ قول ئۆلتۈرۈپ دۇنيانى قىلدى كۆزگە تار.
خەلقنى قىيناش تۈرلىرى سانسىز زۇلۇم قىلمىشلىرى.
بىلگىنىم ئەيلەي بايان خەلق ئىچىدە بولسۇن ئاشكار،
قىزىتىپ تۆمۈرنى ئوتقا يالىڭاچ بەدەننى داغلىغان،

ياغنى داغلاپ چاچسا تەنگە ۋەھشىيلىككە كىم چىدار،
ئەۋرىشكە قىل تىقىپ، تىرناقتا مىقنى قاقتى ئاھ!
چىقتى پەرياد ساماغا ھېچ ئورۇن يوق جان قويار،
لازا قۇيغان بۇرۇندىن، قايناقسۇ قۇيغان ئارقىدىن،
ئۇردى كالتەك قامچىدا ئىششىلتىپ ۋەھشىيچە كار،
قول كۆتەرتىپ تۇرغۇزۇپ بىر ھەپتە كۈن ئۇيقۇسىز،
قىيىنىغان ھوشسىز قىلىپ ئالەمنى قىلغان كۆزگە تار،
چېكى يوق بۇ قىيناشتىن كۆككە چىققان نالىلەر،
گاھ ھۆكۈزدەك ھۆكىرىگەن ھەر خىلدا زارلاپ چىرقىرار،
ئىككى بارماقتىن چىگىپ ئارقىغا تارتىپ ئاستۇرۇپ،
گەردىنىگە خىش قويۇپ ئۇرغاندا شۇئان قان قۇسار،
باشقا چاغلاپ تاسما بىرلە سالدىلەر تولغاپ بۇراپ،
ھەم ياغاچقا ساننى باغلاپ گاگزىدا جاننى ئاللار،
يار يەنە تۈرلۈك ئېلېكترتوك بىلەن قىلغان ئازاب،
كۆزى چىققان ئورنىدىن سۆزلەشكە يوق تىلدا مادار،
بىگۇناھ ئاتقان ۋە چاپقان سىرتىدا يىللاپ قاماپ،
ئۆلدى قىيناشلار ئازابىدىن تۈمەنلەپ ياخشىلار،
بەزىلەر تۈرمىدە ئۆلگەن، بەزىلەر بالىنىستا،
جەسىتىدۇر بى ناماز كېپىنى بورا - تاغار،
بەزىلەرنى ليۇداۋانغا ئاپىرىپ كۆمدى تىرىك،
بەزىلەرنى ئاتتى، چاپتى ھەر كۈنى لەيلى ناھار،

بىز بىرىنچى تۈرمىگە قامىلىپ، بىر بىرىمىزدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، سەككىز ئاي ئۆتكەندە مەن بىر قېتىم سوراق قىلىنىپ، ئەمگەككە چىقىرىلغان بولساممۇ، تۆت ئاي ئىشلىگەندىن كېيىن ئىككىنچى تۈرمىگە ئاپىرىپ گۇگتۇ قىلىپ قويدى. دېمەك تۈرمىدىكى بىچارە گۇناھكار ياشلاردىن ئون نەچچە نەپىرىنى كۈندۈزى كامېردىن ئېلىپ چىقىپ، تۈرمە تازىلىقى



قاتارلىق ئەمگەككە سېلىپ، ئاخشىمى قاماپ قوياتتى. مەن ساقچىلار ئاشخانىسىدا ياتاتتىم، تۈرمە كامېرلىرىغا تاماق ئەكىرىپ بېرىدىغان ئىناۋەتكە ئىگە بولدۇم. تاماقتىكى مەھبۇسلارنى كۆرۈپ تونۇشۇشقا باشلىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۆيدىن - ئۆيگە كىرىپ گەپ توشۇپلا قالماستىن، بەلكى بىر قانچە مەھبۇسنىڭ خېتىنىمۇ توشۇپ پوچتالىيون بولدۇم. ھەممىلەرگە مەلۇمكى، 1938 - يىلى مارت ئايلىرى، شېڭ شىسەينىڭ قانخورلۇق پىلانىدىكى ئىككىنچى باسقۇچلۇق سۇيىقەستلىك (ئۈچ تۈرلۈك كىشىلەرنى قولغا ئېلىش) سىياسىتىدىكى دەھشەتلىك ئاي بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا ئاساسلىق نىشان قىلىنغانلار كاپىتال ئىگىلىرى، زىيالىيلار ۋە دىنىي زاتلار ئىدى. دەل شۇ كۈنلەردە جەنۇبتىن، شىمالدىن ھەر كۈنى دېگۈدەك پۇتىدا كىشەن، قولىدا كويزا، بېشىغا كۆزى بىلەن قوشۇپ كىيگۈزۈلگەن كۆك خالتا بولۇپ، خالتىنىڭ ئاستى بويۇن بىلەن قوشۇپ باغلانغان ھالدا تۈرمىگە ئەكىلىپ تاشلىنىۋاتقان ناھەق، بىگۇناھ بىچارىلەر سان - ساناقسىز ئىدى.

تېخىمۇ نەپرەتلىكى شۇكى، يىراق ناھىيىلەردىن ماشىنا بىلەن ئېلىپ كېلىنگەنلەر ئىككى - ئۈچ سوتكىلاپ تەرەت قىلدۇرۇلماي، تامبالغا تەرەت قىلغانلار كۆپ ئىدى. بەزىلەر بەدبۇيلۇقتىن قۇسۇپ، بېشىغا كىيگۈزۈلگەن خالتىلارنى تۇشقۇزۇۋېتەتتى. يەنە بەزىلەرنىڭ قولى ئارقىغا باغلانغانىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا تۈن كېچىلىرى تۈرمىگە يەتكۈزۈلگەن بىچارىلەرنى كامېرغا قاماش ئالدىدا پۇت - قوللىرىدىكى كىشەنلەرنى بوشىتىش، يوتقان - كۆرپىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ تۈرمە كامېرلىرىغا ئاپىرىش ۋاقىتلىرىدا مېنى ياردەمگە چاقىراتتى. مەن ياردەمدە بولاتتىم. قىينالغانلىقتىن بەزىلەر بېشىدىن خالتىنى ئالغاندا يىقىلىپ چۈشۈپ، ئاغزىدىن قانلار ئېقىۋاتقاندەك ئەھۋاللارنى كۆرەتتىم. ئۇسسۇزلۇقتىن چاڭقاپ بىتاقەت بولغانلارنىڭ سۆزلەشكە دەرمانى قالمىغانىدى. غۇلجىدىكى تۇرداخۇنباي

ئوغلى نۇرتاي، موللا ھېلىم شەنجاڭ، نەجمىدىن ئەزىزى (بۇرۇن مەن كۆرمىگەن ئادەملەر) ماڭا قاراپ: «سۇ بېرىشكە رۇخسەت بولسا سوراپ باققان بولسىلا، ناھايىتى ئۇسساپ كەتتۇق ئۇكام»—دېيىشتى. بۇ تەلەپنى تۈرمە باشلىقى «ۋاڭ»غا چىرايلىق جۈملىلەر بىلەن تەرجىمە قىلدىم. «ۋاڭ» مېنىڭ بىر چېلەك سۇ ئەپچىقىپ بېرىشىمگە رۇخسەت قىلدى. يەتتە نەپەر ئادەم بىر چېلەك سۇنى ئىچىپ بولاي دېدى. بۇ بىچارىلەرنىڭ ماڭا ھەم «ۋاڭ»غا قاراپ، ئارقىمۇ ئارقا رەھمەت ئېيتىپ كۆز ياشلىرى بىلەن تەلمۈرۈپ قاراشلىرى ھازىرغىچە كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. بۇ جەريانلاردا كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ، قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىغان دەھشەتلىك ئەمەلىي ئەھۋاللارنى بايان قىلسام كېچە - كۈندۈز سوراققا ئېلىپ چىقىلىۋاتقان ئادەملەرنىڭ تۆھمەتلىك سوراق ئۈستىدە تارتىۋاتقان ئازابلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلغاندا، ئىنسان قانداقمۇ تاقەت قىلىپ تۇرالىسۇن؟ ئەدناسى لەنتەن ياققان لۇكزىغا بىر مېتىر ئۇزۇنلۇقتا پالاسۋاي تۆمۈرنى قىپقىزىل قىلىپ ئەكىرىپ، ئادەملەرنى دۈم ياتقۇزۇپ باغلاپ تاشلاپ، تېنىگە يېقىپ داغلىغاندا ئازابىقا چىدىيالمىغان جاندىن چىققان ئاۋازغا، ئاسماندا ئۇچۇۋاتقان قۇشلارمۇ تاقەت قىلالماي پىرقىراپ كېتەتتى. بىر - بىرىگە ئوخشىمىغان ئازابلارنىڭ تۈرى 50 نەچچە خىل بولۇپ، تولىمۇ ۋەھشىيلىك بىلەن ئېلىپ بېرىلاتتى.

مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە كامېرلارغا شىفەن توشۇپ يۈرۈپ، ئۆيدىن - ئۆيگە پوچتالىيون بولغانلىقىمنى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتتۇم. مەسىلەن، نەجمىدىن ئەزىزىنىڭ خېتىنى ئىنىسى ئابلىزغا، ھاشىم شاكىرۇفنىڭ خېتىنى موللا ھېلىمغا، ئىمىن ئاخۇننىڭ خېتىنى بىر ئۆزبېككە يەتكۈزدۈم. بۇ ئەھۋاللار بولۇپ بىر نەچچە كۈندىن كېيىن تۈن نىسپىدە تۈرمە باشلىقى مېنى ئويغىتىپ ئەگەشتۈرۈپ تۇپتوغرا باش جاللات لى فۇلىڭ قېشىغا ئېلىپ



كىردى (لى فۇلىڭ شېڭ شىسەي بىلەن ياپونىيىدە بىر مەكتەپتە ئوقۇغان زالىم بولۇپ، ئۈرۈمچى تۈرمىسىگە تاشلانغان بارلىق بىگۇناھ خەلقنى تۈرلۈك ئۇسۇل ئاستىدا ئۆلتۈرۈشكە ھۆكۈم قىلىدىغان ئىككىنچى شېڭ شىسەي ئىدى). لى فۇلىڭ قانخور كۆزى بىلەن تىكىلىپ: «ئېزىز دېگەن سەنمۇ»— دېدى. مەن «خوش»— دېدىم. «گوۋدوڭشى، ساڭا ئىشەنچ قىلىپ گوڭتۇلۇق ۋەزىپىسىنى بەرسەك سەن نېمە ئۈچۈن تۈرمە ئىچىدە پوچتالىيونلۇق قىلىپ يۈرىسەن؟ راستىڭنى ئېيت، قانچە كىشىنىڭ مەخپىيىتىنى يەتكۈزدۈڭ؟» دەپ كۆزۈمگە كىرىۋالدى. قارىسام ئەھۋال جىددىي، ناھايىتى قورقتۇم. ئىككى قولۇمنى ئىككى تەرەپكە سىلىپ تىك تۇراتتىم. تىترەك باسقان ھالەتتە كۆزلىرىمدىن تارام - تارام ياشلار ئاققۇزۇپ تۇرۇپ ئۈچ قېتىم خەت توشۇغانلىقىمنى، بۇ خەتلەردە ھېچقانداق مەخپىيەتلىكنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتتىم، ھەم خەت توشۇغانلىق خاتالىقىم بىلەن بىر - بىرىنىڭ سالىمىنى يەتكۈزگەن خاتالىقىمنى ئىقرار قىلىپ يىغلاپ كەتتىم. رەھىمسىز كەلدىمۇ قانداق، خازىچاڭلىق تۇرغان كانۋايغا: «تۈرمە باشلىقىنى چاقىر؟»—دېدى. كانۋاي شۇئان تۈرمە باشلىقىنى چاقىرىپ كىردى. لى فۇلىڭ ۋاڭغا قاراپ: «بۇ ئىتنىڭ پۇتىغا كىشەن سېلىپ قاراڭغۇ ئۆيگە سولاپ قوي، ئۈچ كۈن تاماق بېرىلمىسۇن!» دېدى. كانۋايدىن بىرى دەرھال بېلىكىمنى ئامبۇردا قىسقانىدەك قاتتىق قىسىپ تارتىپ تۇردى. يەنە بىر كانۋاي گەدىنىمگە مۇشت بىلەن بىرنى سېلىپ، پۇتۇمغا 16 جىڭلىق كىشەننى سېلىپ قاراڭغۇ ئۆيگە سولاپ قويدى. يوتقان كۆرپىسىز قاتتىق تاختاي ئۈستىدە ئۇيقۇ يوق، ئۆزۈمگە ئۆزۈم تاپا - تەنە قىلىپ ياتتىم. شۇنىڭ بىلەن ئۈچىنچى كۈنى ئاران بىر چىنە شىفەنگە ئۇلاشتىم. بەشىنچى كۈنى قاراڭغۇ ئۆيدىن ئېلىپ چىقىلىپ تۆتىنچى تۈرمىگە ئاپىرىلدىم. شۇ ياتقانچە سوراقسىز تۆت يىل ياتتىم. ئەسلىدە بىرىپىرىم يىللىق كېسىلگەن بولسامىمۇ

مۇشۇ خىل سەۋەبلەر بىلەن ئالتە يىللاپ تۈرمىدە قىيىنىلىشىمغا ئۆزۈم سەۋەبچى بولدۇم. يەنە بىر تەرەپتىن لى فۇلىننىڭ ئۆلۈمگە بۇيرۇش خەۋپىدىن قۇتۇلۇپ قالدىم.

قامالغانلارنىڭ جازالىنىش ئەھۋالى بەكمۇ دەھشەت ئىدى. بىرىنچى قېتىم زىندان ئىچىگە ئىشىكتىن تاشلاشتا گەجگىسىدىن قاتتىق ئىتتىرىۋەتكەندە ماغدۇرسىز ئادەم ئالدىغا دۈم چۈشەتتى. ئىشىكلەرگە يوغان قۇلۇپلار سېلىنغان بولۇپ، زىنداندا كۈن ۋە تۈنلەردە سۆرۈلۈك جاراقلاشلاردىن يۈرەكلەر جىغىلدايتتى. ئۆينىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن ئادەمنى دەرھال تونۇغىلى بولمايتتى. ئادەتتە مەھبۇسلارنى بىر سوتكىدا ئىككى قېتىم تەرەتكە ئېلىپ چىقاتتى، ئۆينىڭ ئىچى تەرەتخانىدىن پەرقسىز ئىدى. بۇ خىل ئەھۋالدا ئادەملەر ئاغرىپ ئۆلۈپمۇ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈسى، پىت، بۈرگىدىن قىينالغانلىقتىن ئاق ئاتقۇچە ئۇيقۇ يوق ئىدى. ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ناھىيىلىرىدىن ئېلىپ كېلىنگەن قازاق قېرىنداشلارنىڭ پۇت - قولىدا كىشەن - كويزا بولغاچقا كىيگەن تېرە ئىشتانلىرى پىتىنىڭ كۆپىدىن ھەرىكەتلىنەتتى. بۇ يەردە يېتىپ كەتكەن نى - نى زىيالىيلار، ئىنقىلابىي زاتلار، دىنىي قەھرىمانلار، مۇتەپەككۇر شائىرلار، ئادالەتپەرۋەر خىزمەتچىلەرنىڭ ئاھۇ نالىسى پەلەككە كۆتۈرۈلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ «ۋاي... خۇدا...» دېگەن ئىنچىكە ئاۋازدا ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئاۋۇشلىرى، بەزى خەنزۇلارنىڭ «تيەننىيا!» دەپ تولغىنىشلىرى، شۇنىڭدەك ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆز تىللىرىدىكى پەريادلىرى سوراق ئازابىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. يېمەكلىكلەر ئەتىگەندە بىر غېرىدىن قايناقسۇ بىلەن بىردىن خام موما، چۈشتە داش قازاندا قايناتقان جۇسەي سۈيى، كەچتە قايناقسۇ ياكى شىفەن بېرىلەتتى. بۇ شىفەننىڭ بىر قاچىسىدا يىگىرمە تالچە گۈرۈچ دانىسى ئىچىدە بىلىنجاندەك ئۈزىنايتتى. كۆكتاتنىڭ ئورنىغا ئاچچىق ھەم



قاتتىق لوبۇگەر قاتارلىقلار بېرىلگەچكە، تولا ئادەملەر ئاغرىپ ھاياتىدىن ئايرىلغانىدى.

سوراقتا ئېلىپ چىقىپ كېتىلگەنلەرنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ تۇراتتۇق. چۈنكى بەزىلەرنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ چىقىپ كېتەتتى ياكى سوراقتا ئاچىقىپ كېتەتتى. ئاچىقىپ كېتىلگەنلەرنىڭ بەزىسىنى ئۈچ كۈن ياكى بىر ھەپتىدە ئېلىپ كېلەتتى. بەزىسىنى ئېلىپ كەلمەيتتى. كەلمىگەنلەرنىڭ يوتقان - كۆرپە، كىيىم - كېچەكلىرىنى ئاچىقىپ كېتەتتى ۋە ياكى شۇ ئۆيدە ياتقانلارغا تارقىتىپ بېرەتتى. مۇشۇنىڭدىن ئۆلگەن، ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى بىلىپ تۇراتتۇق، سوراقتا چىقىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن كىرگەنلەرنىڭ ھوشسىز ھالدا تاشلانغانلىقىنى كۆرەتتۇق. مانا بۇ ئادەملەر ئىچىدە تەنلىرى داغلانغان، قول - پۇتلىرى باغلانغانلىقتىن جاراھەتلىرى كۆكىرىپ كېتىشتەك ئېچىنىشلىق ئەھۋاللار بولۇپ تۇراتتى. شۇنىڭدەك كېچىلەردە تونجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈش، لېۋىداۋان جىرالىرىغا ئاپىرىپ تىرىك كۆمۈش قاتارلىق فاشىستلىق دىكتاتۇرا ئاستىدا نۇرغۇنلىغان ئادەملەر نابۇت قىلىندى. ئۇلارنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى خانىۋەيران بولۇپ، كۆزلىرىدىن ياش ئورنىغا قان ئاققۇزۇپ، ھەسرەت - نادامەت ئىچىدە قالاتتى.

مەن 4 - تۈرمىگە تاشلىنىپ ئىككى يىلدىن كېيىن (1940-يىلى نويابىردا) ياتقان كامېرنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، مېنى چاقىرىپ بېشىمغا خالتا كىيگۈزۈپ سوراقخانىغا ئېلىپ چىقتى. سوراقخانىغا كىرىپ بېشىمدىكى خالتىنى ئېلىۋەتكەندىن كېيىن قارىغۇدەك بولسام، بىر خەنزۇ ئەمەلدار بىلەن ھاشىم ھاجى دەيدىغان ژاندارما ئولتۇرۇپتۇ، خەنزۇ ئەمەلدار مېنىڭ قولۇمدا يولۋاسقا قارشى ياخشى خىزمەت قىلغانلىقىمنى قوشۇمچە قىلىپ، چۈشەنچە بەرگىلى باشلاپ، سورىغان سوئاللارغا تولۇق جاۋاب بېرىشىمنى ئۇقتۇردى. بۇنىڭغا قوشۇلۇپ ھاشىم ھاجى زەھەرخەندىلىك بىلەن: «ئەپەندىم، ئەمدى ئۇستىلىق قاملاشمايدۇ،

يوشۇرۇشقا ئورۇن يوق، تولۇق جاۋاب بېرىش كېرەك» — دېدى. شۇئان مەن تاقەت قىلالماي كەتتىم. ئۇنىڭ بىزگە قىلغان دۈشمەنلىكى تۈپەيلى قامىلىپ، ئازاپلىنىپ ياتقان بولغاچقا غەزەپ بىلەن: «مېنىڭ سىياسەتكە دائىر ھېچقانداق ھەرىكىتىم يوق!»-دېدىم. بۇنى ئاڭلاپ ھاشىم شۇئان: «سېنىڭ قىلمىشىڭ يوقما؟ ئېيتمىساڭ ئەمدى كۆرىسەن» — دېدى. جاندىن جاق تويۇپ تۇرغان، ئۆلۈم كۆزۈمگە كۆرۈنمەيدىغان بۇ ھالەتتە زەردەم ئېشىپ: «ساڭا بېرىدىغان جاۋابىم يوق»-دېدىم. ھاشىم دەرھال ناگىنىنى چىقىرىپ: «ئاتىمەن!» دېدى. «ئات!» - دەپ كۆكسۈمنى ئاچتىم. شۇ ئاندا خەنزۇ ئەمەلدار ماڭا بىر ۋارقىراپ ھاشىمدىن ناگاننى تارتىۋالدى. مەن شۇ چاغدا خەنزۇ ئەمەلدارغا قاراپ: «سورايدىغان سۆزۈڭ بولسا سەن سورا، مەن بۇنىڭغا جاۋاب بەرمەيمەن»- دېدىم. خەنزۇ ئەمەلدار سوئال قويۇپ: «باۋدۇنىڭ ياپونىيىگە بېرىپ قانداق تەشكىلاتقا قاتناشقانلىقىنى ئېيت؟»-دېدى. بىلمەيمەن-دەپ جاۋاب بەردىم. «قۇمۇلدا قانداق تەشكىلات بار؟ شۇنىڭدەك ئەيسانىڭ چىقارغان ژۇرنىلىنى تارقاتتىڭمۇ يوق؟ تولۇق جاۋاب بەر؟» — دېدى. ئۇنىڭغا مەن: «قۇمۇلدا ھېچقانداق تەشكىلات يوق، تەشكىلات بارلىقىنى ئاڭلىغىنىممۇ يوق. ئەمما ئەيسانىڭ ژۇرنىلىنى ئۈچ سانىنى كۆرگىنىم راست. بۇنىڭدىن باشقا ئەھۋالنى بىلمەيمەن»— دەپ جاۋاب بەردىم. مېنىڭ بۇ جاۋابىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھاشىم خەنزۇ ئەمەلدارغا ئېيتىپ: «بۇنىڭغا چارە كۆرۈش كېرەك، ئۆزلىكىدىن جاۋاب بېرىدىغان ئىشنى قىلىش كېرەك» - دېدى - دە، سىرتتىن ساقچىغا تۆت دانە خىشنى ئالدۇرۇپ كىرىپ ئىككى خىشنى تىك، ئىككى خىشنى ياتقۇزۇپ يۆكۈندۈرۈپ ئولتۇرغۇزۇپ، قولۇمنى كۆتەرتىپ قويدى. بەش مىنۇت تاقەت قىلالماي كۆزۈمگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى - دە، يىقىلدىم، قايتا يەنە ئولتۇرغۇزۇپ: «ئېيتامسەن يوقمۇ؟»- دېدى. «بىلمەيمەن» —



دەپ جاۋاب بەرگىنىمدىن كېيىن خەنزۇ ئەمەلدار مېنى باشلاپ بىر ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ، تام تەرەپكە قارىتىپ قولۇمنى كۆتەرتىپ قويدى. شۇ تۇرغانچە ئۈچ سوتكا تۇردۇم. ئۈچ سوتكىدىن كېيىن مېنى كامېرغا قايتۇردى. بۇ ئۈچ سوتكىدىكى ئازاب ماڭا ئاسانغا چۈشمىدى. قولنى بىرەر سائەت كۆتۈرۈپ تۇرغاندىن كېيىنلا چىداش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. ئۇيقۇسىزلىقتىن يىقىلىپ، بېشىم تامغا تېگىپ، ئېغىر جاراھەتلىنىپ، ھوشۇمدىن كېتىپ كامېرغا كەلگەندە ئۆتۈكۈمنىڭ قونجىنى كېسىپ ئاياقلىرىمنى سالدۇرغاننىمۇ سەزمەپتىمەن.

تۈرمىلەردە كۆپرەك بىللە بولغان كىشىلىرىم، ئالتايلىق ئابدۇراخمان ھاجى، بۇ ئادەمنىڭ قامىلىش سەۋەبى ئابدۇغوپۇر داموللىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىدىن گۇمانلانغان بولۇپ، تۈرمىدىلا يوقىتىلدى. شۇنداقلا ئۆزبېك زېرىپ قارى ھاجىم مەشھۇر ئالىم كىشى بولۇپ، يەتتە ئاي بىللە بولۇش جەريانىدا مەندە ھەر جەھەتتىن تەڭداشسىز تەسىراتلارنى قالدۇردى. ئۇ كىشى 1943 - يىلى بوشاپ چىقىپ كەتكەن. ئۇيغۇر، قازاق ۋە خەنزۇ مىللەتلىرىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك بىلىم ئىگىلىرى بىلەن بىللە بولۇش جەريانىدا ھايات ئۈچۈن لازىم بولىدىغان دىنىي، پەننىي ۋە ئەخلاقىي جەھەتلەردىن تەلىم ئېلىپ گوياكى مەكتەپتە ئوقۇغاندەك بولدۇم. تام مەشكە بور بىلەن خەت يېزىپ خەنزۇچە خەت ئۆگىنىپ، بىرقەدەر سەۋىيىگە ئىگە بولدۇم. بولۇپمۇ بىللە ئولتۇرغانلاردىن ھىلالىدىن ھاجى ئەزىزى، مىر ھامىت، باقى نىياز ھاجى، قاسىمجان قەمبىرى قاتارلىقلار بىلەنمۇ چوڭقۇر سىرداشلاردىن بولۇپ كەتتۇق. باقى نىياز ھاجىدىن باشقىمىز 1942-يىلى بوشاپ چىقتۇق.

بۇ جەرياندا كامېردىن تۈرمە ئىچىدە ئەمگەككە چىقىرىلىشىمنى تەلەپ قىلىپ، تەكرار يازغان ئىلتىماسىمغا بىنائەن سىساچۇ (تەپتىش باشقارمىسى)نىڭ باشلىقى، دوبەن تەرجىمانى

خۇيزۇ لىۇ بىندى (ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا ئىنتىۋىتىلگەن، بۇ زالىم شىڭ شىسەينىڭ جاللاتلىرىنىڭ بىرى ئىدى.) 1941 - يىلى 7 - ئايلاردا مېنى چاقىرتىپ، تەكشۈرۈش شەكلىدە مەندىن ئەرەپ، پارس ۋە قازاق تىلىدىن ئىمتىھان ئالغىلى تۇردى. بىرقانچە سوئاللىرىغا جاۋاب بەرگىنىمدىن كېيىن مېنى كامېرغا قايتۇرغان بولسىمۇ ئۈچىنچى كۈنى يوتقان - كۆرپىلىرىمنى يۆتكەپ چىقىپ ئاز، دە بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتۇردى. ئاندىن مېنى تەرجىمانلارغا قوشۇپ قويدى، تەرجىمانلاردىن نۇربەگ، مەھەممەت بەگ، پاساربەگ، ئۆزبېك ئەكبەر، ئىمىربەگ، خەتتات مامۇت ئەپەندى قاتارلىقلار بار ئىكەن. بۇلار بىلەن بىر بۆلۈمدە ئىشلىدىم. مېنىڭ ۋەزىپەم ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىكى ئىشپىيونلارنىڭ قازاق تىل - يېزىقىدا بەرگەن مەلۇماتلىرىنى تەرجىمە قىلىش ئىكەن. بىرقانچە ئاي ئىشلىگەندىن كېيىن، لىۇ بىندى مېنى ۋاقىتلىق بۇ خىزمەتتىن توختىتىپ مېنى بىر زالنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىردى. بۇ زالدا ۋىلايەت، ناھىيىلەردىن مۇسادىرە قىلىنىپ كەلتۈرۈلگەن كىتابلارنىڭ ساندۇقلاپ، تاغارلاپ دۆۋىلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. لىۇ بىندىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە سىياسىي، دىنىي ۋە ئىجتىمائىي كىتابلارنى ئايرىپ، رەتلەپ چىقتىم. سان - ساناقسىز بۇ كىتابلارنى ھەر قانداق پەيلاسوپلارنىڭمۇ كۆرۈپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى بۇ زالنى مۇبالىغە قىلىپ ئېيتقاندا كىتاب دېڭىزى دېيىشكە بولاتتى. مەندەك چالا ساۋات ئادەمگە بەزى ئىشلار شۇ قەدەر تەسىر قىلىدىكى، ئۆزۈم ئىلىم دېڭىزىغا چۆمۈپ كەتكەندەك بولدۇم. چاغاتاي يېزىقىدا قازان باسمىسىدا بېسىلغان ئەرەپ، پارس، ئوردۇ، تۈرك، تاتارچە ۋە باشقا ئەللەر تىلىدىكى ئەسەرلەر، نەشىر قىلىنغىلى ئىككى - ئۈچ ئەسىر بولغان كىتابلار توم - توم، جىلد - جىلد دۆۋىلىنىپ ياتاتتى. گۈزەل سەنئەتلىك ھەرپلەردە نەشىر قىلىنغان قول يازمىلار، ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن



كىتابلار بولۇپ، ئۈچ ئاي رەتلىگەن بولساممۇ ئاران يۈزدە يىگىرمە پىرسەنتىنى تۈگىتەلەپتىمەن. مۇشۇ ئارىدا مېنىڭ تۈرمىدىن بوشاش ۋاقتىم توشۇپ قالدى. كىتابلارمۇ زالنىڭ ئىچىدە شۇ پېتى قالغانىدى. ئاڭلىشىمچە، كېيىن زالىم شىڭ شىسەي بۇلارنى قېچىش ئالدىدا لىۇداۋانغا ئېلىپ چىقىپ بېنزىن چېچىپ كۆيدۈرۈپ تاشلاپتۇ.

بۇ مۇدھىش ئۆتمۈشتىكى رېئاكسىيون قارا ھاكىمىيەتنىڭ خەلق ئۈستىدە يۈرگۈزگەن زۇلمى نىمىدېگەن ئېچىنىشلىق - ھە! بۇ چىدىغۇسىز تارتقان ئەلەمنى ئاڭلىغان ھەر بىر ۋىجدان قانداقمۇ ئۇنتۇلۇپ كەتسۇن؟! ...

يۇقىرىدا مەن تەرجىمانلىقتا تونۇشتۇرۇلۇپ، ئىشلىگەن خىزمەتلىرىمنىڭ داۋامىغا كەلسەم، ئۈرۈمچى ۋە ئالتايلاردا بولۇپ، تەرجىمە قىلغان ماتېرىياللارنىڭ قارا روھىدىن شۇ نەرسە ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇكى، ئۇلار پۈتۈنلەي خەلقنىڭ بېشىنى يېيىش، قېنىنى ئىچىش ۋە مال - مۈلكىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ خىل تەرجىمە ماتېرىياللاردا ئاجايىپ، كىشىلەر ھاڭ - تاڭ قالغۇدەك، بولىدىغان ۋە بولغۇسى خەلق ئۈستىدىكى دەھشەتلىك ئەھۋاللارنى كۆرگەن ۋاقىتلىرىمدا گاھى ئېچىنىپ، گاھى غەزەپلىنىپ، يىغلاپ ۋە مەيۈسلىنىپ كەتكەن چاغلىرىممۇ بولدى.

1942 - يىلى 16 - ئىيۇل كۈنى سىساچۇنىڭ تەرجىمانلىق بۆلۈمدە ئىشلەۋاتسام لى يىڭچى (سابىق گوڭئەن گۇەنلىچۇنىڭ باش باشلىقى) نىڭ كانتۇيىي كىرىپ مېنىڭ باشقارمىدىن چاقىرىلغانلىقىمنى ئېيتتى. باشقارمىغا كىرسەم لى يىڭچى، جاڭ گۇاڭچيەن، لىۇ بىندى قاتارلىق ئۈچ جاللات ئولتۇرۇپتۇ. لى يىڭچى ماڭا قاراپ: «سېنىڭ ئىلتىماسىڭنى دوبەنگە يوللىغانىدۇق، دوبەن قوبۇل كۆرۈپ كەچۈرۈم قىپتۇ. سېنىڭ خاتالىقىڭ كۆپ بولسىمۇ ساڭا بۈگۈن كەڭچىلىك قىلىندى. مۇشۇ سائەتتىن ئېتـ

بارەن بوشىتىلدىڭ» ــ دېدى. ئاندىن ليۇ بىندى: «سەن
قامالغاندىن كېيىن نۇرغۇن ئادەملەرنى كۆردۈڭ، تەرجىمانلىقتا
نۇرغۇن مەخپىي ماتېرىياللارنى يازدىڭ. تۈرمىدىن چىققاندىن
كېيىن تىنىچ يۈر، كوچىغا چىقىپ تۈرمە ئەھۋالىدىن سۆزلىسەڭ
بېشىڭ بىلەن جاۋاب قىلىسەن ــ بىلدىڭمۇ؟» ــ دەپ ئاگاھلاندۇر-
دى. ئىپادە بىلدۈرگۈنۈمدىن كېيىن بېسىپ تەييار قىلىپ قو-
يۇلغان ھۆججەت بارئىكەن، قول قويدۇم. ئۇلارمۇ قاپقىدىن چىق-
مىرىلىشىم ئۈچۈن قولۇمغا قەغەز يېزىپ بەردى. خوشاللىقىمدىن
شۈكرى ئېيتىپ تەرجىمان يولداشلار بىلەن خوشلاشقىلى كىردىم.
ئۇلار قۇچاقلىشىپ مەن بىلەن خوشلاشقان ھالدا يىغلىشىپ قال-
دى. دېمەك شۇ كۈنى بوشۇتۇلۇشقا قارار قىلىنغان 60 نەچچە
ئادەم بىلەن بىرگە بوشىتىلدىم. بۇ مېنىڭ 30 يېشىمدا قامى-
لىپ 36 يېشىمدا بوشىتىلىشىم بولىسمۇ، شۇ چاغدىكى چەكسىز
خوشاللىقىم شۇ بولدىكى، ئەگەر شۇ نۆۋەت بوشىتىلمىغان بول-
سام شېڭ شىسەينىڭ ئاخىرقى ۋەھشىيلەشكەن باسقۇچىدا زىيان-
كەشلىككە ئۇچرىشىم شەكسىز ئىدى. مەن گەرچە ھۆرلۈك ۋە
شاتلىققا ئۇلاشقان بولساممۇ، ئەپسۇسكى قومۇلدا بىللە قولغا
ئېلىنغان ئىككى نەپەر سەبدىشىم شېڭ شىسەي قولىدا نابۇت
قىلىندى.

قاراقاپقىدىن چىقىشىم ئۈچۈن قولۇمغا بېرىلگەن قەغەزنى
ئېلىپ، كوچىغا چىقىپ مەپىگە كىرا قىلدىم. چۈنكى ئۇ چاغلار-
دا ئۈرۈمچى كوچىسىدا ئاپتوبۇسلار يوق بولۇپ، كىراكەش خادىك
ھارۋا ۋە مەپىلەر بولاتتى. مەن مەپىدە ئولتۇرۇپ نەنگۈەندىكى
ئابدۇرېھىم ھاجىنىڭ سارىيىغا كەلدىم. ساراي ئازادە بولۇپ،
ئۇستى يېپىق ئىدى. ئوتتۇرىغا قويۇلغان چوڭ كارىۋات ئۈستى-
دە ئىككى نەپەر چوڭ ياشلىق كىشى چاي ئىچىشىپ ئولتۇرۇپتۇ.
مەن كىرىپ بۇ كىشىلەرگە سالام قىلدىم. كىيىملىرىم كونا،
پۇتۇمدا خەي بارئىدى. ماڭا بىرلا قارىغان كىشى مېنىڭ تۈر-



مىدىن يېڭى چىققانلىقىمنى بىلىۋالالايتتى. سارايۋەن مېنى
كارىۋاتقا تەكلىپ قىلىپ، نەرسە - كېرەكلىرىمنى خىزمەتچىنىڭ
ئېلىشىغا بۇيرۇدى. ئاندىن مەن كارۋاتتا ئولتۇردۇم. بۇ كىشى-
لەرنىڭ يەنە بىرى كېرىم ھاجى دېگەن كىشى ئىكەن. بىر
پىيالە چاي ئىچكىنىمدىن كېيىن سارايۋەن ئابدۇرېھىم ھاجى
دېگەن كىشى ماڭا قاراپ: «بىر ھارغاندىن گەپ سورىما دېگەن
گەپ بار ئۇكام، شۇنداق بولىسمۇ سوراپ قوياي، تارتىنماي
دېسىلە، نەدىن كەلدىلە؟!» - دېدى. «تۈرمىدىن» دەپلا كۆزۈمگە
ياش كەلدى. «مۇبارەك بولسۇن» ــ دەپلا ئورنىدىن قوزغىلىپ
ھەر ئىككىسى گەپ سوراشقا باشلىدى. ئۇلار ئىسمىمنى، يۇرتۇمنى،
نەدىن قولغا ئېلىنغانلىقىمنى سوراشتى. جاۋابەن سۆزۈم ئاياغلاش-
ماي تۇرۇپ: «سىلە مەلىكىخاننىڭ ئاكىسى بولامدىلا» ــ دېدى.
مەن «شۇنداق»، دېدىم. ئۇ كىشى چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ:
«بىز ئۆزلىرىگە قۇدا بولىمىز» ــ دېدى. دەرھال سەزدىم.
«سىڭلىم مۇشۇ ئائىلىگە تۇرمۇشلۇق بولغان ئوخشايدۇ» دېگەن
خىيالغا كەلدىم. مۇشۇ سۆز ئۈستىدە تۇرغىنىمىزدا سارايغا چەت
ناھىيىدىن كەلگەن بىر مېھمان سۆھبىتىمىز ئۈستىگە كېلىپ
سۆزىمىزنى چالا - پۇلا ئاڭلاپلا ماڭا قاراپ: «سىلە ئايىمخان
ئاچامنىڭ ئوغلى بولامدىلا؟»ــ دېدى. بۇنىڭغا ھاڭ - تاڭ بولۇپ
تۇرۇشۇمغا ئۇ كىشى مېنىڭ ئۆگەي دادامنىڭ ۋە سىڭىللىرىمنىڭ
ئىسمىنى ئاتاپ: «ئۇلار ھەممىسى سالامەت، مەن بۈگۈن كېچە
قابا ناھىيىسىدىن كەلدىم. ئۇ يەردىكى تۇغقانلارنىڭ ھەممىسى
سىلىنىڭ گەپلىرىنى قىلىپ يىغلايدۇ» - دېگەن گەپلەرنى قىلدى.
بۇ ئۇشتۇمتۇت خەۋەرلەر مېنى ئەجەپلەندۈرۈپلا قالماي، يۈرەك-
لىرىمنى ئۆرتەپ تاشلىدى. چۈنكى تۇغقانلىرىم ئەسلىدە ماناستا
قالغانىدى. قانداق قىلىپ قابا ناھىيىسىگە بېرىپ قالغاندۇ
دەپ ھەيران قالدىم. بۇ خەۋەرنى ئېلىپ كەلگۈچى باقى دېگەن
كىشى ئىدى. ئەھۋالنى تەپسىلىي ئۇققىنىمدىن كېيىن بىر قەدەر

خاتىرجەم بولدۇم. ئاندىن كېرىم ھاجى بىلەن ئابدۇرېھىم ھاجى ئىككىسى مېنى قورۇسىغا باشلاپ باردى. مېھمانخانىغا كىرگىنىمىزدىن كېيىن كېرىم ھاجى مېنى ئاياللار قورۇسىغا باشلاپ كىرىپ — «مەلىكىخان» دەپ چاقىردى. بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان سىڭلىم يۈگۈرۈپ ئۆيدىن چىقتى. «ئاكىلىرى كەلدى، سۆيۈنچە بەرسىلە» — دېدى. شۇئان سىڭلىم بىلەن ئىككىمىز ئېسىلىشىپ يىغلاشتۇق. سەككىز يىل جۇدالىق شۇنىڭدەك مېنىڭ گۆر ئاغزىدىن قايتىشىم بىز ئۈچۈن چەكسىز، خۇشاللىق ۋە مۇبارەك سائەت ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن بۇ خانىدا بىرنەچچە كۈن مېھمان بولدۇم. ئەمما يەنە بىر قايغۇلۇق خەۋەرنى ئاڭلاپ يۈرۈكىمگە جاراھەت تامغىسى بېسىلدى. دېمەك ئىككىنچى كۈنى ئۈرۈمچى كوچىسىغا چىقسام قومۇلدىن كەلگەن يېقىن بىر بۇرادىرىم ئىمىن مەزىن دېگەن كىشى يولۇقۇپ، قومۇلدىكى بالا ـ چاقا ۋە يار بۇرادەرلەرنىڭ ئامانلىقىنى ئېيتىش بىلەن سۆز ئاخىرىدا تۆت ياش ۋە ئىككى ياشتا قالغان ئىككى ئوغلۇمنىڭ قىزىل چىقىپ ۋاپات بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى، ماڭا غەم چۈشتى، قانداق قىلىشىم كېرەك؟!... قومۇلدا ئايالىم بىلەن قىزىم، ھامماچىلىرىم بار. قومۇلغا بېرىشىم كېرەكمۇ ياكى ئانام ۋە قېرىنداش تۇغقانلىرىمنىڭ قېشىغا بېرىشىم كېرەكمۇ ـ دېگەندەك چوڭقۇر خىياللار ئىچىدە ئاخىرى ئانا مېھرى غالىپ كەلدى، قاباغا بېرىش قارارىغا كەلدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۈرۈمچىدە ئازراق تۇرۇپ سىڭلىمنىڭ خىراجەت ياردەم بېرىشى بىلەن ماناسقا باردىم. ماناستا نەۋرە ئاچام مەريەمخان ياردەم قىلىپ بىر ئات بىلەن يولغا سالدى. ماناستا بىر كىشى بىلەن ھەمراھ بولۇپ يولغا چىققانىدىم. ئۇ چاغدىكى قاتناشنىڭ يامانلىقى! ساۋەن، شاۋگەينى بېسىپ ماڭغاندا مەنزىللەردە چۈشكۈن يوق. ئەڭ دەھشەتلىك يېرى شۇكى، يولدا كۈن ـ تۈن چاپاندەك چاقىدىغان كۆكۈيۈن، پاشىنىڭ دەستىدىن نە ئاتقا، نە ئادەمگە ئارام بولسۇن. كۆرمىگلىغان ئازاب بىلەن بۆرچىن



ناھىيىسىگە يەتتۇق. بۇ ناھىيىنىڭ خەلقى ئاساسەن قازاق مىللىتىدىن ئىبارەت بولسىمۇ بازىرىدا ئانىدا ـ ساندا ئۇيغۇرلار بارىكەن. كوچىلىرى قۇملۇق، بەكمۇ رەتسىز ئىدى. بۇ جەرياندا بۆرچىندىن قابا ناھىيىسىگە مائارىپ خىزمىتى بىلەن بارماقچى بولغان ئابدۇكېرىم مەھمۇدوۋقا ھەمراھ بولۇپ قاباغا باردىم.

## ئىت ئۇۋىسىدىكى ئىشلار

قاباغا كېلىپ ئاتا ـ ئانام، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىم بىلەن كۆرۈشۈپ بىر يىل بىكار تۇرغاندىن كېيىن، 1943 ـ يىلى ئالتايغا بېرىپ كىچىكرەك بولسىمۇ تىجارەت قىلاي دېگەن ئوي بىلەن ئالتايغا باردىم. ئالتايدا نوپۇزلۇق كىشىلەردىن مۇنەۋۋەر باي، مامۇت ياقۇپبايوۋ، مەھەممەت تۆمۈر بايوۋ، ئىمىن قۇربانى، ھوشۇر ھاجى، خېلىل تۇردى، تۇرسۇنتاي، خالىق ساقى، مەھەممەت قۇربان، ئەغزەم، ئاق موللا، ئىبراھىم قارى، ھۈسەيىن ئاخۇن، قاسىم بەختىيارى قاتارلىق زىيالىلار بىلەن تونۇشۇشقا باشلاپ، بەزى يولداشلارنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن ھۈسەيىن ئاخۇننىڭ دۇكىنىدا ئۈچتىن بىر ئۈلۈش پايدىغا شېرىكەتچىلىك قىلدىم. بۇ يولداشلار يازنىڭ ئىسسىق ۋاقىتلىرىدا ئارال ئىستىراھەتگە بارىدىكەن. ئارال، ئالتاي بازار ئىچىدىن شاۋقۇن سېلىپ ئاقىدىغان قىران دەرياسىدا بولۇپ، بۇ دەريانىڭ باش ۋە ئاياغلىرىدا ئىككىگە ئايرىلىپ ئاقىدىغان جايلىرى بارىكەن. دەريا ئىككىگە ئايرىلغان جايلارنىڭ ئوتتۇرىسى مەنزىرلىك يۈك ـ باراقسان بولۇپ، تۈرلۈك دەرەخلەر، ھەرخىل گۈللەر ئېچىلغان جەننەتكە ئوخشاش بوستان ئىكەن. مېنى يولداشلار ئارىغا ئېلىپ ھەر ھەپتە ياكى ئون كۈندە بۇ بوستاندا قوزا، قىمىز، كاۋاپ، پولو، پىتىرمانتا يېيىشىپ، دۇتار، تەمبۇر چېلىشىپ، ئىچىملىكلەر ۋە خۇشچاقچاقلار بىلەن ئولتۇرۇ-

دىغان ئولتۇرۇشلىرىغا قاتناشتۇردى. بىر قېتىملىق ئولتۇرۇشمىزدا ھاۋا بەكمۇ ئىسسىق ئىدى. مەرھۇم قاسىم بەختىيارى ماڭا قاراپ: «كەم سۆز ئىكەنلا، قورقمىسىلا، بىزنىڭ ئىچىمىزدە يامان ئادەم يوق» - دېدى. لېكىن مەن بەزىلەردىن گومانلاندىم. چۈنكى مەن ئۈرۈمچى سىساچۇدا تەرجىمان بولغان ۋاقتىمدا جەنۇب ۋە شىمالدىن كەلگەن ئىشپىيونلارنىڭ ماتېرىياللىرىنى كۆپ كۆرگەنىدىم. شۇڭا مەن شۇ كۈندىكى ئولتۇرۇشتىن كېيىن بۇ ئولتۇرۇشتىن چېكىندىم. يولداشلار مېنى تەكرار تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، مەن يەنىلا قاتناشمىدىم. بىر كۈنى مەرھۇم بەختىيارى بىلەن قۇربانى ئۈچىمىز ئولتۇرغاندا مەن نېمە ئۈچۈن قاتناشمايدىغانلىقىمنى ئوچۇق ئېيتتىم. بۇ ئىككىسى ماڭا بىزنىڭ ئارىمىزدا ئۇنداق دەيدىغان ئىشپىيونلار يوق دەپ چۈشەندۈردى.

«يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگسە، چىشىغا تاش تېگەر» دېگەنىدەك، ئەمدىلەتىن دۇكانغا ئېرىشىپ مۇندىن كېيىنكى ھاياتىمنىڭ ئۈمىد گۈلى ئېچىلىشىغا ئىشەنچ ھاسىل قىلىپ تۇرغان كۈنلىرىمدە، يەنى 1943 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا دۇكان ئالدىغا بىر تونۇش قازاق خىزمەتچى كېلىپ مەن بىلەن سالاملاشتى. ئۇ كىشى: «مېنى تونۇدىڭىزمۇ» - دېدى. مەن - ھەئە، ئۈرۈمچى ساقچىدا بىر - ئىككى قېتىم كۆرگىنىم ئېسىمدە - دېدىم. ئۇ ماڭا: «مېنىڭ ئىسمىم ئېلىۋكەن، خىزمەت بىلەن كەلدىم» دېدى. مەن ياخشى بوپتۇ، دېدىم. بىز پەقەت شۇنچىلىك سۆزلەشتۇق. ئەتىسى دۇكاندا ئولتۇرغىنىمدا ئالتاي ۋىلايەتلىك جىڭساجۈينىڭ ساقچىسى مۇھەممەت تاز دېگەن كىشى سالام قىلىپ يېنىمغا كېلىپ يېقىن ئولتۇرۇپ مەخپى تاۋۇشتا: «بۈگۈن سائەت ئۈچتە جىڭساجۈيگە بېرىپ قايتسىلا، لى جۈيجاڭنىڭ گېپى بارىكەن» — دېدى. (لى جۈيجاڭ دېگىنى باش كېسەر قانخور جاللات لى فىڭيىڭ بولۇپ ئازادلىقتىن كېيىن تۇرپاندا



باستۇرۇلغان). «بولىدۇ» - دېدىم. ئۇ تاز كېتىپ مېڭەمدىن بىر تۈتۈن چىققاندەك بولدى - دە، تېنىمگە تىترەك يامىشىپ تۈرلۈك خىيال ۋە ئەندىشىگە چۆمدۈم. بۇ ھەقتە مەن ئىككى خىل ئويغا كەلدىم: بىرى مېنىڭ ئەسلى يۇرتۇم ماناس ئىكەنلىكىنى، شۇڭا مېنىڭ ئالتاي چېگرىسىغا كېلىپ قېلىشىمدىن گۇمانلانغانمىدۇ. ئەگەر كەت دېسە نېمە دېيىشىم كېرەك ياكى يوق باھانىلار بىلەن قاماپ قويارمۇ، دېگەندەكلەردىن ئىبارەت. شۇنداق قىلىپ شېرىكىم ھۈسەيىن ئاخۇنغا ئەھۋالنى ئېيتىپ قويۇپ سائەت ئۈچتە جىڭساجۈيگە باردىم. خەۋەرلىشىش بۆلۈمى ئارقىلىق جاللات لى فىڭيىڭ يېنىغا كىرىشىمگە، ئولتۇرۇشۇمغا ئىجازەت بەردى. «مەن لى جۈيجاڭ بولىمەن، بۇ كىشى ۋالىي پىڭ جۇەنيۈەن بولىدۇ» - دېدى. ئاندىن تاماكا چېكىشىمگە ئىجازەت بەردى، چاي قويۇلدى، ئالتايغا كېلىشىم ۋە ئائىلە ئەھۋالى قاتارلىقلار سورالغاندىن كېيىن: «ئاڭلىساق سىز ئۈرۈمچى سىساچۇدا ئىشلەپتىكەنسىز، بىزنىڭ سىزنى چاقىرتىشىمىز، سىزگە ئېھتىياجىمىز چۈشۈۋاتىدۇ. ئىدارىمىزدا تەرجىمان يېتىشمەيدىكەن، سىز قازاق تىلىنى چۈشىنىدىكەنسىز. بىر مەزگىل تەرجىمان بۆلۈمىدە ياردەمدە بولۇشىڭىزنى تەكلىپ قىلماقچى، قانداق قارايسىز؟» — دېدى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بىر ئاز خاتىرجەم بولغان بولسامۇ، ئەمما ماڭا بۇ گەپ نىجاسەتتىنمۇ سېسىق پۇرايتتى.

مەن ئۇنىڭغا: «جۈيجاڭنىڭ تەكلىپىگە رەھمەت، ياردەملىشىپ ئىشلىسەم بولاتتى. ئەمما تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقىم ناھايىتى ئېغىر، ئۆتكەندە قولغا ئېلىنىشىم بىلەن ئىقتىسادىممۇ مۇسادىرە قىلىنىپ كەتكەن، ھازىر قول ئىلكىمدە ھېچنەرسە بولمىغاچقا ئەمدىلەتىن قەرز پۇل تېپىپ تىجارەتكە كىرىشكەنىدىم. مۇمكىن بولسا ئۆزرۈم قوبۇل كۆرۈلسە» - دېدىم. پىڭ جۇەنيۈەن گېپىم ئاياقلاشماي تۇرۇپلا: «بوپتۇ، يېرىم كۈن ياردەملەشسۇن،

پۈتۈن مائاش بېرىڭلار» ـ دېدى. لى جۇيجاك: «بولىدۇ» ـ دېدى.
مەن بۇنى رەت قىلىشتىن قورقۇپ ماقۇل دېيىشكە مەجبۇر بول-
دۇم. ھۆسەيناخۇن بىلەن بولغان شىركەتچىلىكتىن ئايرىلدىم.
ئىنىمغا كىچىك تەنزە ھېسابىدا بىر دۇكان ئېچىپ بېرىپ
ئۆزۈم ھەر كۈنى يېرىم كۈن جىڭساجۇيگە قاتراپدىغان بولدۇم.
ئالتە ئايغا قەدەر پۇقرا كىيىمى بىلەن ئىشلەپ كەلدىم. پۈتۈن
مائاش بىلەن تەمىنلىنىپ تۇردۇم. ئىشلىگەن ئورنۇم جىڭسا-
جۇينىڭ سىياسىي بۆلۈمى بولۇپ، 2 ـ بۆلۈم دەپ ئاتىلاتتى.
بۇ بۆلۈم قانخورلۇق، قاماش، جازالاش ۋە ئىشپىيونلارنى ئىش-
لىتىشتەك ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، بىرىنچى باشلىقى
باش كىبسەر جاللات لى فىڭيىك ئىدى. مۇئاۋىنى فۇپىڭيۇك
(شىبە) ئىدى، ئۇ تەرجىمان بۆلۈمگە ئاساسلىق باشلىق بولۇپ
ئىشپىيونلاردىن كەلگەن ماتېرىياللارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ تەر-
جىمانلارغا بېرەتتى. بەزى ماتېرىياللارنى بىزگە كۆرسەتمەي
ئۆزى تەرجىمە قىلاتتى.
مۇشۇ ئەھۋال ئاستىدا، مەن ئالتاي بازار ئىچى ۋە قىردا
ياشاۋاتقان كىشىلەر بىلەن ۋىلايەتكە قاراشلىق ساقچى ئورۇن-
لىرىدىن ئەۋەتىلگەن ئىشپىيونلارنىڭ ماتېرىياللىرىنى تەرجىمە
قىلىشقا كىرىشتىم، شېڭ شىسەي ئىشپىيونلىرىنىڭ ھەرىكىتى
توغرىسىدا بىر ئەمەلىي ئەھۋالنى مىسال قىلسام، 1937 ـ يىلى
1 ـ تۆرمىدىكى ۋاقتىمدا شېڭ شىسەينىڭ خۇ فامىلىلىك كاتى-
پى بىلەن بىر مەزگىل بىر كامېردا بولغانىدىم. سىياسىي
ئەھۋاللاردىن سۆزلىشەتتۇق. ئۇ: «شېڭ شىسەينىڭ سۇيىقەستلىك
پىلانى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن ئىبارەت. ئۇ خەلق ئاممىس-
نى تەكشۈرۈش ئۈچۈن 30 كىشىگە بىر ئىشپىيون قويۇپ، داۋام-
لىق رازۋېت قىلىشقا كۆڭۈل كۆرسەتىپ، گوۋەنلىچۇنى مەسئۇل قىلغان» دېگەن
سۆزنى قىلغانىدى. مەن بۇ گەپنى ئاڭلىغىنىمدا ئانچە ئېتى-
بار قىلمىغان بولسامۇ، كېيىن ئالتاي جىڭساجۇينىڭ تەرجىمان



بۆلۈمىدە ئىشلىگەن ۋاقتىمدا ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ ئاندىن
ئىشەندىم. ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى بولغان سارسۇمبە
ناھىيىسىدە بارماق بىلەن ساناشقا بولىدىغان، خەلق ئۈستىگە
قويۇلغان ئىشپىيونلار خۇددى «سەپەر ئۈستىدە جاھاننى جىن
باسارمىش» دېگەندەك ھەممىلا يەرنى قاپلاپ كەتكەنىدى.
بۇ ئەھۋالدىن: يۇقىرىقى 30 ئادەمگە بىر ئىشپىيوننىڭ بارلى-
قى ھەقىقەتەن راست ئىكەن دېدىم. ئىشپىيونلارنىڭ ماتېرىياللىرىنى
تەرجىمە قىلىش جەريانىدىكى ئىسپاتلاردىن تۆۋەندىكى بىرقانچە
مىساللارنى دېمەكچىمەن: ئۆزۈمچى سىساچۇدا ئىشلىگەن ۋاقتىمدا
ئىككى تەرجىمان «پالاقاق» دېگەن سۆزنى نېمە دەپ تەرجىمە
قىلىدۇ، دەپ كۆلۈشتى. نېمە گەپ دېسەم، خوتەندە بىر ئىشپى-
يوننىڭ يازغان ماتېرىيالىدا بىر كىشى يەنە بىر كىشىگە: «بۇ
دوبەن دېگەن زالىم يەنە قانچە يىل ئولتۇرار؟ يەنە ئىككى
يىل ئۆتىدىغان بولسا زامان قەھەتچىلىك بولۇپ، ئادەملەر
ئاشقا زار بولىدۇ، ئاچ قالغان توخۇنىڭ كۆڭلىگە قالىدۇ، تۆ-
تۆ دەپ قىچقارغاندا بىچارە توخۇ پالاقاق ـ پالاقاق قىلىپ
يۈگۈرۈپ كېتىدىغان كۈن كېلىدۇ» دېيىلگەن. مانا بۇ ئىش-
پىيوننىڭ ماتېرىيالىدىن خەلق نەقەدەر قورقۇنچ ئىچىدە تۇر-
غانلىقىنى ۋە زۇلۇمنىڭ چېكىدىن ئاشقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.
يەنە بىر خىل ئەھۋال: ئالتاي بازىرىدا نوپۇزلۇق ھوشۇر ھا-
جى، ئەمەت باقى ھاجى، مامۇت قاراجى دېگەن چوڭ ياشلىق
ئادەملەر بولۇپ، ھوشۇر ھاجىنىڭ مامۇت قاراجىغا دېگەن
سۆزلىرىنى (مەخپىي ئىسمى زىدۇك) ئىشپىيون بەرگەن ماتېرىيال-
دىن تەرجىمە قىلدىم. مەزمۇنىدا: «پالانى كۈنى، پالانى سائەتتە
دۇكان ئالدىدا ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىپ ھوشۇر ھاجى شۇنداق
دېدى: بۇ شېڭ دوبەن دېگەن زالىمغا خۇدا زاۋالىمۇ بەرمەي-
دۇ. يا بۇ كاپىرنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان بىرەر ئوغۇل بالا چىقمى-
مىدى» دېيىلگەن. بۇ چاغدا مامۇت ھاجى ھوشۇر ھاجىنىڭ سۆ-

زىنى قۇۋۋەتلەپ: «شۇنى دىمەملا، شۇنداق بولغاندا خەلق بىر چوڭ بالايى - ئاپەتتىن قۇتۇلغان بولاتتى» دەيدۇ. دىمەك هوشۇر هاجىنىڭ سۆزى هەق سۆز بولۇپ خەلق ئۈستىدىكى مىسلىسىز جەۋىر زۇلۇمنى بىلدۇرسە، «زىدۇڭ» ئىشپىيونىنىڭ سىتىلما خەلق خائىنى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئەمما بۇ ماتېرىيالنى تەرجىمە قىلغان بولسامۇ تارتمادا ساقلاپ بىر هەپتىگىچە تاپشۇرمىدىم. ئېهتىيات قىلىپ، يوقاتماي ماتېرىياللار ئارىسىدا ساقلاپ 20 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن يوقاتتىم. ئەگەر بۇ ماتېرىيالنى شۇ ۋاقىتتىكى شارائىتتا يۇقىرىغا تاپشۇرغان بولسام هەر ئىككى هاجى يوق دېگەن گەپ. مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندە بۇ ئەهۋالنى مەرهۇم هوشۇر هاجىغا ئېيتقاندىم، ئورنىدىن تۇرۇپ پېشانەمگە سۆيۈپ، يىغلاپ تۇرۇپ دۇئا قىلدى. مەن بۇ سىرنى هېچكىمگە ئېيتماسلىق توغرىسىدا تاپىلىدىم. ئەگەر سېزىلىپ قالسا مېنىڭ هاياتىممۇ خەۋپلىك بولۇشى تەبىئىي. تەرجىمانلىق قىلىش جەريانىدا ئالتاي بازار ئىچىدىكى ئۇيغۇر ۋە قازاق ئىشپىيونلارنى تونۇشقا باشلىدىم ۋە بەزىلىرىنى قەلەمدىن تونۇدۇم. ئىشپىيونلارنىڭ ئىسمى هەر خىل بولۇپ، قۇچقاچ، قەلەم، تۇيغۇن، زىدۇڭ، نامەن ۋە باشقىلاردىن ئىبارەت ئىدى. ئاز ساندىكى ۋىجدان ئىگىلىرى ئىشپىيون بولۇشقا نارازى ئىدى. ئەمما ئۇلارنى ئىشپىيون بولۇشقا مەجبۇر قىلاتتى. بەزىلىرى ماتېرىيال يازمىغانلىقتىن گۇمانلىق ئۇنسۇرلار تىزىمىغا كىرگۈزۈپ ئۈستىدىن رازۋېت قىلاتتى. هاپىز ناملىق بىر تاتار يىگىت ئىشپىيونلىققا مەجبۇر قىلىنغانلىقتىن ۋىجدان ئازابىغا چىدىماي ئېسىلىپ ئۆلۈۋالدى. شۇ ۋاقىتتا مەن بىلەن بىر خۇيزۇ تەرجىمان ئىشپىيونلارنىڭ كۈندىلىك بەرگەن مەلۇماتىنى تەرجىمە قىلىشقا يېتىشەلمەي كېتەتتۇق.

1943 - يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ شىڭ شىسەيىنىڭ



راسا غالجىرلاشقان ۋاقتى بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈپ كۆزىگە قان تولغان بىر ۋاقىتتا مەن جىڭساجۈيدىكى تەرجىمانلىقتىن يىرگەندىم. ئەمما يەنە بىر جەهەتتىن مېنىڭ جىڭساجۈيدە ئىشلىگەنلىكىم ناهايىتى ياخشى بوپتىكەن. چۈنكى مەن تەرجىمانلىق قىلىش جەريانىدا يۇقىرىدا مىسال قىلغان ئىككى ئادەم بولماستىن يىگىرمىدىن ئارتۇق كىشىلەرنىڭ ئۈستىدىن چۈشكەن ماتېرىياللارنى ئۆزگەرتىپ تەرجىمە قىلدىم. بىر قانچە ئائىلىگە بېرىپ دىققەت قىلىشنى تاپىلاپ قويدۇم.

1945 - يىلدىن باشلاپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دولقۇنى كۈنسايىن ئالغا راۋاجلاندى ۋە ئالتاي بازىرى دەلىلقان قوماندانلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن مۇهاسىرە قىلىندى. جانىمقان، ئەلەنۋاڭدەك گومىنداڭچىلار ئالتايدا تۇرۇش خەۋپلىك بولغانلىقتىن، ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە قاچتى. مۇهاسىرىدە قالغان گومىنداڭ قاراقچىلىرىغا ئۈرۈمچىدىن ئايروپىلاندا ئەۋەتىلگەن ئاشلىق قوزغىلاڭچىلار بار جايغا چۈشكەچكە، گومىنداڭچىلار ئاشلىقتىن قىينىلىپ، ئات - ئېشەك، خېچىر، ئىت، مۈشۈك ۋە توخۇلارنىمۇ قويماي يەپ تۈگەتتى. ئاندىن خەلقنىڭ قورۇلىرىغا قوراللىق كىرىپ بۇلاپ - تالاش، بەرمىگەننى ئېتىش، ئۇرۇش قاتارلىق زوراۋانلىقلارنى قىلدى. نەق شۇ كۈنلەردە ئالتاي دۆڭ بازار پەيچۇسو باشلىقى بولغان خەنزۇ بىر كېچىدىلا تۇيۇقسىز ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇ ئەهۋالنى كۆرگەن لى جۇيجاڭ (بۇرۇنقى جۇيجاڭ لى فىڭبېك ئورنىغا گومىنداڭ تەرىپىدىن بەلگىلىنىپ كەلگەن جۇيجاڭ لى مىڭبەي) ئۈچىنچى كۈنى تەرجىمە بۆلۈمىدە ئولتۇرسام مەجلىس بار دەپ مېنى چاقىرىپ ئېلىپ چىقتى. مەجلىستىكى ئاساسىي مەزمۇن: جۇيجاڭ، ۋالىيلارنىڭ تەستىقى بويىچە دۆڭ بازار، ئۆي بازاردىكى ئىككى پەيچۇسونى بىرلەشتۈرۈپ، ئۆي بازاردا بىرلا پەيچۇسو تەشكىل قىلىش بولۇپ، سوجاڭلىققا مېنى بەلگىلىگەنلىكىنى ئۇقتۇردى. مېنىڭ

سوجاڭ بولۇشۇم گومينداڭنىڭ ئىشەنگەنلىكىدىن ئەمەس، پەقەت
ۋەزىيەتنىڭ مۇرەككەپلىكىدىن ۋاقىتلىق ھەيكەل سوجاڭ قىلىنغان-
لىقى ئېنىق ئىدى. لېكىن مەنمۇ بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ
ئىچكى جەھەتتىن بىرقانچە خىل پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشقا
مۇۋەپپەق بولدۇم.

بىرىنچىسى، ئالتايدا تۇرۇشلۇق نوپۇزلۇق ۋە زىيالىي
كىشىلەرنىڭ ئالتاي بازىرىدا تۇرۇشى خەۋپلىك بولۇپ چەت
ناھىيەگە چىقىپ كەتمىسە بولمايدىغان ئەھۋال ئاستىدا ئىمكا-
نىيەتنىڭ بارىچە ئۇلارنى ئالتايدىن چىقىپ كېتىشكە
ياردەم بېرىپ، ھەربىرىگە قوشۇپ بېرىپ چىقىرىۋەتتىم.
بۇ كىشىلەرنىڭ بەزىسى ۋاپات بولغان بولسىمۇ
بىرقانچىسى ئۈرۈمچى، دۆربىلجىن، ئالتاي ۋە ئالماتالاردا بار.

ئىككىنچىسى، ئالتايدا ئاچارچىلىق يۈز بەرگەن كۈنلەردە
گومينداڭ قاراقچىلىرىنىڭ خەلققە قىلىۋاتقان زوراۋانلىقلىرىنى
پەسەيتتىم. ئۇ چاغدا خەلق بىلەن ئەسكەرلەر ئارىسىدا داۋام-
لىق دىگۈدەك توقۇنۇش بولۇپ تۇراتتى. مەن بۇ ھەقتە تەدبىر
قوللىنىپ سىلىڭبۇدىن ئىككى نەپەر پەيجاڭ دەرىجىلىك ئەس-
كەر ئېلىپ شۇلار بىلەن بىرلىكتە كوچا ئارىلاپ يۈرۈپ زورا-
ۋانلىققا خاتىمە بەردىم. بىرنەچچە كىشىنى ئۆلۈمدىن قۇتۇل-
دۇردۇم. شۇنىڭدەك تەرجىمان ۋاقتىمدا بىر مەخپىي دېلو ئۇچ-
راتقانىدىم. دېلو سىرتىغا خەنزۇچە «قەتئىي مەخپىي» دەپ
يېزىلغان بولۇپ، ئىچىدە ئالتاي ۋىلايىتى بويىچە بۇزۇق ئۇن-
سۇرلار تىزىمى دېيىلگەن. بۇنىڭغا ئىسمى يېزىلغان كىشىلەرنىڭ
تۈرى، يېشى قاتارلىقلار تولۇق يېزىلغان. كۆپىنچىسى قازاق،
ئۇيغۇر، خۇيزۇلاردىن ئىدى. ئاز ساندا خەنزۇلارمۇ بار ئىدى.
مەن بۇ دېلونىڭ ھەممىسىنى كۆرەلمىدىم. ئاساسەن ئۇيغۇرلار-
دىن ئېسىمدە قالغانلىرى تۆۋەندىكىچە: مۇنەۋۋەر باي، مامۇت
ياقۇپ بايۇۋ، ھۇشۇر ھاجى، ئەخمەت باقاجى، يۇنۇس شاگ-



يۇ، غوپۇر شاگىيۇ، مامۇت قاراجى، مەھەممەت تۆمۈر بايۇۋ،
قاسىم بەختىيارى، ئىمىن قۇربانى، ئەغزەم، ھاپىز، تۇردى ھا-
جى، تۇرسۇنتاي، مەھەممەت قۇربان، خالىق ساقى، ئەخمىدى،
ئاقمۇللا، ئاۋۇت، خېلىل تۇردى قاتارلىقلار. بۇ ئادەملەر
ئىچىدە ئاز ساندىكى زىيالىيلارنى ئىشپىيونلۇققا مەجبۇر قىلىنغان
بولسىمۇ، بۇلار يەنىلا ئىشەنچىسىز ھېسابلىناتتى. كېيىنچە
ئۇلار ماتېرىيال يېزىپ تۇرمىغاچقا ئىشپىيونلۇق ۋەزىپىسىدىن
توختىتىلىپ ئۈستىدىن رازۋېت قىلىنغان. ھازىر بۇ كىشىلەردىن
بىرقانچىسى ۋاپات بولغان بولسىمۇ، ھايات قالغانلىرى ۋە
ئۆلگەنلەرنىڭ ئەۋلاتلىرى بار. شۇنىڭدەك ئالتايدا ئۇزۇن
يىللاردىن بېرى ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن ھەر مىللەت خەلقى
بۇ ئىشلارغا ئىسپات بولۇشى مۇمكىن. مەن ئۆلۈمدىن قۇتۇل-
دۇرۇپ قاچۇرۇۋەتكەن كىشىلەردىن ھازىر ئۈرۈمچىدە بارلىرى
مەھەممەت قۇربان، ئايالى، قېيىن ئىگىچىسى، ئاقمۇللا، ئىب-
راھىم قارى، مەھەممەت ئەخمىدى، ئۆزبېك ئەخمەت نۇر بولۇپ
بۇ ئەھۋاللارنى بىلىدىغانلار، سودا نازارىتىدىكى ھېكىم ئاخۇن،
دۆربىلجىندە پازىلجان ئابلا كۆككۆز، ئاۋۇتلار، ئالمۇتادا
تۇرسۇنتاي، مەھەممەت، خېۋىر قاتارلىقلاردۇر.

## بىر قېتىملىق قىرغىنچىلىق

سارسۇمبە (موڭغۇلچە ئالتاي بازىرىنىڭ ئىسمى) دە يېقىن،
تولتى، سارقامىس دېگەن يەر بولۇپ، بۇ يەرلەر ئاز - تولا
تېرىلغۇ قىلىش ۋە چارۋا بېقىشقا قولايلىق ئىدى. بۇ ئارىلىقتا
بىر پەيچۇسومۇ بار ئىدى. سارقامىسقا ماكانلاشقان پىچان-
لىق توختى ئىسىملىك بىر باي دېھقان بولۇپ، بۇ ئادەم ئاق
كۆڭۈل، خەلقپەرۋەر، مۇلايىم كىشى ئىدى.

1944 - يىلىنىڭ ياز ئايلىرى، گومينداڭنىڭ ۋەنسجاڭ

ئىسسىلىك ئەپيۇنكەش گېنېرالنىڭ قوماندانلىقىدا ئوسمان
ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولۇۋاتقان ئىدى. بۇ ئۇرۇشتا
گاھى گومىنداڭ چېكىنەتتى، گاھى ئوسمانلار چېكىنەتتى. ئەمما
گومىنداڭنىڭ چېكىنىشى كۆپ بولغانلىقتىن ئالتاي بازىرى مۇھا-
سىرىدە قالاتتى. بۇنداق ئەھۋاللاردا گومىنداڭ تەرەپنىڭ يەيدىغان
ئوزۇقلىرى تۈگەپ، خەلققە زوراۋانلىق ئىشلىتىپ، ئات ئۇلاق، ئاشلىق ۋە
باشقا يېمەكلىكلەرنى بۇلاپ-تالاپ، بەرمىگەنلەرنى ئېتىپ تاشلاش-
تەك ۋەھشى ئىشلارنى قىلغاچقا، خەلقنىڭ ھاياتى مىسلىسىز ئېغىرچى-
لىقتا قالغانىدى. مۇشۇنداق ئېغىر كۈنلەردە بىر قېتىملىق
ئۇرۇشتا ئوسمان چېكىنىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ۋەنسجاڭ
32-پولك باشلىقى دەي تۇەنجاڭ ۋە ئاق ئورۇس، موڭغۇل-
لاردىن تەركىپ تاپقان بىر تۈركۈم قاراقچىلارغا ئاۋېيتەن،
چېمىرچەك تەرەپلەرگە بېرىپ يېمەكلىك تېپىپ كېلىشكە ئەۋە-
تىدۇ. ئۇلار يولبويى ئۇچرىغاننى بۇلاپ-تالاپ ماڭىدۇ.
دەي تۇەنجاڭ تولتىنى بويلاپ مېڭىپ ئۇچرىغانلىكى ئادەملەر-
نى ئۆلتۈرۈپ، چارۋىلارنى قوغلاپ سۈرۈپ، سارقامىسقا بارىدۇ.
سارقامىستا دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن ھايات كەچۈرۈ-
ۋاتقان ئۇيغۇر، قازاق ئەر-ئايالاردىن بولۇپ 37 ئادەم
ئوسماننىڭ بۇلاڭ-تالىڭىدىن قۇتۇلۇپ توختى پىچاننىڭ جاڭ-
زىسىغا جەم بولۇشۇپ تۇرۇشىدۇ. شۇنىڭ ئۈستىگە گومىنداڭ
ئەسكەرلىرى چاڭ-توزاڭ چىقىرىپ يېتىپ كېلىدۇ. بۇ تىنچ
پۇقرالار گومىنداڭدىن ئۈمىد كۈتۈپ قىزىل
لاتىدا بايراق ياساپ پۇخرالىق بەلگىسىنى بىلدۈرۈپ چاۋاك چې-
لىپ قارشى ئالىدۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن جاللات دەي
تۇەنجاڭ ھۇلۇقۇپ كېتىپ: «ئات! چاپ!» - دەپ بۇيرۇق بېرىدۇ.
بۇنىڭ بىلەن تەڭلا قاراقچىلار ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى ئادەم-
لەرنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، قاچقانلارنى قوغلاپ يۈرۈپ، گاھىسىنى
قىلىچ بىلەن، سەبى بالىلارنى نەيزە بىلەن ئۆلتۈرۈپ تاشلاپ



قورۇ ئەتراپىنى قانغا بوياپ تاشلايدۇ. مۇشۇ ئەھۋال يۈز
بېرىپ ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە خەۋەرسىز ئولتۇرسام، پەيچۇ-
سوغا بىر نەپەر لىيەنجاڭ كىرىپ كەلدى. «سىزنى سىبودا لى
جۈيجاڭ چاقىرىدۇ» — دېدى. كىرسەم ئەپيۇنكەش گېنېرال
ۋەنسجاڭ بىلەن ۋالى گاۋبەييۇ، جۈيجاڭ لى مېڭبەيلەر
ئولتۇرۇشۇپتۇ. ئىشىكتىن كىرىشىمگە لى جۈيجاڭ ماڭا قاراپ:
«بىزنىڭ ئەسكەرلەر باندىتلارنى قوغلاپ سارقامىسقا بارغاندا
باندىتلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن يەرلىكلەرمۇ ئەسكەرلەرگە قارىتىپ
ئوق چىقارغانلىقتىن، ئەسكەرلەر ئۇلارنى باستۇرغان. سىز ھازىر
بازاردىكى ئىككى نەپەر ئىناۋەتلىك ئادەم بىلەن سارقامىسقا
بېرىپ ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ، ماڭا دوكلات بېرىڭ. سىلىڭبۇدىن
ئىككى ئەسكەر قوشۇلىدۇ ھەم ئاتمۇ بېرىلىدۇ. يەرلىك خەلقنىڭ
ھەر دائىم باندىتلارغا قوشۇلۇپ، ھۆكۈمەتكە قارشى ئوق
چىقىرىپ كەلگەنلىكىنى خەلققە تولۇق چۈشەندۈرۈش كېرەك.
ئۆلگەنلەرنىڭ تۇغقانلىرى بولسا چىقىپ كۆمۈپ ئالسۇن، تۇغقىنى
يوقلارغا سىز باشچىلىق قىلىپ بىر تەرەپ قىلىڭ» - دېدى.
«خوپ!» دەپ چىقىپ، يۈسۈپ ئىمام، مۇنەۋۋەر باينىڭ ئىنىسى
ھاشىم ۋە ئىككى ئەسكەر بولۇپ بەش نەپەر ئادەم سارقامىس-
تىكى توختى پىچاننىڭ جاڭزىسىغا يېتىپ باردۇق. كۆرگۈدەك
بولساق قورۇنىڭ ئىچى - تېشى قانغا بويالغان. ئۆلگەن ئەر -
ئايال ۋە بالىلار ئۇگدا، دۈمدە يېتىپتۇ. بەزىلەرنىڭ بېشى
چانىلىپ، مېڭىسى چۇۋۇلۇپ كەتكەن. مەسۇم ئەمچەك بالىلىرى
ئانا قوينىدا نەيزە سانجىلىپ ئۆلگەن! بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالغا
قاراپ ئادەمنىڭ ئىچى سىرىلىپ كېتىدۇ. بەزىلەرنى مەن تونۇ-
مايدىكەنمەن. يۈسۈپ ئىمام، ھاشىملار تونۇدى. يەتتە نەپەر
ئادەم بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى قازاق ئىكەن. يەنە
بىر نەپەر خۇيزۇمۇ بار ئىكەن. بىز ئارىلاپ بىر ئۆيگە كىرسەك
بىر كىچىك بالىنىڭ ئىڭرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. دىققەت

بىلەن تىڭشىساق ـ «مەن كاڭنىڭ تىگىدە» دېگەن ئاۋاز كەلدى.
بىز دەرھال كاڭمەنزىنى قومۇرۇپ قارىساق 12 ياشلارغا كەلـ
گەن بىر ئۇيغۇر بالىسى ئىكەن. قورقۇپ كەتكەن بالىنىڭ
ئاغزى گەپكە كەلمەي قالدى. بىز ئۇنىڭغا سۇ ئىچكۈزۈپ،
يۈز ـ كۆزىدىكى چاڭ ـ توزاڭلارنى سۈرتۈپ گەپ سورىدۇق.
ئۇ بالا بولغان ئەھۋالنى بىزگە تەپسىلى سۆزلەپ بەردى.
دېمەك بۇ ئۆلگەنلەردىن ھۆكۈمەتكە قارشى مىلتىق تۇتقان
بىرمۇ ئادەم يوق بولۇپ، ئەكسىچە باندىتلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە
ئۇچرىغاندىن كېيىن گومىنداڭنىڭ دەھشەتلىك قىرغىن قىلىشىغا
ئۇچرىغان ئىكەن. بىز ھېلىقى بالىغا: «سەندىن قانداقلا كىشى گەپ
سورىسا بىلمەيمەن دېگىن» ـ دەپ ئۆگىتىپ قويدۇق. مەن ئۇ
بالىنى پەيچۇسوغا ئېلىپ كەلدىم. يۇقىرىدا كۆرگەن ئەھۋاللار ـ
نى دوكلات قىلىش بىلەن بالىنىڭ ھېچنىمىنى بىلمەيدىغانلىـ
قىنى ئېيتتىم. شۇ كۈنى قايتىپ كېلىپ ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ
تۇغقانلىرىغا خەۋەر قىلغاچ، تۇغقىنى يوق جەسەتلەرنى دەپنە
قىلىش ئۈچۈن خەۋەرلەندۈرۈشكە ئات ھارۋىلىرى بىلەن بېرىپ،
بىر قىسىم جەسەتلەرنى بازارغا، كۆپ قىسمىنى سارقامىشقا
دەپنە قىلدۇق. ئەمما بۇ قان ئىچكۈچى جاللاتلار مەيلى ساقچى
بولسۇن ياكى ھەربىي بولسۇن، دېھقانلارغا تۆھمەت چاپلاپ
«بىزگە ئوق چىقاردى» دەپ تەشۋىق قىلىشى ماڭا ئايدىڭ
ئىدى. شۇڭا ئۇ بالىنى مېنىڭ قۇتقۇزۇپ قېلىشىم ئاسانغا چۈشمىدى.

يەنە ئۈچ نەپەر كىشى ئۈستىدىكى دەھشەتلىك ۋەقە
مۇنداق: مەن تۇرۇشلۇق پەيچۇسوغا يېقىن بىر قوروۋدا گومىنـ
داڭنىڭ بىر يىڭ ئەسكىرى تۇراتتى. ئۇلارنىڭ جاڭ ۋامىلىلىك
بىر يىڭجاڭى بولۇپ ئۇچىغا چىققان زالىم ئىدى. ئۇ مېنى تېلېفوندا
چاقىردى. مەن بېرىپ كۆرۈشكەندە، ئۇ ماڭا: «تۈنۈگۈن بىزـ
نىڭ ئەسكەرلەر تۇتۇپ كەلگەن ئىككى ئۇيغۇر بار، ئۇلار يەرـ
لىك بۇلاڭچى ھەم ئىشپىيون ئىكەن. ئەمما ئۇلار راستىنى



ئېيتمايۋاتىدۇ. يەنە بىر قازاقمۇ بار. ئەگەر ئۇلار راستىنى
ئېيتمىسا، بۈگۈن كېچە ئۆلتۈرۈش كېرەك» ـ دېدى. مەن ماقۇل
دېدىم. يىڭجاڭ مېنى بىر زالنىڭ ئىچىگە باشلاپ كىردى.
قارىغۇدەك بولسام قولى ئارقىغا قىلىپ ئېسىلغان بۇ ئۈچ
كىشى ھالسىزلىنىپ كېتىپتۇ. تاياق زەربىسىدە پۈتۈن ئەزايـ
دىن قان تېمىپ تۇرۇپتۇ. ئەھۋال تولىمۇ ئېچىنىشلىق ئىدى.
مەن يىڭجاڭغا: بۇلارنى بوشىتىپ، ھوشىغا كەلتۈرۈپ ئاندىن
سوراپ كۆرەيلى، دېدىم. ئۇ ماقۇل بولۇپ، ئەسكەرلەرگە: «بۇـ
لارنى بوشىتىپ سوجاڭغا تاپشۇرۇڭلار، نېمە سورىسا شۇنى
بېرىڭلار!» ـ دەپ بۇيرۇق قىلدى. ئۇلارنى يەرگە چۈشۈرگەندىن
كېيىن قارىسام، بىرى ئۆزبېك ئەخمەتجان، يەنە بىرى قەشقەر
بەشكېرەملىك ياغاچچى نۇر دېگەن كىشى، يەنە بىرى ئالتاي
بازىرىدا سېتىقچىلىق قىلىدىغان قازاق ئىكەن. ھەممىسىنى
تونۇدۇم. ئۇلارغا سۇ ئىچكۈزۈپ، بىرئاز دەم ئالدۇرغاندىن
كېيىن ئاستا ـ ئاستا ھوشىغا كېلىشكە باشلىغان بولسىمۇ، تېنىق
يەنىلا ئاجىز ئىدى، شۇئان يىڭجاڭنىڭ يېنىغا چىقىپ مەسلىـ
ھەت بېرىپ: بۇ ئۈچ كىشىنى مەن تونۇيمەن. بۇلار قاچان ۋە
قانداق بولۇپ باندىتلار تەرەپكە بېرىپ قالغانلىقىنى ئېنىقـ
لىغىلى بولىدۇ. ئۇلارنى ئالدى بىلەن دوختۇرخانىغا كۆرسىتىپ
ياخشى بولغاندا ئەھۋالغا قاراپ تەكشۈرسەك، ماڭا تاپشۇرۇڭ،
ئىككى كۈندىن كېيىن مەن ئەھۋالدىن سىزگە دوكلات قىلىمەن
دېدىم. ئۇ ماقۇل بولدى. زەمبىل بىلەن ئەسكەرلەرگە كۆتەرـ
تىپ پەيچۇسوغا ئېلىپ چىقتىم. كېچىلەپ دوختۇرخانىغا ئاپارـ
غۇزۇپ تەكشۈرتتۈم. بالنىستتا ياتىدىغانغا پۈتۈشتۇق. ئەتىسى
بۇ ئەھۋالنى جىڭشاجۈيدىكى لى جۈيجاڭغا دوكلات قىلىۋىدىم،
ئۇ: «بولىدۇ، ساقايتىپ ياخشىراق بولغاندا چوڭقۇر تەكشۈرۈپ،
نەتىجىسىنى مەلۇم قىل، جاڭ يىڭجاڭ بىلەن كارىڭ بولمىسۇن،
ئۇنىڭغا ئۆزۈم جاۋاب قىلىمەن» ـــ دېدى. ئەھۋالدىن بىرئاز

خاتىرجەم بولدۇم. تۇتقۇنلار داۋالىنىپ بىرئاز ياخشى بولغان-
دىن كېيىن تەكشۈرتۈپ كۆرسەم ياغاچچى نۇر تولتىدا بىر
دېھقاننىڭ هارۋىسىنى ياساۋاتقاندا ئۇشتۇمتۇت ئۇسمان كېلىپ
زورلۇق بىلەن ئېلىپ كەتكەنلىكتىن ئۈچ ئاي
تاغدا يۈرۈپ، يېقىندىلا قايتىپ كەلگەنىكەن. ئەخمەتجان
تولتىدىن چىقىپ قوي ئالغىلى شەھەرگە كىرەلمەي دېھقانلارغا
ئىشلەۋاتقاندا، گومىنداڭنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان. سېتىقچى
قازاقنىڭ جىنايىتى بولسا، جاڭ يىڭجاڭنىڭ قورۇسى ئالدىدىن
ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ قورۇنىڭ ئىچىگە قاراپ قويغانىكەن.
ئومۇمىي ئەھۋال شۇنچىلىك ئىدى. ياغاچچى بىلەن قازاقنىڭ
ئالتاي بازىرىدا ئائىلىسى بار، تىنچ، ياخشى ئادەملەر بولۇپ،
هۆكۈمەتنىڭ سىياسىتى بىلەن قارشىلىشىدىغان ئىشلارنى قىل-
مايدۇ. ئەخمەتجان بويتاق ئادەم، بۇ كىشىلەر ئۈستىدىن تەك-
شۈرۈش ئارقىلىق دوكلات يازغىنىمدىن كېيىن جىڭساجۇينىڭ
تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈپ ئاندىن بۇ كىشىلەرنى قويۇپ بەردىم.
ئەگەر يىڭجاڭ مېنى ھېلىقى كۈنى چاقىرمىغان بولسا شۇ ئاخ-
شىملا بۇلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى شەكسىز ئىدى. ئۇلارنىڭ هايات
قېلىشىدىكى سەۋەب: بىرى ئەجەل توشمىغان بولسا، يەنە بىرى
مېنىڭ سەۋەبچى بولغانلىقىم. بۇ ئىشلار شۇ چاغدا
پۈتۈن ئالتاي خەلقىگە ئايان بولغانىدى. بۇ ئۈچ ئادەم-
نىڭ هازىر قەيەردە ئىكەنلىكى نامەلۇم. ئەمما بۇلاردىن
هاياتلىرىمۇ بولۇشى مۇمكىن.

1945 - يىلى 5 - ئايلار مەزگىلى، مېنىڭ يەنىلا سوجاڭ
ۋاقتىم. بىر ئاخشىمى تۈن نىسپىدە ئىشلەۋاتاتتىم. پەيچۇسوغا
يېقىن يەردىن بىر پاي ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى. شۇئان ئىككى
نەپەر ساقچى بىلەن كوچىغا چىقتىم. كوچىلاردا ھەربىي ھالەت
بولۇپ، ئەسكەرلەر ئارا پروپوسكا بولماي يۈرۈش مۇمكىن ئە-
مەس، بىزدە پروپوسكىغا جاۋاب بار بولغاچقا، تېزدىن مېڭىپ خەلق



كۆلۈبىنىڭ دوقمۇشىدىكى مۇنەۋۋەر باينىڭ قورۇسىغا ئۇدۇل
كېلىۋالدۇق. قورۇنىڭ ئالدى تەرىپىدە موزدوزچىلىق قىلىدىغان
بىر قانچە دۇكانلار بار ئىدى. مىلتىق ئېتىلىشىنىڭ ئالدى
كەينىدە مۇنەۋۋەر باينىڭ قورۇسىدىن قاتتىق يىغا - زارە
چىقىپ تۇرغانىكەن. بىزنىڭ كېلىشىمىزگە كىشىلەر دۇكاندىن چىق-
شىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلىشتى، مەن دەرھال قاپقا ئالدىغا
كېلىپ بەلگە بەرسەم بىر كىچىك بالىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.
شوتا قويۇپ قورۇ ئىچىگە چۈشتۇق. يەردىن بىر مېتىر ئېگىز
سېلىنغان ئۆينىڭ قورۇغا قارىتىلغان دېرىزىسىدىن يەردە ياتقان
بىر جەسەت كۆرۈندى. يېقىن بېرىپ قارىساق، جان ئۈزگەن
بۇ مەرھۇمە بالاغەتكە يەتكەن پەرى سۈپەتلىك قىز بولۇپ،
قاسىم بەختىيارنىڭ قىزى پەردەۋىس ئىدى. بۇنى كۆرۈپ ئال-
دىراپ چوڭ ئۆيگە كىرسەك چىراغ يېنىق، بىر بالىنىڭ ئىڭرا-
ۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدۇق. بۇ بالا بىزگە تونۇش بەختىيارنىڭ
ئەسئەت ئىسىملىك 12 ياشلىق زېرەك ئوغلى ئىكەن. مەسۇم
ئەسئەتنىڭ قورسىقىغا سانجىلغان نەيزىنىڭ زەربىسىدىن ئۈچەي-
لىرى سىرتقا چىققان هالدا قانغا مىلىنىپ هالسىزلىنىپ ياتات-
تى. بەختىيارنىڭ رەپىقىسى يىغلاپ دات - پەرياد قىلغاندا
مىلتىق بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. يەنە زۇبەيدە ئىسىملىك
9 ياشلىق قىزىنىمۇ مىلتىقنىڭ خەنجىرى بىلەن سانجىپ ئۆلتۈ-
رۈپتۇ. تەلئەت ئىسىملىك ئاغزىدىن تېخى ئانا سۈتى كېتىپ
تۇرغان ئوغۇل بالا يوتقاننىڭ ئىچىدە كۆرۈنمەي قالغانلىقتىن
هايات قاپتۇ. مەن بۇ ئەھۋاللارنى بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈپ،
بىر تەرەپتىن يېرىم جان ياتقان ئەسئەتتىن گەپ سورىدىم.
ئۇ ماڭا: «ئۆيگە ئىككى ئەسكەر كىردى. ئۇنى تونۇيمەن، ئۇ
ۋالىنىڭ فۇگۇەنى، يەنە بىر ئەسكەر كىرىپ ساندۇقنى ئاختۇ-
رۇپ، ئالىدىغانىنى ئېلىپ بولۇپ، ئاچامغا ئېسىلىپ رەسۋالىق
قىلماقچى بولغاندا، ئاچام ئۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسەتتى. ئاندىن

ئاچامنىڭ قولىنى باغلىماقچى بولغاندا دېرىزىدىن قاچماقچى بولۇۋىدى، مىلتىق بىلەن ئېتىپ تاشلىدى. ئاپام ۋارقىراپ يىغلىۋىدى، مىلتىقنىڭ نەيزىسى بىلەن مەيدىسىگە سانجىپ يىقىتتى. مەنمۇ يىغلىغان ئىدىم، ئەسكەر كېلىپ مىلتىق بىلەن سانجىغىنىنى بىلىمەن» — دەپلا بولالماي قالدى. شۇ ئان ئەسئەتنى دوختۇرخانىغا ئاپارغان بولساقمۇ، داۋا ئۈنۈم بەرمەي جان ئۈزدى. ئەتىسى دەپنە قىلىش ئۈچۈن قەبرىستانلىققا ئېلىپ چىقىشمۇ ئالاھىدە بىر مەسىلە ئىدى. چۈنكى كوچا — مەھەللىدىن ھېچقانداق ئادەم ئىشىكتىن باش چىقىرالمايتتى. شەھەردە خەۋپلىك ھەربىي ھالەتنىڭ شۇم شۇۋىرغانلىرى ھۇۋلاپ تۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن قاراقچىلار سىلىڭبۇسىغا ۋە گۇڭئەنجۈيگە بېرىپ مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، ئۇلار بەرگەن ئازغىنە ئىمكانىيەت ئىچىدە بىرقانچە كىشى كۆزىمىزدىن ياش ئورنىغا قان ئاققۇزۇپ، ئۇلارنى دەپنە قىلدۇق.

بۇ پاجىئە يۈز بېرىشتىن خېلى كۈنلەر ئىلگىرى، قاسىم بەختىيارى 17 ياشلىق ئوغلى مەسئۇدنى ئېلىپ تىجارەت قىلىش ئۈچۈن ئالتاينىڭ چۆگقۇر دېگەن يېرىگە كەتكەنىكەن. بۇنداق بولۇشى شۇ ۋاقىتتا ئالتاي بازىرىدىكى يەرلىك خەلق ئىچىدە نوپۇزلۇق ئادەملەر بىر - بىرلەپ قولغا ئېلىنىپ يوقوتۇلماقتا ئىدى. بۇنداق ئەھۋالنى سېزىپ تۇرغان قاسىم بەختىيارى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئالتاينىڭ چەت ناھىيىسىگە چىقىپ كەتكەنىدى. گومىنداڭ قاراقچىلىرى بەختىيارىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ بۇ ھەقتە پاراڭلاشقاندا، ۋالىنىڭ فۇگۇەنى ئاڭلاپ ئاندىن بۇ باسقۇنچىلىققا تەۋەككۈل قىلغان. بۇ پاجىئە ئالتاي خەلقىگە شۇ قەدەر دەھشەت بولدىكى، ھەممە ئادەم قان - زار يىغلاپلا قالماي بەلكى «بىزنىمۇ شۇنداق ئۆلتۈرۈپ يوقىتىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ غۇلغۇلىغا چۈشتى. بەختىيارى بولسا بۇ ۋەقە بولۇپ ئون



ئەچچە كۈندىن كېيىن ئائىلىسىگە قايتىپ كەلدى. دەھشەتلىك ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن ئۇ ھوشىدىن كەتتى. نالە - پەريادى پەلەككە يەتتى.

قاتىللىق قىلمىشنى يوشۇرۇش ئەھۋالىغا كەلسەك: پاجىئەلىك ئەھۋال بولغان كۈننىڭ ئەتىسى جىڭساجۈيگە بېرىپ بولغان ئىشلارنى ئەينەن دوكلات قىلسام، جۈيجاڭ ئاڭلاپ بولۇپ مۇنداق دېدى: «ۋالىنىڭ فۇگۇەنى ئۆلتۈردى دېگەن گەپنى ئاغزىڭدىن چىقارغۇچى بولما، ياخشى تەسىر بولمايدۇ. شۇنداقمۇ — ئەمەسمۇ» — دەپ مېنى تەستىقلىتىپ بولۇپ، «ئۆلگەن بالىنىڭ تونۇشى خاتا. بۇنى تەكشۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق» — دەپ ئېتىبارسىز قالدۇردى. ئەمما مەن بۇ زالىم جۈيجاڭنىڭ بۇ ئەنزىنى يوشۇرۇپ يوققا چىقارماقچى بولغانلىقىنى ئۆز ۋاقتىدىكى يۇرتنىڭ چوڭلىرىغا ۋە قاسىم بەختىيارىغا تولۇق پاش قىلدىم.

1945 - يىلى 8 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابى غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەپ، غۇلجا، چۆچەك تەرەپنى ئازاد قىلدى. پارتىزانلارنىڭ ئالدى بۇرچىنگە كېلىپ بۇ يەرنىمۇ ئازاد قىلىپ، ئالتايغا قاراپ مېڭىپ ئالاقاققا يېتىپ كەلگەندە، گومىنداڭ قاراقچىلىرى ئالاقزادە بولۇپ تاشقى موڭغۇلغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى.

9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى سائەت سەككىزلەردە لى جۈيجاڭ تېلېفوندا مېنى چاقىرىپ: «پەيچۇسودىكى ئەسكەرلەرنى جىداۋيۈەنگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۆزۈڭ ساقچىغا كەل» — دېدى. بارسام ساقچى كادىرلىرى ۋە ساقچى ئەسكەرلىرى پاراكەندە ۋە ساراسىمىگە چۈشۈپ، ھەممىسى ئۆز ئەھۋالى بىلەن بولۇپ كېتىپتۇ. بەزىلىرى ئات، تۆگە، ئېشەك ۋە كالىلارغا يۈك - تاقلىرىنى ئارتىشىپ، بەزىلىرى ئەپكەش بىلەن نەرسە - كېرەكلىرىنى كۆتۈرۈپ مېڭىشقا ھازىرلىنىپ، ئەنسىز قىياپەتتە ھولۇقۇپ بىر-

بىرگە باقماي، پاتپاراق بولۇۋاتقانىكەن. جۇيجاڭنىڭ يېنىغا كىرسەم: «ياخشى كەلدىڭ، بۈگۈن سائەت 7 دە چېكىنىدىغان بولدۇق. سەن دەرھال پەيچۇسوغا بېرىپ، بارلىق ماتېرىياللارنى تەخلەپ، ساقچىلارنى جىداۋيۈەنگە تاپشۇرغىن. ئۇلار تەييارلىنىپ سائەت 12 گىچە شەھەردىن چىقىپ كېتىشى كېرەك. ئۇلاستايغا قاراپ ئۆرلەپ ماڭسۇن، يەيدىغان ئاشلىقلىرىنى ئات - ئۇلاغقا ئارتىپ، ئۆزلىرى پىيادە ماڭسۇن، سەن يول بىلىدىغان ئىشەنچلىك بىر كىشى بىلەن تېزدىن مېنىڭ يېنىمغا كەل، بىز ھەربىيلەرگە قوشۇلماي باشقا يول بىلەن ئۈرۈمچىگە قاچىمىز، سەن مېنىڭ ياردەمچىم بولىسەن. ئامان - ئېسەن ئۈرۈمچىگە يەتكۈزسەڭ، سېنىڭ ھەر قانداق ئىشىڭغا مەن چوقۇم ياردەم قىلىمەن» - دېگەن سۆزلەرنى قىلدى. مەن ماقۇل دېدىم. ئۇ ماڭا چوڭ ئوق يەيدىغان بىر دانە تاپانچا، يۈز تال ئوق بەردى. بىر دانە دۈربۈنمۇ بەردى. ئىشىم مۇددىئايىمدىكىدەك ئوڭۇندالدى - دە، پەيچۇسوغا بېرىپ تاپشۇرۇق بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇپ بولدۇم. ئاندىن تۇرسۇن ئىسىملىك بىر ساقچىنى ئۆزۈمگە ھەمراھ قىلىپ ساقچى ئىدارىسىگە كەلدىم ۋە دەرھال ھېكىم ئىسىملىك ئادەمنى تاپتىم. ئۇ بىرەر يىل ئوسمانلارغا قوشۇلۇپ، كېيىنكى ۋاقىتتا يۇسۇپ بىلەن بىرلىكتە ئون نەپەر ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىپ گومىنداڭغا تەسلىم بولغان ئادەم ئىدى. بۇلارنى گومىنداڭ قاراقچىلىرى ۋاقىتلىق قارشى ئېلىپ جىڭسا جۈيىدە ساقچىلار قاتارىدا خىزمەت بېرىپ تۇتۇپ تۇرۇۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشتىم. ھېكىم تەسلىم بولۇپ كەلگىنىگە پۇشايمان قىلىپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىدىن چۆچۈپ قالغانلىقىنى، قېچىپ كېتىش مەقسىتى بارلىقىنى ئېيتقانىدى. بۇ ئەھۋالدىن خەۋىرىم بولغاچقا مەن ساقچى باشلىقىدىن قورال ئېلىپ، پەيچۇسوغا مېڭىش ئالدىدا ھېكىمغا



ئېيتقانىدىم. ئۇ مېنىڭ پىكرىمگە قوشۇلۇپ يەنە بىر ئادىمى بىلەن ئارالنىڭ ئاياق تەرىپىدە تەييار بولۇپ، مېنى ساقلاپ تۇرماقچى بولدى. شۇڭا مەن پەيچۇسودىن چىقىپ ساقچى ئىدارىسىگە بارماستىن ئارال تەرەپكە مېڭىپ ھېكىملار بىلەن تېپىشتۇق. بىز جەمئىي تۆت ئادەم تولۇق قوراللىنىپ جۇيجاڭنى تاشلاپ كېچىلەپ جاڭجۇڭ تېغىغا چىقىپ كەتتۇق. تاغقا قېچىش ئالدىدا، بولۇۋاتقان ۋە بولغۇسى ئەھۋاللاردىن مۇنەۋۋەر باي، مامۇت ياقۇپبايۇۋ ۋە بەختىيارلارغا خەۋەر قىلدىم.

شۇ كېچىسى پۈتۈن ھەربىي، مەمۇرىي ئىدارە - جەمئىيەت ئورۇنلىرىدىكى بارلىق خىزمەتچىلەر، ئاز ساندا خەنزۇ پۇقرالار بولۇپ، تاڭ ئاتقۇچە ئۇلاستايغا قاراپ قېچىشتى. گومىنداڭ قاراقچىلىرى پۇقرالارنىڭ قورۇلىرىغا باستۇرۇپ كىرىپ - ئات - ئۇلاق، يېمەك - ئىچمەك قاتارلىق نەرسىلىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. ئەمما كېيىنلىكىدىن قورققان ۋەنسجاڭنىڭ پۇقرالارنى قەتئىي ئۆلتۈرمەسلىك دېگەن ئەمرىگە بىنائەن ئۆلۈم ئىشى يۈز بەرمىدى. تاڭ ئاتقۇچە بىز جاڭجۇڭ تېغىنىڭ چوققىسىدا شەھەر ئىچىدىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭ، گاھى ئېتىلغان مىلتىق ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇخلىماي تاڭ ئاتقۇزدۇق. تاڭ يورۇغاندا بازار ئىچى تىنجىدى. دۈربۈن بىلەن ھەممىنى كۆرۈپ ئاندىن بازار ئىچىگە ئامان - ئېسەن كىرىۋالدۇق. بىز بازار چېتىگە كىرگىنىمىزدە، ئازساندىكى پۇقرالارنىڭ ئىدارە - جەمئىيەت ئورۇنلىرىدىن بەزى قولغا چىققۇدەك نەرسىلەرنى ئولجا قىلىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇلارنى دەرھال توستۇق ۋە يۇرتنىڭ نوپۇزلۇق ئادەملىرىنى ياردەملىشىشكە تەكلىپ قىلدۇق، ھەممە تېزلىكتە پارتىزانلار ئالدىغا خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن يۇرت ھۆتتۆۋەرلىرىنى ماشىنا، ئاتلار بىلەن چىمىرچەككە يولغا سالدۇق.

9- ئاينىڭ 5-كۈنى ئالتاي ئازاد بولۇپ دەللىقان ھەربىي

باشلىقلىقىدا ۋە سوۋېتتىن ياردەم ئۈچۈن كەلگەن ئارىف باي ۋاقىتلىق ۋالىلىقتا، سىمباي ئىمىرخانلار سىياسىي رەھبەرلىككە تەيىنلىنىپ، ئىش باشلاپ كەتتى. بىز تۆت نەپەر ئادەم قوراللىرىمىزنى تاپشۇرۇپ ئۆزىمىزنى مەلۇم قىلدۇق. ھېكىمنى تەكشۈرۈپ ئىككى كۈن قاماپ قويدى. مېنىمۇ تەكشۈردى. ئارخىپتا چوڭ مەسىلە يوقلۇقى، شۇنىڭدەك خەلقنىڭ ھىمايە قىلغانلىقى ئۈچۈن قايتىدىن خەلق ساقچىسىنىڭ سىياسىي خىزمەت بۆلۈمىگە خىزمەتكە ئالدى.

شۇ يىلى 12- ئاي ئاخىرىغا قەدەر ساقچىدا ئىشلەپ، خىزمەتلەر يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئائىلەم قېشىدا ئىشلەش تەلىۋىم قوبۇل قىلىنىپ، چۆچەك ۋىلايىتىگە تونۇشتۇرۇلدۇم. خىزمەت ئىشلىگەن ئورۇنلىرىم دۆربىلجىن سودا سانائەت باشقارمىسى، قوشۇمچە كۆلۈپ مۇدىرلىقى ۋە دىنىي نازارەت باشقارمىسى ھەم شەخسىي تىجارەتچىلەرنىڭ ئىتتىپاق شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلاردا مەسئۇل بولۇپ ئىشلىدىم.

ئالتاي ئازاد بولغاندىن كېيىن، پارتىزانلار، چېكىنگەن گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ، موڭغۇلىيە چېگرىسىغا يېقىنلاشقاندا، موڭغۇلىيە ئەسكەرلىرىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ، گومىنداڭچىلار ئامالىنىڭ يوقلۇقىدىن ۋەنسىجاڭ، گاۋبېيۇلەر باشچىلىقىدا پۈتۈن قوراللىرىنى تاپشۇرۇپ تەسلىم بولدى. ئۇلار ئالتاي بازىرىغا ئاتلىق ۋە پىيادە ھەيدىلىپ كەلگەندە گويا كى سوغا چۈشكەن چاشقاندەك مۈكچىيىپ ئۆتتۈشتى. ئالتايدا ئۇزۇن مۇددەت خەلققە ھەددىدىن تاشقىرى زۇلۇم قىلغان جاللاتلار خەلقنىڭ قان - ياشلىق شىكايىتى ئاستىدا تارتىپ چىقىرىلىپ باستۇرۇلدى. شۇ قاتاردا قاسىم بەختىيارنىڭ ئائىلىسىنى قىرغىن قىلغان ۋالىنىڭ فۇگۇەنى بىلەن يەنە بىر قاراقچى تارتىپ چىقىرىلىپ، باستۇرۇلۇپ ئىنتىقام ئېلىندى.



## ئىككى ئىنىمنىڭ ئۆلۈمى ۋە ئالتايدىكى قىرغىنچىلىق ۋەقەسى

1944 - يىل كۈز ئايلىرى، ئالتايدىكى خەلقنىڭ ھاياتى قىيىنچىلىقتا بولسىمۇ قىسمەن كەسىپ ۋە تىجارەتلەر بىلەن جان بېقىشنىڭ ئامالىنى قىلىپ ھەرىكەت قىلىپ تۇراتتى. مۇشۇ ۋاقىتلاردا مەن ئازراق تىجارەت بىلەن شۇغۇللىناتتىم. دادام، ئاغام ۋە 17 ياشلىق بىر ئىنىم بىلەن ئۈچ كىشى سارقامىستا دېھقانچىلىق قىلاتتى. بىزنىڭ ئىككى ئات بىلەن بىر ھارۋىمىز بار ئىدى. ئون مو يەرگە تېرىغان قوغۇن پىشىپ، بازارغا ئەكىرىپ سېتىپ، ئاغزىمىز ئەمدىلا نانغا ئۇلاشقان چاغدا، كۈندە قاتناپ تۇرغان ھارۋا ئۈچ كۈنگىچە پەيدا بولمىدى. قاتناش توختاپ قالدى. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقۇدەك بولساق، ئوسمانلار كېلىپ گومىنداڭ بىلەن سوقۇشقانىكەن، گومىنداڭچىلار بازارغا چېكىنگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، باندىتلار ئېتىز ۋە خامانىدىكى بۇغدايغا ئوت قويۇپ، قوغۇنلارنى ئاتقا دەسسىتىپ چەيلىگەندىن تاشقىرى، ئىشقا يارىغۇدەك ئەرلەرنى ئات-ئۇلاغلىرى بىلەن ھەيدەپ ئېلىپ كېتىپتۇ. شۇ قاتاردا ئاغىمىز روزاخۇن بىلەن ئىنىمىز كېرىمخاننىمۇ بىللە ئېلىپ كېتىپتۇ. بۇ چاغدا مەن ياكى دادىمىز سارقامىسقا بېرىشقا ئامال تاپالمىدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئالتە، يەتتە ئاي ۋەزىيەت ئېغىرلىشىپ كۈندىن - كۈنگە خەتەرلىك بولۇپ كەتكەنلىكتىن ئاغىمىز بىلەن ئىنىمىزدىن ھېچقانداق دېرەك ئالالمىدۇق. ئارىدىن توققۇز ئاي ئۆتكەندە ئاغىمىز قېچىپ كەلدى. ئىنىمىز يوق. دېمەك، باندىتلار بۇ ئىككىسىنى ئايرىۋەتكەنلىكتىن بىر - بىرىنىڭ خەۋىرىنى بىلمەيدىكەن. ئاغىمىز قېچىش ئالدىدا سۈرۈشتە قىلسا، ئىنىمنىڭ قاتتىق ئاغرىپ بىر قازاقنىڭ ئۆيىدە قال-

غانلىقىنى ئېيتىپتۇ. مۇشۇنداق كۈنلەردە گومىنداڭ تەرەپ غەلـ
بە قىلىپ، باندىتلار قېچىشقا مەجبۇر بولغاندا ئۆيي ئىگىسى
ئىنىمىزنى ھايات قالسۇن دەپ بىر ئوڭكۈرگە ئېلىپ كىرىپ، ئۆڭـ
كۈر ئاغزىنى تاش بىلەن بېكىتىپ تاشلاپ كەتكەنىكەن. ئاـ
ردىن ئون نەچچە كۈن ئۆتكەندە تاغىمىز ئىزدەپ يۈرۈپ ئۆڭـ
كۈرنى تاپقان بولسىمۇ، مەرھۇم ئىنىمىز ئۆمىلەپ يەرنى تاتىلاپ
يۈرۈپ ئاللاقاچان جان ئۈزگەنىكەن. بۇ ئىنىمىز زېرەك،
ھوشيار، چېۋەر ھەم قابىل يىگىت ئىدى.

بۇ ئېچىنىشلىق پاجىئەنى ئاڭلىغان مېھرىبان ئانام ۋە
بارلىق تۇغقانلارنىڭ نالە - پەريادىمىز كۆككە كۆتۈرۈلدى.
زار - زار يىغلاشتۇق.

ھېچقانداق ئائىلە بىزدەك تەلەيسىز بولمىسۇن. يۇقىرىقى
دەرد - ئەلەم ئۈستىگە تەكرار يۈز بەرگەن مۇدھىش ۋەقە شۇـ
كى: 30 ياشلىق ئابدۇللا ئىسىملىك بىر نەۋرە ئىنىمىز بولۇپ،
ئۇ خەيرۇللا ئائىلىسىنىڭ ۋىجدانلىق يىگىتى ئىدى.

ئالتاي قابا ناھىيىسى سوۋېتكە چېگرىداش بولۇپ ئۇنىڭـ
دىن ئاقىدىغان قابا دەرياسى بېلىققا باي، بويلىرى قىيىنزارـ
لىق، ئوت - چۆپلىرى مول، چارۋىچىلىققا قولايلىق ناھىيىلەرنىڭ
بىرى ئىدى. ئاساسىي خەلقى چارۋىچى قازاق خەلقىدىن ئىبارەت
ئىدى، ناھىيە بازىرىنىڭ بىرلا كوچىسىدا كىچىكرەك بازىرى
بولۇپ، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى شۇ يەردە ئىدى. ساقچى ۋە
جەمئىيەت ئورۇنلىرى بار بولۇپ، رەتسىز جايلاشقان ئۈچ مەـ
ھەللىدە ھەر مىللەتتىن تەركىب تاپقان ئىشچىلار، دېھقانلار ۋە
قول ھۈنەرۋەن - تىجارەتچىلەردىن بولۇپ بىر قانچە يۈز ئائىلە
ياشايتتى. شەنجاڭ ئەي شىڭيۈەن، ساقچى باشلىقى جىڭ جۈيـ
جاڭ ئىدى. گومىنداڭنىڭ بىر ليەن ئەسكىرىمۇ بازار ئىچىدە
تۇراتتى.

1944 - يىلى ئىيولنىڭ ئاخىرلىرىدا قابا ناھىيىسىنىڭ



ئەتراپىنى جېمىنەيدىكى ئۈچ ۋىلايەت پارتىزانلىرى مۇھاسىرىگە
ئېلىپ گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى تىنچلىق بىلەن تەسلىم بوـ
لۇشقا دەۋەت قىلغاندا، ئەكسىيەتچىلەر قوبۇل قىلىشنىڭ ئەكسىـ
چە قارشىلىق بىلدۈرۈپ، پارتىزانلارغا ئوق چىقىرىدۇ.

يەنە بىر ياقتىن بازار ئىچىدە تۇرۇشلۇق ئۇيغۇر - قاـ
زاق قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ناھىيە قوروۇسى، ساقـ
چى قوروۇسى، مۇخامەت قالى قوروۇسى، خەيرۇللا ئەپەندىنىڭ
قوراسى بولۇپ تۆت ئورۇنغا قامايدۇ. بۇنداق قىلىش كۆرۈنۈشـ
تە خەلقنى ھىمايە قىلىش دېيىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە يامان نىيەت
بار ئىدى. ئۇلارنىڭ قەستى ئەگەر پارتىزانلار غالىپ كېلىپ
بازارغا ھۇجۇم قىلىپ كىرەلىسە، بۇلار دۈشمەنگە قوشۇلۇپ كەتـ
مىسۇن دېگەندىن ئېھتىيات قىلاتتى. ئىككىنچى كۈنى تاڭ يوـ
رۇشى بىلەن پارتىزانلار تەرەپ دۈشمەنگە ئوق ياغدۇرۇپ، باـ
زارنىڭ غەرب ۋە جەنۇب تەرىپى بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ.
ئۈچ سائەتلىك جىددىي جەڭ بولۇپ، دۈشمەن تەرەپ چېكىـ
نىشكە مەجبۇر بولۇۋاتقاندا، بۆرچىن تەرەپتىن ئاق ئورۇس ئاـ
رىلاش 32 - تۇەننىڭ بىر ليەن ئەسكىرى ئۇشتۇمتۇت ياردەمـ
گە كېلىپ قالىدۇ. بۇ چاغدا يېرىم ئۆلۈك قاراقچىلارغا جان
كىرىپ جەڭ باشقىچە كۈچىيىدۇ. شۇنداقتىمۇ پارتىزانلار جەڭنى
داۋاملاشتۇرىدۇ. ئاخىر سان جەھەتتىن ئازلىق قىلىپ جېمىـ
نەيگە قاراپ چېكىنىدۇ.

پارتىزانلارنىڭ چېكىنگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان قاراقچى -
جاللاتلار ۋەھشىيلەرچە يىرتقۇچلۇق قىلىپ قاماقتىكى خەلقلەرـ
گە: «قورۇدىن چىقىڭلار، ئامانچىلىق بولدى!» - دەپ چاقىرىدۇ،
بۇنى ئاڭلىغان خەلق قورۇلار ئىچىدىن توپ - توپى بىلەن
سىرتقا چىقىشقا باشلايدۇ. شۇئان ئالدىن تەييارلانغان پىلىموتلارـ
دىن بىردىن ئوق ياغدۇرۇپ، ئېتىشقا كىرىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن
خەلق قول كۆتۈرۈپ: «بىز تىنچ پۇقرا! بىزنى شەنجاڭ، جۈيـ

جاڭلار بىلىدۇ! بىزنى ئاتماڭلار!»، دەپ داد - پەرياد كۆتۈرگەن بولسىمۇ رەھىمسىز جاللاتلار قولاق سالماستىن ئېتىپ تاشلايدۇ. كىچىككىنە بازار كوچىسى ھايت - ھۇيت دېگۈچە ئادەملەرنىڭ جەسىتى بىلەن تولىدۇ. يەر يۈزى قانغا بويىلىدۇ. قاراقچى - جاللاتلار بۇنىڭ بىلەن قالماي بەزى قورۇلارغا كىرىپ بىر قانچە ئائىلىنى قىرغان. بۇ چاغدا يوشۇرۇنۇپ ھايات قالغان ئادەملەردىن قادىرجان، خەيرۇللا ئەپەندى، مەھەممەت قۇربانلارنىڭ ئېيتىشلىرىغا قارىغاندا، شۇ كۈنى ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم ئۇيغۇر، قازاق بولۇپ 28 نەپەر، ياردار بولغانلىرى يەتتە نەپەر ئىكەن.

بۇ چاغدا خەلق ئىچىدە دۈشمەنگە قارشى ئېيتىلغان ئۇيغۇرچە ۋە قازاقچە نۇرغۇن قوشاقلار بار ئىدى. بۇلار ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ، شۇنى ئېيتىپ ئۆتمەكچىمەنكى، ئالتاي ئازادلىققا ئېرىشىپ، گومىنداڭ قاراقچىلىرى تەسلىم بولغاندا قابا ناھىيىسىدە قىرغىنچىلىق قىلغۇچى جاللات لىيەنجاڭ، جۇيجاڭ ۋە شەنجاڭلارنىڭمۇ ئەسىرگە چۈشكەنلەر قاتارىدا ئىنتىقام چاڭگىلىدا كۆردۈم. دېمەك، ناھەق ئاققان قان ھەر قاچان ئۆز قىساسىنى تاپماي قويمايدىكەن.

## ئازادلىقتىن كېيىنكى ئەھۋاللار

1951 - يىلى مەن خەلق ئىشلار نازارىتى (سابىق كادىرلار نازارىتى) نىڭ نازىرى ئابدۇراخمان مۇھىتىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بويىچە، ھازىرقى ئاپتونوم رايونلۇق جەنسايۇەننىڭ ئىشخانىسىدا كاتىپ ۋە ياردەمچى تەرجىمان بولۇپ ئىشلىدىم. بۇ جەرياندا پارتىيىنىڭ تەپتىش خىزمىتىگە دائىر ماتېرىياللىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇپ، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش سىياسىي ھەرىكەتلىرىگە قاتنىشىشىم بىلەن بۇندىن كېيىنكى خىز-



مەتلىرىم ئۈچۈنمۇ بىر قەدەر تونۇشقا ئىگە بولدۇم. بۇ جەرياندا يەر ئىسلاھاتى خىزمەتلىرىگىمۇ قاتنىشىپ تاكى ئاخىرلاشقىچە ئىشلىدىم. پارتىيە رەھبەرلىكىدە يۈرگۈزۈلگەن بۇ ھەرىكەتلەر ئەسىرلەر بويى داۋام قىلىپ كەلگەن ئەزگۈچى قارا سىياسەتنى تۈپ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاپ، ئېزىلگەن دېھقانلارغا ئازاد يېڭى دۇنيا يارىتىلىپ، ئازاب - ئوقۇبەت ۋە زۇلۇم، بەختىيار نۇرلۇق ھاياتقا ئايلاندى ۋە كەلگۈسىدىكى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلۈشى ئۈچۈن ماددىي ۋە مەنىۋى كۈچ ھاسىل قىلىندى.

1953 - يىلىنىڭ ئاخىرى جەنسايۇەننىڭ تەيىنلىشى بويىچە چۆچەك ۋىلايىتىگە دېلو تەكشۈرۈش ئۈچۈن، يۇقىرى سوت كادىرلىرى بىلەن بىرلىكتە چۆچەك ۋە شىخو ناھىيىلىرىدە تەپتىش خىزمىتىدە بولدۇم. بۇ قېتىمقى قايتا تەكشۈرۈش سىياسىتى ناھايىتى توغرا خىزمەت بولۇپ، كۆپلىگەن ئەنزىلەر قايتا تەكشۈرۈلۈپ تۈزىتىلدى. دېمەك، پارتىيىنىڭ بىرمۇ ياخشى ئادەمگە ئۇۋال قىلماسلىق، بىرمۇ يامان ئادەمنى توردىن چۈشۈرۈپ قويماسلىقتەك سىياسىتى تولۇق ئىجرا قىلىنىپ، خەلق رازىلىققا ئېرىشتى، چۆچەك ۋە شىخودىكى خىزمەتلەر ئاياقلاشقاندىن كېيىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ جەنسايۇەندە ئىشلىگەن بولساممۇ، كاللامدا ئەدەبىيات ساھەسىدە ئىشلەش ئارزۇيۇم بار ئىدى. شۇ تەلىپىمگە بىنائەن مەدەنىيەت نازارىتىگە ئالماشتىم. مەدەنىيەت نازارىتى مېنى ئاپتونوم رايونلۇق كۇتۇپخانىغا مەسئۇل قىلىپ بەلگىلىدى. كۇتۇپخانىغا تونۇشتۇرۇلغانلىقىم شەرەپلىك ئىش بولغانىدى. چۈنكى كۇتۇپخانا كىتابلار كانى بولۇپ مىليونلىغان مۇھىم كىتابلار ھەرخىل تىلدا كونا-يېڭى تارىخ ئىلمىي، پەننىي ئەسەرلەر بولۇش بىلەن بىللە يۈز نەچچە خىل ژۇرنال، 50 خىلغا يېقىن گېزىت بار ئىدى. شۇنىڭدەك قىرائەتخانىلار ئارقىلىق مەدەنىي، ئەخلاقىي تەربىيە ئوچىقى بولغان بۇ كۇتۇپخانا

ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن تەربىيلىنىشكە پۇرسەت يارىتىپ بې-
رىلىدىغان ئورۇن بولدى. ئەسىرلەردىن ئالغان تەسىراتىمدا، دۇن-
يا كۇتۇپخانىلىرىدىن چەت ئەلدىكى زور كۇتۇپخانىلار ۋە بېيجىڭ
كۇتۇپخانىسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا بۇ كۇتۇپخانىمىز بەك كىچىك
دېگەن ھېسسىياتقا كەلدىم. بىراق كىچىك بولسىمۇ كىتاب - ژۇر-
ناللارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆز تىل-يېزىقىمىزدا بولغاچقا چەكسىز
پەخىرلەندىم.

1956 - يىلى 10 - ئايدا مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ تەش-
كىللىشى بويىچە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، نا-
ھىيىلىرىدىكى مەدەنىيەت خىزمىتىنى ئىشلىگۈچىلەردىن بولۇپ 32
نەپەر ھەر مىللەت ۋەكىلى ئىچكىرى ئۆلكىلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا
باردۇق. ئۇ يىللاردا شىنجاڭدا پويىز قاتنىمىغانلىقتىن ماشىنا
بىلەن مېڭىپ جۇچۇەندىن ئۆتۈپ، پويىزغا ئولاشتۇق، ئىچكىرى
ئۆلكىلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشتا بىر ئۆلكىدىن يەنە بىر ئۆل-
كىگە بېرىشتا ئالدىن خەۋەر تاپقان رەھبەرلەر كىچىك ماشىنا
بىلەن كېلىپ قارشى ئالدى. بىز تېخىمۇ ئالىي ھۆرمەتكە ئىگە
بولدۇق. كۆپچىلىكىمىز ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغانلار بولغاچ-
قا، بۇ جەھەتلەردىمۇ ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلىپ ئايرىم كۈتۈۋېلىن-
دۇق. بارغانلا ئۆلكىلەردە زاۋۇت، كان، كارخانا، دېھقانچىلىق
مەيدانى، مەدەنىي - مائارىپ، تارىخىي يادىكارلىقلارنى ئېكسكۇر-
سىيە قىلدۇق. شۇ كۈنلەردە بىز مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىگە ئىلتى-
ماس يېزىپ داھىيلىرىمىز بىلەن كۆرۈشۈش تەلىپىنى قويدۇق. مەدەنىيەت
مىنىستىرلىكىدىن تەلىپىمىزنى قوبۇل كۆرۈپ تەستىقلىدى، شۇنىڭ بىلەن
مىنىستىر تەرىپىدىن داھىيلار بىلەن كۆرۈشكەن چاغدا رىئايە قىلىشقا
تېگىشلىك قائىدىلەرنى ئۇقتۇردى. بۇلار: داھىيلارغا كىرگەندە چاۋاك
بىلەن قارشى ئېلىش، كۆرۈشكەندە ئىككى قوللاپ كۆرۈشۈش،
تاماكا چەكمەسلىك، سورىغان سوئاللارغا قىسقا جاۋاب بېرىش
دېگەنلەردىن ئىبارەت ئىدى. شۇنداق قىلىپ بىز ئىككى سەپ



بولۇپ قاتار تۇرۇشىمىزغا ماۋ جۇشى، ليۇشاۋچى، جۇدې، پېڭ
دېخۇەي، مەدەنىيەت مىنىستىرى جاڭ بوجاڭ قاتارلىقلار زالغا
كىردى. ئالدىنقى سەپتە تۇرغانلار قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشكە مۇ-
يەسسەر بولدۇق.

ماۋجۇشى سەپنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە توختاپ مېنىڭ قايسى
مىللەتتىن ئىكەنلىكىمنى سورىدى. مەن: «ئۇيغۇر» دەپ جاۋاب بەردىم.
«قايسى ئورۇندا خىزمەت قىلىسىز» دېۋىدى، مەن: «شىنجاڭ ئۆلكىلىك كۇتۇپخا
نىدا دەپ جاۋاب بەردىم. ماۋجۇشى: «مەنمۇ كۇتۇپخانىدا ئىشلىگەن كۇتۇپ-
خانا خىزمىتى شەرەپلىك» دېدى، شۇ چاغدا ليۇشاۋچى: «لېنىنمۇ داۋاملىق
كۇتۇپخانىدا بولاتتى - ھە،» دېدى. جۇدې مېنى كۆرسىتىپ: «ئۇ
خەنزۇ تىلىنى ياخشى ئۆگىنىپتۇ، سۆزىدە بېيجىڭ شىۋىسى بار
ئىكەن» دېدى. ماۋجۇشى يەنە: «شىنجاڭ خەلقىنىڭ تونۇشى،
روھى - ھالىتى قانداق» دېدى. مەن ئۆتمۈشتىكى ھايات ۋە تو-
نۇش بىلەن ھازىرقى ئەھۋالنىڭ ئاسمان - زېمىن پەرق ئېتى-
دىغانلىقىنى ئېيتتىم. ماۋجۇشى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ تەبەسسۇم بىل-
دۈردى. شۇ ئارىلىقتا ئاپپاراتلارنى چارىس - چۇرىس قىلىپ رە-
سىمگە ئېلىۋاتقان مۇخبىرلارنى كۆردۇق. ئەتىسى گوۋۇيۈەن تە-
رىپىدىن بىز ئۈچۈن مەخسۇس مىللىي ئىشلار ھەيئىتى زالىدا
چوڭ زىياپەت بېرىلدى. بۇ زىياپەتكە داھىيلاردىن ليۇشاۋچى، جۇ-
دې، پېڭ دېخۇەي قاتارلىقلار قاتناشتى. ئۇستەلگە تەييارلانغان
تائاملارنىڭ تۈرى 20 خىلغا باردى. تاۋاقلاردا گۈلدەك بېزەل-
گەن تائاملاردىن گويا تىرىك تەخلىتتە تىزىلغان غاز، ئۆردەك، بې-
لىق، ۋە كاۋاپ، مانتا، پولۇ ھەتتا قايماق چايغىچە بار ئىدى. يەنە تىك-
لىنىپ تۇرغان بوتۇلكىلار، جاراڭلىق قەدەھلەر ئاستانىسىدىكى
بۇ ئالىي زىياپەتنى كۆرگەندە مەن يولداشلارغا: «داستىخانغا پې-
كىرىڭلار يوقتۇ» - دېدىم. ئۇلار كۈلۈشۈپ كەتتى. ئۇستۈن كەيپىيات-
تا بولغان بۇ ئالىي زىياپەت گويا ئۆتمۈش تارىخلاردىكى تەس-
ۋىرلەنگەن شاھانە زىياپەتلەردىن دېرەك بېرەتتى. ھازىرلانغان

تائاملارغا قول ئۇزىتىشتىن قورۇناتتۇق. چۈنكى ھەر خىل تائام تۈرلۈك ئۇسۇلدا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى.

ليۇ شاۋچى مەن بار ئۈستەلدە بولۇپ — «قېنى مەرھەمەت»، دەپ تاماققا تەكلىپ قىلدى. بۇ ئۈستەل ئۈستىدىكى يولداشلىرىم ئىچىدە پىششىقراقى مەن بولۇپ، قالغان كۆپچىلىكى جەنۇب، شىمالنىڭ چەت ناھىيىلىرىدىن كەلگەن مەدەنىيەت ساھەسىدىكى كادىرلاردىن ئىبارەت ئىدى. ئۆز ناھىيىسىدىن باشقا جايلارنى كۆرۈپ باقمىغان ھەممە چوڭراق زىياپەتلەردىمۇ بولمىغان بەزى ياشلار ئۈچۈن بۇ زىياپەت بىر يېڭىلىق ئىدى.

مەن بۇ چاغدا ئورنۇمدىن تۇرۇپ، بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلىشقا رۇخسەت سورىدىم. مېنىڭ بۇ تەلىپىم دەرھال قوبۇل قىلىندى. مەن: بىز بولساق كونا جەمئىيەتتە بۈگۈنكىدەك داھىلار ئەمەس، ھەتتا مەھەللە باشلىقى ياكى شاڭيۇلارنىڭمۇ يېنىدا ئولتۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمايتتۇق. يەنى بۇ خىل ئۈستەلگە تىزىلغان تائاملارنى ئوڭىمىز تۇرماق چۈشىمىزدىمۇ كۆرۈپ باقمىغانىدۇق. بۈگۈن پارتىيىنىڭ ھەققانىي مىللىي سىياسىتى ئاستىدا بۇ شەرەپلىك داستىخاندا داھىلىرىمىز بىلەن ئولتۇرۇشقا مۇيەسسەر بولدۇق. راستىمنى ئېيتسام، بۇ تائاملارنى قانداق يېيىشنى بىلمەيۋاتىمەن، دېدىم. مېنىڭ بۇ سۆزۈم توختاش بىلەن ليۇ شاۋچى ئورنىدىن تۇرۇپ تەسىرلەنگەنلىكىنى ۋە سۆزۈمنىڭ بىردىنبىر ئەمەلىيەتلىكلىكىنى قۇۋۋەتلەپ، سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ: «قېنى ئەمىسە، مەن تاماقنى ئېلىپ باشلاپ بېرەي» دېدى. بۇ زىياپەتتىن كېيىن مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، مىللىي ئىشلار ھەيئىتى قاتارلىق يۇقىرى ئورۇنلارنىڭ ئارقىمۇ ئارقىدىن بېرىلگەن زىياپەتلىرىگە نائىل بولدۇق.

ئەتىسى بېيجىڭ ئەتىگەنلىك گېزىتىدە: «شىنجاڭ مەدەنىيەت ئېكسكۇرسىيە ئۆمەك ئەزاسى ئۇيغۇر ئىمىر نىياز ماۋجۇشى بىلەن بىۋاسىتە سۆزلەشتى» دېگەن خەۋەر ئېلان قىلىندى. ماۋجۇشى



بىلەن سۆزلەشكەندە بەرگەن جاۋابىمنىڭ قوبۇل كۆرۈلۈشىدىن خۇرسەن بولغان باش مىنىستىر جاڭبۇجاڭ مېنى كاتىپى ئارقىلىق ئايرىم چاقىرتىپ ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن، مەندىن: «بېيجىڭدا قالامسەن» — دەپ سورىدى. بۇ دېمەك مەن ئۈچۈن زور شەرەپ ئىدى. ئەمما مەن ماقۇل دېيىشنىڭ ئورنىغا بۇ قېتىم ئۈرۈمچىگە قايتىپ بېرىپ خىزمەتلىرىمنى تاپشۇرۇپ، بالا - چاقىلىرىمدىن خاتىرجەم بولۇپ ئاندىن كەلسەم دېدىم. — مىنىستىر بىر ئاز ئويلىنىپ تۇرۇۋېلىپ، «بولىدۇ» — دېدى.

1957 - يىلى بېيجىڭدىن قايتىپ كېلىپ، 1959 - يىلغىچە يەنە كۇتۇپخانىدا ۋە مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ژۇرنىلىدا تەھرىر بولۇپ ئىشلىدىم. يۇقىرىقى خىزمەت تارىخلىرىمدا ئاساسىي رەھبەر گوڭكېي تىڭجاڭ بولۇپ، يولداشلار كۆپىنچە ئۇنىڭ يوليورۇقىغا تايىناتتى. چۈنكى رەھبەرلىككە نىسبەتەن ئۇ ئىقتىدارلىق، توغرا سەمىمىي كىشى ئىدى. بۇ چاغلاردا مەن باشقا باشلىقلار بىلەن ئازراق مۇناسىۋەت قىلاتتىم. بۇ ئىشىم باشلىقلارنىڭ ئۇغسىنى قايىنتىپ قويدى. شۇڭا ئۇلار باشقىچە پوزىتسىيىدە بولۇشقا قاراپ يۈزلەندى.

«ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى» دە بۇ باشلىقنىڭ ئىستىل جەھەتتىكى ئوچۇق - ئاشكارا بولغان ئىشلىرىدىن پىكىر قىلسام ئۇنىڭ ماڭا بولغان دۈشمەنلىكى تېخىمۇ ئېشىپ، ئاخىرى «ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى» دە ھوقۇقتىن پايدىلىنىش پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن ماڭا قارا - قويۇق بوھتان چاپلاپ بېسىم ئاستىدا مەجبۇرىي ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەشكە ئەۋەتىلدىم. بۇ ھەرىكەتتىكى سىياسەتتە بىرەر شەخسىينى تەربىيىگە ئەۋەتىش توغرا كەلسە، پاكىتنى قويۇپ، ئاندىن ئېلان قىلدۇرۇپ، ئاندىن ئەۋەتىلەتتى. ئەمما مېنىڭ ئۈستۈمدە ھېچقانداق پاكىت بولمىغانلىقتىن ئېلان قىلماي تەربىيىگە ئەۋەتىپ بەردى. ھەممىدىن ئەلەم قىلىدىغىنى شۇكى، مېنى تەربىيىگە ئەۋەتكەن ۋاقتى

1959 - يىل 9 - ئاپرېل، يەنى روزى ھېيتنىڭ ھارپا كۈنى ئىدى. 10 - كۈنى بولىدىغان ھېيت شاتلىقىغا كۆرۈلگەن ھازىرلىقلار بىردىنلا ماتەم كۈنىگە ئايلىنىپ، بەش بالام بىلەن ئايالىمنى قان يىغلىتىپ ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنىغا ئاپىرىپ تاشلاندىم. بۇ قانۇنسىز ئېغىر چارىگە دۇچار بولۇپ، سىياسىي ھوقۇق ئۈچ يىل دەپسەندە قىلىنغاندىن كېيىن بوشىتىلدىم — ماڭا كىيگۈزگەن ئۈچ بۇرجەك قالپاقنىڭ قانداق قالپاق ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنىدىم. كېيىن بوشىتىلغان ۋاقتىمدىلا تەربىيە مەيدانىدىن بېرىلگەن تونۇشتۇرۇشتا «ئوڭچى» دېگەن قالپىقى ئېلىندى، دېگەن خەتنى كۆرۈپ ئەپسۇسلاندىم.

1962 - يىلى مەن گەرچە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشتىن بوشاپ كەلگەن بولساممۇ، ئۈستۈمدە قوش قەھەتچىلىك ھۆكۈم سۈرەتتى. بىرى: كادىر، ئىشچىنىڭ مائاشى توختىتىلسا دېھقان سۈيىدىن، بېلىق دەريادىن ئايرىلغاندەكلا بولۇپ قالىدىغانلىقى تەبىئىي. بۇنداق چاغلاردا ھۈنەرمۇ كارغا كەلمەيدىكەن. ئەمما مەندە ھۈنەر يوق. ئەمگەك قىلىشقا تېخى مادارىم يوق. چۈنكى ئاغرىپ گۆر ئاغزىدىن كەلگەنمەن. يەنە بىرى، شۇ يىللار قەھەتچىلىك يىللىرى بولۇپ ئۇماچقا تويۇشنىڭ ئۆزى بىر بايلىق ئىدى. بۇ ۋاقىتلارنى تەسۋىرلەش تەس. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئۇششاق بالىلىرىم بىلەن تاش چوقۇشقا مەجبۇر بولدۇق. ئۈچ كىشى بىر لىپاڭ تاش چوقىساق ئاران ئىككى يېرىم يۈەن بېرىلىدۇ. بۇ پۇلغا ئىككى كىلو پىشۇرۇلغان ياڭيۇ ئالىمىز.

بىر كۈنى ئائىلىمىز بويىچە ئاران ئون بەش يۈەن پۇلىمىز بارلىقىنى ھېسابلاپ، بۇ پۇلغا قوناق ئۇنى سېتىۋالماقچى بولدۇق. مەن پۇلنى ئېلىپ، تىرەك بوت تەرەپتە ئۇن ساتىدىغان بىر خۇيزۇنىڭ دۇكىنىغا باردىم. ئۇننى ئېلىپ بولۇپ پۇل بېرەي دەپ يانچۇغۇمغا قول سالسام، پۇل يوق. مېنى سۈر باستى. يانچۇقلىرىمنى بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىغىچە ئاختۇرغىلى تۇردۇم. نە-



تىجىدە يانچۇقچى ئوغرىلاپ كېتىپتۇ، دېگەن تونۇشقا كەلدىم. بېشىمغا ئارقىمۇ ئارقا كېلىۋاتقان ھادىسىلەرگە ھەيران بولۇپ قېتىپ قالدىم. چىرايىمنىڭ ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنى سەزگەن خۇيزۇ تاغام قاراپ ئىچى ئاغرىغاندەك قىلىپ: «ئۇننى ئېلىپ كەت، بۈگۈن - ئەتىگىچە ئەكىلىپ بەرسەڭمۇ بولىدۇ» - دېدى. مەن ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتىم. ئەمما شۇنداقتىمۇ خالتىنى ئۇن بىلەن قويۇپ پۇل تېپىپ كەلمەكچى بولدۇم. ئۆيدە پۇل يوقلۇقى ماڭا مەلۇم. خۇسۇسەن بۇ ئەھۋالنى ئۆيگە دەپ كېلىشىم تېخىمۇ ئېغىر ھەم خەۋپلىك ئىدى. چۈنكى ئايالىم رەنجىپلا قالماي ئۇششاق بالىلىرىممۇ نارازى بولاتتى. مەن ھەر خىل خىياللار بىلەن نېمە قىلىشنى بىلمەي نەنىمگە كېلىپ قاپتىمەن. شۇنىڭ بىلەن بەشكىرەملىك ھەسەن ھاجىدىن 20 يۈەن قەرز ئالدىم - دە، ئىشلارنى ئۆز يولىدا پۈتتۈرۈپ كەلدىم.

كېيىن ئانچە - مۇنچە ماغدۇرمۇ كىردى. قۇرۇلۇش ئورۇنلىرى، تۆمۈريول، تېرە زاۋۇتى — مويكا قاتارلىق ئورۇنلاردا ئىشلىدىم. داگۇڭ ئۇستىلارغا شىياۋگۇڭ بولۇپ لاي ئەتتىم. بۇ ۋاقىتتىكى ئەمگەكنىڭ ئېغىرلىقىدىن پېشانەمدىن چىققان تەرگە كۆزۈمدىن ئاققان ياشلار قوشۇلۇپ تېنىمسىز ئېقىپ تۇراتتى. بەزىدە داگۇڭلارنىڭ تاپا - تەنىلىرىنىمۇ ئاڭلايتتىم. دېمەك 1958 - يىلدىن 1978 - يىلغىچە مۇشۇنداق مۇشەققەت ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈردۈم.

پارتىيىدىن كۈتكەن ئۈمىدىمنىڭ گۈلى ئاخىر 1978 - يىلى ئۆكتەبىردىكى مەركىزىي كومىتېتنىڭ مەملىكەت بويىچە تارقاتقان ھۆججىتىنىڭ روھى ئاستىدا ھەققانىي ئېچىلىشقا نائىل بولدى. ئۆتمۈشتىكى جازالىنىشلىرىمنىڭ ھەممىسىنى خاتا بولغان دەپ خۇلاسە چىقىرىش بىلەن بىللە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدۈم. مەنلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئائىلەمنىڭ بېشىدىكى قارا تۇتەك كۆتۈرۈلۈپ يېڭى دۇنياغا كۆز ئاچتىم.

## ئوبۇلخەيىر تۆرە توغرىسىدا ئەسلىمە

### قوجاي دوقاس

(ماقالىنىڭ ئاپتورى قوجاي دوقاس 1944 - يىلى 11 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ مىللىي ئارمىيىدە ئىشلىگەن. ئازادلىقتىن كېيىن ھەربىي قىسىمدا شۆبە ھەربىي رايون مۇئاۋىن كومىسسارى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. ئوبۇلخەيىر بىلەن ئانا جەمەت تۇغقان.)

ئوبۇلخەيىر رابات 1890 - يىلى 7 - ئايدا ئىلى ۋىلايىتى نىلقا ناھىيىسىنىڭ لاستاي يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن، 1970 - يىلى ۋاپات بولدى. تۆۋەندە ئۇ توغرىلىق بىلىدىغانلىرىمنى ئەسلەپ ئۆتىمەن.

### ئوبۇلخەيىرنىڭ تۆرە بولۇپ ئاتىلىشى

تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، 1780 - يىللىرى قازاقلارنىڭ قىزاي قەبىلىسى ئاياگۇستىن (سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسى ئىچىدە) تۆۋەنكى ئالتاينىڭ ئېرتىش جايساڭ قوڭىر دېگەن يېرىگە كۆچۈپ كېلىپ، شۇ جايدا يېرىم ئەسىر ماكانلاشقان. بۇ، قىزاي قەبىلىسى مالغا مال قوشۇلۇپ، تىنىچ شارائىتتا ياشاپ گۈللەنگەن مەزگىل ئىكەن. مۇشۇ چاغدا قىزاينىڭ تۆت ئوغلى تۆت قەبىلىگە بۆلۈنۈپ يەتتە ئاتىغا (يەتتە ئەۋلاد) توشقاندا، ئۇلار ئۆز ئىچىدە ئۆزئارا نىكاھلىشىدىغان بولۇشۇپتۇ. يەنە مۇشۇ جەرياندا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى بىلەن قوشنا بولۇپ ياشاپ كېلىۋاتقان كېرەي قەبىلىسى ئوتتۇرىسىدا يايلاق، چارۋا



ماجىراسى قاتارلىق ئىشلار كۆپىيىپ كەسكىنلىشىپتۇ. نەتىجىدە بۇ ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن قىزاي قەبىلىسى ئىچىدىن بىرەر نوپۇزلۇق ئادەمنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى، يەنى تۆرە تىكلەش زۆرۈر بولۇپ قالىدۇ. بۇ چاغدا باشقا قەبىلىلەرنىڭ ئۆز تۆرىلىرى بار ئىدى. مۇشۇ سەۋەبتىن قىزاي قەبىلىسىنىڭ باتۇرى ئىسەن كەلدى — «تۆبەسىز (چوققىسىز) يەر بولماس، تۆرىسىز ئەل بولماس» (قازاق خەلق تەمسىلى) دېگەن ئاتا ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، قىزايلارغا تۆرە ئىزدەش مەقسىتىدە قىزاينىڭ سەككىز ئاقساقىلىنى باشلاپ ئابلايقاننىڭ 3 - ئوغلى ئادىل بەگ (شۇ چاغدا ئادىل كىچىك يۈزنىڭ تۆرىسى ئىكەن) نىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىر بالىسىنى تۆرىلىككە سورىتىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، توغاناس باتۇر بارغانىكەن. ئادىلنىڭ 30 ئوغلى بار ئىدى (نەچچە خوتۇنى نەچچە قىزى بارلىقى نامەلۇم). چوڭ ئوغۇللىرى ئايرىم - ئايرىم ئاۋۇللارغا بۆلۈنۈپ كېتىپتۇ. بەزىلىرى رۇس مەكتىپىدە ئوقۇۋېتىپتۇ. قىزايلار ئۇلارنى لايىق كۆرمەي ئادىلنىڭ كىچىك خوتۇنى ماغىشتىن تۇغۇلغان ساما ئىسىملىك 15 ياشلىق بالىسىنى لايىق كۆرۈپ سورىۋالىدۇ.

ماغىشتىن سانا، ساما ئىسىملىك ئىككى ئوغۇل بولۇپ، سانا ئۆلۈپ كەتكەنىكەن. ئادىل ئوغلى سامانى قىزايغا تۆرىلىككە بەرگەن بولسىمۇ، يەنىلا كۆڭلى ئۇنىماي: «30 ئوغلۇمنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئوغلۇم سانانى خۇدا ئالدى، سامانى قىزاي ئالدى، سىلەر ئۇ ئەلگە، بىز بۇ ئەلگە بۆلۈنۈپ كەتتۇق، قازاق ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى.»، دەپ شەرققە قاراپ تىز پۈكۈپ يىغلىغانىكەن.

قىزايلار 15 ياشلىق سامانى ئەكەلگەندىن كېيىن، ئۇنى ئاق كىگىزگە ئولتۇرغۇزۇپ، ئاق قوي سويۇپ ئۆز تۆرىسىگە ھۆرمەت ئىزھار قىلغان، قۇرئان ئوقۇپ، قوللىرىنى قانغا چىلاپ

قەسەم ئىچىپ ئۆز تۆرىسىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئىتتى-
پاق ئۆتۈدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. سامانى تەكىر بەردىنىڭ ئۆ-
يىگە ئولتۇرغۇزۇپ (تەكىر بەردى قىزاينىڭ نەۋرىسى بولۇپ، ئۇ-
نىڭ ئولتۇرغان ئۆيىنى قىزايلار چوڭ ئۆي دەپ ھېسابلايتتى)،
ئۇنىڭ قېشىغا ھەر جەھەتتىن يېتىشكەن ئابرۇيلۇق ئادەملەرنى
تۇرغۇزۇپ، تۆرە رەھبەرلىكىنى ئورنىتىدۇ.

تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، سامانىڭ قىزايغا
تۆرە بولۇپ كەلگەن ۋاقتى 1780 - يىلىنىڭ باشلىرى بولۇپ،
بۇ ۋاقىت ئىسەن كەلدىنىڭ ئابلايخاننىڭ قېشىدا يۈرگەن ۋاق-
تىغا يېقىن كېلىدۇ. ئىسەن كەلدى قىزاينىڭ 5 - ئەۋلادى
بولۇپ، ساما قىزاي قەبىلىسىگە تا ۋاپات بولغىنىغا قەدەر 30
يىل تۆرە بولغان. سامانىڭ جەسىتى جاساغىنىڭ قوكىر دېگەن
يېرىگە قويۇلغان.

توغانىسقا كەلسەك، ئۇ قىزاينىڭ 9 - ئەۋلادى بولىدۇ.
ئۇ باتۇر بولۇپ يۈرگىنىدە سامانىڭ 3 - ئوغلى نۇرئاسىل ئۇ-
نىڭ بىلەن ناھايىتى يېقىن ئۆتكەن. مەنچىڭ خانى چىيەنلۇڭ-
نىڭ ئىلتىپاتىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن توغانىس - نۇرئاسىل ۋە
باشقا قىزاي ۋەكىللىرىنى باشلاپ بېيجىڭغا بارغان. شۇ مەزگىل-
دە قىزايلار تارباغاتاي رايونىدا ئولتۇراقلاشقانىكەن.

ساما ئىككى خوتۇن ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىرىنچى خو-
تۇنى سەمەن تۆرىنىڭ قىزى مەرىيەمدىن ئالپەيىز، قوۋات ئى-
سىملىك ئىككى ئوغۇل تۇغۇلغان. ئىككىنچى خوتۇنى، ئارغىن
قەبىلىسىدىن بولغان ئىرىستىن ئېرئاسىل، نۇرئاسىل (ئۇلار ئېر
جەكەڭ، كۆكەڭ دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئىسىملىك ئىككى ئوغۇل تۇغۇل-
غان. ساما تۆرە ھايات ۋاقتىدا نۇرئاسىلنى ئۆزىگە ۋارىس قىل-
ماقچى بولغان. چۈنكى نۇرئاسىل جۈرئەتلىك ۋە مەرگەن يىگىت
ئىكەن. شۇ زامانلاردا جۈرئەتلىك ۋە مەرگەن ئادەم ئالاھىدە
ھۆرمەتلىك بولاتتى. ساما ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ



ئورنىغا ئوغلى نۇرئاسىل قىزايلارنىڭ تۆرىسى بولغان، مەنچىڭ
ھۆكۈمىتى تەرەپتىن تەيجىلىق مەنسىپى بېرىلگەن. بىراق، نۇر-
ئاسىل مەنسەپكە ئولتۇرغاندىن كېيىن باشقىلارنى كۆزگە ئىلماي،
ئىسلام دىنىنىڭ قائىدە - نىزاملىرىنى بۇزغان. نۇرئاسىلنىڭ
بۇ ئىشلىرىدىن غەزەپلەنگەن توغانىس باتۇر قىزاي قەبىلىسى-
نىڭ ئابرۇيلۇق كىشىلىرىنى يىغىپ، نۇرئاسىلنىڭ مەنسىپىنى
سامانىڭ چوڭ ئوغلى ئالپەيىزگە ئېلىپ بېرىپ، بۇ ئىشنى ئىلى
جاڭجۈنىگە مەلۇم قىلغان. كونىلارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا،
قىزايلارنىڭ تاجىلىق مەنسەپنى ئالپەيىزگە ئېلىپ بېرىشىدىكى
تۈپ سەۋەب، ئالپەيىز تۆرە قىزىدىن تۇغۇلغان، ئاتا - ئانى-
سىنىڭ ھەممىسى تۆرە ئىكەن. نۇرئاسىل بولسا دادىسى تۆرە
بولغىنى بىلەن، ئاپىسى كەمبەغەل قىزى بولغانلىقى ئۈچۈن،
نۇرئاسىلنىڭ قېنى ئارىلاشما ئىكەن، شۇڭا ئۇنىڭ تۆرە بولۇشقا
لاياقىتى يوق ئىكەن. تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، ئالپە-
يىز قىزاي قەبىلىسىدە 40 يىل مەنسەپ تۇتۇپ، 69 يېشىدا چوڭ
ئوغلى بوتەكەنى ئۆز ئورنىغا ۋارىس قىلغان. بوتەكە 20 يىل
مەنسەپ تۇتۇپ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا تۇنجى
ئوغلى قۇدەيمەندە ئولتۇرغان. قۇدايمەندە تەقۋادار، خەلققە زۇ-
لۇم سالمىغان ئادىل كىشى ئىكەن. ئۇ قىزايغا تۆرە بولۇپ
ھوقۇق تۇتۇپ تۇرغان مەزگىلدە، قىزايلار - ئىلىگە كۆچۈپ چىقىپ،
تېز ئارىدا روناق تاپقان. ھۆكۈمەتكە تاپشۇرىدىغان ئالۋان -
سېلىقلارنى ۋاقتىدا تاپشۇرغان. ئۇ زامانلاردا ئۇيغۇر، قازاقلار-
دىن ئەسكەر قوبۇل قىلمايدىكەن. ھۆكۈمەت ۋە چېگرىدىكى
ئەسكەرلەرنى ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئاشلىق بىلەن تەمىنلىسە، قا-
زاق چارۋىچىلىرى ئات ۋە گۆش بىلەن تەمىنلەيدىكەن. ئىلى
جاڭجۈنى قىزاي تۆرىسىگە رازى بولغان. قىزاي خەلقىنى يا-
ۋاش، راستچىل خەلق ئىكەن، قىزاي تۆرىسى ئادىل ئىكەن،
دەپ ماختىغان. ھەم قۇداي مەندەنى گۇڭلۇق مەنسەپكە كۆتۈرۈش-

نى لايىق كۆرۈپ، مەنچىلىك ئۇردىسىغا مەلۇم قىلغان، لېكىن
يۇقىرىدىن تەستىق كەلگىچە قۇدايمەندە ۋاپات بولۇپ كېتىپ،
ئورنىغا ئوغلى رابات چىققان. رابات ۋاپات بولغاندىن كېيىن
راباتنىڭ ئاكىسى قۇكىر قۇلجانىڭ ئوغلى ئەۋەلقان گوڭ بولغان.
يىغىپ ئېيتقاندا، قىزاي تۆرىلىرى فېئوداللىق ۋارىسلىق
تۈزۈمى بويىچە، ئاتىدىن قالغان مەنسەپكە بالىسى ۋارىسلىق
قىلىپ، ئادىلنىڭ ئوغلى سامادىن باشلاپ ئالتە ئەۋلاد تۆرىلىك
مەنسەپ داۋاملىشىپ، ئازادلىقتىن كېيىن تۆرىلىك تۈزۈم ئەـ
مەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئوبۇلخەيىر تۆرە بىلەن ئاياغلاشقان. تەيـ
جى مەنسىپى تۆت ئەۋلاد، گۇڭلۇق مەنسىپى ئۈچ ئەۋلاد داۋامـ
لاشقان. ئەڭ ئاخىرقى گۇڭلۇق مەنسەپكە ئولتۇرغىنى ئوبۇلخەيىر
تۆرىنىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى ئەۋەلقان گوڭ بولدى. گۇڭلۇق
مەنسەپ 1945 - يىلنىڭ ئاخىرىدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.
يۇقىرىدا قىزايلار ئىچىدىكى تۆرىلىك مەنسەپ ۋە باشقىلار توغـ
رىسىدا قىسقىچە توختالدىم.

## ئوبۇلخەيىر تۆرىنىڭ قىسقىچە تارىخى

ئوبۇلخەيىر رابات 1890 - يىلى 7 - ئايدا ئىلى نىلقا
ناھىيىسىنىڭ لاستاي چۈنجى كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن. 1900 -
يىلغىچە ئاتا - ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدە بولغان. 1910 - يىلـ
غىچە غۇلجا ناھىيىسىدە موللىدا دىنىي تەلىم ئالغان، بۇ جەرـ
ياندا ئۇ قىش پەسلى موللىنىڭ ئۆيىدە يېتىپ ئوقۇغان بولسا،
يازدا موللىنى ئۆز ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ ئوقۇغان، نەتىجىدە
ئوتتۇرا دەرىجىلىك دىنىي مەلۇماتلىق بولغان. 1932 - يىلى
سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن بايجان، بەكمۇرات قاتارلىق
مۇئەللىملەرنى ئۆز يۇرتىغا باشلاپ چىقىپ، يېڭىچە مەكتەپ تەـ
سىس قىلىپ، ئۆزى باشلامچى بولۇپ ئوقۇغان، يېڭىچە تولۇق



ساۋاتقا ئىگە بولۇپ، گېزىت - ژۇرناللارنى كۆرىدىغان ۋە خەت
يازالايدىغان سەۋىيىگە يەتكەن.
1911 - يىلى شىنخەي ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېـ
يىن تەبرىكلەش ئۈچۈن ئوبۇلخەيىر دادىسى رابات گوڭ ۋە
باشقا قىزاي باشلىقلىرىغا ئەگىشىپ ئىلى جاڭجۈنىگە باردۇ.
شۇنىڭدىن باشلاپ ئوبۇلخەيىرنىڭ ئەقىل - پاراستى خەلقنىڭ
كۆزىگە چېلىقىشقا باشلايدۇ. ئوبۇلخەيىر 1912 - يىلدىن 1917 -
يىلغىچە زەڭگە بولىدۇ. ئۆكتەبىر ئىنقىلابى پارتلاپ تۇنجى
سوۋېت ھاكىمىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ يېڭى ھاكىمىيەت
توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى ئوقۇشۇپ تۇرىدۇ. شۇ مەزگىلدە پىتنە -
پاساتلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بەزىلەر ئۆكتەبىر ئىنقىلابى
ئۈستىدە نەتۈر تەشۋىقات تارقاتسا، بەزىلەر ماختىشاتتى. ئوبۇلـ
خەيىر قايسى سۆزگە ئىشىنىشنى بىلمەي يۈرگەندە، چۇقان
ۋالىقانوۋنىڭ (تىنيانشانىسكى) نەۋرىسى ماغورووۋدىگەن تۆرە سوۋېتتىن
ئوبۇلخەيىرنىڭ يۇرتىغا كېلىپ كۆپ يىل تۇرىدۇ. ماغورووۋ ئوقۇغان،
نەزەر دائىرىسى كەڭ بولغانلىقتىن ئۆكتەبىر ئىنقىلابى توغرىـ
سىدا ئوبۇلخەيىرگە توغرا چۈشەنچە بېرىپ، ئۇنىڭ ئېڭىنى ئۆسـ
تۈرىدۇ. ئوبۇلخەيىر كېيىنكى ۋاقىتلاردا سوۋېتتىن گېزىت - ژۇرـ
ناللارنى ئەكەلدۈرۈپ كۆرىدۇ، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىنكى
سوۋېت قازاقلىرىنىڭ يېڭىلىقلىرىنى ئۆز يۇرتىدىكى خەلققە تەشـ
ۋىق قىلىدۇ. بۇ ۋاقىت شىنجاڭدا شېڭ شىسەي تەختكە چىقىپ
«ئالتە بۈيۈك سىياسەت» نى يولغا قويغان مەزگىل بولۇپ،
ئوبۇلخەيىر بۇ يېڭى سىياسەتنى قوللاپ پائال تەشۋىق قىلدى.
1917 - يىلدىن 1938 - يىلغىچە ئوبۇلخەيىر ماماپاڭ
(مۇئاۋىن رايون دەرىجىلىك) بولدى. 1939 - يىلى نىلقا ناـ
ھىيىلىك سەنيىخۇينىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى. بۇ مەزگىلدە ئۇ
ئۆزىگە قاراشلىق قازاق چارۋىچىلارنى ئولتۇراقلاشتۇرۇپ، تېرىلغۇ
يەرلىرىنى بۆلۈپ بەردى. ئۆزى باشلامچى بولۇپ بايلاردىن

پۈل يىغىپ چۈنجى كەنتىدە ئالتە يىللىق باشلانغۇچ مەكتەپ ئاچتى. باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 5-، 6-يىللىقلىرى ئۈچۈن خەنزۇ تىلى دەرسى بېرىش ئۈچۈن نىلقا بازىرىدىن تۇرسۇن ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر مۇئەللىمنى تەكلىپ قىلدى. مەن شۇ مەكتەپتە 1940-يىلى ئوقۇغانىدىم.

1941-يىلى 2-ئايدا، شېڭ شىسەي ئوبۇلخەيىرنىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى ئەۋەلقان گوڭنى ئۈرۈمچىدىكى تۈرمىسىگە قامىدى. ئوبۇلخەيىر شېڭ شىسەينىڭ زۇلمىغا قارشى 1943-يىلى نىلقىدا قوراللىق كۆرەش قوزغىغان نەۋرە تۇغقانلىرى ئەكبەر، سېپىتلەرگە ئارقا تىرەك بولدى، گومىنداڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى يوشۇرۇن تەشۋىق ئېلىپ باردى. يۇرت مۆتىۋەرلىرىنىڭ قوزغىلاڭچىلارغا يار-يۆلەك بولۇپ، ۋەقەنىڭ تېخىمۇ ئۇلغىيىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئوبۇلخەيىر، نۇسۇپقان، باۋدۇن خەلپەت (ئۇيغۇر)، ئىسھاق، ئوسمان، دورجى كەسگېۋۇ (موڭغۇل) قاتارلىق ئابرۇيلۇق كىشىلەرنى نىلقا ناھىيىلىك ساقچىغا قاماپ قويدى.

1944-يىل 10-ئاينىڭ 1-كۈنى پارتىزانلار نىلقىنى ئازاد قىلدى. شۇ كۈنى پارتىزانلار ئوبۇلخەيىرنى تۈرمىدىن ئاچىقىپ، پارتىزان شتابىغا يەتكۈزدى، شۇنىڭ بىلەن ئوبۇلخەيىر پارتىزانلارنىڭ قوماندانلىق ئىشلىرىغا قاتناشتى.

1944-يىل 11-ئاينىڭ 5-كۈنى ئوبۇلخەيىر نىلقا پارتىزانلىرىنى باشلاپ غۇلجا شەھىرىگە بېرىپ، شەھەر خەلقى بىلەن بىرگە گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا قارشى ئۈچ سوتكا قوراللىق كۆرەش ئېلىپ بېرىپ، 11-ئاينىڭ 7-كۈنى غۇلجا شەھىرىنى ئازاد قىلدى. 11-ئاينىڭ 12-كۈنى غۇلجا شەھىرىدە ئېلىخان تۆرە باشچىلىقىدا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. ھۆكۈمەت تەركىبىگە ئوبۇلخەيىر تۆرە بىلەن پاتىخ كىرگۈزۈلمىدى. 15-نويابىر كۈنى ئوبۇلخەيىر بىلەن پاتىخ نۇسۇپقاننى باش-



لاپ ئۆيلىرىگە قايتىپ كېتىشتى.

ئوبۇلخەيىر 1945-يىلى 10-ئايدىن 1946-يىلى 6-ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئۈرۈمچىدە نەنجىڭ گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى جاڭ جىجۇڭ بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن بىرقانچە قېتىملىق سۆھبەتكە قاتناشتى.

1950-يىلى 5-ئايدا مەن ئالتايدىن ئىلىغا يۆتكىلىپ كېلىپ، ئوبۇلخەيىر ئاتىمىزنىڭ ئۆيىگە كېلىپ قوندۇم. شۇ چاغدا ئۇ كىشى ماڭا: «مەن مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشكە ئەزا بولۇپ قاتناشتىم. مېنى جۇڭگوغا جاڭ جىجۇڭ تونۇشتۇرغانىكەن. مەن بۇرۇندىن ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قۇۋۋەتلەپ كەلگەنىدىم. 1945-يىلدىن كېيىن ئەخمەتجان ئەپەندىم مېنى چاقىرىپ، بىرلىكتە يىغىنلارغا قاتناشتۇردى. بۇ ئارقىلىق نەزەر دائىرەم يەنىمۇ كېڭەيدى. مېنىڭ ئەمگىكىم بىرلا، ئۇ بولسىمۇ ۋەتەننى سۆيۈپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش. ئاتىمىز ئابلايخان بىزنىڭ ئورتا يۈز قازاقلىرىمىزنى باشلاپ جۇڭگو پۇقراسى بولغانلىقىمىزغا 200 يىلدىن ئاشتى. شۇنىڭدىن بېرى بىز ئۇلۇغ جۇڭگو تۇپرىقىدا خەنزۇ مىللىتى بىلەن بىرلىكتە ياشاپ كەلدۇق. بىز قازاقتا ‹بۆلۈنگەننى بۆرە يەيدۇ› دېگەن تەمسىل بار. مەن ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ تۇتقان يولىدىن قايتمىدىم. مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ يىغىنىغا بارغاندا جاڭ جىجۇڭ بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇ كىشى مېنى قىزغىن قوبۇل قىلدى. قولۇمنى چىڭ سىقىپ، — سىز ۋەتەننى سۆيىدىغان ئادىل كىشى، — دېدى. ئەگەر مەن ئېلىخان تۆرىگە ئەگىشىپ ‹شەرقىي تۈركىستان› قۇرىمىز دەپ يۈرگەن بولسام، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولاتتى. پارتىيە، ھۆكۈمىتىمىز ئادىل، كىم ئادىل ئەمگەك سىڭدۈرۈپ توغرا نىيەتتە بولىدىكەن،

ئۇنى چەتكە قاقمايدۇ.» — دېدى.

ئوبۇلخەير تۆرە ۋەتەن سۆيەر ئادەم بولۇپ، خەلق ئىچىدە يۇقىرى ئابرويغا ئىگە، ئۇ نۇرغۇن ئىجتىمائىي، سىياسىي ئىشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىزچىل تۈردە تەشەببۇس قىلىپ ھىمايە قىلغان. ئۆزى ئاقكۆڭۈل، تۈز ئادەم ئىدى. 1949 - يىلى ئۇ مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، 1950 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، 1951 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، 1955 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، نىلقا ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولغان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە قازاق-قىرغىز ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.



## شېڭ شىسەينىڭ 1930 - يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇغۇچى ئەۋەتكەنلىكى ھەققىدە ئەسلىمە

ئابلىمىت ھاجىيوۋ

(ئاپتور ئابلىمىت ھاجىيوۋ شىنجاڭ ئاتۇشتىن بولۇپ، 1933 — يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ قوزغىلىڭىغا قاتناشقان. 1944 — يىلى 7 — ئايدا، چۆچەكتىكى «ئازادلىق ئۈچۈن كۈرەش تەشكىلاتى»غا قاتنىشىپ، ئۇنىڭ مەسئۇللىرىدىن بىرى بولغان. چۆچەك ئازاد بولغاندىن كېيىن، تارباغاتاي ۋالى مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىپى، ۋىلايەتلىك ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ سېكرېتارى، ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. 1948 — يىلى «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ سايلانغان. 1949 — يىلى تارباغاتايغا مۇئاۋىن ۋالى بولغان. 1952 — يىلى خوتەن ۋىلايىتىگە ۋالى بولغان. 1955 — يىلدىن باشلاپ شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە ئىقتىسادىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، سودا نازارىتىنىڭ نازىرى، ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، مالىيە — سودا بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مالىيە — سودا بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، پىلان كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن. ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.)

### سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇغۇچى ئەۋەتىشنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى

شېڭ شىسەي شىنجاڭ خەلقىنىڭ مىللىي ئازادلىق قوزغىلىڭىنى پاجىئەلىك باستۇرۇپ 1933 - يىلى 4 - ئايدا ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشكە، يەنە بىر تەرەپتىن بىر نەچچە يىللىق ئۇرۇشتا خانىۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان خەلق ئىگىلىكى، مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرى ۋەيران بولغان شىنجاڭنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قايتىدىن قۇرۇپ چىقىشقا توغرا كەلگەنلىكتىن، ئۇ-

نىڭ ئالدى بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولۇشى كېرەك ئىدى. مانا شۇنداق بىر پەيتتە ئۇ خەلق مەنپەئەتىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەن ئىلغار سىياسەتچى قىياپىتىدە مەيدانغا چىقىپ، ئاتالمىش ئالتە سىياسەتنى تۈزۈپ چىقىپ، بىر نەچچە قېتىمدا تولۇقلاپ ئېلان قىلدى. بۇلار: «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، مىللەتلەر ھوقۇقىدا باراۋەر بولۇش، پارىخورلۇقنى يوقىتىش، تىنچلىقتا بىللە تۇرۇش، شىنجاڭنى ئىسلاھ قىلىش» دىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ ئۆزىنى «ماركسىزم - لېنىنىزمغا ئېتىقاد قىلغۇچى» دەپ پەدەزلەپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولۇۋالدى. شۇ تەرىقىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ ئۇنىڭ ماددىي جەھەتتىن، قەرز پۇل جەھەتتىن ياردەم بېرىشىگە ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن مەسلىھەتچىلەر، مۇتەخەسسىسلەر تەكلىپ قىلىپ شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇش ۋە باشقا ئىشلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تولۇق ياردىمىگە ئىگە بولدى. يەنە بىر تەرەپتىن، شېڭ شىسەي جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىدىن بىر تۈركۈم كوممۇنىستلارنى شىنجاڭغا ئەۋەتىشنى تەكلىپ قىلدى. مۇشۇنداق يوللار بىلەن ئۆزىنى ماركسىزمچى دەپ ئاتىۋالغان شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ئورنىنى ۋە ھاكىمىيىتىنى بىر قەدەر مۇستەھكەملەپ ئالالىدى. لېكىن بۇنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش تېخىمۇ مۇھىم بولۇپ، ئۆز ھاكىمىيىتىنىڭ سىياسىي پروگراممىسىنى يۈرگۈزۈش ۋە ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ئالتە سىياسەتنى خەلق ئاممىسى ئىچىدە تەشۋىق قىلىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن زور بىر تۈركۈمدىكى يېڭى ئىدىيىگە ئىگە بولغان قابىلىيەتلىك ياش تايانچى كۈچلەرگە موھتاج بولدى. بۇنىڭ ئۈچۈن شىنجاڭنىڭ مائارىپ مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىختىساسلىق كىشىلەرنى تېزدىن تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش - شۇ ۋاقىتتىكى مۇھىم ۋەزىپىلەرنىڭ بىرسى بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇغۇچى ئەۋەتىش



مەسىلىسى شۇ ۋاقىتتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى دەسلەپ شىنجاڭغا ئەۋەتكەن يولداش دېڭ فا قاتارلىق نۇرغۇنلىغان كوممۇنىست يولداشلارنىڭ، شۇنىڭدەك يەنئەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بەزى مەسئۇللىرىنىڭ شىنجاڭ ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا خىزمەت ياكى ئوقۇشقا كېتىۋېتىپ ئۈرۈمچىدە توختاش جەريانىدا شىنجاڭنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇغۇچى ئەۋەتىش ھەققىدىكى تەشەببۇسلىرى ۋە ئۇنى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ ئاكتىپ قوللاپ، ياردەم بېرىشى نەتىجىسىدە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى كۆپلەپ ئەۋەتىپ، بىر نەچچە يىل داۋام قىلغان ئىچكى ئۇرۇش، قوزغىلاڭلار تۈپەيلىدىن ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى، يېزا ئىگىلىكى، خەلق تۇرمۇشى جەھەتتىكى يېمىرىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان ۋەزىيەتنى ئوڭشاش ۋە ياخشىلاش بىلەن مائارىپ، مەدەنىيەت ۋە سەھىيە ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، مالىيە - پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنى ئىسلاھ قىلىش، مالىيە كىرىمى بىلەن مالىيە چىقىمىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش، شۇ جۈملىدىن ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ئىنتايىن ئېھتىياجلىق بولۇپ قالدى. شېڭ شىسەي شۇنداق جىددىي ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى ۋە قىستىشى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆپلەپ ئوقۇغۇچى ئەۋەتكەنىدى.

## سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ شەرتى، مىللىي تەركىبى ۋە ئەۋەتىلىش ئەھۋالى

1. سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ شەرتى ئالدى بىلەن ئىمتىھاندىن ئۆتۈش كېرەك ئىدى. ئاساسەن ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىدە بىلىمگە ئىگە بولۇشى لازىملىقى تەلەپ قىلىناتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەخسۇس ئىمتىھان ئېلىش ھەيئىتى قۇرۇلۇپ، ئۇ: مائارىپ نازارىتى، مالىيە نا-

زارتى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەسلىھەتچىلىرى ھەمدە ئوقۇغۇچىلار قوبۇل قىلىنىدىغان مەكتەپلەرنىڭ مەسئۇللىرىدىن تەركىب تاپقانىدى. ئىمتىھان ئېلىش ھەيئىتى ھەربىر ئوتتۇرا مەكتەپ، دارىلمۇئەللىمىنلەرگە مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ ئوقۇشقا ئەۋەتمەكچى بولغان ئوقۇغۇچىلاردىن ئىمتىھان ئالغانىنىڭ سىرتىدا، جەمئىيەتتىكى ئۆز ئىختىيارى بىلەن تىزىمغا ئالدۇرغان، شۇ دەرىجە بىلىم سەۋىيىسىگە ئىگە بولغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەدەنىيەت بىلىمىدىن ئىمتىھان ئېلىش بىلەن تەن - سالامەتلىكىنى ئۆلكىلىك دوختۇرخانىدىكى سوۋېت دوختۇرلىرىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئىمتىھاندىن ئۆتكەن، تەن - سالامەتلىكى ياخشى، ساغلام ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىدىغان ئىدى.

2. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشكەنت شەھىرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت دارىلفۇنۇنىغا (C.A.L.y) ئۈچ تۈركۈمدە 300 ئەتراپىدا ئوقۇغۇچى ئەۋەتىلگەنىدى.

بىرىنچى تۈركۈمدىكى ئوقۇغۇچىلار 106 نەپەر بولۇپ 1934-يىلى 11 - ئايدا، ئىككىنچى تۈركۈمدىكى ئوقۇغۇچىلار 101 نەپەر (كېيىن لۈكچۈن ۋاڭىنىڭ ئوغلى قوشۇلغان) بولۇپ 1935 - يىلى 11 - ئايدا، ئۈچىنچى تۈركۈمدىكى ئوقۇغۇچىلار 100 نەپەر بولۇپ 1936 - يىلى 11 - ئايدا ئەۋەتىلگەنىدى. ھەر بىر تۈركۈمدىكى ئوقۇغۇچىلارنى مەخسۇس تەيىنلەنگەن كىشى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېلىپ بېرىپ مەكتەپكە تاپشۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن قايتىپ كەلگەن. بىرىنچى، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قاراردىكىلەرنى مائارىپ نازارىتى بىلەن مالىيە نازارىتىدىن ئىككى كىشى ئاپىرىپ قويغان. بۇ ئۈچ تۈركۈمدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئەۋەتىلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلاردىن: ئابدۇراخمان مۇھىتوۋ، سەيپىدىن تاش ئاخۇنوۋ، سەيدۇللا سەيپۇللايوۋ، ئابلىمىت ھاجىيوۋ، ئابدۇقادىر ھەسەنوۋ، ئابلىمىت مەخسۇتوۋ، ئابدۇللا داۋۇتوۋ، مەۋلانجان تۇردىيوۋ، ئوسمان يۇنۇسوۋ، ئابدۇراخمان



سۇلايمانوۋ، خەلپەت سۇزۇك ھاجىيوۋ، ھەمدۇللا قۇربانوۋ، ئابدۇللا زاكىروۋ، مەھەممەت ئىمىن خۇداۋەردىيوۋ، تۇرسۇنتاي مەھمۇتوۋ قاتارلىق 140 كىشى بولۇپ 46 ئومۇمىي سانىنىڭ پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان.

قازاق، قىرغىزلاردىن: ھۈسەيىن سىيابايوۋ، نۇرمەدى، ئەنۋەر مامىيوۋ، قالى جاپىقبايوۋ، ئالىم ئەيتۋاروۋ، ئابدۇقادىر توختاروۋ، تۇرغان خوجامبايوۋ، رىشات نۇرساپايوۋ قاتارلىق 30 كىشى بولۇپ، 10 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

تاتارلاردىن: مەسئۇت خالىدوۋ، سەيدۇللا ئابدۇرىشىتوۋ، تاھىر دۆلەت چىنوۋ قاتارلىق بەش كىشى بولۇپ، 1·5 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئۆزبېك، تاجىكلاردىن: ھامۇت مەخمۇت خوجايوۋ، سۇلتان شەيخوۋ، ئىسلامجان ئابدۇجاپپاروۋ، ئايۇپ سەپەرمۇھەممەدوۋ 4 كىشى بولۇپ، 1·2 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

موڭغۇللاردىن: ئېردە، دۇرجى، كاما، دۇشە، بالىيىم، يىنمە، ساغان قاتارلىق 12 كىشى بولۇپ، 3·5 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. شىبە - سولۇنلاردىن: گوسوگلىن ئەن زىيىڭ، مىڭ يىمىن قاتارلىق بەش كىشى بولۇپ 1·5 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

خۇيزۇلاردىن: ما يىڭۋىن، بەي ۋىنيۇ ماكۇيىۇ (ئابدۇللا)، مومۇزايوۋ، ئالىمجان، جاۋ رىڭچىن، ما جۇن، ماچىڭشەن، ئەنتالىڭ مىن قاتارلىق 16 كىشى بولۇپ، 5·5 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

مانجۇلاردىن: بۇداچىڭ، خۇدىڭ جاۋ، ليۇدە جۇڭ قاتارلىق ئۈچ كىشى بولۇپ، بىر پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

خەنزۇلاردىن: پىڭ جاۋكۇن، خى رۇي، لى تەيىۇ، لى رۇي، خۇچاڭخۇا، خەن يۇفا، سۇن جالۇ، لى چۇنفاڭ، ئۇ شۇخى، لىيۇ جۇشى، لى شۇيىڭ، سۇڭ مى قاتارلىق 84 كىشى بولۇپ، 30 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ (3 - تۈركۈمدىكى ئوقۇغۇچىلاردىن ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق بولۇپ كېسەل سەۋەبى بىلەن تۆت نەپەر ئوقۇغۇچىنى قايتۇرۇۋەتكەن. 26 كىشىنى شىڭ شىسەي

قايتۇرۇپ ئېلىپ كەتكەن). بۇنىڭدىن شېڭ شىسەيىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتىنىڭ قىستىشى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئەۋەتىلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ مىللىي تەركىپىگە خېلى ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى، شۇنىڭدەك جايلارغىمۇ ئېتىبار بەرگەنلىكىنى كۆرۋېلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن: ئۈرۈمچى، ئىلى، قەشقەر، چۆچەك، ئالتاي، قۇمۇل ۋىلايەتلىرىگە تۇرپان، ئاتۇشلارغىمۇ ئېتىبار بەرگەنلىكىدىن كۆپرەك ئېلىنغان، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى بىر قەدەر كۆپرەك ئىدى. بولۇپمۇ تۇرپان بىلەن قۇمۇلدىن قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلار كۆپرەك بولۇشىنىڭ سەۋەبى خوجانىياز ھاجى بىلەن ماھمۇت سىجاڭنىڭ تەسىرى بولسا كېرەك. بۇلاردىن باشقا جايلاردىن قوبۇل قىلىنغانلار ئاز دېيەرلىك ئىدى.

3. يۇقىرىقىلاردىن باشقا شۇ مەزگىلدە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت، تەمىرات نازارىتى تەرىپىدىن ئىختىساسلىق يېزا ئىگىلىك كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىغا 20 نەچچە نەپەر ئوقۇغۇچى ئەۋەتىلىپ، بۇلارنىڭ ئىچىدىن 10 نەپىرى سەمەرقەنتتىكى يېزا ئىگىلىك ئىنىستىتۇتىغا - بۇلار: ئىسمايىل ياسىنوۋ، ئىبراھىم تۇردىيوۋ، مامۇتخان ئەخمەدىيوۋ، ئىمىن روزىيوۋ، ئېلى جالالىدىنوۋ، يۈسۈپ شايىتوۋ، ئاباخان، يۇداشىن، جۇمىڭچاۋ، شى چىنيىڭ قاتارلىق ئون نەپەر ئوقۇغۇچى - ئەۋەتىلگەنىدى، قالغان ئون نەپەر ئوقۇغۇچىدىن ئالماتادىكى دېھقان، چارۋىچىلىق ئالىي تېخنىكومىغا نەسىرىدىن نەقىيوۋ، ئابابەكرى، چوڭ ئاخۇنوۋ قاتارلىق بەش نەپەر ئوقۇغۇچىنى، ئەنجەندىكى يېزا ئىگىلىك ئالىي تېخنىكومىغا ئابلىمىت ياسىنوۋ، ئاببас قارى، ئۆمەرجان توختايوۋ قاتارلىق بەش نەپەر ئوقۇغۇچىنى ئەۋەتكەنىدى.

4. بۇلاردىن باشقا تاشكەنتتىكى مېدىتسىنا ئىنىستىتۇتىغا ئابدۇرۇپ ئەخمىدوۋ، رەخمىتۇللا كېرىموۋ، شامىل تاجىيەكىنوۋ، شەفىقە تاجىدىنوۋا، قەمبەرخان ئابدۇللايوۋا قاتارلىق 14 نەپەر ئوقۇغۇچى ئەۋەتىلگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ كۆپچىلىكى خەنزۇ



ھەممە چاۋشەن مىللىتىدىن ئىدى.

5. ئەينى زاماندا سوۋېت ئىتتىپاقىغا بىر تۈركۈم ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز خىراجىتى بىلەن ئوقۇشقا بېرىشىغىمۇ رۇخسەت قىلىنىپ، بارغانلاردىن: ئەنۋەرخان بابايوۋ، ئەسئەت ئىسھاقوۋ، ئۈيغۇر سايرانى، نۇسرەت شەھىدوۋ، شادىيە شەھىدوۋا، مەخپۇزە مىرزايىتوۋا؛ خەنزۇ ئوقۇغۇچىلاردىن جاۋدىشىڭ قاتارلىق تۆت كىشى بولۇپ، بۇلار موسكۋادا ئوقۇغانىدى.

6. سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارىدىغان ئوقۇغۇچىلار يولغا چىققاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىغا بەختى چېگرىسىغىچە قەدەر، مەكتەپ مەسئۇللىرىدىن ياكى ئوقۇتقۇچىلاردىن بىرەرسى كېلىپ قارشى ئېلىپ بىرلىكتە ئېلىپ كېتەتتى. بىزنىڭ (2 - تۈركۈمدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ) ئالدىمىزغا مەكتەپنىڭ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى، يازغۇچى ئابدۇلھەي مۇھەممىدوۋ بەختىگە كېلىپ، مەكتەپ نامىدىن قارشى ئېلىپ، بىرلىكتە تاشكەنتكە ئېلىپ كەتكەنىدى. تاشكەنت پويىز ئىستانسىسىغا يېتىپ بارغاندا مەكتەپ مەسئۇللىرى، ئوقۇتقۇچىلار، ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرى ئالدىمىزغا چىقىپ قارشى ئالغانىدى. مەكتەپكە يېتىپ بېرىشىمىز بىلەن يۈك - تاقلارنى دېزىنفېكسىيە قىلدۇرۇپ، ئىسكىلاتقا كىرگۈزۈپ قويۇپ، ئوقۇغۇچىلارنى مۇنچىغا ئېلىپ بېرىپ يۇيۇندۇرۇپ، ئىچكى كىيىملەرنى ئالماشتۇرۇپ، سىرتقى كىيىملەرنى دېزىنفېكسىيە قىلدۇرۇپ، ئاندىن مەكتەپ ياتاقلىرىغا ئورۇنلاشتۇرغانىدى.

## سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا بارغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەھۋالى

1. سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا بارغان ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئالدى بىلەن دوختۇرنىڭ سالامەتلىك تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈلەتتى، يەنە بىر تەرەپتىن ئوقۇغۇچىلارنى ئادەتتىكىچە سىناپ (ئىمتىھان ئېلىپ) كۆرۈپ، سىنىپلارغا

بولۇپ ئاندىن دەرس ئۆتكەن. ھەربىر سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى 15 – 20 گىچە بولۇپ ئۇنىڭدىن ئاشمايتتى. ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار (تاتار، ئۆزبېك، تاجىكلار قوشۇلۇپ) ئۈچ سىنىپقا، خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار (خۇيزۇ، مانجۇ، شىبە، سولون قاتارلىقلار قوشۇلۇپ) ئۈچ سىنىپقا، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل ئوقۇغۇچىلار ئايرىم - ئايرىم ئىككى سىنىپقا بۆلۈنۈپ ئوقۇتۇلاتتى. ئوقۇتۇلىدىغان دەرسلەر ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، رۇس تىلىنى مەخسۇس پەن سۈپىتىدە ھەر كۈنى ئىككى سائەت مۇئەللىم بولگاكوۋا ئۆتەتتى. دۇنيا تەبىئىي، ئىقتىسادىي جۇغراپىيىنى مۇئەللىم نۇغمان دالموۋ ئۆتەتتى، ماتېماتىكا، ئالىي ماتېماتىكا ۋە گېئومېتىرىيە دەرسىنى مۇئەللىم ئىسرائىل ئىسمائىلوۋ ئۆتەتتى. فىزىكا، خىمىيىنى مۇئەللىم مىرتازايوۋ، ئاناتومىيە، فىزىئولوگىيىنى مۇئەللىم قايۇموۋ، تىل - ئەدەبىياتنى ئابدۇلھەي مۇھەممىدوۋ، دۇنيا تارىخىنى مۇئەللىم، پروفېسسور بۇرھان قاسىموۋ، جۇڭگونىڭ دۆلەت تۈزۈلۈشى ھەم ئىقتىسادىي جۇغراپىيىسىنى مۇئەللىم، پروفېسسور لىپانوۋ، سىياسىي ئىقتىسادنى مۇئەللىم، ئىقتىسادىي پەنلەر كاندىداتى ئابدۇرېھىم سادىقوۋ، خەلقئارا ھوقۇقنى مۇئەللىم، پروفېسسور لېيوتىسكى، دۆلەتلەرنىڭ تۈزۈلۈش تارىخى ھەم ھوقۇقىنى مۇئەللىم پروفېسسور ئۆمەر قاسىموۋ، دېھقان-چارۋىچىلىق ئاگراتېخنىكىنى مۇئەللىم، يېزا ئىگىلىك پەنلىرى كاندىداتى شاھېكىمبايوۋ، ئىگىلىك باشقۇرۇش، بوغالتىرىيە دەرسىنى مۇئەللىم شاكىرجان ئەكبەروۋ قاتارلىقلار ئۆتەتتى. دەرسلەر ئۇيغۇر سىنىپلىرىغا ئاساسەن ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار تىللىرىدا، ئايرىم پەنلەر رۇس تىلىدا ئۆتۈلۈپ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىناتتى. خەنزۇ، خۇيزۇ ئوقۇغۇچىلىرىغا سىياسىي ئىقتىساد دەرسىنى خەنزۇ تىلىدا دوتسېنت لىن شەيلۇ ئۆتكەنىدى. ئايرىم پەنلەر رۇس تىلىدا ئۆتۈلۈپ خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. قازاق، قىرغىز ئوقۇغۇچىلارغا ئاساسەن قازاق، ئۇيغۇر، تاتار



تىلىدا دەرس ئۆتۈلۈپ، ئايرىم رۇس تىللىرىدا ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى تەرجىمە قىلىپ بېرەتتى. موڭغۇل ئوقۇغۇچىلارغا ئايرىم پەنلەردىن موڭغۇل تىلىدا (موڭغۇل مۇئەللىمەرمۇ بار ئىدى) دەرس ئۆتكىنىنىڭ سىرتىدا باشقا پەنلەرنى رۇسچىدىن تەرجىمە قىلىپ بېرەتتى. يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەندەك ھەممە پەنلەردىن دەرس ئۆتكىنىنىڭ سىرتىدا، بەزى نەزەرىيە مەسىلىلىرى لېكسىيە قىلىنىپ ئوقۇغۇچىلارغا ئاساسەن ماركسىزم - لېنىنىزم نەزەرىيىسى ئىدىيە جەھەتتىن سىڭدۈرۈلگەنىدى.

2. ئوقۇش - ئوقۇتۇش ئىشلىرى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈلەتتى. تەجرىبە - سىناق ئۆتكۈزۈش ۋە ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇرۇش قاتارلىق ئىشلار بىلەن بىرلەشتۈرۈلەتتى. ئۆتۈلىدىغان دەرسلەرنىڭ پروگراممىسى ئېغىر ھەم يېنىك، ھەم زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ھەر كۈنى سەككىز سائەت دەرس ئۆتۈلەتتى. بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە ئىنستىتۇتنىڭ پروگراممىسىنى تولۇق ئۆتۈپ بولۇش ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەۋىيىسىنىمۇ شۇ دەرىجىگە يەتكۈزۈش كېرەك ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر سىنىپتا ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى كۆپ بولمىغانلىقتىن ئوقۇتۇش سۈپىتى يۇقىرى بولۇپ، ئوقۇغۇچىلاردىن كۈتىدىغان تەلەپمۇ قاتتىق ئىدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئۆگىنىشكە بېرىلىپ كەتكەنلىكتىن مەكتەپ تەرەپتىن ئېلىپ بېرىلىدىغان كىنو - تىياتىرلارغىمۇ ئاز باراتتى. كۆپ ۋاقىتلاردا دەرس تەكرارلاش ۋە ئۆگىنىش بىلەن مەشغۇل بولاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلار ئۆگىنىش ۋاقتىدا سىرتقا چىقىپ كېتىدىغان ئەھۋاللار يوق دېيەرلىك ئىدى. مەكتەپمۇ بۇنداق ھەرىكەتلەرگە دەم ئېلىش كۈنلىرىدىن باشقا ۋاقىتلاردا رۇخسەت قىلمايتتى. ھەر بىر سىنىپقا مەسئۇل بولغان ئوقۇتقۇچىلار ھەر كۈنى كەچتە ئۇخلاشقا بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە ياتاقلارغا كىرىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بار - يوقلۇقىنى تەكشۈرۈپ چىقاتتى. ئەگەردە بىرەر ئوقۇغۇچى ياتاقتا بولماي قالسا، سۈ-

رۇشتۇرۇپ ئوتتۇرىدا ئېلان قىلىناتتى. شۇنىڭدىن كېيىن بونداق ئىشلار ھەرگىز تەكرارلانمايتتى. ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ چەت ئەلگە ئوقۇشقا كەلگەنلىك يۈكسەك ئېغىرلىقىنى ھېس قىلىپ ئويۇنغا بېرىلمەستى. ئوقۇشقا تەسىر يېتىدىغان ھەر قانداق ئىشلار بىلەن شۇغۇللانمايتتى ھەمدە شۇغۇللىنىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى دەرسنىڭ ئېغىرلىقى، تەلەپنىڭ يۇقىرىلىقىدىن، دەرسلەرنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنەتتى، ئۇنىڭدىن باشقا بۇلار ئۆز ئىدىيىسىدە ئۆزلىرىنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى زور ئۈمىد بىلەن چەت ئەلگە ئوقۇشقا ئەۋەتىپ، ئۆزلىرىنىڭ قان - تەر بەدىلىگە ئوقۇتۇۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈتكەن ئۈمىدىنى ھەرگىز يەردە قويمايمىز، دېگەن ئىرادە ھەم مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئۆگەنگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇتلەق كۆپچىلىك ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ پۈتتۈرۈش ئىمتىھانىدىن ئەلا دەرىجىدە ئۆتكەنىدى، ئىپادىسىمۇ ناھايىتى ياخشى بولغانىدى. شۇنچىۋالا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىچىدىن بىرەرسىمۇ ئوقۇش تۈگىگەندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىدا قېلىشنى خالىمىدى. بۇنىڭدىن بۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكىنى، ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدىغانلىقىنى ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ ئۈستىدە قانچىلىك ئېغىر مەسئۇلىيەتنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇمىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

3. مەكتەپ شىنجاڭدىن بارغان ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن مەخسۇس ئاشخانا ئاچقان بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاماق بىلەن تەمىنلىنىشىگە كاپالەتلىك قىلىنغانىدى. توختام بويىچە، ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە بارغاندىن كېيىن ئوقۇشنى تاماملاپ شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەنگە قەدەر ھەربىر ئوقۇغۇچىغا تۆت پاردىن كاستيۇم - بۇرۇلكا، ئىككىدىن دوراپ پەلتو، ئالتە جۈپتىن ئاياغ كىيىم، سەككىز - ئوندىن كۆڭلەك ۋە ئىچكى كىيىملەر بىلەن تەمىنلەنگەننىڭ سىرتىدا، مەخسۇس كىر يۇيۇش ئورنى تەشكىللەپ



ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم كىر بولغان كىيىملەرنى ۋە يوتقان تېشى، پراستىنالارنى، كۆرپىلەرنى يۇيۇپ بېرەتتى. ئوقۇغۇچىلار پەقەت ئوقۇش بىلەنلا شۇغۇللىناتتى. يۇقىرىقىلاردىن باشقا مەكتەپ ھەر ئايدا، ھەربىر ئوقۇغۇچىغا 100 رۇبلىدىن قوشۇمچە پۇل بېرەتتى. بۇ پۇلنى ئۆزلىرىنىڭ پارچە - پۇرات كۈندىلىك تۇرمۇشىغا خىراجەت قىلاتتى ياكى مەكتەپ تەمىنلىگەن كىتابلارنىڭ سىرتىدا يېڭىدىن نەشىردىن چىققان كىتابلارنى سېتىۋېلىشقا ئىشلىتەتتى.

4. ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە يېتىپ بېرىپ دەرس باشلانغاندىن كېيىن، مەكتەپ بىر نەچچە قېتىم تاشكەنتنىڭ ئۆزىدىكى سانائەت، يېزا ئىگىلىك كارخانىلىرىغا، پەن - تېخنىكا مۇئەسسەلىرىگە، كولخوز ۋە ساۋخوزلارغا ئېكسكۇرسىيىگە ئېلىپ بارغان ئىدى. يازلىق تەتىلدە موسكۋا، لېنىنگرادلارغا ئېكسكۇرسىيىگە ئېلىپ بېرىپ، چوڭ سانائەت كارخانىلىرىنى، ئاپتوموبىل زاۋۇتلىرىنى، ئىلمىي مۇئەسسەلەرنى، مەدەنىيەت ئورۇنلىرىنى، تارىخىي يادىكارلىقلارنى، ھەر خىل مۇزېي، كۆرگەزمىخانىلارنى، پەن - تېخنىكا ئورۇنلىرىنى، گىدرو ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنى، پلانېتارىيە ۋە بەزى ئۇنىۋېرسىتېتلارنى ئېكسكۇرسىيە، ئۆگىنىش قىلدۇرۇپ كەلگەنىدى. موسكۋا، لېنىنگرادتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ۋاقىت بولۇپ قالسا فەرغانە ئوبلاستىدىكى شاھىمەردان قاتارلىق جايلارغا ئېلىپ بېرىپ ساياھەت قىلدۇرۇپ كەلگەنلەرمۇ بولغانىدى. ئوقۇش پۈتتۈرۈپ شىنجاڭغا قايتىش ئالدىدا يەنە بىر قېتىم ئېكسكۇرسىيە، ئۆگىنىش قىلدۇرۇپ ئىلگىرى كۆرمىگەن ئورۇنلارنى كۆرسىتەتتى. بىز ئىككىنچى تۈركۈمدىكى ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرۈپ قايتىپ كېلىش ئالدىدا، تاشكەنتتىن 100 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى چىرچىق دەرياسى قۇرۇلۇشى (ھازىرقى ئورجانىكىدزى شەھىرى) غا ئېلىپ بېرىپ يېڭىدىن قۇرۇلۇۋاتقان گىدرو ئېلېكتر ئىستانسىسى بىلەن خىمىيىۋى ئوغۇت كومبىناتىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرۇپ ئاندىن شىنجاڭغا ئۇزىتىپ قويغانىدى.

5. مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە، ئوقۇشتىن سىرت بىر نەچچە خىل كۇرژۇكلارنى ئۇيۇشتۇردى. مەسىلەن، شوپۇرلۇق، تانسا ۋە سەنئەت، مۇزىكا، شاھمات، تەنتەربىيە قاتارلىق كۇرژۇكلارنى تەشكىللەپ، مەخسۇس مۇئەللىملەرنى تەكلىپ قىلىپ دەرس ئۆتۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇشۇ ساھەلەردىمۇ بىلىملىرىنى ئاشۇرۇشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەنلىكتىن خېلى زور نەتىجىلەرگە ئېرىشكەنىدى. ھەر يىلى ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىنىڭ خاتىرە بايرىمى، 1 - ماي خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمى ۋاقتىدا ئوقۇغۇچىلارنى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىگە ئىشتىراك قىلىشقا تەكلىپ قىلاتتى. بۇنىڭدىن باشقا مەكتەپ شىنجاڭنىڭ «12 - ئاپرېل» بايرىمى ۋاقتىدا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بايرام پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇشىغا ياردەملىشىپ شەرت - شارائىت ھازىرلاپ بېرىدىغانىدى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ياخشى ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلارنى تەقدىرلەپ، ئۇلارنىڭ سۈرەتلىرىنى تام گېزىتلىرىدە چىقىراتتى.

## سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى ئەھۋالى

1. ھەر بىر قاراردىكى ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلگەندىن كېيىن مەخسۇس ئۈچ ئايلىق سىياسىي ئۆگىنىش كۇرسى (2-قاراردىكىلەرگە فەندىخۇيدا ئاچقان) ئېچىپ، شېڭ شىسەينىڭ ئۆزى ئالتە سىياسەت، ئاتالمىش ھۆكۈمەتنىڭ نۆۋەتتىكى مۇھىم ۋەزىپىلىرى، سەككىز ماددىلىق خىتابنامە ۋە ئۇنىڭ نەزەرىيە ئاساسلىرى ھەققىدە ھەپتىدە ئىككى سائەتتىن دەرس ئۆتكەن. ئۇنىڭ دەرسى بار كۈنلەردە بىرەر ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشىدىن ئەندىشە قىلىپ غەربىي زالنىڭ ئەتراپىدا كۆپلەپ



ئەسكەر تۇرغۇزغاننىڭ سىرتىدا، زالنىڭ ئىچىدە يول تەرەپكە قارايدىغان دېرىزىلەرنىڭ ئالدىغا پىلىموت ئورنىتىپ، ئۇنىڭ يېنىدا مەخسۇس ئەسكەر ھەم ئوفىتسېرلەرنى قويۇپ، دەرس تۈگىگىچە ناھايىتى ھوشيارلىق بىلەن كۆزىتىپ تۇراتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ۋەزىيەت ھەققىدە خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى، مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرى ھەققىدە مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى، مىللىي مەسىلە ھەققىدە سوۋېتلىك مەسلىھەتچىلەر، سىياسىي ئىشلار ھەققىدە فەندىخۇي (جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما)نىڭ مىشۇجاڭى قاتارلىقلار دەرس ئۆتكەنىدى. سىياسىي كۇرس تامام بولغاندىن كېيىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەقسىم قىلىش لايىھىسى كۆپىنچە بىلىم سەۋىيىسىگە ۋە كەسپىي ئىقتىدارىغا قاراپ تۈزۈلۈپ، خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان. كۆپرەك بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا مەكتەپ، دارىل مۇئەللىمىن مەكتەپلىرىگە، بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار يېزا ئىگىلىك ساھەسىگە، مالىيە، بانكا، باج ئىشلار ئورۇنلىرىغا، مەلۇم ساندا جامائەت خەۋپسىزلىك ئورۇنلىرى بىلەن خارجى ئىشلار بۆلۈملىرىگە تەقسىم قىلىپ ئەۋەتىلگەننىڭ سىرتىدا، ئاز ساندىكى ئوقۇغۇچىلار ۋىلايەتلەرگە ئەۋەتىلگەنىدى.

2. بۇ يولداشلار ئەينى زاماندا ئۆزى ئىشلىگەن ئۆز ساھەسىنىڭ خىزمەتلىرىدە زور ئۆزگىرىشلەر ۋە يېڭىلىقلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش بىلەن شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە جاپالىق كۆرەش قىلىپ، قىيىنچىلىقلار ۋە قارشىلىقلارنى يېڭىپ، ئاجايىپ نەتىجىلەرنى ياراتقانىدى. شۇنىڭدەك مەدەنىيەت - مائارىپ ساھەسىدە ھەتتا باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ ياشلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشتە، مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا ئىلىم - بىلىم، مەدەنىيەت تاراتقۇچىلاردىن بولۇپ، پىداكارلىق بىلەن تىرىشىپ ئىش-

لەپ، جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈرۈپ زور نەتىجىلەرنى يارىتىپ، جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپىلەرنى قوشقانىدى. گەرچە يۇقىرىقىدەك چەت ئەلگە ئوقۇغۇچى ئەۋەتىپ كادىرلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشتە مۇستەبىت شېڭ شىسەينىڭ مۇددىئاسى يوشۇرۇنغان بولسىمۇ، ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئالغاندا، ئەينى زاماندا، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بۇ ساھەدە زور ئۆزگىرىشلەرنى مەيدانغا كەلتۈرۈشتە چوڭ رول ئوينىغانىدى، لېكىن بۇلار نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا ۋە قارشىلىقلارغا ئۇچرىغان. سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇغۇچى ئەۋەتكەن ۋاقىتلاردا يېڭىچە مائارىپقا قارشى ھەرىكەت قىلىدىغان مۇتەئەسسىپ كۈچلەرمۇ يوق ئەمەس ئىدى. بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشىر قىلىنغان تۈرلۈك پەننىي كىتابلارنىڭ تارقىلىشىغا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن كىشىلەرگە، بۇلاردىن ئوقۇتقۇچى بولغانلارغا نىسبەتەن قارشىلىق تېخىمۇ كۈچلۈك ئىدى. 1937 - يىلى 8 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىككىنچى تۈركۈمدە ئوقۇپ قايتىپ كېلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ 11 ھارۋىدىكى ھەرخىل پەننى — يەنى تەبئىي پەن، ئىجتىمائىي پەن كىتابلىرى، پەن - تېخنىكىغا دائىر ھەر خىل كىتابلار، تارىخىي ماتېرىياللار، ئوقۇتۇش ئەسۋابلىرى، تۈرلۈك خەرىتىلەر ۋە كىيىم - كېچەك قاتارلىق نەرسىلەرگە قۇتۇبىدا ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىلگەن بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش جەريانىدا توپلىغان ئوقۇش ۋە ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىدىن ئايرىلىپ قېلىپ ناھايىتى ئېغىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى. بۇلار ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان مەزگىلدە تېخىمۇ قاتتىق قارشىلىققا ئۇچراپ تۇرغان بولسىمۇ، بەرداشلىق بېرىپ، تۈرلۈك يوللار بىلەن كۈرەش قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ خىزمەت قىلغانىدى. ئۇلار تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن ئوقۇغۇچى، كادىرلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ھازىر جەمئىيەتتە مۇھىم خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، چوڭ ئورۇن تۇتۇپ، تۆتنى زامانى-



ۋىلاشتۇرۇش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، سوتسىيالىستىك ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش يولىدا پىداكارلىق بىلەن ئىشلەپ، ئۆزلىرىنىڭ ھەسسىلىرىنى قوشماقتا.

ئۆز ۋاقتىدا، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن يولداشلاردىن ھايات قالغانلىرى ئانچە كۆپ ئەمەس. مىلىتارىست شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ تورىنى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلارغا قاراتقانلىقتىن ئەينى زاماندا بۇلارنىڭ خېلى بىر قىسمى قىرغىنچىلىقتا ئۆلتۈرۈلدى، بەزىلىرى ۋاپات بولۇپ كەتتى، بىر قىسمى چەت ئەللەرگە چىقىپ كەتتى. ھازىر ھايات قالغانلىرى يۈز ئەتراپىدا (ئاز سانلىق مىللەتلەر 60 ئەتراپىدا) بولۇپ، ئۇلار ھەر قايسى سەپلەردە ئىشلەۋاتىدۇ.

3. ئەينى زاماندا بىر تەرەپتىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ ئوقۇپ كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ھەر قايسى ساھەلەردە پىداكارلىق بىلەن ئەستايىدىل ئىشلەپ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلار كوممۇنىستىك پارتىيە شىنجاڭغا ئەۋەتكەن يۈزدىن ئارتۇق كوممۇنىستلارنىڭ جۈملىدىن چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق يولداشلارنىڭ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشى ۋە ئاسرىشىنى قوبۇل قىلىپ، نەتىجىدە سىياسىي، ئىدىيە جەھەتتىن ناھايىتى تېز ئالغا باستى. بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ماركسىزم - لېنىنىزم روھىدا تەربىيە ئالغانلىقى ئۈچۈن كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسى بولمىسىمۇ (ئەينى زاماندا بەزى ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر ۋە تارىخىي شەرت - شارائىتنىڭ يار بەرمەسلىكى تۈپەيلىدىن پارتىيە قۇرۇلۇشى ھەمدە پارتىيە ئەزالىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مۇمكىن بولمىغانىدى.) كومپارتىيىنى بىجانىدىل سۆيۈپ ھىمايە قىلغان ۋە كوممۇنىزم غايىسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ، شۇ غايىنىڭ سادىق كىشىلىرىدىن بولۇپ قالغانىدى. شۇ ۋاقىتلاردا بۇلاردىن ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىدە ئىشلىگەنلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى گومىنداڭغا قارشى يوشۇرۇن تەشكىلاتلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، دۈشمەنگە قارشى كۈرەش قىلدى.

ھەمدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ ئوخشاشمىغان دەرىجىدىكى خىزمەتلەرنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئاكتىپلىق بىلەن كۆرەش قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتتى، ئۇنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى. بۇلار: سەيپىدىن ئەزىزى، سەيدۇللا سەيپۇللايوۋ، ئەنۋەرخان بابايوۋ، ئابلىمىت ھاجىيوۋ، ئابدۇللا زاكىروۋ، ئەسئەت ئىساقوۋ، ئىسمائىل ياسىنوۋ، ئىبراھىم تۇردى، قۇسەيىن سىيابايوۋ، ئابدىراخمان مۇھىتى، مەجىت زاھىدوۋ، ئۇيغۇر سايرانوۋ، باۋۇدۇن يۇسۇپوۋ، ئابلىمىت مەخسۇتوۋ، ھەمدۇللا قۇربانوۋ، ئوسمان يۇنۇسوۋ، تۇرسۇنتاي مەخمۇدوۋ، خەلپەت سۇزۇك ھاجىيوۋ، قاسىم پەرسايوۋ، تۇرسۇن ئىسرائىلوۋ، ئالىم ئەيتىمباروۋ، يۇسۇپجان ياسىنوۋ، خې رۋي، لى تەيىۋ، لۇزى قاتارلىق نۇرغۇن يولداشلار ھەمدە ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، دەلىلقان قاتارلىقلارنىڭ رەھبەرلىكىدىكى ئىلغار تەرەققىيپەرۋەر يولداشلار بىلەن بىرلىكتە، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە، جاھانگىرلىككە قارشى جاپالىق بىلەن قەتئىي كۆرەش ئېلىپ باردى. بۇنىڭدىن باشقا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئوقۇپ كەلگەنلەردىن يەتتە ۋىلايەت دائىرىسىدە ياشاپ ھەمدە ئىشلەپ تۇرغان يولداشلار ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن بولسۇن ھېسداشلىق بىلدۈرۈپ ۋە ئۇنى قوللاپ، ھىمايە قىلىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ماسلاشتى ھەمدە مەدەت بەردى. يۇقىرىدىكى يولداشلار ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ بەزى خاتالىقلىرىنى تۈزىتىپ، ئۈچ ۋىلايەت ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تەۋرەنمەي كۆرەش قىلدى، ھەمدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ماسلىشىش ئۈچۈن شۇ چاغدىكى نۇرغۇنلىغان ھەر مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى. بۇلار ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى



بىلەن بىرلەشتۈرۈپ شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشىغا ئۆزلىرىنىڭ ھەسسىلىرىنى قوشتى. بۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئازادلىقتىن كېيىن كوممۇنىستىك پارتىيىگە ئەزا بولدى، پارتىيە رەھبەرلىكىدە شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئىسلاھات ئىشلىرىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىشتا، ھاكىمىيەت ئۆزگەرتىش خىزمەتلىرىنى، ئىجارە كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتى، كاپىتالىستىك سودا - سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش، باندىتلارنى ۋە ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى يوقىتىش، شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان ھەمدە زور نەتىجىلەرنى ياراتقانىدى. لېكىن يەرلىك مىللەتچى — ئوڭچىللىققا قارشى تۇرۇش مەزگىللىرىدە بولسۇن، ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا بولسۇن، بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغانلىقى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقانلىقى چوڭ جىنايەت بولۇپ، «چەت ئەلگە باغلانغان قارا يىپ»، «مىللەتچى»، «مىللىي بۆلگۈنچى» ئۇنسۇرلار دەپ ئاتىلىپ، قالپاق كەيگۈزۈلۈپ، ئېغىر ئاقىۋەتلەرگە دۇچار قىلىندى. ھەتتا بەزىلىرى ئېزىز جانلىرىدىن ئايرىلىپ، خانىۋەيران بولۇپ كەتتى. شۇنداق ئېغىر كۈنلەرگە قالسىمۇ، ئۇلار يەنىلا جوڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ۋە خەلق ئاممىسىغا ئىشىنىپ، ئۆز مەيدانلىرىدا قەتئىي ئېغىشماي چىڭ تۇرۇپ كەلدى.

بۇ يولداشلارنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىرى بولسۇن، ھازىر ياشاۋاتقانلىرى بولسۇن، قىسقىسى ئۇلار ئۆز باشلىرىدىن بىرنەچچە دەۋرنى خەۋپ - خەتەرلىك مۇھىت ۋە ئەكسىيەتچىلەرگە قارشى جاپالىق كۆرەشلەر ئىچىدە، ھەتتا تۈرمىلەردە ئۆتكۈزۈپ، ئاخىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە ھەقىقىي ئازادلىققا ئېرىشىپ، ئەركىن، بەختلىك ھايات كەچۈرۈش (ئازادلىقنىڭ باشلىرىدا بۇلارنىڭ

كۆپى ھايات ئىدى) ۋە ئىشلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. بۇ يولداشلارنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىي ــ مائارىپ ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۈچۈن ھارماي ـ تىنماي جان پىدالىق بىلەن ئىشلەپ ۋە كۆرەش قىلىپ ياراتقان غايەت زور تۆھپىلىرىنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى مەڭگۈ يادلايدۇ.

**ئەسكەرتىش:**

بۇ ئەسلىمىنى يېزىشنى بەزى يولداشلار تەشەببۇس قىلغانىدى. باشتا يېزىشنى ماقۇل كۆرمىگەنىدىم. لېكىن يولداشلارنىڭ ئوقۇپ كەلگەندىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر (ئالەمدىن ئۆتكەن ۋە ھايات بارلىرى) جەمئىيەتكە قوشقان تۆھپىلىرى بىلەن باشلىرىدىن ئۆتكۈزگەن ھەر خىل ئوخشىمايدىغان سەرگۈزەشتىلىرىنى ئويلاپ، بۇ يولداشلارنىڭ جەمئىيەتتە ئۇنتۇلۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن يېزىشقا ماقۇل بولدۇم، ۋاقتى ئۇزۇن بولغانلىقتىن كۆپ نەرسىلەر ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ قالغانىكەن. شۇنداقلا ئالدىراش بولغانلىقتىن بىرگە ئوقۇغان بەزى يولداشلاردىن مەسلىھەت ئېلىشقا پۇرسەت بولمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن تولۇق بولمىسىمۇ بۇ ئەسلىمىنى يازدىم. تولۇق بولمىغان جايلىرىغا يولداشلارنىڭ تولۇقلىماپىكىرىنى بېرىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

**قوشۇمچە:**

1934 ـ يىلى 11 ـ ئايدا بىرىنچى تۈركۈمدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىسىملىكى:

ئابدۇراخمان مۇھىتوۋ، ئابلىمىت مۇھىتوۋ، ئابدۇرېھىم مۇھىتوۋ، قاسىم پەرسايوۋ، باۋۇدۇن يۈسۈپوۋ، سېيىت ھاسىلوۋ،



ئىسمائىل روزىيوۋ، مۇھەممەت ئېلى جېلىلوۋ، ئابدۇكېرىم رازىيوۋ، ئەنۋەر مۇھىتوۋ، ئابدۇرېشىت مۇھىتوۋ، ھەسەن كېرىموۋ، ئەنۋەر يۈسۈپوۋ، ھوشۇر ھاجىيوۋ، چوڭئاخۇن ئابدۇراخمانوۋ، ئابلىتىپ قادىروۋ، ھوشۇر كېرىموۋ، ئابدىراخمان قاسىموۋ، ھامۇت مەخمۇتوۋ، نۇردۇن قارى، خوجەخمەت زاكىروۋ، قۇربانوۋ، مۇھەممەت ھامۇت، مەخمۇت غوجايوۋ، ئېلى قارىيوۋ، قۇسەيىن سىيابايوۋ، ئەنۋەر مەمتوۋ، نۇرمەدى سابايوۋ، تىلەۋ بەردى قىزىروۋ، سابىر ئالى، قالى چابىقبايوۋ، رىشات نۇرسابايوۋ، ھۈسىيىن ياخشىلىقوۋ، كامال ئىبراھىموۋ، قاببباس، ئەسىيىن، ماقات، سېيىت غازى، پاتىخ، ئەسئەت ئابلىمىجىنوۋ، ئەيتىكەن، ھەمزە ئەزمۇھەممىدوۋ، سامزا.

1935 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئىككىنچى تۈركۈمدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىسىملىكى:

سەيپىدىن تاش ئاخۇنوۋ، سەيدۇللا سەيپۇللايوۋ، ئابلىمىت ھاجىيوۋ، ئابلىمىت مەخسۇتوۋ، مىجىت زامىدوۋ، ئابدۇقادىر ھۈسەينوۋ، مۇھەممەت ھۈسەينوۋ، ئابدۇللا ھوشۇروۋ، ئابدۇقەييۇم ئارزۇھاجىيوۋ، ئەبەيدۇللا رۇبەيدۇللايوۋ، ئىسمائىل ھىبزۇللايوۋ، ئەيسا نىيازوۋ، ئابلىز شېرىپوۋ، ئابدۇلېتىپ نىيازوۋ، مۇھەممەت سېلىموۋ، مۇھەممەت قارى ئەخمىدوۋ، توقسۇن سابىتوۋ، ئابلىزخان روزىيوۋ، ھەبىبۇللا مۇسا ھاجىيوۋ، مۇھەممەت يۈسۈپ جالالىدونوۋ، رەھمىتۇللا سابىتوۋ، ئوسمان يۇنۇسوۋ، مەمتىمىن خۇدا بەردىيوۋ، تۇردى قادىروۋ، ئابدۇھازىر ئارزۇھاجىيوۋ، سەيدۇللا خوجا نىيازوۋ، يۇنۇس ئىمىنوۋ، تاھىر بوسۇقوۋ، سوپاخۇن تۇرانوۋ، ئەخمەت ئىمىنوۋ، ھەبىبۇللا سۇبۇروۋ، ئابدۇللا قارى توختايوۋ، سۇلتان شەيخوۋ، ئەخمەت روزىبايوۋ، مەسئۇد خالىدوۋ، سەيدۇللا ئابدۇرىشىتوۋ، ئىبراھىم مۇنتۇللايوۋ، ئەخمەت ھەسەنوۋ، تۇرسۇن ياسىنوۋ، تاھىر دۆلەتچىنوۋ، ئىسلاھجان ئابدۇجاپپاروۋ، ئىسكەندەر ئىمىنوۋ، ئابدۇراخمان ھىدايوۋ، ئالىم ئەيتبايوۋ، ئابدۇقادىر توختاروۋ، تۇرغان خوجامبايوۋ، مادامبېك سىرغازى، نۇرەخمەت،

مۇقەممەت، تۇردىيوۋ، قالدىنجان، سابىر ئالى، زارىپ ئابۇتايوۋ، چۇقاش، شەمەي.

1936 - يىلى ئۈچىنچى تۈركۈمدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىسمىلىكى:

مەۋلانجان تۇردىيوۋ، مويدىنخان جالالىدىنوۋ، ئابدۇۋاھىت ۋاجىدوۋ، ئابدۇلېتىپ خەبىروۋ، ئابدۇللا سەيدۇللايوۋ، تۇرسۇن دەريا، تۇرسۇن سابىتوۋ، ئابدۇللا داۋۇتوۋ، ئابدۇراخمان سۇلايمانوۋ، ئابلىز قادىروۋ، ئابدۇراخمان سەيىدوۋ، تۇرسۇن ئابدۇرەھىموۋ، خەلپەت سۈزۈك ھاجىيوۋ، ئابدۇللا زاكىروۋ، تۇرسۇن ئىسرائىلوۋ، خۇدابەردى تالىپوۋ، تۇرسۇنتاي مەھمۇدوۋ، ئابدۇكېرىم تۇرسۇنوۋ، ئىسھاق ئارسلانوۋ، ئىدرىسوۋ، ئابدۇرېھىم ئابدۇللايوۋ، تەۋەككۇل ئۇلۇغوۋ، ئابلىتىپ ئەخمەدوۋ، ھەمدۇللا قۇربانوۋ، يۇسۇپجان ياسىنوۋ، ئابدۇرىشىت ياقۇپوۋ، مۇختەر ئابدۇكېرىموۋ، مويدىنخان تۆرە، ئايۇپ سەپەر مۇھەممەدوۋ، مەنسۇر ئاخۇنبايوۋ، ئايۇپ مەنسۇروۋ، توختى ھاشىموۋ، ئابدۇغوپۇر قادىر ھاجىيوۋ، ئابدۇللا زۇنۇنوۋ، ئابدۇللا ياقۇپوۋ، جالالىدىن، سەدىردىن سەدىرىنوۋ، سىدىق بەلىيوۋ.

(ئەسكەرتىش: ① ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۇقىرىقى ئىسىملىكى تولۇق ئەمەس، ئېسىمدە قالغانلىرىنى يازدىم، ئۇلارنىڭ ئىسىم - فامىلىسى ئوقۇۋاتقان ۋاقىتتىكى ئىشلىتىلىشى بويىچە يېزىلدى، كېيىنكى خىزمەت جەريانىدا ئۆزگەرتىۋەتكەنلەرنىڭ ئىسىم - فامىلىسىنىمۇ ئەسلى بويىچە يازدىم. ② بۇنىڭدا يېزىلغان مىللەتلەرنىڭ سىرتىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىسىم - فامىلىسى تولۇق بولمىغانلىقى ئۈچۈن تىزىمى بېرىلمىدى. ③ ۋاقتى ئۇزۇن بولغانلىقتىن ھەرقايسى تۈركۈمدە بارغانلارنىڭ ئورنى ئالمىشىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.)



## سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئوقۇش تارىخىم

ئابدۇقادىر توختاروۋ

مەن ئۈلۈغچات ناھىيىسىنىڭ كونا ئۈلۈغچات يېزىسىدا تۇغۇلغان بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىشتىن بۇرۇن شۇ يېزىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتاتتىم. 1935 - يىلى كۈز ئايلىرىنىڭ بىر كۈنى، قەشقەر شەھىرىدە تۇرۇشلۇق ئاكام ئاتىشبەگتىن ماڭا خەت كەلدى، خەتتە — «سوۋېتكە ئوقۇغۇچى چىقىرىلىدىكەن، سېنى يازدۇرۇپ قويدۇم، قانداق قارايسەن؟... ئانام ۋە تۇغقانلار قانداق قارايدۇ، ھەممىڭلار قوشۇلساڭلار مۇشۇ ئاينىڭ ئاخىرىدىن قالماي شەھەرگە مېنىڭ قېشىمغا كەل...»، دېيىلگەن. ئۇ ۋاقىتتا ئاكام ئاتىشبەگ ئۈلۈغچات يېرىم ناھىيىسىنىڭ ناھىيە باشلىقى بولۇپ، ئىش بىلەن قەشقەردە تۇرۇۋاتاتتى. دادىمىز ۋاپات بولغانىدى. ئانام ۋە باشقىلار مېنىڭ چەتئەلگە چىقىپ ئوقۇشۇمغا قوشۇلدى. مەن ئاكامنىڭ قېشىغا باردىم.

قەشقەردە ئىسھاقبەگمۇ بار ئىكەن. ئاكام مېنى ئىسھاقبەگنىڭ ئالدىغا باشلاپ باردى. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۇ ئاكامغا: «ناھىيەدىن ئابدۇقادىر بىلەن زاكىر سوۋېتكە (تاشكەنتكە) ئوقۇشقا بارىدۇ، زاكىر كەلگەندە ئۇ ئىككىسىنى شەھەر ئىچىدىكى ئۆمەر باي چايخانىسىدا مەھەممەت ئېلى ئەپەندىم دېگەن بىر كىشى بار، شۇ كىشىگە تونۇشتۇرۇڭ، بۇلارنى بىرنەچچە ۋاقىت تەربىيىلىسۇن، يولغا چىقىش ۋاقتىنى كېيىنچە سۆزلىشىمىز» - دېدى. بىز قوزغىلىپ مېڭىشىمىزغا، ئىسھاقبەگ ماڭا قاراپ:

«ھەي موللا بالا، يەنە ئەزان توۋلاپ، بەش ۋاقنى (بەشۋاق نامازنى دېمەكچى) ئورۇنلاۋاتامسەن» ـ دەپ، ئاستا دولامغا قېقىپ: «ئۇ يەرگە بارغاندا ئوقۇشقا ئوبدانراق زەڭ قويۇپ ياخشى ئوقۇغىن جۇمۇ، ياخشىراق بىر نەرسە بىلمەي يېنىپ كەلسەڭ سەت بولىدۇ» ـ دەپ نەسىھەت قىلدى. ئەينى ۋاقىتتا مېنىڭ ئەزان توۋلاپ نامازدا تۇرغانلىقىم ئىسھاقبەگنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالغان بولسا كېرەك. قىرغىزلاردا بىر ئائىلىدىكى يەڭگىلەر قېيىن ئىنىلىرىنىڭ ئىسمىنى ئاتىماي، ئۆزلىرى قويۇۋالغان لەقەم بىلەن چاقىرىدىغان ئادەت بار. مەن موللامدا ئوقۇپ، كىچىكىمدىلا موللا ئابدۇقادىر ئاتىلىپ قالغانلىقىم ئۈچۈن يەڭگىلىرىم مېنى «موللا بالا»، دەپ چاقىرىشاتتى. ئىسھاقبەگنىڭ نەسىھەتىدىن مەن مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن ئىدىيىنى چاچماي، پۈتۈن دىققەتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئوقۇش زۆرۈرلۈكىنى چۈشەندىم.

ئىسھاقبەگ بىلەن كۆرۈشۈپ بىر كۈن ئۆتكەندىن كېيىن زاكىر كەلدى. زاكىر يىغىن يېزىسىدىن ئىدى. ئاكام ئاتىشبەگ زاكىر ئىككىمىزنى ياۋاغ دەرۋازىسى ئىچىدە ئەنجان رەستە كوچىسىدىكى بىر جايغا ئېلىپ باردى. بۇ جايدا 18 ـ 20 ياشلار ئارىلىقىدىكى ئۇيغۇر بالىلىرىدىن 30 نەپىرى بولۇپ، ئۇلار مەلۇم ۋاقىت تەربىيىلەنگەندىن كېيىن، يۇقىرى مەكتەپلەرگە ياكى چەت ئەلگە چىقىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى شۇلاردىن تاللايدىكەن، ئۇلار بىلەن بىر يېرىم ئاي چامىسىدا بىللە بولدۇق. بۇ يەردە بىزگە ئاساسەن سوۋېت ۋە شىنجاڭنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلدى، جۇڭگو تارىخىغا ئائىت ساۋاتلارمۇ سۆزلەندى، بولۇپمۇ ئوقۇشقا بارغان جايدا تەرتىپ ـ ئىنتىزامغا قەتئىي رىئايە قىلىش تەكىتلەندى. ئاخىرىدا ئىمتىھان ئېلىندى، زاكىر ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي قايتىپ كەتتى. شۇ ئەسنادا تۇرغان غوجامبايوۋ پەيدا بولدى. ئۇ ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ تېرەك يېزىسىدىن بولۇپ،



ئۆتكەندىن بىزدىن بالدۇرراق ئىمتىھان ئېلىنغانىكەن. ئېسىمدە قېلىشىچە، قىرغىزلاردىن تەخمىنەن تۆت ـ بەش نەپەر بالا ئىمتىھانغا قاتناشقانىدى، باشقىلارنىڭ ئىسمى يادىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ. قەشقەر مائارىپ ئىدارىسى تۇرغان غوجامبايوۋ ئىككىمىزنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلىكىمىزنى ھەم قەشقەر ۋىلايەتلىك قىرغىز ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن يولغا سېلىنىدىغانلىقىمىزنى ئۇقتۇردى. ئۇيۇشما رەئىسى قادىر بەگ بىزنى باشلاپ چىقىپ، ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئالدىدىكى «ئىتتىپاق شىركىتى» نىڭ دۇكىنىدىن بىزگە بىر قۇردىن پەلتو، كاستيۇم، ئاياغ ھەتتا ئىچ كىيىملىرىمىزدىن تارتىپ تولۇق جابدۇش بىلەن، بۇ كىيىملەرنى ھازىر كىيمەي مەكتەپكە بارغاندا كىيىشىمىزنى تاپىلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن مائارىپ ئىدارىسىدىن بىر كىشى بىزنى دوتەي يامۇلىغا باشلاپ بېرىپ بىزنى سوۋېتكە ئوقۇشقا چىقىشقا تاللانغان ئون نەپەر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىنىڭ ئارىسىغا قاتتى. ئۇلار سەيپىدىن ئەزىزى، سەيدۇللا سەيپۇللايوۋ، ئەيسا نىيازوۋ، ئابدۇقادىر ھەسەنوۋ، ئابلىمىت مەخسۇدوۋ، ئابدۇللا ھوشۇروۋ، ئابلىمىت ھاجىيوۋ، ئىسمايىل ھىبزۇللايوۋ، مەھەممەت قارى لەردىن ئىبارەت بولۇپ، بىز قوشۇلۇپ جەمئىي 12 ئادەم بولدۇق. بىزنى ياۋاغ دەرۋازا سىرتىدىكى بىر سارايغا ئورۇنلاشتۇردى. ياتاق ۋە تاماقلىرىمىزنىڭ سۈپىتى يۇقىرى ئىدى، بىزنى ھەتتا ئالىي دەرىجىلىك چاي، تاماكا (پاپىروس) لار بىلەن تەمىنلىدى، بۇ سارايدا بىر ھەپتىدىن ئوشۇقراق تۇردۇق. بىر كۈنى، بىزنى كاتتىلار (باشلىقلار) قوبۇل قىلىدىكەن دەپ ۋالىي مەھكىمىسىگە باشلاپ باردى. ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ بېغىدا قەشقەر ۋالىيسى ×× ھامۇت سىجاڭ، ئىسھاقبەگ، مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى سابىت قاتارلىقلار بىزنى قوبۇل قىلدى. قىرغىز ئاقارتىش ئۇيۇشما رەئىسى قادىر بەگ بىللە بولدى. ۋالىي سۆز قىلىپ، بىزلەرنىڭ ئۇلۇغچات تەۋەلىكىدىكى ئەركەشتام چېگرىسى ئارقىلىق

سوۋېتكە بېرىپ تاشكەنتتە ئوقۇيدىغانلىقىمىزنى، ئوقۇش ۋاقتى ئىككى يىل ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئاندىن كېيىن مامۇت سىجاڭ، ئىسھاقبەگ، سابىت جۇيجاڭلار سۆز قىلىپ، ياخشى ئوقۇپ كېلىشىمىز توغرىسىدا قىسقىچە يوليورۇق بېرىشتى. بىزنى يولغا سېلىشنى قىرغىز ئۇيۇشما رەئىسى قادىر بەگ ۋە ئاتىشبەگلەرگە تاپشۇردى.

ئۇ چاغدا ئاپتوموبىل بولمىغانلىقتىن قەشقەردىن ئەركەشتام چېگرىسى ئارقىلىق سايۇزغا قاتناپ تۇرىدىغان كىراكەش ئاتچىلار بار ئىدى. قادىر بەگ بىلەن ئاتىشبەگ كىراكەش ئاتچىلارنى تېپىپ، بىزنى چېگرىدىن ئۆتكۈزۈپ ماشىنا بار جايغىچە يەتكۈزۈپ قويۇشنى سۆزلىشىپ بىزنى يولغا سالدى. بىز شەھەردىن چىقىپ يولدا ئىككى قونۇپ، ئەتىسى ئۇلۇغچات ناھىيىسىگە (كونا ئۇلۇغچات) باردۇق. مېنىڭ ئائىلەم ناھىيىدىن 20 كىلومېتر يىراقلىقتىكى ئاق تەكتىر دېگەن كەنتتە ئىدى. بىرىم كۈن رۇخسەت سوراپ ئانام ۋە تۇغقانلار بىلەن خوشلىشىپ كەلدىم. ناھىيىدە بىر قونۇپ ئەتىسى ئەركەشتام چېگرىسىغا يېتىپ باردۇق. ئاكام ئاتىشبەگنىڭ يېزىپ قويغان خاتىرىسىگە ئاساسەن، بىز 1935 - يىل 10 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدە قەشقەر شەھىرىدىن يولغا چىقىپ، 26 - چېسلا چېگرىدىن ئۆتكەن ئىكەنمىز. ماشىنا يولى — ئالاي يولىنى قار بېسىپ ئالغانلىقى ئۈچۈن ئات بىلەن تېرەك داۋانى ئارقىلىق ماڭىدىغان بولدۇق. ئەركەشتامدىن چىقىپ تاغ ئارىلاپ مېڭىپ ئىگىزەك دېگەن بىر قىشلاق (كەنت) قا باردۇق. يەرلىك خەلقلەرنىڭ ھاۋا تۇتۇق چاغدا تېرەك داۋانىدىن ئۆتۈش خەتەرلىك، ھاۋا ئېچىلغاندىن كېيىن مېڭىڭلار، دېگەن مەسلىھەتى بىلەن ئىككى - ئۈچ كۈن تۇرۇپ قالدۇق. بۇ كەنتتە بىر باشلانغۇچ مەكتەپ، بىرنەچچە ئائىلىلىك ئولتۇرۇشلۇق ئاھالە بار ئىكەن، شۇ جايدا قوندۇق. ئۇلار بىزگە ئاش - تاماق ئېتىپ بېرىپ



ئۇبدان كۈتۈۋالدى. ھاۋامۇ ئېچىلىپ قالدى، ئەمما بۇ جاينىڭ تەبىئىي شارائىتىدا ھاۋا ئۇچۇق بولغان تەقدىردىمۇ چۈش ۋاقتىدىن قالماي، سائەت 12 - 11 ئارىلىقىدا تېرەك داۋانىنىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتۈپ بولۇش شەرت ئىكەنلىكىنى يەرلىك خەلقلەر ئەسكەرتتى. شۇنىڭدەك بىزگە يول باشلاش ئۈچۈن ئىككى يىگىتنى قوشۇپ، بىزنى خېلى سەھەردىلا ئۇزىتىپ قويدى. يول ئۈستىدە قارغا كۆمۈلۈپ قالغان نۇرغۇن ماشىنىلارنى ئۇچراتتۇق. ماشىنىلارنىڭ شەكلى بىلىنەر - بىلىنمەس كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بىز بۇ جايدا بىر ئاز ھايال بولۇپ قالدۇق. داۋاننىڭ ئېتىكىدىكى جىلغىدا ئىككى ئۆيلۈك چارۋىچى بار ئىكەن، شۇ يەردە قونۇپ، ئەتىگەن سائەت 10 دىن ئاشقاندا تىنچ - ئامان داۋاننىڭ چوققىسىغا چىقىۋالدۇق. تېرەك داۋاننىڭ چوققىسى ئاسمانغا تاقىشاتتى. قار ئۇچقۇنلىرى يۈز - كۆزىمىزگە ئۇرۇلاتتى. پەس تەرەپكە تېزىراق چۈشۈۋېلىشىمىز زۆرۈر بولۇۋاتقاندا، بەزى ھەمراھلىرىمىزنىڭ تاماشىسىنى كۆرۈڭ: تۇرپان، قۇمۇللۇق ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ بەزىلىرى بۇنداق ئېگىز قارلىق تاغلارنى كۆرمىگەنلىكتىن ھەم ئاتقا ئولتۇرۇشقا ئانچە پىششىق بولمىغانلىقتىنمۇ، — ۋاي جان، قانداق قىلىمىز، ئات بىلەن ماڭالمايمىز،... دەپ نالە قىلغىلى تۇردى. پىيادە مېڭىڭلار دېسەك، نەدىكىنى، بىرەر چامدام دەسسىمەيلا تېيىلىپ دۈم چۈشىدۇ. ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق، شۇنداق قورقاقلاردىن ئاخىرىدا ئۈچى بار ئىكەن. بىزگە ياردەملىشىۋاتقان يەرلىك كىشىلەر ئۇلارنى ئاتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ، بېلىدىن مەھكەم قۇچاقلاپ ماڭدى. بىزمۇ ئاتنىڭ ئۈستىگە مەھكەم ئولتۇرۇپ، تىزگىنىنى چىڭ تۇتۇپ، بىر - بىرىمىزگە ياندىشىپ ئۇدۇلىمىزغا قاراپ ماڭدۇق. تۇرغان غوجامبايۇۋ قاردىن بېشىنى چىقىرىپ تۇرغان «تۆگە قۇيرۇق» (بىر خىل ئۆسۈملۈك) نى يىلتىزى بىلەن يۇلۇۋېلىپ، ئۇنى قامچا ئورنىدا ئىشلىتىپ كەينىمىزدىن ئاتلارنى ھەيدەپ ماڭدى.

پەستكە چۈشۈشتە، قورقىنىدىن ئاتتىن ئۆزلىرىنى تاشلىۋەتكەنلەرمۇ بولدى. بۇنداقلارنى قايتا ئات ئۈستىگە ئېلىپ ماڭدۇق. يېڭىدىن ياققان يۇمشاق قار ئۈستىگە ئاتتىن ئەمەس ئېگىز تاغدىن دومىلاپ چۈشكەندىمۇ ھېچ نەرسە بولمايتتى. قار ئۈستىدە ئاتتىن يىقىلىپ قوپۇپ مېڭىۋېرىش چارۋىچى خەلقلەر ئۈچۈن ئادەتتىكىدەك ۋە ئويۇن - تاماشا قاتارىدىكى ئىش ھېسابلىناتتى.

تېرەك داۋاندىن پەسكە چۈشۈپ سوۋپى قورغان دېگەن جايغا كەلدۇق. بۇ يەردە ئاھالە، مەكتەپ، ھەربىي قاراۋۇلخانا، ماشىنا بېكىتى قاتارلىقلار بار ئىكەن. بۇ يەردە بىر قونۇپ، ئەتىسى قاردا ماشىنىغا ئولتۇرۇپ يېرىم كېچە ئەتراپىدا قىرغىزستان رېسپوبلىكىسىنىڭ ئوش شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق. بەك كېچە بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن بىزنى ئىشچىلارنىڭ بىر ئوپچا ياتىقىغا ئورۇنلاشتۇردى. ياتاقتىكى ئىشچىلارنىڭ كۆپىنچىسى رۇس ئىكەن، بىر قىسىم باشقا مىللەت ئىشچىلىرىمۇ بار ئىكەن. بۇ يەردە مۇنداق بىر قىزىق ۋەقەنى قىستۇرۇپ ئۆتەي: كۆزىمىز ئەمدىلا ئۇيقۇغا ماڭغاندا بىردىنلا قاتتىق ۋاراڭ - چۇرۇڭ بولۇپ كەتتى. ئىشچىلار: نېمە پۇرايدۇ! — دېيىشىۋاتىدۇ. بۇ ئىش مۇنداق باشلانغانىدى: ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەزىلىرى قەشقەردىن تېرە جۇۋا كىيىشىپ كەلگەنىدى، شەھەرگە يېقىنلاشقىنىمىزدا قاتتىق يامغۇر ياققانىدى، يامغۇردا ھۆل بولۇپ كەتكەن جۇۋىلار ئىسسىق ئۆيگە كىرگەندە بۇراپ ھاۋانى ھەقىقەتەن بەك بۇلغىغانىدى. ياتاقتىكىلەر بىزنى چىقىپ كېتىڭلار، دەپ قوغلىغىلى تۇردى. كەچ بولغاندا نەگە بارىمىز، بىزمۇ بوي بەرمىدۇق. ئاخىرى بىر رۇس، بىر قىرغىز كىشى كىردى. ئۇلار مەسئۇل كىشىلەردەك قىلاتتى، ئەھۋالنى سوراشتۇرۇپ، بىزنىڭ چەت ئەلدىن ئوقۇشقا كەلگەنلىكىمىزنى ئۇققاندىن كېيىن رەنجىمەسلىكىمىزنى ئۆتۈنۈپ، ئىشچىلارغا چۈشەنچە بېرىپ،



ئەتە خەۋەر ئالىدىغان بولۇپ چىقىپ كەتتى. پۇرىغان جۇۋىلارنى سىرتقا ئەپچىقىۋەتتۇق.

ئىككىنچى كۈنى ھېلىقى قىرغىز يولداش كېلىپ بىزنى ئازادە بىر جايغا باشلاپ ئاپاردى. مۇناسىۋەتلىك مەسئۇل يولداشلار بىلەن كۆرۈشۈپ پاراڭلاشتۇق. چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن قاتناش ئاپتوۋۇزى بىلەن ئۆزبېكىستان رېسپوبلىكىسىغا قاراشلىق ئەنجان شەھىرىدىكى جۇڭگو كونسۇلخانىسىغا باردۇق. كونسۇلخانىدا بىر كۈن ئارام ئېلىپ ئەتىسى پويىز بىلەن تاشكەنتكە ماڭدۇق. ئەنجاندىن بىر يېرىم سوتكىچە يول مېڭىپ تاشكەنتكە باردۇق. ئېسىمدە قېلىشىچە تاشكەنت شەھىرىگە خېلى كېچىدە كەلگەنىدۇق. شەھەر ئاپئاق قارغا كۆمۈلۈپ كېتىپتۇ. ۋوگزالدىن مەكتەپكە ئات ھارۋىسى بىلەن باردۇق. مەكتەپكە كىرىشتىن ئاۋۋال مەكتەپتىن سەل چەتتىرەك بىر جايدا سالامەتلىك تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈپ، نەرسە - كېرەكلىرىمىز دېزىنفېكسىيە قىلىندى. ھەتتا بىز بىلەن قول تۇتۇشۇپ كۆرۈشۈشكىمۇ رۇخسەت قىلىنمىدى. ھۆكۈمەتتىن بېرىلگەن كىيىم - كېچەكلەردىن باشقا نەرسىلىرىمىزنىڭ بەزىلىرى كۆيدۈرۈپ تاشلاندى. مۇنچىدا يۇيۇنۇپ، چاچلىرىمىزنى ياستىپ، مەكتەپتىن تارقاتقان كىيىم - كېچەكلەرنى كىيىپ مەكتەپكە كىردۇق. شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئىككى ئالىي مەكتەپ بار ئىكەن. ئۇنىڭ بىرى ساگۇ (ئوتتۇرا ئازىيا مەملىكەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتى) بولۇپ، يەنە بىرى ساكۇ (ئوتتۇرا ئازىيا كوممۇنىزم ئۇنىۋېرسىتېتى) ئىدى. بىز ساگۇنىڭ «پېداگوگىكا مەمۇرىي باشقۇرۇش» فاكولتېتىدا ئوقۇدۇق، سىنىپلارغا بۆلگەندە قازاق - قىرغىزلار بىر سىنىپقا ئايرىلدۇق. بۇرۇن قازاقچە ئوقۇغان قالسىنداش ئىسىملىك موڭغۇل ئوقۇغۇچى بىز بىلەن بىللە ئوقۇدى، قازاق سىنىپتا 12 دەك ئوقۇغۇچى بار ئىدى. بىزگە ئۆتۈلگەن دەرس-

لىكلەر ئاساسەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىي مەكتەپ ئوقۇتۇش پروگراممىسىدىكى مەزمۇنلاردىن ئىبارەت بولۇپ، مەلۇم بىر كەسپىي پەننى ئاساس قىلىپ ئوقۇمىدۇق، ھەرقايسى پەنلەردىن خەۋەردار قىلىش خاراكتېرىدە دەرس ئۆتۈلدى. مەسىلەن، قىسقىچە جۇڭگو تارىخى ۋە دۇنيا تارىخى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپلەرنىڭ تىل گراماتىكىسى ئۆتۈلدى. ئاخىرقى يىلى رۇس تىلى بىلەن پىداگوگىكا مەمۇرىيىتى قوشۇمچە دەرس ھېسابىدا قىسقا ۋاقىت كىرگۈزۈلدى. ئوقۇش مۇددىتىمىز ئىككى يىل بولغاچ، دەرسلىكلەر ناھايىتى ئىخچام تۈزۈلۈپ، دەرسنىڭ ئۆتۈلۈشىمۇ ئىخچام بولدى. ئوقۇتقۇچىلار سەۋىيىلىك ۋە ئىقتىدارلىق ئىدى، دەرسنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆتەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ دەرسلەرنى ئۆزلەشتۈرۈشىمىزمۇ ئوبدان بولدى. بىزنىڭ مىللىي تەركىبىمىزگە ئاساسەن بىرلا سىياسىي ئىقتىساد دەرسلىكى رۇسچىدىن تەرجىمە قىلىنغاندىن باشقا دەرسلەر بىۋاسىتە ئۇيغۇرچە ياكى قازاقچە ئۆتۈلدى. ئاگرونومىيە دەرسى ئۆتۈلگەندە دەرسخانىدا نەزەرىيىنى ئۆگىنىپ، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى يېزا ياكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئۆگەندۇق. ئوقۇتقۇچىلار ۋاقىتقا بەكمۇ رىئايە قىلاتتى. ئاغرىپ قالغاندىن باشقا ھەرقانداق سەۋەبلەر بولسىمۇ رۇخسەت سوراشقا بولمايتتى. ئوقۇتقۇچىلار خېلى يىراق جايلاردىن ماشىنىلىق كېلەتتى. دەرس باشلاش قوڭغۇرىقى چېلىنىشتىن يېرىم سائەت بۇرۇن دەرسخانا ئالدىدا ھازىر بولۇشاتتى. ئادەتتە بىر كۈن بۇرۇن بېرىلگەن دەرستىن بىر - ئىككى ئوقۇغۇچىدىن سوئال سورالغاندىن كېيىن يېڭى دەرس ئۆتۈشكە كىرىشەتتى. بۇ ئۇلارنىڭ مۇنتىزىم تۈزۈمى ئىكەن. ئىمتىھان ئاساسەن ئېغىزچە ئېلىنىدىكەن، مەخسۇس ئىمتىھان ئېلىش كومىسسىيىسى قۇرۇلىدىكەن. ئىمتىھانغا تەييارلانغان سوئاللارنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدى بىلەن ئوبدان كۆرۈپ ئويلىنىشىغا رۇخسەت قىلىناتتى. چۈشەنمىگەنلەرنى سوراشقىمۇ



بولاتتى. جاۋاب بېرىش ۋاقتىمۇ كەڭ - كۇشادە ئىدى. كومىسسىيىلەر مۇلايىم، پوزىتسىيىسى ئوبدان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلار ئىمتىھان مەيدانىدا بەكمۇ ھودۇقۇپ كەتمەيتتى. ئوقۇغۇچىنىڭ سىنىپقا باش كىيىم بىلەن ياكى گالىستۇك تاقىماي كىرىشىگە رۇخسەت قىلىنمايتتى.

دەرس تەكرارلاش ۋە قوشۇمچە ئۆگىنىش ئۈچۈن ئايرىم ۋاقىت ئاجرىتىلغاندىن باشقا، ئارام ئالماي باش كۆتۈرمەي ئۆگىنىشكە، ئارتۇقچە ئۇرۇنۇشقا يول قويۇلمايتتى. ئۆگىنىش بىلەن دەم ئېلىشنى ياخشى ماسلاشتۇرۇش دائىم تەكىتلىنەتتى. ئۇخلاش ۋاقتىدا دەرس تەكرارلىسا ياكى كىتاب كۆرسە، تەربىيىچىلەر كېلىپ چىراغنى ئۆچۈرۈپ دەرھال ئۇخلاشقا بۇيرۇيتتى. كېچىكىپ يېتىش ياكى كېچىكىپ ئورنىدىن تۇرۇش ئوخشاشلا تۈزۈمگە رىئايە قىلمىغانلىق ھېسابلىناتتى. ئەتىگەنلىك يېرىم سائەتلىك تەنھەرىكەتكە ۋاقتىدا قاتناشمىغانلار، دەرسكە ۋاقتىدا كىرمىگەنلەر قاتاردا قارىلاتتى. بىز ئوقۇۋاتقان مەزگىللەردە مەكتەپ بىزنىڭ تەنتەربىيە ۋە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىمىزنىڭ ئوبدان قانات يايدۇرۇلۇشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. مەكتىپىمىزدە دوختۇر، سېستىرالار ئوقۇغۇچىلاردىن دائىم خەۋەر ئېلىپ تۇراتتى. ئوقۇش بېسىمى ئانچە ئېغىر ئەمەس ئىدى. مۇۋاپىق كۆرۈلگەن چاغلاردا مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش بولۇپ، سىنىپلار بويىچە خور، ناخشا، تانسا، بىليارد قاتارلىقلارغا تەشكىللەيتتى. ھاۋالىق، مەنزىرىلىك جايلارغا ئاپىرىپ تاماشا - ساياھەت قىلدۇراتتى.

سايۇزدا ھەر يىلى 5 - ئايلاردا ئايروپىلان ئويۇنى (ئايروپىلاننىڭ موللاق ئېتىش ئويۇنى) بولاتتى، بۇ ئويۇنغا بىزمۇ قاتنىشاتتۇق. بۇنىڭدا خالىغانلار ئايروپىلانغا چىقىپ ئولتۇرۇشاتتى، ئايروپىلان ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ بىر نەچچە قېتىم موللاق ئاتاتتى. ئاسمان بوشلۇقىدا ئۇچۇش ۋاقتى ئون مىنۇت ئىدى. بۇ-

نىڭدىن باشقا ماشىنا ھەيدەشنى ئۆگىنىشنى ئىختىيارى قىلغۇچىلارغىمۇ شارائىت يارىتىپ بېرىلدى. بىزلەرنى يەنە زاۋۇت - فابرىكىلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا ئويۇشتۇردى. ئۆزبېكىستان پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە پاختا ماكانى بولىدۇ، بىز تاشكەنت شەھىرىدىكى پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق، بىزنى ھەيران قالدۇرغىنى فابرىكىنىڭ سىرتىدىكى كەڭ مەيدانغا يىغىپ قويۇلغان — «پاختا تېغى» بولدى. ناھايىتى ئېگىز دۆۋىلەنگەن پاختا تېغلىرى بىزنىڭ كۆزىمىزگە خۇددى قارلىق تاغدەك كۆرۈندى. پاختىلىق چوققىغا مەخسۇس ياسالغان يول بىلەن بىرنەچچە قېتىم دەم ئېلىپ چىققانلىقىمىز ئېسىمدىن چىقمايدۇ. ئومۇمەن ئالغاندا مەكتەپ بىزگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى، يەرلىك ئوقۇغۇچىلارغا قارىغاندا خېلى كۆپ غەمخورلۇق قىلدى. بىر پەسىلدە بىر قېتىم بىر قۇردىن يېڭى ئىچ كىيىم بەرگەندىن باشقا يەنە يىلدا بىر قۇردىن پەلتو، ئىككى قېتىم كاستيۇم بېرىلەتتى. ئوقۇش ماتېرىياللىرى پۈتۈنلەي مەكتەپتىن تەمىنلىنەتتى. تاماقلىرىمىزنىڭ سۈپىتى ياخشى ئىدى. ياتاقلىرىمىز كەڭ، ئازادە بولۇپ، سىرلانغان تاختايلىق ئۆيلەر ئىدى. يېتىشىمىز سىم كارىۋات بولۇپ، بىر ئۆيدە ئۈچ نەپەردىن ئوشۇق ئادەم ياتمايتتى.

تۆۋەندىكى ئىككى يىللىق ئوقۇش داۋامىدا ئالغان تەسىراتلىرىمنى قىسقىچە ئەسلەپ ئۆتەي:

1. سوۋېت دۆلىتىدە مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش خېلى بۇرۇنلا يولغا قويۇلۇش بىلەن مائارىپ ئىشلىرىغا ئىنتايىن تولۇق ۋە ئەتراپلىق كۆڭۈل بۆلۈنگەن. مەسىلەن، بىز ئاتلىق بېسىپ ئۆتكەن يوللىرىمىزدا قىرغىزىستاننىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى قىسمەن باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى كۆردۇق. تاغ جىلغىلىرى ئارىسىغا سېلىنغان مەكتەپ ئۆيلىرى مۇستەھكەم، سۈپەتلىك ئىدى. پارتا - ئورۇندۇق، ئوقۇش - ئوقۇتۇش قوراللىرى



تولۇق ئىدى. سىنىپلىرى يورۇق، پاكىز ۋە رەتلىك ئىدى. ئوقۇغۇچىلار يىراق قىر - داۋانلاردىن ئېشىپ كېلىدىغان بولسىمۇ، دەرسكە ۋاقتىدا كېلىپ، ۋاقتىدا قايتىشىدىكەن. ئوقۇتقۇچىلىرىمۇ ئىقتىدارلىق - سەۋىيىلىك بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرس ئۆزلەشتۈرۈش ئېھتىياجىدىن چىقىدىكەن. قىسقىسى، بەزى جايلارغا تېخى توك يېتىپ كەلمىگەننى ھېسابقا ئالمىغاندا، تاغلىق رايونلاردىكى مەكتەپلەر بىلەن يېزا، شەھەر مەكتەپلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئانچە چوڭ پەرق يوق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

2. سەھىيە ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بېرىلگەن. دۆلەت خىراجىتىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى سەھىيە بىلەن مائارىپ ئىشلىرىغا ئاجرىتىلغانلىقى بۇنىڭ دەلىلى بولىدۇ. تاشكەنتتە بىرقانچە ئالىي دوختۇرخانىلار ناھايىتى كاتتا سېلىنغان. داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى زامانىۋى ۋە تولۇق، يۇقىرى مەلۇماتلىق ۋراچلار كېسەل كۆرىدۇ. بالىنىستلارنىڭ مۇھىتى ناھايىتى ئازادە ۋە پاكىز، بىمارلارنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە تولۇق كاپالەتلىك قىلىنغان. مىسال ئۈچۈن ئالساق، مەكتىپىمىزدە مەخسۇس دوختۇر، سېستىرالار ۋە دوختۇرخانا بار ئىدى. ئېغىرراق بىمارلار دەرھال چوڭ دوختۇرخانىلارغا يەتكۈزۈلەتتى. قەرەللىك ھالدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەن سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈپ تۇراتتى. بىز بىلەن ئوقۇشقا كەلگەن بىر ئوقۇغۇچى نېرۋە خاراكتېرلىك كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قېلىپ شىنجاڭغا قايتىشنى تەلەپ قىلغاندا، دوختۇرلار ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ دىئاگنوز قويغاندىن كېيىن ئۇنىڭ تەلىپىنى ماقۇل كۆردى. يازلىق تەتىلدە مەن ۋە تۇرغان غوجامبوياۋ ئىككىيلەن ئۇنى قەشقەرگە سالامەت يەتكۈزۈپ دەرسكە ئۈلگۈرۈپ مەكتەپكە قايتىپ كەلدۇق.

3. تەرتىپ، ئىنتىزام ۋە ھەر خىل تۈزۈملەرگە ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ، ھەرقانداق شارائىتتا ئاگاھلىق ھالدا بويسۇنۇشى ئادەتكە ئايلانغان. مەسىلەن، كېسەل يوقلاش ياكى

بىرەر ئىش بىلەن بالىنىستقا كىرىش ئۈچۈن ئالاھىدە تۈزۈم ئورنىتىلغان. كېسەل يوقلاشقا كەلگەنلەر ئالدى بىلەن مەخسۇس ھازىرلانغان ئۆيدە كۈتىدۇ، رۇخسەت بولغاندا ئاندىن خالات كىيىپ، سېستىرانىڭ باشلىشى بىلەن بىمارنىڭ قېشىغا كىرىدۇ. بىمار ياتقان كارىۋاتقا ئولتۇرۇشقا، قول تۇتۇشۇپ كۆرۈشۈشكە، ئۇزۇقلىنىشقا بولمايدۇ. بەلگىلەنگەن ۋاقىت توشقاندا دەرھال قايتىشى تەلەپ قىلىنىدۇ، بىمار يوقلاش ۋاقتى بەش مىنۇتتىن ئاشمايدۇ. يۇقۇملۇق كېسەللەر قېشىغا كىرىشكە قەتئىي رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

ئاھالە قويۇق ئولتۇراقلاشقان شەھەرلەردە ئىشلارنىڭ تەرتىپلىك بېجىرىلىشى ئۈچۈن ئۆچىرەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بولۇپ ھەرقانداق ئادەمنىڭ قەتئىي رىئايە قىلىشى تەلەپ قىلىنغان، پەقەت ھامىلدار ئاياللارغا، ياشانغانلارغا ۋە مەجرۇھلارغا ئېتىبار بېرىلىدۇ. مەيلى قانداق نوپۇزلۇق ياكى ھوقۇقلۇق كىشى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، چوقۇم ئۆچىرەت تەرتىپى بويىچە ماڭىدۇ، بۇ ئادەت ھەممە پۇقراغا سىڭىشىپ كېتىپتۇ.

1937 - يىلى 7 - ئايدا بىز ئوقۇش پۈتتۈردۇق، مەكتەپ بىزلەرگە دىپلوم تارقاتتى. ئارىمىزدا ئىمتىھان نەتىجىسى ياخشى ۋە ئوتتۇراھال بولغانلارنىڭ سالمىقى كۆپرەك بولدى. ئەلاچى ۋە ناچارلار ئازىراق بولدى. مەكتەپ بىز ئۈچۈن كاتتا ئۇزىتىش زىياپىتى بەردى، زىياپەتتە مەكتەپ رەھبەرلىرى، ئوقۇتقۇچىلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر قاتناشتى. مەكتەپتىن ئايرىلىپ ۋوگزالغا بارغاندا، بىز ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ قان - تەرىنى سىڭدۈرگەن ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچىلەر بىلەن ئۇزاققىچە قۇچاقلىشىپ خوشلاشتۇق. فاكۇلتېت مۇدىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلار ۋەكىلى بىزنى بەختى چېگرىسىغىچە ئۇزىتىپ كەلدى. بەختى چېگرىسىدا چۆچەك شەھەرلىرىنى پەرق قىلىشقا بولاتتى، ۋەتەن تۇپرىقى كۆزىمىزگە ئالتۇندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. چېگرا رەسمـ



يىتى تاماملانغاندىن كېيىن شۇ كۈنى چۆچەككە كىردۇق. بىزنى يەرلىك خەلقلەر ۋە مۇناسىۋەتلىك ئىدارە - جەمئىيەتلەرنىڭ خادىملىرى قىزغىن قارشى ئالدى. چۆچەك شەھرىدە تۆت - بەش كۈندەك تۇردۇق. ئاندىن يەرلىك ھۆكۈمەت بىزنى ھارۋا بىلەن ئۈرۈمچىگە يولغا سالدى. ئۈرۈمچىگە ئامان - ئېسەن يېتىۋالدۇق. بىرنەچچە كۈن دەم ئالغاندىن كېيىن مائارىپ نازارىتى بىزنى بىر يەرگە يىغىپ بىر مەزگىل ئۆگىنىش قىلىدىغانلىقىمىزنى ئۇقتۇردى. شېڭ شىسەي، غوجانىياز ھاجى ۋە مائارىپ نازارىتىنىڭ مەسئۇللىرى بىزنى قوبۇل قىلىپ شىنجاڭنىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتى توغرىسىدا قايتا - قايتا چۈشەندۈرۈشلەرنى قىلدى. سىياسىي ئۆگىنىش تاماملانغاندىن كېيىن ھەرقايسى جايلارغا تەقسىم قىلىندۇق. مەن، تۇرغان غوجامبايوۋ، مەھەممەت يۈسۈپ جالالىدىنوۋ (قەشقەرلىك) ئۈچىمىز قەشقەرگە تەقسىم قىلىندۇق. مەھەممەت يۈسۈپ قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىغا، تۇرغان قىرغىز ئۇيۇشمىسىغا، مەن قەشقەر ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىگە ئورۇنلاشتۇق. خىزمىتىمىز شۇنداق تەقسىم قىلىنغان بولسىمۇ، بىز يەنىلا ئوقۇتقۇچىلىق قىلدۇق. چۈنكى شۇ ۋاقىتتا قەشقەردە يېڭىدىن قۇرۇلغان ۋە قۇرۇلۇۋاتقان مەكتەپلەر كۆپ بولۇپ، ئوقۇتقۇچى يېتىشمەيتتى. مەن قىرغىز ئوقۇغۇچىلىرىغا قىرغىز تىلى گرامماتىكىسىنى قوشۇمچە ئۆتكەندىن باشقا، يەنە باشقا پەنلەردىنمۇ دەرس ئۆتتۈم.

1946 - يىلى 11 بىتىم مۇناسىۋىتى بىلەن مەن سايلامدا ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا سايلىنىپ، بىتىم بۇزۇلۇشى بىلەن گومىنداڭ تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ ئىككى يىل تۈرمىدە ياتتىم. بوشانغاندىن كېيىن يەنىلا قىرغىز ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدا خىزمەت قىلدىم. ئازادلىقتىن كېيىنكى خىزمىتىمۇ ئاساسەن مائارىپ ساھەسىدە بولدى.

# موللا ئىسلام ئىسمائىلوۋ

ئابدۇكېرىم مەخمۇتوۋ

موللا ئىسلام (شاكۈزۈك) ئىسمائىلوۋ 1890 - يىلى ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ بۇيامەت كەنتىدىكى ھاللىق دېھقان ئىسمائىل ھاجى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. كىچىك ۋاقتىدا دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان. 1902 - يېڭىچە پەننىي مەكتەپتە ئوقۇغان. دادىسى ئىسمائىل ھاجى ئوغلىنىڭ زېرەكلىكىگە قاراپ ئۇنى سودا ئىشلىرىغا سالغان. ئۇ دادىسى ئىسمائىل ھاجى بىلەن ئاتۇش بىلەن ئۈچتۇرپان ئارىلىقىدا تىجارەت قىلىدۇ. كېيىن ئۆز ئالدىغا سودا سېتىق قىلىپ، ئاقسۇ، كۇچا ۋە قارا شەھەر ئارىلىقىدا بىر مەزگىل يۈرگەندىن كېيىن ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ. ئۇنىڭ سودا ئىشلىرىدىكى ئىقتىدارى ئۇزۇن ئۆتمەي ئۈرۈمچىدىكى سودىگەرلەر ئىچىدە ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىشقا باشلايدۇ ۋە ئۇنى «شاكۈزۈك» (سودا جەمئىيىتىنىڭ مۇپەتتىشى) قىلىپ سايلايدۇ. شاكۈزۈك دېگەن نام شۇ چاغدىن باشلاپ ئۇنىڭغا سىڭىپ قالغانىدى.

موللا ئىسلام سودا - تىجارەت دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز تىرىشىدۇ. ئۇ يالغۇز شىنجاڭدا سودا - تىجارەت قىلىپلا قالماستىن يەنە چۆچەك ئارقىلىق شەمەيگە، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ چوڭ شەھەرلىرىگە ھەتتا ياۋروپاغىچە بېرىپ تىجارەت قىلىدۇ.

1924 — 1925 - يىللىرى موسكۋا ئەتراپىدا كاتتا سودا يەرمەنكىسى ئېچىلىدۇ، بۇ ۋاقىتتا شىنجاڭدىن بىر قىسىم تىجارەتچىلەر يەرمەنكىگە چۆچەك، ئىلى، ئالتاي قاتارلىق جايلاردىن



چارۋا ھەم چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئاپىرىپ ساتىدۇ. شۇلار قاتارىدا موللا ئىسلاممۇ بار ئىدى. يەرمەنكە ئاخىرلاشقاندا، ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ئۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى تاتار مىللىتىدىن بولغان ئاتاقلىق ئۆلىما مۇسا جارۇللا دېگەن كىشىگە سوۋغا تەقدىم قىلىشقا لېنىنگرادقا ئەۋەتىدۇ.

موللا ئىسلام لېنىنگرادقا يېتىپ بېرىپ، دىنىي ئالىم مۇسا جارۇللا بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ سوۋغا سالاملىرىنى يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭ دۇئا ۋە رەھمەتلىرىگە نائىل بولىدۇ. ۋەتەنگە قايتىش سەپىرىدە بولغارىيە، رومىنىيە، تۈركىيە، گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە تىجارەت ۋە زىيارەت بىلەن ئىككى يىلنى ئۆتكۈزىدۇ. 1927 - يىلى شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ، جىمىسنەي ناھىيىسىگە ئورۇنلىشىپ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

موللا ئىسلام سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى مەزگىللەردە، بولۇپمۇ 1929 - يىلدىن 1933 - يىللىرىغىچە سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى قازاقلاردىن نۇرغۇنلىرى شىنجاڭغا كېلىشكە باشلايدۇ. 1933 - يىلغا كەلگەندە، جىمىسنەيگە كەلگەن قازاقلار كۆپىيىپ خېلى ساننى تەشكىل قىلىدۇ. جىمىسنەي بازىرىدىكى ئۇيغۇرلار قازاق قېرىنداشلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، ئۇلارغا خەيرىخاھلىق قىلىدۇ. ئۇ چاغدا جىمىسنەي بازىرىدا ئولتۇراقلاشقان قازاق ئاھالىسى تېخى يوق ئىدى، كۆچمەن قازاقلارنىڭ بىر قىسمى قىردامال باقسا، ئاز بىر قىسمى ئۇيغۇر بايلىرىنىڭ قولىدا دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئالتايغا ئۆتكەن قازاق قېرىنداشلارنىڭ سانى كۆپ بولغانلىقتىن، ئۆلۈم - يېتىم، ئاغرىق - سىلاق كۆپىيىشكە باشلايدۇ. موللا ئىسلام ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا غەمخورلۇق قىلغاندىن سىرت ئۆلگۈچىلەرنى دەپنە قىلىشقا 400 دىن ئارتۇق ماتا ياردەم قىلىدۇ ھەمدە موللا ئىسلام ئۆزى باشلامچى بولۇپ جىمىسنەي بازىرىدىكى ئۇيغۇرلارنى ئىئانە توپلاشقا سەپەرۋەر قىلىدۇ، شۇ-

نىڭدەك تەشكىللىك تۈردە قۇتقۇزۇش ئىشىنى باشلايدۇ. شۇنداق قىلىپ 270 ياغاچ بۇغداي (بىر ياغاچ قىرىق جىڭ)، 37 ئۆكۈز، 50 قوي قاتارلىق نەرسىلەرنى توپلاپ، قازاق قېرىنداشلارغا ياردەم قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇنلىغان قازاق قېرىنداشلار ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ.

يۇقىرىقى ئەھۋاللارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن قازاق خەلقى، قاۋۇل تەيجى، رامزان زالىك، ئالتۇنبېك، قوزىباق قاتارلىق مۆتىۋار زاتلارنى ئۆزلىرىگە ۋەكىل قىلىپ بازارغا كىرگۈزۈپ، جېمىنەيدىكى موللا ئىسلام باشلىق ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىغا رەھمەت تەشەككۇر بايان قىلىپ: ئۇيغۇر قېرىنداشلار قازاق قېرىنداشلىرىمىزنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇردى، ئۆلۈپ كەتكەنلەرنى دىنىي قائىدىمىز بويىچە دەپنە قىلىپ بەردىڭلار، سىلەرنىڭ بۇ ياخشىلىقىڭلارنى بىز قازاق خەلقلىرى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمىز، بىز ئۇيغۇر خەلقلىرى بىلەن دوستلۇق، ئىتتىپاقلىقتا مەڭگۈ بىرگە ئۆتىمىز» دېگەندەك يۈرەك سۆزلىرىنى قىلغاندا، موللا ئىسلام: «بىز قازاق خەلقلىرى بىلەن قېرىنداشلارچە دوستلۇقىمىزنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، سىلەرگە بولغان ياردەملىرىمىزنى ئايىمايمىز» دەيدۇ ۋە ئۇلارنى قوي سويۇپ مېھمان قىلىپ قايتۇرىدۇ.

1937 - يىلى جېمىنەي ناھىيىسىدە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغاندا، موللا ئىسلام بۇ ئۇيۇشمىغا رەئىس بولۇپ سايلىنىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ خەلقنىڭ ئاقارتىش ئىشلىرى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەيدۇ، يەنە نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئاستى-ئۈستى تاختايلىق، ئىككى سىنىپلىق ئۇيغۇر مەكتىپىدىن بىرنى بىنا قىلىپ، ياش ئەۋلادلارنىڭ بىلىم ئېلىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ، شۇنىڭدەك ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش، يېڭى مەدەنىيەتكە يۈرۈش قىلىش مەقسەت قىلىنغان سانايىنەپىسە ئۆمىكى تەشكىللەپ، مىللىي ئۇسلۇپتىكى ئويۇنلارنى ۋە يېڭىلىقنى تەشۋىق قىلىدىغان نومۇرلارنى كۆرسىتىپ، خەلقنىڭ يېڭىلىققا ئىنت-



تىلىش روھىغا ئىلھام بەرگەن. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ زاكات-ئۆشرىگە ئوخشاش كىرىملىرىنىڭ مەلۇم پىرسەنتىنى ئاجرىتىپ، نامرات ياكى يېتىم ئۆسمۈرلەرنى ئوقۇش ماتېرىياللىرى، ھەتتا قىشلىق ھەم يازلىق كىيىم-كېچەكلەر بىلەن تەمىنلىگەنىدى.

1942 - يىللىرى مۇستەبىت شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈپ، شىنجاڭنىڭ سوۋېت بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتىنى ئۈزگەنلىكتىن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرىدىغان خەلق تۇرمۇشىغا كېرەكلىك ماللار قامال قىلىنىدۇ ۋە بازار جىددىيلىشىپ كېتىدۇ، سەرەڭگە ئورنىغا چاقماق، كىرسىن ئورنىغا قارا چىراغقا قالغان خەلق ئاممىسى تۈرلۈك ئالۋاڭ-ياساق، ئېغىر باج-سېلىق زۇلمىدىن باش كۆتۈرەلمەس ھالەتكە كېلىپ قالىدۇ، تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەر تەقىپ ئاستىغا ئېلىنىدۇ. بۇ خەۋپ موللا ئىسلامغىمۇ يېتىپ كېلىدۇ ۋە ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

موللا ئىسلام سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، جېمىنەي چېگرىسىدا داۋاملىق سودىگەرچىلىك قىلىدۇ. جېمىنەي خەلقى ئېلىپ بارغان قوي، كالا، ئات، تېرە، ئۆچكە، بۇغداي، قوناق، ئارپا، تېرىق قاتارلىق ماللارنى سېتىۋېلىپ، ئۇلارغا تۇرمۇشقا كېرەكلىك ماددىي ئەشيالارنى سېتىپ بېرىپ، خەلقنى تەمىنلەپ تۇرىدۇ. شۇ يىلى 8 - ئاينىڭ باشلىرىدا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى جېمىنەي خەلقىنى تالان - تاراج قىلىپ، خەلقنىڭ بېشىغا بالايى - ئاپەت ياغدۇرىدۇ. زۇلۇمغا چىدىمىغان خەلق ئاممىسى مال - مۈلكىنى تاشلاپ، چېگرىدىن ئۆتۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كېتىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان موللا ئىسلام يېمەك - ئىچمەكتىن قىينالغان قېرىنداشلىرىغا ياردەم قولىنى سۇنىدۇ (سېغىن كالا، بۇغداي، ئۇن، قوي قاتارلىق نەرسىلەرنى بېرىدۇ). قازاقلار جېمىنەيدىكى ساۋىر يايلىقىدىن سوۋېت يېرىگە قاچقاندا، بۇ يايلاقتا تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان موڭغۇل خەلقلىر-

مۇ ئۇلار بىلەن بىللە قېچىپ، چېگرىدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ.

ئەينى زاماندا، گومىنداڭنىڭ ھەربىي قىسىملىرى ئىچىدىمۇ مىللىي كەمسىتىش ئېغىر بولغاچقا، مىللىي ئەسكەرلەرنىڭ زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش ئەھۋاللىرى پات-پات كۆرۈلۈپ تۇراتتى. 1943 - يىلى 6 - ئايدا گومىنداڭنىڭ قوبۇقساردا تۇرۇۋاتقان موڭغۇل پولكىدىن زۇڭغىراۋ ئىسىملىك موڭغۇل لىيەنجاڭ قوبۇقساردىن بۇلتوقايغا كېتىۋاتقاندا ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئۆز لىيەنىدىكى ئەسكەرلەرنى باشلاپ، چىڭگىل تەرەپكە قاراپ مېڭىپ ساۋۇر يايلاۋىسىغا كېلىدۇ. شۇ يىلى 8 - ئاينىڭ باشلىرىدا، يايلاۋدىكى خەلق بىلەن بىللە زۇڭغىراۋمۇ ئائىلىسىنى ئېلىپ سوۋېتكە چىقىدۇ. خەلق ئۇنى زۇڭغىراۋ باتۇر دەپ ئاتايدۇ. ئۇ گومىنداڭ قوشۇنىدىن قاچقاندا ئېلىپ كەلگەن 60 دانە مىلتىق ۋە بىر مۇنچە ئوق - دورىنى، موللائىسلام ئۇنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن بىر تەرەپ قىلىپ، كېيىنكى پارتىزانلىق ئۇرۇشىنىڭ قورال ئاساسىي قىلىدۇ.

موللا ئىسلام سوۋېت يېرىگە ئۆتكەندىن كېيىن، ھەمسۆھبەتلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئازادلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن «ئازادلىق ئۇيۇشمىسى» دېگەن نام بىلەن رەھبەرلىك ئورگىنىنى تەشكىل قىلىدۇ. «ئازادلىق ئۇيۇشمىسى» ئۆز ۋەزىپىسىنى مۇنداق بەلگىلەپ چىقىدۇ: بىرىنچى قەدەمدە، خەلقنى ئويغىتىش، قوزغاش ئۈچۈن تەشۋىقى تەربىيە خىزمىتىنى ئىشلەش، مۇناسىۋەتلىك جايلارغا تەشۋىق ۋەرىقىسى تارقىتىش؛ ئىككىنچى قەدەمدە، سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشىر قىلىنىۋاتقان ئۇيغۇر ۋە قازاق تىللىرىدا چىقىدىغان «شەرق ھەقىقىتى»، «قازاق ئېلى» ناملىق ژۇرناللارنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈپ، قوراللىق دۈشمەنگە قورال بىلەن قارشى تۇرۇش تەشۋىقاتىنى جانلاندۇرۇش؛ ئۈچىنچى قەدەمدە، پارتىزان قوشۇنى تەشكىللەپ، دۈشمەنگە قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇرۇش.

ئازادلىق ئۇيۇشمىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە 1943 -



يىلى 9 -، 10 - ئايلاردا موللا ئىسلام جىمىنەي بازىرىغا 15-20 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى سار ئۆلەڭ دېگەن قىشلاقتا 17 نەپەر ئۇيغۇر يىگىتنى تەشكىللەپ، تۇنجى پارتىزانلىق ئەترىتىنى بەرپا قىلىدۇ. خوجا ئەخمەت سېلىمبايوۋ پارتىزانلار باشلىقى بولىدۇ. ئۇلار زۇڭغىراۋدىن سېتىۋالغان قوراللار بىلەن قوراللىنىدۇ. ئازادلىق ئۇيۇشما يەنە قازاق خەلقىنىڭ مۆتىۋەرلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، قازاق خەلقىدىنمۇ پارتىزان ئەترىدى ئۇيۇشتۇرۇشنى تەكلىپ قىلىدۇ.

موللا ئىسمائىلوۋ جىمىنەيدىكى ساۋۇر تېغىدا تەشكىل قىلغان پارتىزانلار ئەترىتىگە «مەركىزىي ئازادلىق ئۇيۇشما جىمىنەي ئۇيغۇر پارتىزانلار ئەترىدى» دەپ نام بېرىدۇ.

جىمىنەي ئۇيغۇر پارتىزانلار قوشۇنى بارغانسېرى زورىيىپ، خەلق ئىچىدە ۋە گومىنداڭ قىسىملىرى ئىچىدىكى مىللىي ئەسكەرلەر ئارىسىدا كۈچلۈك ئىنكاس پەيدا قىلدى. نەتىجىدە گومىنداڭ قوشۇنى ئىچىدىكى ئۇيغۇر كوماندىر - جەڭچىلەر قوراللىق قېچىپ چىقىپ جىمىنەي ئۇيغۇر پارتىزان قوشۇنىغا قېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن قوشۇن زورىيىپ، قوراللار تېخىمۇ خىللاندى. پىرلى گىلەن، مۇقۇر مەيرىم، پىرجە دېگەن كىشىلەرنىڭ باشچىلىقىدا 35 نەپەر موڭغۇل ياش پارتىزانلار سېپىگە قوشۇلدى (بۇلار 1943 - يىلى سوۋېت يېرىگە قېچىپ بارغان يەرلىك موڭغۇللار ئىدى). 1944 - يىلى چۆچەكنىڭ قىزىلپەيىت دېگەن يېرىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئاق ئورۇسلاردىن رەئۇپ باشلىق 90 نەپەر رۇس سوۋېت يېرىگە ئۆتۈپ، جىمىنەي ئۇيغۇر پارتىزانلار ئەترىتىگە قوشۇلىدۇ. موللا ئىسلام ئۇلارنى كىيىم - كېچەك ۋە باشقا نەرسىلەر بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنى ئۇيغۇر پارتىزان قوشۇنىنىڭ بىر ئەترىدى قىلىپ تەشكىللەيدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي قازاق قېرىنداشلارمۇ تايماندىن بىر پارتىزان ئەترىتىنى تەشكىللەپ، ئۇيغۇر پارتىزان قوشۇنىغا قوشۇلىدۇ. رەئۇپ باشچى-

لىقىدىكى رۇسلار ئەترىتى ئۇلار بىلەن بىر مەزگىل ھەمكارلاشقاندىن كېيىن چۆچەككە قايتىشنى ۋە شۇ جايدا گومىنداڭغا قارشى ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. موللا ئىسمائىلوۋ ئۇلارنىڭ پىكرىگە قوشۇلىدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ چۆچەكتە ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشىغا مەدەت بېرىپ، ئات، كىيىم - كېچەك، ئوزۇق تۈلۈك، قورال - ياراق، ئوق - دورا ۋە يول خىراجىتى بېرىپ، چۆچەككە يولغا سېلىپ قويىدۇ. رۇسلار چۆچەككە قايتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي گومىنداڭغا قارشى قوراللىق ھەرىكەت باشلايدۇ.

موللا ئىسلام ئۆزى تەشكىللىگەن پارتىزانلار قوشۇنىنى مەخسۇس بازىدا تۇرغۇزۇپ، مۇنتىزىم ئارمىيىنىڭ قائىدە - تۈزۈملىرى بويىچە باشقۇرىدۇ. پارتىزانلارنىڭ ئائىلىسىدە جىددىي قىيىنچىلىق بولۇپ قالسا ياردەم قىلىدۇ. جىمىنەيدىكى ئۇيغۇر پارتىزانلار گومىنداڭنىڭ جىمىنەي رايونىنى بېسىپ ياتقان ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق قوراللىق قىسمىغا قارىتا بىخوتلاشتۇرۇش ۋە پارچىلاپ يوقىتىش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، دۈشمەن قوشۇنلىرىنى قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن جىمىنەي ئۈزۈل-كېسىل ئازاد بولىدۇ.

جىمىنەينى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىدا موللا ئىسلام تۆۋەندىكىدەك خىزمەتلەرنى ئىشلەيدۇ:

1. ئۈرۈمچى - ئالتاي تاشيولى بويلىرىغا داۋاملىق پارتىزان ئەۋەتىپ، دۈشمەن قوشۇنىغا پاراكەندىچىلىك سالغۇزۇپ، ئۇلارنىڭ ئارقا سەپ تەمىناتىنى بىرقانچە قېتىم ئۈزۈپ تاشلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن خېلى كۆپ ماددىي ئەشيالار بىلەن ھەربىي بۇيۇملار غەنىيمەت ئېلىنىدۇ.

2. دۈشمەن ئارمىيىسى ئىچىگە تۈرلۈك ئاماللار بىلەن تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى كىرگۈزۈپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەت كوماندىر - جەڭچىلىرىنى ئىسيان كۆتۈرۈپ، پارتىـ



زانلارغا قوشۇلۇشقا چاقىرىدۇ. نەتىجىدە قوبۇقسار، بورۇلتوقاي، بۆرچىن، قابا قاتارلىق جايلاردىكى گومىنداڭغا مەجبۇرىي خىزمەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەت ئەسكەرلىرى ئويغىنىشقا، ئىسيان كۆتۈرۈپ پارتىزانلار تەرەپكە ئۆتۈشكە باشلايدۇ.

1945 - يىلى 5 - ئايدا، بورۇلتوقايدا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ قوشۇنى 7 - پولكىدىن تۇرپانلىق مۆمىن لۇتپۇللا 53 نەپەر ئۇيغۇر ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ 56 مىلتىق، 10600 تال ئوق، ئىككى دانە يېنىك پىلىموت، 280 گرانات، بىر دانە دۇربۇن، بىر دانە ھەربىي كاناي قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن موللا ئىسلام ئەترىتىگە قوشۇلىدۇ، بورتالالىق موڭغۇل ئەسكەر بوتىخان بۆرچىندا ئىككى ئات، بىر مىلتىق، بىر تاپانچا، بىر دۇربۇن بىلەن كېلىپ جىمىنەي پارتىزانلىرىغا قوشۇلىدۇ. گومىنداڭ قوشۇنىدىن مۇنداق بىرلەپ - ئونلاپ قېچىپ كېلىپ قوشۇلىدىغان يىگىتلەر داۋاملىق چىقىپ تۇرىدۇ. يەنە ئالتايدىكى ئالتۇن كانىدا ئىشلەۋاتقان يىتىمچىلەردىن كېلىپ پارتىزان قوشۇنىغا قوشۇلغانلار خېلى سانىنى تەشكىل قىلىدۇ.

1945 - يىلى 3 - ئايدا جىمىنەي ئازاد بولغاندا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ جىمىنەي يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىدە ئېلىپ كېتىشكە ئۈلگۈرەلمەي قېپقالغان 700 توننا قوي يۇڭى، 20 توننا ئاق قەغەز قاتارلىق نەرسىلەرنى پارتىزانلار غەنىيمەت ئالىدۇ ۋە بۇلارنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە 150 توننا بۇغداي، 100 توننا تېرىق، 30 توننا شېكەر ۋە باشقا ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىپ، جىمىنەي پارتىزانلىرىنى تەمىنلەيدۇ.

1945 - يىلى 6 - ئايدا، جىمىنەي پارتىزانلار قوشۇنى قوبۇقسارغا يۈرۈش قىلىپ، لاۋرىنكۆرە دېگەن جايغا بارغاندا، گومىنداڭ ئارمىيىسى نازارىتى ئاستىدا يايلاقتا كېتەلمەي تۇرغان 200 ئائىلىلىك موڭغۇل قېرىنداشنى ئازاد قىلىپ، ئۇلارنى

يايلاۋغا يولغا سالىدۇ، تۇرمۇشتا قىينالغانلارغا چىمەنىيەدىن 50 ياغاچ بۇغداي ۋە تىرىق كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى يېنىكلىتىدۇ. يايلاۋغا چىققان لاۋرىنسكۆرە خەلقى 50 نەپەر موڭغۇل يىگىتىنى تەشكىللەپ پارتىزانلار قوشۇنىغا تاپشۇرىدۇ.

1944 - يىلى موللا ئىسلام ئىسمائىلوۋ چۆچەك شەھىرىدە تۇرۇۋاتقان ئىنىسى قاسىم ئاخۇن ئىسمائىلوۋغا خەت يېزىپ، چۆچەكتە گومىنداڭغا قارشى ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشنى تاپشۇرىدۇ ۋە مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىدۇ (قاسىم ئاخۇن ئىسمائىلوۋ 1945 - يىلىدىن باشلاپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە چۆچەكتە مۇئاۋىن ۋالىي بولغان. ئازادلىقتىن كېيىن 1955- يىللىرى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان. 1960 - يىلى بەختكە قارشى راك كېسىلى بىلەن ۋاپات بولغان). قاسىم ئاخۇن ئاكىسىنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن چۆچەكتىكى كۆڭلى يېقىن ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەر بىلەن سۆزلىشىدۇ. نەتىجىدە ئابلىمىت ھاجىيوۋ قاتارلىق تەرەققىيپەرۋەر زىيالىلار بىلەن بىرلىشىپ گومىنداڭغا قارشى يەر ئاستى تەشكىلات قۇرىدۇ. مەخپىي تەشۋىقات خىزمىتىنى قانات يايدۇرىدۇ ۋە ئاخبارات توپلايدۇ. گومىنداڭ دائىرىلىرى قاسىم ئاخۇندىن گۇمانلىنىپ، ئۇنىڭ ئارقىسىغا ئادەم سېلىپ قويغاندا، قاسىم ئاخۇن ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ، چېگرىغا بېرىپ تۇرۇۋالىدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك دوستى ئىسمائىل ئىبراھىم دېگەن كىشىنى چۆچەك شەھرىگە يوشۇرۇنچە ئەۋەتىپ، مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر بىلەن ئالاقىلاشتۇرۇپ، ئاخبارات ئىگىلەيدۇ. كېيىنرەك ئابلىمىت ھاجىيوۋ، راخمانوۋ، ئارىپ نەسىبى، ئۆمەر ئاخۇن، مەمتىلى ئەمەت، موللاخۇن دېگەن كىشىلەر بىر - بىرلەپ قاسىم ئاخۇن تۇرۇۋاتقان جايغا بارىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قاسىم ئاخۇن باشچىلىقىدىكى گومىنداڭغا قارشى يەر ئاستى ئىنقىلابى پائالىيەت جانلىنىشقا باشلايدۇ ۋە تەـ



رىي كۈچلۈك ئىنقىلاب ئۇچقۇنغا ئايلىنىپ، چۆچەك شەھىرىدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى دائىرىلىرىنى ئالدىراتىپ قويىدۇ، خەلق ئاممىسىنى، ياشلارنى ھاياجانلاندۇرىدۇ. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسى دۆربىلجىندىن يېتىپ كېلىپ، چۆچەكتىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئىككى تەرەپتىن قاتتىق بېسىـ ئۇچرىغانلىقتىن، ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق ئادەم پاناھ تىلەپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇ تارباغاتايدىكى گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ تەسلىم بولغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. دېمەك، 1945 - يىلى 8 - ئاينىڭ باشلىرى چۆچەك گومىنداڭ ئاسارىتىدىن تىنچلىق بىلەن ئازاد بولىدۇ. ئىنقىلابىي يەرلىك ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىنىپ، مەنسۇر ئەپەندى ۋالىي، موللا ئىسلام ئىسمائىلوۋنىڭ ئىنىسى قاسىم ئاخۇن ئىسمائىلوۋ مۇئاۋىن ۋالىي، ئابلىمىت ھاجىيوۋ ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىپى، ۋىلايەتلىك ئىنقىلاۋىي ياشلار تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى، ئابلىز راخمانوۋ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، ئارىپ نەسىبى ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، ئىسمائىل ئىبراھىم مۇئاۋىن باشلىق، ئۆمەر ئاخۇن ناھىيىنىڭ ھاكىمى بولۇپ تەيىنلىنىدۇ.

1945 - يىلى 5 - ئاينىڭ ئاخىرى، موللا ئىسلام ئىسمائىلوۋ باشچىلىقىدىكى پارتىزانلار قوشۇنى بۇرچىننىڭ كېچە بېشىدا گومىنداڭنىڭ بۇرولتوقايدىكى 7 - تۇەنىنىڭ تۇەنجاڭى ليۇ خۇاڭتاۋنىڭ ئالتايغا باشلاپ كېلىۋاتقان قىسمىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، 100 تۆگىگە ئارتىلغان ھەربىي قورال - ياراقنى قولغا چۈشۈرىدۇ، 28 تۇياق ھەربىي ئات ئولجا ئالىدۇ. نەق مەيداندا 37 دۈشمەننى ئۆلتۈرۈپ، بىر قانچە ئەسكىرىنى ئەسىرگە ئالىدۇ. 1945 - يىل 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى قوبۇقسارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇ يەردىكى موڭغۇل قېرىنداشلارنىڭ تەلىپى بويىچە قوشتولغايغا بېسىپ كىرگەندە (ئەينى ۋاقىتتا بۇ جايدا قوبۇقسار ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئورگىنى بار ئىدى)، گومىنداڭ ئەمەلدارـ

لىرىنىڭ بىر قىسمى ئۇرخو ئارقىلىق ساۋەنگە قاچىدۇ، يەنە بىر
قىسمى قوبۇقسار ۋاڭ ئوردىسىدىكى گومىنداڭ ھەربىي قىسىملىرى-
نىڭ ئىچىگە سوقۇنۇپ كىرىۋالىدۇ. پارتىزان قىسىملىرى 8 -
ئاينىڭ 10 - كۈنلىرى قوبۇقسارغا يېتىپ كېلىپ گومىنداڭ
تەرىپىدىن قامال قىلىنىپ تۇرغان ھەتەنكۆرە، خوتۇنسۇمبۇل،
تەپكا قاتارلىق جايلاردا تۇرۇشلۇق موڭغۇل چارۋىچىلار بىلەن
مۇناسىۋەت باغلاپ، تەخمىنەن 700 ئائىلىلىك موڭغۇل قېرىندا-
شىنى قامالدىن قۇتۇلدۇرۇپ، چارۋىلىرى بىلەن قوشۇپ ياي-
لاققا چىقىرىپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە قوبۇق-
سار بازىرىغا سىرتتىن قورشاپ ھۇجۇم قىلىشنىڭ تەييارلىقىنى
قىلىدۇ. چۆچەكتىن كېلىدىغان مۇنتىزىم مىللىي ئارمىيە قىسىملى-
رىنىڭ يولىنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن سىمىزتاي نامىلىق تاغ
ئارىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم
ئىستىھكاملىرىنى ھۇجۇم بىلەن ئېلىپ، مىللىي ئارمىيە ئۈچۈن
يول ئاچىدۇ. 1945 - يىل 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى مىللىي
ئارمىيىنىڭ ئاتلىق 2 - بىرىگادىسى تويبۇتىقا يېتىپ كېلىدۇ،
مىللىي ئارمىيە بىلەن پارتىزانلار قوشۇنى بىرلىشىپ جەڭ قىلىپ،
18 - كۈنى قوبۇقسارنى ئازاد قىلىدۇ. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا
پارتىزانلار بىلەن مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى كۆپ چىقىم تار-
تىدۇ. مىللىي ئارمىيىنىڭ قەھرىمان جەڭچىسى پالتىيوۋ پەيجاڭ
36 نەپەر ئەسكەر بىلەن قانلىق جەڭدە قۇربان بولىدۇ.
1945 - يىلى 8 - ئاينىڭ باشلىرىدا، پارتىزان ئەترىتىنىڭ
قوماندانى خوجەخمەت سىلىمبايوۋ بىر قىسىم پارتىزاننى باشلاپ،
چۆچەك تەرەپكە بېرىپ دۆربىلجىننىڭ قىرىقئوچاق رايونىدىكى
گومىنداڭنىڭ ئاتلىق 8 - تۈەنىگە ھۇجۇم قىلىپ، بىر نەچچە
كۈن جەڭ قىلىش ئارقىلىق گومىنداڭچىلارنى يوقىتىپ، قىرىقئو-
چاق رايونىنى ئازاد قىلىدۇ. ئارقىدىنلا چۆچەك تەرەپكە يۈ-
رۈش قىلىپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ دۆربىلجىندە قورۇلغان ئاتلىق



4 - پولكىغا 250 نەپەر پارتىزان بىلەن كېلىپ قوشۇلىدۇ.

قوبۇقسار ئازاد بولغاندىن كېيىن، موللا ئىسلام ئىسمائىلوۋ
تەشكىللىگەن جىيەنەي پارتىزانلار قوشۇنى مىللىي ئارمىيىنىڭ
ئاتلىق 2 - بىرىگادىسىنىڭ بىر تۇتاش قوماندانلىقىدا بولۇپ،
بىرىگادا شتابىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن 8 - ئاينىڭ 21 -
كۈنى قوبۇقساردىن يولغا چىقىپ، بۇرچىن ناھىيىسىگە يېتىپ
بارىدۇ. بۇرچىننىڭ چەت ناھىيىلەر بىلەن بولغان قاتناش ئا-
لاقە يوللىرىنى ئۈزۈپ، تېلېفون سىملىرىنى كېسىپ تاشلايدۇ.
بورچىننىڭ چوڭقۇر رايونىدا تۇرۇۋاتقان كىرژاك رۇسلار (ئەي-
نى زاماندا گۇيخۇا تۈەن دەپ ئاتىلاتتى) نىڭ گومىنداڭ
قىسىملىرى ئۈچۈن ئېلىپ كېتىۋاتقان 35 ئۆكۈزگە ئارتىلغان
ئاشلىقىنى ئۆكۈزلىرى بىلەن قوشۇپ غەنىيمەت ئالىدۇ. بىر قانچە
مىنۇت داۋاملاشقان جەڭدە كىرژاكلاردىن بەش كىشى يارىدار
بولىدۇ، قالغانلىرى تاغقا قېچىپ كېتىدۇ. ئىككىنچى كۈنى، ئۆز
تەمىناتىدىن ئايرىلىپ، ئاچ قالغان گومىنداڭ قوشۇنى بۇرچىنن-
دىكى گومىنداڭ قوشۇنى ئىچىدىن تاللانغان ئىككى ليەن ئەس-
كىرىنى ئىشقا سېلىپ، پارتىزانلارغا قارشى دەھشەتلىك تۈردە
ھۇجۇم قوزغاپ، ئاشلىقلىرىنى قايتۇرۇۋالماقچى بولىدۇ. شۇ
كۈنى سائەت 11 دە باشلانغان ھۇجۇم كەچ سائەت 6 گىچە
داۋاملاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار پارتىزانلارنىڭ زەربىسىگە
چىداشلىق بېرەلمەي، ئاخىرى چېكىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئۇ-
زۇن ئۆتمەي مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى بۇرچىن ئەترابىغا بې-
سىپ كېلىپ، ئېرتىش دەرياسىدىن ئۆتمەستىن تۇرۇپ، بۇرچىن
ئەترابىنى قورشىۋالىدۇ ۋە شەھەرگە قارىتىپ زەمبىرەك ئوقى
ياغدۇرىدۇ. بۇنىڭدىن چۆچۈگەن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى قاتتىق
ساراسىمىگە چۈشۈپ، مەيلى پارتىزانلار بىلەن سوقۇشۇۋاتقان
قىسىملىرى بولسۇن ياكى شەھەر ئەترابىدىكى قىسىملىرى بول-
سۇن ھەممىسى شەھەرگە كىرىۋېلىشقا ئالدىرايدۇ. بۇ پۇرسەتنى

غەنىيمەت بىلگەن پارتىزانلار قاچاق دۈشمەنلەرنى قوغلاپ، ئۇلارنىڭ بازارغا يېقىن جايغا قۇرۇۋالغان ھەربىي ئىستىھكاملىرى ۋە ئىككى پوتېيىنى ئىگىلىۋالدى. بىرىنچى ئوت بازىسىنى ئىگىلىگەن پارتىزانلار پوتەيدىكى پىلىموتلاردىن پايدىلىنىپ، ئىككى پوتەيگە قارىتىپ ئوق ياغدۇردۇ ۋە ئۇنى تارتىۋالدى. شۇ ئەسنادا مىللىي ئارمىيە ئاتلىق 4 - پولكى شەرق شىمال تەرەپتىن بۆسۈپ ئۆتۈپ بۇرچىن ناھىيىسىنى قورشىۋالدى. قىساس ئىسكەنجىسىگە ئېلىنغان گومىنداڭ قوشۇنى ئاخىرى شەرتسىز ھالدا تەسلىم بولدى. بۇرچىن ئازاد بولدى (1945 - يىل 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى).

1945 - يىل 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ پولكوۋنىكى دېسكىنوۋ خىل پارتىزانلاردىن بىر ئەترەت تەشكىللەپ، قابا ناھىيىسىنى ئازاد قىلىشقا يۈرۈش قىلدى. موللا ئىسلامنىڭ بۇيرۇقى بويىچە جېمىنەي ناھىيىسىدە تۇرۇۋاتقان باتۇر پارتىزان باۋۇدۇن قادىراخۇن 35 نەپەر پارتىزاننى باشلاپ قۇم ئارقىلىق ئېرتىش دەرياسىدىن ئۆتۈپ قاباغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. قابا ناھىيىسىدە تۇرۇۋاتقان گومىنداڭ قىسىملىرى بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ قاتتىق پاراكەندىچىلىككە چۈشۈپ، قابا ناھىيىسىنى تاشلاپ ئالتاي تەرەپكە قاراپ قاچتى. شۇنىڭ بىلەن 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى قابا ناھىيىسىمۇ ئازاد بولدى. شۇندىن باشلاپ ئالتاي رايونى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى قوشۇنلىرىنىڭ توپلىنىش جايى بولۇپ قالدى. گەرچە ئالتايدىكى گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ مۇداپىئەسى مۇستەھكەم، قورال - ياراقلىرى خىل بولسىمۇ، لېكىن مىللىي ئارمىيە ۋە پارتىزان قوشۇنلىرىنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي قالدى. 1945 - يىل 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئالتاي ئازاد قىلىندى. ئالتايدىكى گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى چۆچەكتىكى گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۇسۇلىنى قوللـ



ىنىپ، ئالتاينىڭ شىمالىي تاغلىق رايونى بىلەن تويتوقۇش، ئۆزمىگەيتى ئارقىلىق تاشقى موڭغۇلىيىگە پاناھلىنىشقا ماڭغاندا، چېگرىدىكى تاغ ئارىسىدا ھەممىسى تىرىك قولغا چۈشتى.

ئالتاي ئازاد بولغاندىن كېيىن جېمىنەيدە تەشكىل قىلىنغان موللا ئىسمائىلوۋ باشچىلىقىدىكى پارتىزانلار قوشۇنى ئۆزلىرى بىلەن مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ جەڭ قىلغان 450 نەپەر قوراللىق ئاتلىق پارتىزان قازاق يىگىتنى دەلىلقان سوغۇربايوۋ پولكىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. موڭغۇل پارتىزانلارنى قوبۇقسارغا قايتۇردى. يۈز نەپەر ئۇيغۇر پارتىزاننى پارتىزان ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئابدۇكېرىم مەخمۇتوۋ (مەن) بىلەن مىللىي ئارمىيە ئاتلىق 2 - بىرىگادىسىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. شۇ تەرىقىدە موللا ئىسمائىلوۋنىڭ ئىنقىلابىي پارتىزانلىق ھاياتى ئاخىرلاشتى.

ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ۋەكىلى سەيپىدىن ئەزىزى باشلىق مۇھەممەتجان مەخسۇم، تېيىپ ھاجى قاتارلىق كىشىلەر چۆچەكتە مەمۇرىي ئورگانلارنى تەشكىللەش، كادىرلارنى خىزمەتكە بەلگىلەش ئىشلىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئالتايغا بارىدۇ. يول ئۈستىدە جېمىنەيگە چۈشۈپ بىرنەچچە كۈن تۇرىدۇ. شۇ ۋاقىتتا جېمىنەي ھاكىمى رامىزان زالىك ۋەكىللەرگە پۈتۈن خىزمەتلەردىن دوكلات قىلىپ، موللا ئىسلامنىڭ جېمىنەي ناھىيىسى 1945 - يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئازاد بولغانغا قەدەر نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلغانلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ مەدھىيىلىدى.

شۇ كۈنى كەچتە، ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى موللا ئىسمائىلوۋ بىلەن بىۋاستە سۆھبەتلىشىپ، ئۇنىڭ شىنجاڭ خەلقىنى ئازاد قىلىش يولىدا گومىنداڭغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى، ئۆز خىراجىتى بىلەن پارتىزانلارنى تەمىن ئېتىپ، ئالتاي ۋە تارباغاتاي قاتارلىق جايلارنى دۈشمەن قولىدىن ئازاد

قىلىش ئۈچۈن قوشقان ئۆچمەس تۆھپىلىرىنى تىلغا ئېلىپ ئالاھىدە ماختايدۇ ۋە ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇنى ئالتاينىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى قىلىپ بېكىتكەنلىكىنى جاكارلايدۇ. لېكىن بۇنى موللا ئىسلام قوبۇل قىلمايدۇ.

ئالتاي پۈتۈنلەي ئازاد بولغاندىن كېيىن، موللا ئىسلام گومىنداڭ تۈرمىسىدە تۇرۇۋاتقان بالا - چاقىسىنى قايتۇرۇپ چىقىپ، جېمىنەيگە قايتىش تەييارلىقىنى قىلىدۇ. مۇشۇ مەزگىلدە ئالتاي شەھىرىنىڭ ئاھالىسى 70% ئۇيغۇرلار ئىدى (تولتا، چىمىرچەك، ئاۋۇستاندىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا)، ئىسلام شاگىرتلىرىنىڭ كەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغاندا، ئۇلارنىڭ ئىسلام ئاكىدىن ئايرىلغۇسى كەلمەي، ئۇنىڭ ئالتايدا تۇرۇپ قېلىشىنى، ھېچ بولمىغاندا، ئالتاي ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىلىپ تۇرۇۋالىدۇ. سارسۇمبە خەلقىنىڭ ۋە يار - بۇرادەرلىرىنىڭ قاتتىق تەلىپى موللا ئىسلام ئاكىنى ئويغا سالىدۇ. بۇ مەزگىلدە سارسۇمبىدىكى ئۇيغۇر مۆتىۋەرلىرىدىن مۇنەۋۋەر باي، مامۇت ياقۇپباي باشلىق يۇرت كاتتىلىرىدىن 20 دىن ئارتۇق كىشى يىغىلىپ، ئالتايدا تۇرۇۋاتقان ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمەت ۋەكىللىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، سارسۇمبە خەلقىنىڭ ئارزۇسى بويىچە موللا ئىسلامنى ئالتاي ناھىيىسىگە ھاكىم قىلىپ تەيىنلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شەيپىدىن ئەزىزى، مۇھەممەتجان مەخسۇم، تېيىپ ھاجىلار موللا ئىسلامغا سارسۇمبە خەلقىنىڭ تەلىپىنى يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭ خەلقنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ۋاقىتلىق بولسىمۇ ناھىيىگە ھاكىم بولۇپ بېرىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن موللا ئىسلام ئىسمائىلوۋ ئالتاي ناھىيىسىگە ھاكىم بولۇپ بەلگىلىنىدۇ.

ئوسمان ئالتايغا ۋالىي بولغان مەزگىلدە، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئەسكەرلىرى كېچىدە خەلقنىڭ ئۆيلىرىنى ئاقتۇرۇپ، ئالتۇن -



كۈمۈش، قىممەتلىك مال - جابدۇقلىرىنى بۇلاپ كېتىدۇ. دېھقانلارنىڭ بازارغا ئېلىپ كىرگەن بۇغداي، سامان ۋە باشقا نەرسىلىرىنى ساتقىلى قويماي، بۇ نەرسىلەر باتۇرغا لازىم، دەپ ئۇلارنىڭ قولىغا قۇرۇق قەغەزدىن بىرنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ تارتىۋالىدۇ. كىمنىڭ سېمىز قويى، سۈتلۈك سىيىرى، ياخشى ئېتى بولسا باتۇرغا لازىم، دەپ ئېلىپ كېتىدۇ. بازار — رەستە ئارىلاپ، دۇكانلاردىكى ئېسىل گەزلىمە، يۇڭ - تىۋىت ماللارنى ئالا قويماي بۇلاپ كېتىدۇ. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ خەلققە سالغان ئاشكارا بۇلاڭچىلىقلىرى گومىنداڭنىڭكىدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدۇ. بۇنىڭدىن بىزار بولغان خەلق ھاكىم ئىدارىسىغا ئوسمان ئۈستىدىن ئەرز - شىكايەت قىلىشقا باشلايدۇ. موللا ئىسلام ئىسمائىلوۋ ھاكىم ئىدارىسىدىكى كادىرلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، قازاق مىللىتىدىن بولغان مۇئاۋىن ھاكىم كاكىم دىگەننىڭ پىكرى بويىچە ئوسماننىڭ يېنىدىكى مەسئۇل ئادەم قالقانباينى ناھىيىگە مېھمانغا چاقىرىدۇ. ئۇلار داستىخان ئۈستىدە ئولتۇرۇپ: «ناھىيىمىزدە ھازىر خەلقنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلاش ئىشلىرى بارغانسېرى كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ، بۇلاڭچىلار باتۇرنىڭ نامىنى بۇلغاۋاتىدۇ، ئەگەر باتۇرغا قانداق نەرسە كېرەك بولسا، بىزگە خەۋەر قىلىسىڭىز، بىز ھازىرلاپ بەرسەك، كېچىلىرى خەلقنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىپ نەرسە - كېرەك بۇلاش ئىشى توختىتىلسا؛ ئەگەر ئۇنداق ئىشلار سادىر بولۇۋېرىدىكەن، بىز خەلقنى رەنجىتىپ قويىمىز، بىزنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىدىن پەرقىمىز قالمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز بىلىملىك ئادەم، بۇنداق قىلغۇچىلارغا ئوبدانراق چارە كۆرۈڭ، باتۇرنىڭ ئابرويىنى ساقلاپ قالايلى، بۇ ئىشلاردىن باتۇرنىڭ خەۋىرى بولماسلىقى مۇمكىن، سىز بۇ گەپلەرنى ئۇ كىشىنىڭ سەمىگە سېلىپ قويارسىز»، دەپ ئوبدان مېھمان قىلىپ يولغا سالىدۇ.

قالقانباي ئوسماننىڭ يېنىغا بارغاندىن كېيىن، بۇ گەپلەرنىڭ

ئەسلى مەزمۇننى تەتۈرسىگە بۇراپ يەتكۈزىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئوسمان دەرھال ساقچى باشلىقىنى چاقىرىپ، «موللا ئىسلام ھازىرلا قولغا ئېلىنسۇن، قاماپ قويۇلسۇن» ـ دەيدۇ. ساقچى باشلىقى ئۇنى قاماققا ئېلىشنىڭ قىلچە ئاساسسىز ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئوسمان يەنىلا ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى كونا ئاداۋىتىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، موللا ئىسلامنى مەجبۇرىي ئاساستا ۋىلايەتلىك ساقچى تۈرمىسىگە قاماتتىدۇ (بۇ ئىش 1946 ـ يىلى 4 ـ ئايدا يۈز بېرىدۇ). بۇ ئەھۋال غۇلجىغا بېرىپ يەتكەندە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ئالتايغا جىددىي تېلېگرامما يوللايدۇ (موللا ئىسلام ئىسمائىلوۋنى تۈرمىدىن تېزلىكتە بوشىتىش ھەققىدە). تېلېگراممىدىن خەۋەر تاپقان ئوسمان ۋالىلىقتىن ۋاز كېچىپ تاغقا قاچىدۇ. ساقچى باشلىقى موللا ئىسلامدىن ئەپۇ سورىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قويۇپ بېرىلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. لېكىن موللا ئىسلام: «مەن نېمە ئۈچۈن چىقىپ كېتىمەن؟ ھەق ـ ناھەق ئايرىلماي تۇرۇپ ھەرگىز چىقىپ كەتمەيمەن» ـ دەپ تۇرۇۋالىدۇ (بەزىلەر، غۇلجىدىن ھېكىمبەگ خوجىنىڭ ئوغلى پاشاخوجا دېگەن ئادەم كېلىپ، ھۆكۈمەت نامىدىن ئۆزرەخالىق ئېيتىپ، سىزنى تۈرمىدىن قايتۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىدىن ئالاھىدە ۋەكىل بولۇپ كەلدىم، دەپ موللا ئىسلامنى تۈرمىدىن ئېلىپ چىققان دەيدۇ). تۈرمىدىن چىققان موللا ئىسلام ئىسمائىلوۋ بالىلىرىنى ئېلىپ، جىمىسنەيگە قايتىپ كېتىدۇ ۋە قولىدا قالغان ئازغىنە دەسمايىسى بىلەن تىرىكچىلىك قىلىپ، بالىلىرىنى باقىدۇ. 1947 ـ يىلى، ئوسمان ئالتاينى قايتىدىن بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئەسكەرلىرىنى جىمىسنەيگە ئەۋەتىپ، موللا ئىسلامدىن ئۆچ ئالىدۇ، ئۇنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى بۇلاپ، ئۆي ـ جايلىرىنى ۋەيران قىلىپ، ئۇنى ۋە بالىلىرىنى ئۆز يۇرتىدا تۇرۇش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلىپ، سوۋېت



ئىتتىپاقىغا قېچىپ چىقىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. نەتىجىدە موللا ئىسلام مال ـ مۈلكىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، جېنى ئامان قالىدۇ. كېيىنچە ئوقۇش ئۈچۈن ئىككى بالىسىنى سوۋېت ئىتتىپاقىدا قالدۇرۇپ، ئۆزى ۋەتەنگە قايتىپ كېلىدۇ.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى موللا ئىسلام ئىسمائىلوۋنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ. ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ئۇنى قوبۇل قىلىدۇ ھەم ئۇنى نەچچە خىل ئوردېن بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. 1946 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۇنى يولداش ئەخمەتجان قاسىمى شەخسەن قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا «ئىسمائىلوۋقا تەقدىم» دېگەن خەتلەر ئويۇلغان ھەربىي خەنجەر، بىردانە ئالتۇن قەلەم تەقدىم قىلىدۇ.

موللا ئىسلام ئىسمائىلوۋنىڭ ھاياتى ـــ شىنجاڭ خەلقىنى ئازادلىققا چىقىرىش يولىدا، بولۇپمۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىللىرىدە، ئۆزىنى، مال ـ مۈلكىنى ۋە بالا ـ چاقىسىنى ئايىماستىن، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئىنقىلابقا بېغىشلىغان جەڭگىۋار ھاياتتۇر. ئۇ مال ـ دۇنياسىنىڭ كۆپ قىسمىنى خەلقنىڭ ئازادلىق كۈرەشلىرىگە تەقدىم قىلغان.

ئازادلىقتىن كېيىن، 1958 ـ يىلى، ئۇ كېسەل تۈپەيلىدىن بۇ دۇنيا بىلەن مەڭگۈ ۋىدالاشتى.

# ئىنقىلابىي قۇربان قاسىمجان قەمبىرى

شەرىپ خۇشتار

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى، شائىر، دراماتورگ، ئۇستا چالغۇچى، ئارتىس، 30 - يىللاردىكى يېڭى زامان ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بىرى، شىنجاڭ ئۇيغۇر سەھنە سەنئىتىنىڭ تۇنجى يېتەكچىلىرىدىن بولغان قاسىمجان قەمبىرى — 1910 - يىلى ئاتۇشنىڭ بۇيامەت يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇ دەسلەپكى ساۋادىنى ئاتۇشتا چىقارغاندىن كېيىن، دادىسىغا ئەگىشىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ ياركەنت ۋە تاشكەنتتىكى مەكتەپلەردە ئوقۇدى.

ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدا شەكىللەنگەن سوتسىيالىستىك يېڭى تۇرمۇش قاسىمجان قەمبىرىنى يېڭىلىق ئۆگىنىشكە روھلاندۇردى. ئۇ ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدىلا ئەدەبىيات - سەنئەتكە بېرىلىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى ۋە مەكتەپتىكى سەنئەت كۇرۇژوكىغا قاتنىشىپ، سازچىلىق، ناخشا ئېيتىش، روللارغا چىقىش بىلەن ئالاھىدە كۆزگە چېلىقتى. ئۇ يەنە تاشكەنتتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلىم يۇرتىغا (مەرھۇمنىڭ ئېيتىشىچە بۇ بىلىم يۇرتى ساگو ئىنىستىتۇتىنىڭ دەسلەپكى قۇرۇلمىسى ئىكەن) ئوقۇشقا كىرگەن. 1925 - يىلىدىن باشلاپ، زاماندىشلىرى شائىر ئۆمەر مۇھەممىدى (1906—1931)، ھېزىم ئىسكەندەر (1906 —) لار بىلەن تونۇشۇپ ئىجادىي مۇناسىۋەت باغلىغان. قاسىمجان قەمبىرىنىڭ دەسلەپكى ئىجادىي ئەسەرلىرى 1930 - يىللىرىدىن باشلاپ مەتبۇئاتتا كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ.



1919 - يىلىنىڭ بېشىدا، تاشكەنتتە «ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى» قۇرۇلۇپ، سوۋېت يېرىگە ئىش ئىزلەپ ياكى سودا - تىجارەت بىلەن چىققان شىنجاڭلىق ئۇيغۇرلار ئىچىدە مەدەنىيەت ۋە سوتسىيالىزم تەشۋىقاتى ئېلىپ باردى. قاسىمجان قەمبىرى دەسلەپ ئاشۇ تەشۋىقات كۇرسىدا بىلىم ئالدى. 1930 - يىلىدىن 1931 يىلغىچە ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە مەدەنىي ئاقارتىش ساھەسى ئىچىدە تەشۋىقات خىزمىتىنى ئىشلىدى.

1930 - يىلى تىيىپ ھاجى پوتون ئائىلىسى بىلەن غۇلجىغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، قاسىمجان قەمبىرىمۇ ئۇزۇن ئۆتمەي كۆچۈپ كېلىپ، غۇلجىدا مەدەنىي - مائارىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيىتىنى ئېلىپ باردى. قاسىمجان قەمبىرى ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن يىللىرى جاھالەت ۋە ئىستىبداتلىق شىنجاڭ زېمىنىدا ھۆكۈم سۈرۈۋاتاتتى، خەلق ئادالەت ۋە مەرىپەتكە تەشنا بولۇپ تۇراتتى. قاسىمجان قەمبىرى شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە شىنجاڭ زېمىنىدا بولۇۋاتقان فېئوداليزمغا ۋە جاھالەتكە قارشى ئويغىنىشلارنى كۆرۈپ بۇنىڭدىن ئىلھام ۋە مەدەت ئالىدۇ. خەلقنىڭ مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىغا قىزغىن ئىشتىراك قىلىپ، «ئىناق» تەخەللۇسى بىلەن كۆپلىگەن شېئىر ۋە ناخشا تېكىستلىرىنى يېزىپ ۋە ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇپ، خەلقنى ئۆگىنىشكە چاقىرىدۇ. تىيىپ ھاجىنىڭ ياردەملىشىشى بىلەن مەھەللىۋى سەنئەت ئۇيۇشتۇرۇپ، فېئوداليزمغا ۋە خۇراپاتلىققا قارشى ھەرخىل كومېدىيە، درامىلارنى ئوينايدۇ. بۇ ئىش نەتىجە بېرىپ، خەلقنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى بىلەن رەسمىي سەھنە تىياتىرى بارلىققا كېلىدۇ. سەھنە دەسلەپ تەكشى تۈز يەرگە جايلاشتۇرۇلغان بولۇپ، چىمىلداق شەكلىدە (بىرزىنت بىلەن ئۈچ تام توسۇلغان، ئالدىغا پەردە تارتىلغان) ياسىلىدۇ،

كېيىنچە بىر مېتىر ئېگىزلىكتە سەھنە ياسىلىپ، ئەتراپىنى بورا بىلەن توساپ پەردە تارتىدۇ.

ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، شىنجاڭدا مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنى قۇردى. خېلى بۇرۇنلا سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ياۋروپا ئەللىرىگە بېرىپ يېڭىلىق قوبۇل قىلغان بىر قىسىم ئىلغار ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ قول سېلىپ ئىشلىشى بىلەن ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ مەركىزىي ئۇيغۇر ئۇيۇشما، ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەردە ھەتتاكى يېزا كەنتلەردىمۇ شۇ دەرىجىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلدى. 1934 - يىلى 11 - ئايدا ئىلىدا قۇرۇلغان ئۇيغۇر ئۇيۇشمىغا تېيىپ ھاجى رەئىس، قاسىمجان قەمبىرى مەسئۇل كاتىپ بولۇپ ئىش باشقۇردى. شۇندىن كېيىن ئىلىنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىدا خېلى زور يۈكسىلىشلەر بولدى.

ئاشۇ يىللىرى، ئۈرۈمچى مەركىزىي ئۇيۇشما ۋە ئىلى، قەشقەر ئۇيۇشمىلىرىدا ئەڭ ئالدى بىلەن سانايىنەپىسە بۆلۈمى تەسىس قىلىندى، ئىلى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدا قۇرۇلغان سانايىنەپىسە بۆلۈمى دادىل خىزمەت ئىشلەپ، خۇراپاتلىققا قارشى مەردانە كۈرەش ئېلىپ باردى. قاسىمجان قەمبىرى سەھنىلەشتۈرگەن، فېئودال زالىملارنىڭ كۆپ خوتۇنلۇق قىلمىشىنى مەسخىرە قىلىدىغان دراما «زالىم شاڭيۇ»، پارىخور، زالىم شاڭيۇلارنىڭ رەزىل ئەپتى - بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلايدىغان دراما «پارىخور شاڭيۇ»، باخشى، داخان، پىرىخونلارنى مازاق قىلىدىغان دراما «پىرىخون»، ئالدامچى تۆۋىپلارنىڭ ھىيلە - نەيرەڭلىرىنى ئېچىپ تاشلايدىغان دراما «ئالدامچى تۆۋىپ» ۋە ئۆزى يېزىپ سەھنىلەشتۈرگەن، ئاياللارنىڭ خارلىق تۇرمۇشى ۋە ئەركىنلىككە ئېرىشىش يولىدىكى كۈرىشىنى بايان قىلى-



دىغان «زەينەپكە تۆھمەت» قاتارلىق درامىلار فېئودال ئاسارىتى بىلەن چىرمىشىپ كەتكەن ئاشۇ دەۋردە خەلقنىڭ ئۇيغۇنىشىغا ئاجايىپ زور كۈچ بەخش ئەتكەن ئىدى. قاسىمجان قەمبىرى ئۆز خوتۇنى رازىيەنى ھەرقانداق سۆز - چۆچەك ۋە فېئوداللىق بېسىمىغا قارىماي، شىنجاڭ تارىخىدا تۇنجى ئايال سەنئەتچى قىلىپ يېتىشتۈرۈپ سەھنىگە ئېلىپ چىقىش بىلەن، ئاياللار يۈزىگە ئورالغان ئاسارەت پەردىسىنى يىرتىپ تاشلىدى.

شۇ يىللاردا، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرىدا سانايىنەپىسە تەشكىل قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن تېخى رەسمىي كۇلۇبى ۋە باشقا لاۋازىمەتلىرى يوق ئىدى. شۇ چاغدىكى شىنجاڭ ۋەزىيىتىدە ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي - مائارىپ، ئەدەبىي - سەنئەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن مەخسۇس خىراجەت ئاجرىتىپ بېرىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا مەدەنىي - مائارىپ ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى ھەرقايسى مىللەت مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىغا يۈكلەنگەن ئىدى. ھەرقايسى ئۇيۇشمىلار ئىچىدە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رولى تېخىمۇ چوڭ بولدى. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى شىنجاڭدىكى بىر قانچە يۈزلىگەن مازار، مەدرىس ۋە بىرقانچە يۈز مەسچىتلەر خۇسۇسىدىكى تېرىلغۇ يەر، ئۆي ۋە ئىقتىسادلارنى ئۆزىگە ئۆتكۈزۈۋېلىپ باشقۇردى. مەسىلەن، قەشقەردىكى خانلىق مەدرىس، ھېيتكا جامەسى ۋە ئاپپاق غوجا مازىرىنىڭ 24 مىڭ مو يېرى بولۇپ، بۇنىڭ كىرىمى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا قالدۇرۇلدى. پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ئېيتقاندا، نەچچە يۈز مىڭ مو يەرنىڭ كىرىمى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا تاپشۇرۇلدى. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرى بۇ كىرىملەردىن پايدىلىنىپ مەكتەپ قۇردى. بۇنىڭ بىلەن سانايىنەپىسە ئىشلىرىنىڭ كۆلىمىمۇ بىرئاز ياخشىلانغان بولدى.

1936 - يىلى، قاسىمجان قەمبىرى ئۆز يولداشلىرى بىلەن كلاسسىك داستان «غېرىپ - سەنەم»نى سەھنىلەشتۈردۇ. بۇ ئوپېرانى ئىشلەش جەريانىدا قاسىمجان قەمبىرى ئاز بولمىغان كۈچ سەرپ قىلدۇ. بىز كېيىنكىلەرنىڭ بۇ ئوپېرا ھەققىدىكى ئىسلاھلىرىنى ھېسابقا ئالمىغىنىمىزدا، شىنجاڭ سەھنىسىدە تۇنجى قېتىم سەھنىلەشكەن «غېرىپ - سەنەم»دىكى يېڭىلىق ۋە جۇشقۇن روھلارنىڭ غايىۋى تەسىرىدىن قاسىمجان قەمبىرىنىڭ ئەمگەك تەرىنى كۆرۈپ ئالالايمىز. يەنە كېلىپ شۇ چاغدىكى شەرت - شارائىتنىڭ يار بەرمىگەنلىكىدىن، قاسىمجان قەمبىرى بىر تەرەپتىن رېژىسسورلۇق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئاساسىي قەھرىمان غېرىپنىڭ رولىنى ئۆزى ئالدۇ، سەنەم رولىغا خوتۇنى رازىيە خانىم چىقىدۇ.

1936 - يىلى غۇلجىدا «مىللەتلەر كۇلۇبى» ياسىلىپ، بۇنىڭدا چوڭ تىپتىكى سەھنە ئەسەرلىرى ئوينىلىشقا باشلايدۇ. مەسىلەن، «نۇزۇگۇم»، «پەرھاد - شىرىن»، «غېرىپ - سەنەم»، «ئارشىن مال ئالان»، «قانلىق داغ» قاتارلىق دراممىلار، بۇلاردىن باشقا، خەلقنى ئىلىم - مەرىپەتكە ئۈندەيدىغان، خۇراپات، جاھالەتكە قارشى مەزمۇندىكى كۆپلىگەن كومېدىيە، ناخشا ۋە قىزىقچىلىق نومۇرلىرى ئوينىلىدۇ. قاسىمجان قەمبىرى بۇ نومۇرلاردا رېژىسسورلۇق قىلىپ شىنجاڭ سەھنە سەنئىتى ئۈچۈن تۆھپىكار ئۇستاز بولۇش بىلەن ئاجايىپ نەتىجىلەر يارىتىدۇ.

1937 - يىلدىن باشلاپ شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ۋەتەنپەرۋەرلەر، كوممۇنىزمچىلار، ئىلغار زىيالىيلار ۋە ھەر مىللەت ئىچىدىكى تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنى ھەر خىل بەدناملار بىلەن تۇتقۇن قىلىپ، زىيانكەشلىك قىلىدۇ. قاسىمجان قەمبىرىمۇ 1937-يىل ئاخىرىدا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ بەزى رەھبەرلىرى بىلەن بىرگە قولغا ئېلىنىپ، دەسلەپ غۇلجىدا، كېيىن ئۈرۈمچىدە ئىككىنچى تۈرمىدە قامىلىدۇ. ئۇ بىر قانچە يىللىق تۈرمە ھاياتىنى



يەنىلا يۇقىرى روھ ۋە ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئۆتكۈزدى. ئۇ كۆپ قېتىم سوراققا تارتىلىپ، ئېسىپ قويۇلغان ۋە قاتتىق ئۇرۇلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىرادىسى زادىلا تەۋرەنمىدى. قاسىمجان قەمبىرى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ تۈرمىسىدە يەتتە يىل ياتتى. 1943 - يىلى شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى لىڭشىپ، شىنجاڭدا گومىنداڭ پىرقىسى قۇرۇلۇش نەتىجىسىدە، ۋەزىيەتنىڭ تەققەززاسى بىلەن تۈرمىدىكى بىر تۈركۈم سىياسىي مەھبۇسلار بوشىتىلدى. بوشىتىلغان سىياسىي مەھبۇسلارنىڭ ئىسىملىكى شىنجاڭ گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان بولۇپ، مەرھۇم قاسىمجان قەمبىرىنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا «ئارتىس» دەپ ئالاھىدە ئەسكەرتىپ يېزىلغان. قاسىمجان قەمبىرى گەرچە تۈرمىدىن بوشىتىلغان بولسىمۇ، يەنىلا تەلتۆكۈس ئازاد بولۇپ كېتەلمىدى. قاسىمجان قەمبىرگە ئۇيغۇر مەركىزىي ئۇيۇشما كۆرۈنۈشتە ئۇنىڭغا كېپىل بولۇپ تۈرمىدىن ئېلىپ چىققان ۋە رېژىسسور قىلىپ تەيىنلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇ رىجىم ئاستىدا ئىشلىدى. ئۇنىڭ باشقا جايلارغا بېرىشى چەكلەندى، مائاشىمۇ ناھايىتى تۆۋەن ئىدى. ئۇنىڭ غۇلجىغا قايتىپ ئائىلىسى بىلەن ھەمدەم بولۇشىغا رۇخسەت قىلىنمىدى. مۇشۇ بىر قاتار ئىشلار تۈپەيلىدىن قاسىمجان قەمبىرى چىدىغۇسىز دەرد - ئەلەملىك كۈنلەرنى ئۆتكۈزدى. لېكىن ئۇ بىر تەرەپتىن ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن كۆپلىگەن جەڭگىۋار شېئىر ۋە ناخشا تېكىستلىرىنى يېزىپ ئاھاڭغا سېلىپ، «شانلىق غەلىبە» ناملىق دراممىنى يېزىپ، خەلقنىڭ ئازادلىق دېموكراتىيە يولىدىكى غايىۋى كۈرىشىنى ئەكس ئەتتۈردى. ئۇ يەنە ياشلارنى تەربىيىلەش خىزمىتىنىمۇ ئىشلەيدۇ. ئۇيغۇرلار ئىچىدىن تۇنجى قېتىم نوتا ئۆگەنگەن مەھەممەتجان ئىسمايىل قاسىمجان قەمبىرىنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن ئۇزاق ۋاقىت نوتا ئىلمى بىلەن شۇغۇللىنىپ، نۇرغۇن شاگىرت-

لارنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. بۇ پېشقەدەم نوتا ئىلمى ئۇستازى قاسىمجان قەمبىرىنى ئۆزىنىڭ پەخرىي ئۇستازى دەپ پەخىرلىنىدۇ.

قاسىمجان قەمبىرى ئۈرۈمچى سەھنىسىدە سەنئەت پائالىيىتى ئارقىلىق خەلقنى ئىلىم - مەرىپەتكە ۋە ئويغىنىشقا دالالەت قىلىپ تۇرغان ۋاقىتلاردا، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان بىر مۇھىم مەسىلە قاسىمجان قەمبىرىنى بويسۇندۇرۇش ئىدى. شۇڭا ئۇلار خىلمۇ خىل چارە - تەدبىرلەرنى قوللاندى، زورلۇق بىلەن جەرىمانە قويدى. ئاخىرى يەنە ئۇنى تۈرمىگە تاشلاپ، ھاجەتخانا تازىلىتىش، كوچا سۈپۈرتۈش قاتارلىق ئەمگەكلەرگە سېلىپ، ئۇنىڭ شۆھرىتىگە داغ تەگكۈزمەكچى بولدى. لېكىن خەلق ئاممىسىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتى تېخىمۇ ئاشتى ۋە ھەر قانداق ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىگە قارىماي، سوت ئورۇنلىرىغا بېرىپ قاسىمجاننى ئېلىپ چىقتى.

ئاشۇ يىللاردا، قاسىمجان قەمبىرى ئۈرۈمچى، ئىلى ۋە قەشقەردىكى كوممۇنىزمچى ئىلغارلارنىڭ «ئازادلىق تەشكىلاتى» بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزمىدى. ئۇ ھەم قەشقەرلىك مەشھۇر دېموكرات، كوممۇنىزمچى زات ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم بىلەن يوشۇرۇن سۆھبەتتە بولغانىدى. 1944 - يىلى 6 - ئايدا ئەخمەتجان قاسىمى ئۈرۈمچىدىكى تۈرمىدىن بوشانغاندا، قاسىمجان قەمبىرى شۇ كۈنىلا ئۇنىڭ بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ئەخمەتجان قاسىمى تۈرمىدىن چىقىپ 3 - كۈنى ئايروپىلان بىلەن غۇلجىغا ماڭدى. تەخمىنەن ئارىدىن يىگىرمە كۈنلەر ئۆتكەندە (7 - ئاي) مەركىزىي ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى سەنئەت ئۆمىكىنى كېڭەيتىپ قۇرۇشنى قارار قىلىدۇ. بۇ، شىنجاڭدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچى دائىرىلىرىنىڭ غالجىرلىقى چېكىگە يېتىپ، ۋەھشىيانە بۇلاڭ - تالاڭ، قىرغىنچىلىق قىلىۋاتقان ۋاقىت ئىدى، شۇنداقلا



ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى قوزغىلىش ئالدىدىكى ۋاقىتلار ئىدى. قاسىمجان قەمبىرى بۇنىڭدىن خەۋەردار بولغانلىقى ئۈچۈن سازەندە ئېلىپ كېلىشنى باھانە قىلىپ، شۇ يول بىلەن گومىنداڭنىڭ ئۈرۈمچىدىكى قامىلىدىن قۇتۇلىدۇ.

قاسىمجان قەمبىرىنىڭ غۇلجىغا بارغان ۋاقتى، دەل ئۇ يەرنى ئاق تېررورلۇق قاپلىغان چاغ ئىدى. ئۇ غۇلجىغا بېرىش بىلەن غۇلجا گومىنداڭ ساقچى دائىرىلىرىنىڭ نازارىتىدىن يوشۇرۇن ھالدا ھەرىكەت قىلىپ، «ئازادلىق تەشكىلاتى» نىڭ مۇھىم ئادەملىرىدىن بولغان تېيىپ ھاجى، ھەبىب يۇنۇچى، ئەخمەتجان قاسىمى (ئەخمەتجان قاسىمى ئۇ كۈنلەردە تېخى خەلق ئىچىدە تونۇلمىغان بولۇپ، كۆرۈنۈشتە ئاددىي كەسپلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ يوشۇرۇن ھەرىكەتلەردە بولۇۋاتاتتى) قاتارلىقلار بىلەن بىرگە بولىدۇ ۋە 1943 - يىلىدىن بۇيان قورغاس، چاپچال، لوسۇگۇڭ ۋە سۈيدۈڭ قاتارلىق جايلاردا گومىنداڭدىن قېچىپ يۈرۈپ، ئاخىرى «كەكساي پارتىزانلىرى» بولۇپ ئۇيۇشۇپ قوراللىق ھەرىكەت قىلىۋاتقانلار ۋە نىلقا ئۇلاستايدا ھەرىكەت قىلىۋاتقان پاتىخ، ئوسمان، ئەكبەر، نورۇم، خەمىت، ھۈشىرەم، بايچۇرىنلار بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە مەدەت بېرىدۇ. ھەم غېنى باتۇرنى ئۇلارغا تونۇشتۇرىدۇ (ئەسلىدە غېنى باتۇر، پاتىخ، ئەكبەر، سېيىت باتۇرلار بىلەن تونۇشاتتى، لېكىن ئۇنىڭ ئۈرۈمچى تۈرمىسىدىن چىققاندىن كېيىنكى ئىز - دېرىكىنى بىلمەيتتى. قاسىمجان قەمبىرى شىڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە تۇرغاندا غېنى بىلەن تونۇشقان ۋە مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن غۇلجىدا ئۇچراشقانىدى). شۇ چاغلاردا، ئابدۇكېرىم ئاببىاسوۋ سۈيدۈڭ ۋە ساربۇلاق قاتارلىق جايلاردا بىر تۈركۈم ياشلارنى ۋە گومىنداڭ زۇلمىدىن بىزار بولغان كىشىلەرنى تەشكىللەپ بىر كىچىك ئەترەت قۇرىدۇ. قاسىمجان قەمبىرى مۇشۇ كۈنلەردە ئابدۇكېرىم ئاببىاسوۋ تەشكىللىگەن پار

تىزانلار بىلەن كەڭساي پارتىزانلىرى ۋە نىلقا پارتىزانلىرىنى بىرلەشتۈرۈشتە كۆرۈنەرلىك رول ئوينايدۇ. 1944 - يىلى 9 - ئاينىڭ باشلىرىدا، ئۇلاستايدا ئەكبەرنىڭ ئۆيىدە قوراللىق ھەرىكەت شتابى قۇرۇلىدۇ ۋە قوراللانغان خەلقنى ئۈچكە بۆلۈپ ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى تۈزىدۇ. ئەسلىدە يوشۇرۇن تەشكىلات ئىلىدىكى قوزغىلاڭنى ئۆكتەبىر ياكى نويابىر ئايلىرىدا ئېلىپ بېرىشنى پىلان قىلغان بولسىمۇ، گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ باستۇرۇش ھەرىكىتى جىددىيلەشكەچكە، نىلقا پارتىزانلىرى قوزغىلاڭنى بالدۇر ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولىدۇ، نەتىجىدە 1944 - يىلى 9 - ئاي ئىچىدىلا نىلقىدىن قوزغىلاڭ باشلىنىدۇ.

قاسىمجان قەمبىرى بۇ كۈنلەردە غۇلجىدا تۇرۇپ، ئازادلىقتىن كېيىنكى قۇرۇلغۇسى ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت ۋە ئىدارە ئاپپاراتلارنىڭ ھازىرلىق خىزمىتىنى ئىشلەيدۇ. قوزغىلاڭ غۇلجا شەھىرىگە كېڭىيىپ ئېلىنغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرى قاسىمجان قەمبىرى باشلىق ھازىرلىق خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئىش ئېلىپ بارىدۇ (كېيىنكى ئۆزگىرىشلەر بۇنىڭ سىرتىدا). قاسىمجان قەمبىرى پولكوۋنىك ئۇنۋانى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت (ئىلى) ئىنقىلابىنىڭ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىش ئارمىيىسىنىڭ شتاب باشلىقى بولۇپ تەيىنلىنىدۇ. لېكىن مۇشۇ مەزگىلدە يېڭىدىن قۇرۇلۇۋاتقان ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنى — مەمۇرىي خىزمەتلەرنى تەرتىپكە سېلىش مۇھىم بولغانلىقى ئۈچۈن، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى تەركىبىدە مەمۇرىي خىزمەتكە مەسئۇل بولىدۇ.

1945 - يىل 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، قاسىمجان قەمبىرى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ۋە پولكوۋنىك سوپاخۇنلار باشلىغان مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى باي، ۋىنسۇ ناھىيىسىنى ئىشغال قىلىدۇ. بۇ قوشۇن بۇيرۇققا بىنائەن ئاقسۇدىن قايتىپ چىققاندىن كېيىن، قاسىمجان قەمبىرى مەدەنىي - مائارىپ ۋە سە-



ھىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدۇ. كېيىن ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ سوت ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدۇ.

1946 - يىل 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا ئىمزالانغان تىنچلىق بىتىمى نەتىجىسىدە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلىدۇ. شۇ يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى پولكوۋنىك قاسىمجان قەمبىرى قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى بولۇپ تەيىنلىنىپ شۇ يەردە خىزمەت قىلىدۇ. قاسىمجان قەمبىرى قەشقەردە جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىق، دېموكراتىيە ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، مەرھۇم ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم يادرولۇقىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭ ئىلغار ياشلار پائالىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلغۇچىلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئابلىز مۇھەممىدى، ئالىم ئابدۇللا، بارات ئاخۇن، نىزامىدىن سەلەي، ئابلەق ئېزىز ھەم شائىر تۇرغۇن ئالماسلار بىلەن بىرگە كۈرەش ئېلىپ بارىدۇ.

تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىنىپ تاشقورغان پارتىزانلىرى تارقىتىۋېتىلگەندىن كېيىن، تاشقورغان پارتىزانلىرى قوماندانلىق شتابىنىڭ 180 نەپەردىن ئارتۇق ھەر دەرىجىلىك ئوفىتسېرلىرى قەشقەرگە كەلدى. قاسىمجان قەمبىرى ئۇلارغا سىياسىي تەلىم - تەربىيە ئېلىپ باردى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىپ خەلقچىل سايلام خىزمىتىگە قاتنىشىشىغا يېتەكچىلىك قىلدى ۋە ئۇلارغا ۋەزىپە تەقسىم قىلدى.

1947 - يىل 7 - ئاينىڭ 21 - كۈنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى دائىرىلىرى ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچىدە تىنچلىق بىتىمىنى ئىجرا قىلىش تەلىپىدە تۇرۇپ نامايىش قىلغان 500 دىن ئارتۇق ئاممىنى قانلىق باستۇردى. شۇ كۈنى يەنە پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭ دائىرىسىدە ئىنقىلابىي ياشلارنى تۇتقۇن قىلدى. بۇ چاغدا قاسىمجان قەمبىرىمۇ قولغا ئېلىندى. قاسىمجان قەم-

بىرى قەشقەر يېڭىشەھەردىكى گومىنداڭ ھەربىي تۈرمىسىدە
1949 - يىل 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنىگە قەدەر يۇقىرىدا ئىس-
مى ئاتاپ ئۆتۈلگەن ئىنقىلابىي زىيالىيلار بىلەن، پۈتۈن شىن-
جاڭدىكى قولغا ئېلىنغان نەچچە مىڭلىغان ياشلارغا ئوخشاش
ئازاب چەكتى. 1949 - يىلى 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى قاسىم-
جان قەمبىرى تۈرمىدىن بوشاندى. شۇ يىلى 6 - ئايدا، گومىن-
داڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سابىق رەئىسى بۇر-
ھان شەھىدىنىڭ تەكلىپى بىلەن قاسىمجان قەمبىرى، ئابلىز
مۇھەممىدى، ئالىم ئابدۇللا، نىزامىدىن سەلەي، بارات ئاخۇن-
لار بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، بۇرھان شەھىدىنىڭ ھۆكۈمەت
نامىدىكى بۇيرۇقى بىلەن قاسىمجان قەمبىرى مەركىزىي ئۇيغۇر
ئۇيۇشما رەئىسى (ئابلىز مۇھەممىدى بانكا باشلىقى، نىزامىدىن
سەلەي شىنجاڭ شۆيۈەن مۇدىرى، ئالىم ئاخۇن قاراماي دىرىك-
تورى، بارات ئاخۇن سابىق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئىشخانا مۇدى-
رى) بولۇپ ئىشلىدى. ئۇ بۇ جەرياندا پۈتۈن شىنجاڭنىڭ مە-
دەنىي - مائارىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە سىياسىي تەشۋى-
قات ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. 1949 - يىلى 7 - ئايدىن باشلاپ
ئۈرۈمچىدە «ھەقىقەت» گېزىتى نەشر قىلىپ، قاسىمجان قەمبىرى
ئۇنىڭ باش مۇھەررىرلىكىنى زىممىسىگە ئالدى. بۇ گېزىت شىنجاڭ
خەۋەرلىرىدىن باشقا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ غەلى-
بىسىنى ئوچۇق - ئاشكارا تەشۋىق قىلدى. ئەدەبىي بەتنىڭ
تەھرىرلىكىنىمۇ ئۆزى ئىشلەپ، كۆپلىگەن ماقالىلەرنى يېزىپ
ئېلان قىلدى. بۇ گېزىت كېيىنكى ۋاقىتتا جۇڭگو كومپارتىيىسى
ۋە مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ۋە خىزمەتكە
تەيىنلەش قارارلىرىنى ئېلان قىلدى.

شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن، قاسىمجان قەمبىرى
يەكەن ۋىلايىتىدە ۋالىي بولۇپ تۆت يىل ئىشلىدى. ئۇ بۇ
جەرياندا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر مۇزىكىسى 12 مۇقامنى رەت-



لەش، نوتىغا ئېلىش خىزمىتىنى ۋە خەلق ئىچىدە داستان بەت-
لىرىنى يىغىش، مەشھۇر سازەندە — ئارتىسلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش
ئىشىدا تۆھپىسى ناھايىتى زور بولدى. 1954 - يىلدىن باش-
لاپ ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمە مۇدىرىنىڭ ئورۇن
باسارى بولۇپ ئىشلىدى. بۇ جەرياندا، سابىق ئۆلكىلىك خە-
لق قۇرۇلتىيىنىڭ دېپۇتاتى، سابىق ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ
ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو كومپارتىيىسى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق
كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغانىدى. ئۇ 1953 - يىلى، شىنجاڭ
سەنئەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ چاۋشيەنگە بېرىپ، ئامېرى-
كا جاھانگىرلىكىگە قارشى كۈرەش قىلىۋاتقان چاۋشيەن خەلق
ئارمىيىسى ۋە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ پىدائىي جەڭ-
چىلىرىگە ئويۇن كۆرسىتىپ ھال سورىدى، ھەم ئالدىنقى سەپ-
كە بېرىپ ئۇرۇشقا قاتناشقان ھېسابتا دۈشمەن سېپىگە قارىتىپ
ساليوت (ئوق) ئاتتى.

قاسىمجان قەمبىرى كۆپ يىللىق تۈرمۇش ئازابلىرى نە-
تىجىسىدە يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولغانىدى. شۇ كېسەل
سەۋەبى بىلەن، 1956 - يىل 3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئۇ قەش-
قەردە 46 يېشىدا ۋاپات بولدى.

# تەرەققىيپەرۋەر خەلقچىل زىيالى — نامان ئەپەندى

## ئەسقەر ئەيسا

تەرەققىيپەرۋەر، خەلقچىل زىيالى، تونۇلغان ئىجتىمائىي ئەرباپ نامان ئەپەندى تۇرسۇنوۋ 1890 - يىلى ئاتۇش شەھىرى ئۆگرۆق كەنتى قىشلاق مەھەللىسىدىكى بىر باي سودىگەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى ئىمىن ھاجى ۋە تاغىسى موللا تۇردى ھاجىلار ئۆز دەۋرىنىڭ مەرىپەتپەرۋەر بايلىرى بولۇپ، پۇل چىقىرىپ ئىلغار مەزمۇندىكى كىتابلارنى نەشىر قىلدۇرغان، مەكتەپ ئېچىپ بىلىم تارقاتقان كىشىلەر ئىدى. نامان ئەپەندى مۇشۇنداق ئائىلە مۇھىتىدە تەربىيىلەنگەچكە كىچىكىدىن ئەدەپ - ئەخلاقلىق بولۇپ، ئىلىم - پەنگە ئىشتىياق باغلىدى.

1895 - يىلى ئىمىن ھاجى سودىگەرچىلىك بىلەن قاراقۇلغا چىقىپ، ئۇ يەردە ئائىلىسى بىلەن بىر مەزگىل تۇرۇپ قالىدۇ. نامان ئەپەندى مەكتەپ يېشىغا يەتكەندە دادىسى ئۇنىڭ ئەتراپلىق بىلىم ئېلىشىنى نەزەردە تۇتۇپ قاراقۇلدىكى رۇسچە - ئۇيغۇرچە پەننى مەكتەپتە ئوقۇتىدۇ. نامان ئەپەندى كىچىكىدىن شوخ، زېرەك، تىرىشچان بالا ئىدى. شۇڭا ئۇ مەكتەپتە ھەممە پەنلەردە ياخشى ئوقۇپلا قالماي، شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەنمۇ پىششىق تونۇشتى. رۇس تىلىنى پۇختا ئىگىلەپ رۇس تەنقىدى رېئالىزم ئەدەبىياتى بىلەنمۇ تونۇشتى. بۇ ھال ئۇنىڭدا دېموكراتىك ئىدىيە ۋە تەرەققىيپەرۋەر كۆز قاراشنى شەكىللەندۈردى.



نامان ئەپەندى 1917 - يىلى ئائىلىسى بىلەن بىرگە قاراقۇلدىن غۇلجىغا قايتىپ كېلىپ، 1924 - يىلى ئىككىنچى قېتىم قاراقۇلغا چىققاندا ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىنكى سوۋېت ئىلىدە يۈز بەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەر ئۇنىڭغا كۈچلۈك تەسىر قىلدى. ئىستىبدات تۈزۈم ۋە جاھالەت ئاستىدىكى ئۆز خەلقىنىڭ ئېچىنىشلىق ھاياتى ۋە دەھشەتلىك كەچۈرمىشلىرى ئۇنى چوڭقۇر ئويغا سالدى. ئۇ 1933 - يىلى ۋەتەنگە قايتىپ خىزمەت قىلىشنىڭ پۇرسىتى كەلدى دەپ قاراپ، ئېسىل ئارزۇلارنى قەلبىگە پۈكۈپ ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى.

نامان ئەپەندى قاتمۇ قات زۇلۇم ۋە خۇراپاتلىق، نادانلىق ئاستىدا قالغان مەزلۇم خەلقنى ئويغىتىپ، خەلقنى ئاقارتىش، يېڭى پەن - مەدەنىيەت تارقىتىش ئىشلىرىدا قەشقەردىكى قابىل ئىجتىمائىي پائالىيەتچىلەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقتى. قەشقەرنىڭ مائارىپ، ساقلىقنى ساقلاش، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىدا كۆزگە كۆرۈنەرلىك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

1934 - يىلى «ھىلال ئەھمەر» داۋالاش پونكىتى قەشقەر ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىندى. نامان ئەپەندى مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. ئۇ يېڭىلمەس ئىرادە ۋە تەشكىللەش ئىقتىدارى بىلەن دوختۇرخانا قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ ۋە تولۇقلاپ، كەسپىي خادىملارنىڭ خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، قەشقەردە تۇنجى قېتىم مېدىتسىنا بويىچە داۋالاشنىڭ ئاساسىنى تۇرغۇزدى. كەسپىي يېتەكچىلىك قىلىشتا ۋە ھەمكارلىشىشقا كىرگەن سوۋېت داۋالاش خادىملىرىنىڭ خىزمىتىنى قىزغىن قوللاپ، ئۇلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى. ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە جاپالىق ئەجرى بىلەن ئەسلىدىكى داۋالاش پونكىتى قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە تەرەققىي قىلىپ، ئامبۇلاتورىيىسى ۋە ئىچكى كېسەللەر بۆلۈمى، تاشقى كېسەللەر

بۆلۈمى ۋە تۇغۇت بۆلۈمىگە ئايرىلغان 40 كارىۋاتلىق بالنىستى بولغان، دورا، داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى بىر قەدەر يۈرۈشلەشكەن دوختۇرخانىغا ئايلىنىپ، تەسىر دائىرىسى زور دەرىجىدە كېڭەيدى.

نامان ئەپەندى قەشقەردە يېڭىچە داۋالاشنى يولغا قويۇشتا تىببىي خادىملارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرىگە تايىنىپ، ئۆزى تەرجىمانلىق قىلىپ، دوختۇر، دورىگەر تەربىيىلەش كۇرسىنى ئېچىپ قەشقەردە بىرىنچى ئەۋلات ئۇيغۇر تىببىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى، ئەينى چاغدا تەربىيىلىنىپ، دوختۇر ۋە دورىگەر بولۇپ يېتىشىپ چىققان ئىنايىتۇللاخان ھەلىمى، ئابدۇلئەزىز ئۇبەيدى، ھەبىبۇللا ھەلىمى، ئابدۇراخمانجان، ئابدۇرېھىمجان، ياقۇپ بەگ ھەسەن، زەكى ئابدۇللا زايىت خوجا، مىنھابىددىن ۋە شۇ ئاساستا ئىككىنچى قېتىم تەربىيىلەنگەن رەھمىتۇللا ئىبراھىمى، ئابدۇرىشىت قارى، ئابدۇقادىر نۇرىددىن، مەھەممەت ئىمىن ھاشىت، ئابلىز ئەبەيدۇللا، ھەسەن ئىمىن، ئابلىز ساۋۇت، ئابدۇرۇسۇل داۋۇت، ئۇبۇلقاسىم قاتارلىق خەلق ئىچىدە ئابرۇيى قازانغان ئاتاقلىق دوختۇر، دورىگەر ۋە تىببىي تەتقىقاتچىلار شىنجاڭنىڭ جۈملىدىن قەشقەر رايونىنىڭ تىببىي داۋالاش ئىشلىرىدا زور تۆھپىلەرنى ياراتتى.

1935 - يىلى قەشقەر سەمەنىنىڭ خىلۋاپ كەنتىدە چۇما كېسىلى تارقىلىپ، تېزلىكتە ئادەم ئۆلۈش يۈز بەردى. شۇنىڭ بىلەن قەشقەر رايونى تەشۋىش ئىچىدە قالدى. بۇ چاغدا نامان ئەپەندى دوختۇرخانىنىڭ ئاساسىي خىزمىتىنى چۇما كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، چەكلەش ۋە داۋالاشقا قاراتتى. چۇما كېسىلىنى داۋالاش بويىچە تېز كۇرس ئېچىپ، تىببىي خادىملارنى تەربىيىلىدى. سوۋېتتىن ياردەمگە كەلگەن تىببىي مۇتەخەسسىسلەر بىلەن زىچ ھەمكارلىشىپ، چۇما كېسىلىنىڭ تارقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە كېسەللەرنى داۋالاپ ساقايتىشتا ئا-



لاھىدە خىزمەت كۆرسەتتى. ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى خىزمىتىنى يۇقىرى باھالاپ، نامان ئەپەندىنى ئالتۇن مېدال بىلەن مۇكاپاتلىدى.

نامان ئەپەندى 1934 - يىلى قەشقەردە قۇرۇلغان «سانايىنەپىسە» تىياتىرىنى قۇرغۇچى ئاساسلىق كىشىلەرنىڭ بىرى. ئۇ تالانتلىق ئارتىس، دراماتورگ ۋە رېژىسسور ئىدى. ئۇ ئەينى يىللىرى سانايىنەپىسەنىڭ گۈللىنىشىدە تۆھپىكار بولغان. ئۇ ئىجاد قىلىپ رېژىسسورلۇق قىلغان «ناسىر ھاجىم» پوئېزىيىسىدە خۇراپاتلىققا قارشى تۇرۇپ، قېرى ئەرلەرنىڭ كىچىك قىزلارنى ئەمرىگە ئېلىپ ئاياغ ئاستى قىلغانلىقى پاش قىلىنغان. ئۆزى ئىجاد قىلىپ، ئۆزى رول ئالغان «ھەكىمە ھازىق نۇرۇللا ئاخۇنۇم» ناملىق كومېدىيىسىدە، پىرىخون، داخانلارنى ۋە يالغان تىۋىپلارنى ئۆتكۈر، ساتىرىك قامچا ئاستىغا ئالغان. زۇلۇمغا ۋە فېئوداللىق خۇراپاتلىققا قارشى يېزىلغان ئۆزبېكچە «ھەلىمە» ناملىق درامىنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ رېژىسسورلۇق قىلغان، ئۆزىمۇ رول ئالغان. نامان ئەپەندى ئازادلىق ۋە ئەركىنلىكنىڭ ئاكتىپ تەشۋىقاتچىسى ئىدى. ئۇ ئەدەبىيات - سەنئەت ئارقىلىق خەلقنى ئويغىتىپ، زۇلۇمغا ۋە جاھالەتكە قارشى تۇرۇشقا، ئىلىم - پەنگە يۈرۈش قىلىپ، يېڭى پەن - مەدەنىيەت ئىگىلەپ، زۇلمەتلىك دۇنيانى پاچاقلاپ تاشلاشقا چاقىرغانىدى.

نامان ئەپەندى ئەينى دەۋردىكى قەشقەرنىڭ پېشقەدەملىرى بىلەن سۆھبەتداش ۋە مەسلىھەتداش ئىدى. ئۇ مائارىپقا بەكمۇ كۆڭۈل بۆلەتتى. ھەر يىلى ئوقۇش باشلاش مۇراسىملىرىغا ۋە مەكتەپنىڭ تۈرلۈك پائالىيەتلىرىگە بېرىپ قاتنىشاتتى. ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ ئوقۇش قوراللىرى ئېلىپ، ئوقۇغۇچىلارغا تەقدىم قىلاتتى. ئۆزىنىڭ نوپۇزى ۋە ئىجتىمائىي ئورنىغا تايىنىپ، مەكتەپلەرنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى ھەل

قىلىشقا، ئوقۇش شارائىتىنى ياخشىلاشقا ياردەم قىلاتتى. شۇڭا قەشقەر مائارىپچىلىرى ئۇنىڭ نامىنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ.

1937 - يىلى 10 - ئايدا قەشقەر شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى دوختۇرخانىغا كىلىپ، جاللات شېڭ شىسەيىنىڭ يېڭى شەھەردە تۇرۇشلۇق ھەربىي ئەمەلدارى ليۇ سىلىڭ نامىدىن نامان ئەپەندىنى «چايغا چاقىرىپ» ماشىنا بىلەن ئېلىپ كەتتى. ئۇ شۇ ئېلىپ كېتىلگىنىچە قايتىپ كەلمىدى، بۇ قابىلىيەتلىك خەلقپەرۋەر زىيالى تۈرمىگە قامىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ۋەھشىلەرچە ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ بالىلىرى نامان ئەپەندىنىڭ قەبرىسىنى تاپالمىدى. لېكىن ئۇنىڭ قەبرىسى ئانادىيارىدىن، خەلق قەلبىدىن مەڭگۈلۈك ئورۇن ئالدى. مەزكۇر ماقالە ئاشۇ قەبرىگە ئابىدە تاش بولغۇسى.

---

مەزكۇر ماقالىنىڭ يېزىلىشىدا قەشقەر ۋىلايەتلىك مىللىي شىپاخانىدىكى تەتقىقاتچى ئىنايىتىللا ھەلىمى، باش تېۋىپ دوختۇر ئابدۇراخمان ئاتا، قەشقەر سىياسىي كېڭەش ئەزاسى سالىجان قارى ھاجىم، يەكەن دوختۇرخانىسىنىڭ مۇدىر دوختۇرى ھەبىبۇللا ھەلىمى قاتارلىق پېشقەدەملەر مۇھىم ماتېرىيال يېزىپ تەمىن ئەتتى. مەرھۇمنىڭ ئىنىسى ھاجىمۇ مەلۇمات بەردى.

قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى:
ئەسقەر ئەيسا



# توقسۇن ئىلغار ياشلىرىنىڭ كۆرەشلىرىدىن ئەسلىمە

شېرىپ پەتتار

XX ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىغا كەلگەندە، خەلقئارا ۋە مەملىكىتىمىز مىقياسىدا سىياسىي جەھەتتە زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. سوۋېت روسىيىسىدە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈردى. مەملىكىتىمىزدە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ ئىلھامى بىلەن جوڭگو گوڭچەنداڭنىڭ رەھبەرلىكىدە ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۈستىنى بېسىپ تۇرغان ئۈچ تاغنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشتىن ئىبارەت خەلق كۈرىشى توسۇپ ئالغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە قوزغالدى. خەلقئارا ۋە مەملىكىتىمىزدە مىللىي، سىنىپىي كۆرەش ئىنتايىن ئۆتكۈر ھالدا شەكىللەندى. خەلقئارا ۋە مەملىكىتىمىزدە شەكىللەنگەن مىللىي سىنىپىي كۆرەشلەرنىڭ يېڭى يۈزلىنىشى شىنجاڭ رايونىمىزغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتمەي قالمىدى.

لېكىن شىنجاڭ رايونىغا ئۇزۇن يىل ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەن جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنىڭ ئىستىبداتلىق سىياسىتىدە قىلچە ئۆزگىرىش بولمىدى. شىنجاڭدا مىللىي، سىنىپىي زۇلۇم ئوخشاشلا داۋاملاشتى ۋە ئۆتكۈرلەشتى. نەتىجىدە قومۇل ۋەقەسى يۈز بەردى. ئىچكىرىدىن ماجۇڭيىڭ چىقتى. خوجىنىياز ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار قاتارلىق مىللەتلەرنى ئاساسىي تايانچ كۈچ قىلدى. ماجۇڭيىڭ شىنجاڭدىكى خۇيزۇلارنى تايانچ كۈچ قىلدى. ئۇلارنىڭ سىياسىي مۇددىئاسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن

قەتئىينەزەر، دەسلەپتە ئۇلار بىرلىكتە جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىگە
قارشى يۈرۈش قىلىپ جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنىڭ ئاساسىنى تەۋ-
رەتتى. مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە، ئۈرۈمچىدە سىياسىي ئۆزگىرىش
بولۇپ، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇپ تاشلىنىپ، شېڭ شى-
سەي ھاكىمىيەتنى تارتىۋالدى. شېڭ شىسەي خوجىنىياز بىلەن
ماجۇڭيىڭ ئىتتىپاقىنى بۇزۇۋېتىش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، ئۈ-
رۈمچىدىكى نام، ئابرويى بار كىشىلەردىن روزىھاجى قاتارلىقلارنى
گۆچۈڭ تەرەپكە ئەۋەتىپ خوجىنىيازنى ئۆزىگە تارتقان. يەنە
بىر تەرەپتىن گۆچۈڭدا بولغان ئۇرۇشتا جىن شۇرېن ھۆكۈمەت
قوشۇنلىرى تەسلىم بولۇپ قورال تاپشۇرغاندا بۇ قورال-ياراق-
لارنى ماجۇڭيىڭ ئېلىۋالغان. بۇنىڭ بىلەن خوجىنىياز بىلەن
ماجۇڭيىڭنىڭ ئىتتىپاقى بۇزۇلغان (ئەمەلىيەتتە بۇ خوجىنىياز —
ماجۇڭيىڭ ئىتتىپاقىنى پارچىلىۋېتىش ئۈچۈن شېڭ شىسەينىڭ
يوشۇرۇن ئىشلەتكەن تاكتىكىسى ئىدى). خوجىنىياز — ماجۇڭيىڭ
ئىتتىپاقى بۇزۇلغاندىن كېيىن بۇ ئىككى ئادەمنىڭ ئوتتۇرىسىدا
شىمالىي شىنجاڭدىن جەنۇبىي شىنجاڭغىچە سوزۇلغان جايلاردا
نۇرغۇن ئۇرۇشلار بولدى. خوجىنىياز جەنۇبىي شىنجاڭغا چېكىنىپ
كەتتى. شېڭ شىسەي خوجىنىياز — ماجۇڭيىڭ ئوتتۇرىسىدا بو-
لۇۋاتقان ئۇرۇشلار پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئەسكىرىي كۈچلىرىنى
تەرتىپكە سېلىپ دەم ئېلىۋالدى. ئىچكى جەھەتتىن ھاكىمىيەتنى
مۇستەھكەملىدى. ماجۇڭيىڭ تارقاق كۈچلىرىنى توپلاپ، شىمالىي
شىنجاڭدىكى خۇيزۇلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ۋە تەشكىللەپ، تۇرپان
ۋىلايىتىدىكى ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە ئېلىپ، 8 — 10
مىڭدەك كۈچ توپلاپ، 1933 - يىلى قىش پەسلىدە شېڭ شىسەي
ھاكىمىيىتىگە قارشى يۈرۈش قىلىپ ئۈرۈمچى شەھىرىنى قاتتىق
مۇھاسىرىگە ئالدى. شېڭ شىسەي مۇشۇنداق قىيىن شارائىتتا
سوۋېت ھۆكۈمىتىگە مۇراجىئەت قىلىپ ياردەم بېرىشنى تەلەپ
قىلدى، ھەم سوۋېت ھۆكۈمىتى بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى. سوۋېت



قىزىل ئارمىيىسى تارباغاتايدىكى نامىدا چۆچەك چېگرىسىدىن
كىرىپ ماجۇڭيىڭ ئارمىيىسىنى تارمار قىلىپ تاكى خوتەنگىچە
قوغلىۋەتتى. شېڭ شىسەي مەملىكەت ئىچى ۋە شىنجاڭنىڭ شۇ
ۋاقىتتىكى ۋەزىيىتىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن جاھانگىرلىككە قارشى
تۇرۇش، مىللەتلەر باراۋەر بولۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست
بولۇش، تىنچ — ئىتتىپاق بولۇش، پارىخورلۇققا قارشى تۇرۇش،
يېڭى شىنجاڭ قۇرۇشتىن ئىبارەت ئالتە سىياسەتنى يولغا قويدى.
بۇ ئالتە سىياسەت پۈتۈن مەملىكەتتىكى جۈملىدىن شىنجاڭدىكى
ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن ئىدى. ھەر مىللەت
خەلقى بۇ ئالتە سىياسەتنى قوللىغان ھەم ھىمايە قىلغان. شۇ-
نىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ بىرقەدەر تىنچ دەۋرى باشلانغانىدى.
مىللىي، سىنىپىي زىددىيەتلەر بىرقەدەر پەسىيىپ، مەدەنىيەت —
مائارىپ ئىشلىرى بىرقەدەر تەرەققىي قىلىپ، سىياسىي، ئىدىيە
جەھەتتە مەلۇم سەۋىيىگە ئىگە بولدى. يېزا ئىگىلىكى، چارۋىچىلىق
ئىشلەپچىقىرىشىمۇ مەلۇم دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. خەلقنىڭ
تۇرمۇشىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ياخشىلاندى. سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بى-
لەن سودا ئالاقىسى كۈچەيتىلىپ خەلقنىڭ سانائەت بويۇملىرىغا
بولغان ئېھتىياجى قامدالدى. شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك، چارۋى-
چىلىق خام ئەشيالىرىمۇ بازار تاپقانىدى. سانائەتنىڭ ھېچبىر
ئاساسى بولمىغان شىنجاڭدا مەلۇم تەرەپلەردە سانائەتنىڭ بە-
زى يېڭى بىخلىرى پەيدا بولدى، قاتناش ترانسپورتىمۇ مەلۇم
دەرىجىدە ياخشىلاندى. شېڭ شىسەي ئادەتتە ئالتە سىياسەتنى
ئىجرا قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئاستىرتتىن ئۆ-
زىنىڭ ھەربىي قىسىملىرىنى كۈچەيتىش، ساقچى تورلىرىنى قۇ-
رۇش ۋە مۇستەھكەملەش ئارقىلىق تەدرىجىي ھالدا ئۆزىنىڭ يا-
ۋۇز ئەپتى — بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ، ئالدى بىلەن ھەر مىل-
لەت زىيالىيلىرىنى تۇتقۇن قىلىپ، يېڭىدىن گۈللىنىپ كېلىۋاتقان
مەدەنىيەت — مائارىپنى ۋەيران قىلىپ، خەلقنى جاھالەتتە تۇ-

تۈشتەك يېڭى مۇستەبىت يولىنى تۇتتى. جۈملىدىن تۈرلۈك يالغان دېلولارنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، شەھەر - يېزىلاردىكى ھەر مىللەتتىن تۆمەنلىگەن كىشىلەرنى تۇتقۇن قىلىپ، ئۇلارنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ، ئىنتايىن نۇرغۇن بايلىق توپلىدى. 1941 - يىلى دۇنيا ۋە مەملىكەت ۋەزىيىتىدە ئۆزگىرىش بولغاندىن كېيىن، شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى ئالتە سىياسەتنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچى ئەپتى - بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ، گومىنداڭ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، جياڭ جيېشىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى. شۇنىڭ بىلەن 1943 - يىلى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى شىنجاڭغا كىرىشكە باشلىغاندىن تارتىپ شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرى زاۋاللىققا يۈز تۇتتى. سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن سودا مۇناسىۋىتى ئۈزۈۋېتىلگەنلىكتىن شىنجاڭ خەلقى سانائەت بۇيۇملىرىنى ئىستېمال قىلىشتىن مەھرۇم بولدى. يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق خام ئەشيالىرىنىڭ چىقىش يولى بولمىدى. ھەر مىللەت خەلقلىرى كىيىم - كېچەك ۋە باشقا تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى جەھەتتە ئوتتۇرا ئەسىر قول ھۈنەرۋەنچىلىكىگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. گەرچە شەخسىي سودىگەرلەر ئىچكىرىدىن سانائەت بويۇملىرىنى يۆتكىگەن بولسىمۇ، يول يىراق، قاتناش قىيىن بولغىنى ئۈچۈن باھاسى قىممەت ئىدى. شىنجاڭدىكى كەڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تەلىپىنى شەخسىي سودىگەرلەر قاندۇرۇپ كېتەلمەيتتى. يۇقىرىقى سەۋەبلەر نەتىجىسىدە يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى تۆۋەنلەپ خەلق تۇرمۇشى خارابلاشتى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچى دائىرىلىرى ھەددەپ ئەسكەر كۆپەيتكەنلىكتىن، خەلقنىڭ ئارمىيىنى تەمىنلەش يۈكى يىلدىن - يىلغا ئېغىرلاشتى. ئالۋان - ياساق ئۆزلۈكسىز كۆپىيىپ باردى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ئارمىيىسىنىڭ خەلققە قىلغان زورلۇق - زومبۇلۇقلىرى ھەددىدىن ئاشتى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى دائىرىلىرى، ھەربىيلىرى مىللىي كەمسىتىش، مىللىي



دىنىي ئۆرپ - ئادەتلەرنى مەسخىرە قىلىش ۋە ھاقارەتلەش ۋەقەلىرىنى ئۆزلۈكسىز پەيدا قىلىپ تۇرغانلىقتىن مىللىي مۇناسىۋەت كەسكىنلەشتى. ئۇلارنىڭ بەزى سىياسەتلىرى سىنىپىي كۆرەشنى چىدىدىلەشتۈردى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچى دائىرىلىرى بىلەن ھەربىيلىرىنىڭ زورلۇق - زومبۇلۇقلىرى يەتتە ۋىلايەتتىمۇ ئوخشاشلا يۈز بېرىپ، بىزنىڭ ناھىيىمىز توقسۇنمۇ ئامان قالمىدى.

1. ناھىيىمىزدە گومىنداڭنىڭ بىر يىڭ پىيادە ئەسكىرى تۇرغان بولۇپ، ئۇلار 1946 - يىلى 8 - ئايغىچە كۆپلىگەن ۋەقەلەرنى پەيدا قىلدى. مەسىلەن، (1) 1945 - يىل 5 - ئايدا قىمارۋازلارنى تۇتىمىز دەپ بىر بەن قوراللىق ئەسكىرىنى چىقىرىپ لى خۇيجاڭ دېگەننىڭ دېگىنى ئوققا تۇتۇپ ھارۋا ياساۋاتقان مۇتەللىپ مۇجاڭ دېگەن كىشىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، خودۇڭ يېزا قوش گۇمبازلىق ھوشۇر دېگەننى ئېغىر يارىدار قىلدى. يەرلىك ھۆكۈمەت ۋە ھەربىيلەر بۇ قانلىق ۋەقەنى سەۋەنلىكتىن ئوق چىقىپ كېتىپتۇ، دەپ مەسئۇلىيەتنى سۈرۈشتۈرمەي بېسىۋەتتى؛ (2) شۇ يىلى 6 - ئايدا شۇ ھەربىيلەردىن بىر قانچىسى شەھەرگە يېقىن يەردىكى سەيپۇل ئاكىنىڭ پىشمىغان قوغۇنلۇقىغا باستۇرۇپ كىرىپ دەسسەپ - چەيلەپ خام سويمىلارنى ئۈزۈپ قوغۇنلۇقنى ئېغىر دەرىجىدە نابۇت قىلغان. سەيپۇل ئاكا بۇ خىل زوراۋانلىققا چىدىماي قارشىلىق كۆرسەتكەندە بۇ كىشىنى باغلاپ قويۇپ ئۇرغان ۋە يىڭبۇغا ئىككى كۈن قاماپ ئېسىپ قويۇپ ئۇرۇپ ئاندىن قويۇپ بەرگەن؛ (3) دېھقانلارنىڭ كۈزلۈك زىرائەتلىرىنى يىغىۋالغاندىن كېيىن چارۋا ماللىرىنى ئېتىزلىققا قويۇۋېتىدىغان ئادىتى بار. مەزكۇر ھەربىيلەر بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاشكارا ھالدا ئون نەچچە تۇياق قوي، ئۈچ باش كالىنى ئىلگىرى - كېيىن يىغىۋېلىپ ھەيدەپ ئەكىرىپ سويۇپ يەپ كەتتى. مال ئىگىلىرى ھەربىيلەرنىڭ زوراۋانلىقىدىن قورقۇپ قارشىلىق قىلالمىدى ھەم دەۋامۇ قىلالمىدى. دەۋا قىلغان

بىلەن ئاقمايتتى؛ (4) توقسۇن خەلقى تارىختىن تارتىپ قومۇش يىلتىزى ۋە يانتاق قالايتتى. ھەربىيلەر يېقىلغۇ ئۈچۈن قاتتىق ئوتۇن بېرىش توغرۇلۇق بېسىم ئىشلەتكەندە خەلق ئۇلارنى رازى قىلالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ھەربىيلەر خەلقنىڭ دەل - دەرەخلىرىنى كېسىپ قالغاندىن سىرت، يەرلىك مۇسۇلمانلار تارىختىن تارتىپ ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن «سىرىغ باش ئاتا» ناملىق مازارنىڭ ئەتراپىدىكى تېخى قول تەگمىگەن يۇلغۇنلۇق ئورمانىنى كېسىپ تۈگەتتى، شۇنداقلا خەلقنىڭ مازارغا باغلىغان تۇغ، موما ياغاچلىرىغىچە قالاپ كەتتى؛ (5) ئەكسىيەتچى ئارمىيەلەر مۇسۇلمانلارنىڭ مەسچىت، جامەلىرىگە كىرىپ ئۇلارنىڭ ناماز ئوقۇشلىرىنى دوراش، مەسخىرە قىلىش، شەھەر - يېزىلاردا ئاياللارغا چاقچاق قىلىش، كوچا، كىنو تىياتىرخانىلاردا زورلۇق زومبۇلۇق قىلىپ ئادەم ئۇرۇش، يەرلىك خەلقنىڭ توي تۆكۈنلىرىگە باستۇرۇپ كىرىشتەك ھەر خىل بىمەنە قىلىقلاردىن قىلمىغىنى قالمىدى. مەسىلەن، 1946 - يىلى 6 - ئايدا شەھەر ئەتراپىدىكى ھەمدۇل ھاجى دېگەن كىشىنىڭ ئۆيىدە توي بولىۋاتقاندا (توي بولىۋاتقان ئۆي ئالدىدا چوڭ ئۆستەڭ بار) بىر بەن گومىنداڭ ئەسكىرى ئۆستەڭدە سۇغا چۆمۈلگەن ھەم قىپيالىڭاچ ھالدا توي ئۆستىگە بېسىپ كىرىپ تۈرلۈك بىمەنە قىلىقلارنى قىلىپ تويىنى بۇزغان. (6) 1946 - يىلى 4 - ئايدا گومىنداڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا قاتناۋاتقان ھەربىي شوپۇرلىرى قەشقەردىن بەكرى ھاجى، ئىبراھىم ئاخۇن دېگەن سودىگەرلەرنىڭ مېلىنى ئۈرۈمچىگە كىرا قىلغان ھەم بىر ئۇيغۇر قىزنى ئالداپ ئېلىپ ماڭغان. بۇ سودىگەرلەر يول بويى قىزغا خىزمەت ئىشلەپ ئۈششاقتالغا كەلگەندە قىزنى قاچۇرۇۋەتكەن. بۇنىڭدىن نارازى بولغان شوپۇرلار بەكرى ھاجى، ئىبراھىم ئاخۇنلارنى توقسۇنغا كەلگىچە يول بويى ئۇرغان، توقسۇنغا كەلگەندە، بۇ ئىككى سودىگەر بازارغا قېچىپ كىرىپ يوشۇرۇنغان. شوپۇرلار بەكرى ھاجىنى تېپىۋېلىپ



ئۆزلىرى چۈشكۈن قىلغان چوڭ كۆۋرۈككىچە يول بويى ئۇرۇپ ھەيدەپ ماڭغان. دەسلەپتە ئەھۋالنى كۆرگەن كىشىلەر ۋەقەنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولۇپ ئەگىشىپ ماڭغان، يول بويى ئادەم كۆپىيىپ چوڭ كۆۋرۈككە يېتىپ بارغاندا، ئامما بۇ سودىگەرنى ئاجرىتىپ ئالماقچى بولۇپ ھەربىي شوپۇرلار بىلەن تالاش - تارتىش قىلىشقان. بۇ تالاش - تارتىش ئۈستىگە غوپۇر گەيجاڭ دېگەن كىشى كېلىپ ۋەقەنى ئېنىقلىماقچى بولۇۋاتقاندا ھەربىي شوپۇرلارنىڭ پەيجاڭى ئوق چىقىرىپ، غوپۇر گەيجاڭنى ئېغىر يارىدار قىلغان. نەق مەيداندا بولغان ياشلاردىن ئابلىمىت، خالىق، ھېسامىدىن، ھەمدۇللالار پەيجاڭنىڭ قورالىنى تارتىۋېلىپ قورالنى يەرلىك ھۆكۈمەتكە تاپشۇردى. غوپۇر گەيجاڭ قۇتقۇلدۇرۇش ئۈنۈم بەرمەي ئۆلۈپ كەتتى. يەرلىك ھۆكۈمەت بۇ ۋەقەگە مەسئۇل بولماي پەيجاڭنىڭ قورالىنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ بېرىپ يولغا سالغان. بۇ ۋەقەدىن غەزەپلەنگەن ئامما ئىنقىلابىي زىيالىي ياشلارنىڭ باشلامچىلىقىدا كەڭ كۆلەملىك نامايىش ئۆتكۈزۈپ، يەرلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ خەلققە مەسئۇل بولۇپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ئارمىيىلىرىنىڭ زوراۋانلىقلىرىنى توختىتىش توغرىسىدا پىكىر - تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، يەرلىك دائىرىلەر ئامما پىكىر - تەلەپلىرىگە پىسەنىمۇ قىلمىدى (بۇ ھەقتە توقسۇن ئىلغار ياشلىرى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ئارمىيىسى بىلەن يەرلىك دائىرىلەرنىڭ قىلمىشلىرىغا ئېتىراز بىلدۈرۈپ شۇ ۋاقىتتا شىنجاڭ گېزىتىدە شىكايەتنامە ئېلان قىلغان). دېمەك، 1945-، 1946 - يىللىرى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى دائىرىلىرى بىلەن ئەكسىيەتچى ئارمىيىنىڭ ناھىيىمىزدە مىللىي، دىنىي جەھەتلەردىكى كەمسىتىش ۋە ھاقارەتلىرى، تۈرلۈك - تۈرلۈك زورلۇق - زومبۇلۇقلىرى، شۇنىڭدەك ئۇلار ئۈزلۈكسىز پەيدا قىلغان قانلىق ۋەقەلەر توقسۇن خەلقى ۋە زىيالىيلىرىنىڭ چوڭقۇر غەزەپ - نەپرىتىنى قوزغىدى.

مۇشۇ تۆت يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ناھىيىمىزدە يۈز بەرگەن تۈرلۈك زوراۋانلىق، قانلىق ۋەقەلەردە بىر قىسىم ئىلغار زىيالىي ياشلار خەلق ئاممىسىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ باشلامچىلىق قىلىپ، بىرنەچچە قېتىم چوڭ سىياسىي كۈرەشلەرنى ئېلىپ باردى. خەلق ئاممىسىغا گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىنىڭ رەزىل ماھىيىتىنى پاش قىلىپ، تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، كۈرەش ئىرادىسىنى چىڭىتتى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى توغرىسىدىكى تەشۋىقاتلار توقسۇن خەلقىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەش قىلىشىغا زور ئىلھام بەردى. توقسۇن ئىلغار زىيالىيلىرىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلاردىكى سىياسىي كۈرەشلىرى تەشكىلىي رەھبەرلىكى بولغان ئاساستا ئىزچىل ئېلىپ بېرىلغان، ۋەقە يۈز بەرگەندە قوزغىلىپ، ۋەقە ئۆتكەندىن كېيىن توختىغان.

2. توقسۇن ئىنقىلابىي ياشلار تەشكىلاتىنىڭ تەشكىل قىلىنىشى، 1945 ـ، 1946 ـ يىللىرىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن ئارمىيىسى تۇغدۇرغان قانلىق ۋەقەلەرگە قارشى كۈرەشلەردىن ئىلغار زىيالىيلار مەلۇم كۈرەش تەجرىبىسىگە ئىگە بولدى. خەلق كۈرەش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىپ ئويغاندى. ئىلغار زىيالىيلار، ياشلار ۋە دېھقانلار ئىچىدە 1946 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئېلان قىلىنغان ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىي پروگراممىسى بىلەن 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىنى ھىمايە قىلىش ۋە قەتئىي، ئىزچىل ئىجرا قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى ئاساس ھازىرلاندى. مۇشۇنداق پايدىلىق شارائىتتا كېيىنكى كۈرەشلەرنى تەشكىلىي رەھبەرلىكى، ئېنىق نىشانى بولغان ئاساستا داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىلغار زىيالىي ياشلاردىن ئەبەيدۇللا باقى، شېرىپ پەتتارلارنىڭ تەشەببۇسكارلىقى بىلەن، 1946 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئۆتكەنكى كۈرەشلەرنىڭ



ئاۋانگارتلىرىدىن ئەھمەتۇللا مەسۇم، ياسىن ئىبراھىم، باقىر غازى، جامال غوپۇر، لېتىپ كېۋىر، ھېسامىددىن ھوشۇر، ئادىل تاھىر، ھەيتى نەئىم، مۇھەممەت نىياز، ئەزىمەتلەردىن ئىبارەت 11 كىشىدىن تەركىب تاپقان بىر تەشكىلاتنىڭ يادروسى شەكىللەندى. تەشكىلات ئەزالىرى ياش جەھەتتىن ئالغاندا چوڭلىرى 26 ياش، كىچىكلىرى 23 ياش ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى 1939 ـ، 1940 ـ يىللىرى ئۈرۈمچى سىفەن مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ كېلىپ ناھىيىنىڭ مائارىپ ساھەسىدە ئىشلەۋاتقانلار، بەزىلىرى ئۈرۈمچى تېخنىكوملارنى پۈتتۈرۈپ كەلگەنلەر ئىدى. ئۇلار سىفەن ۋە تېخنىكوملاردا سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرا ئاسىيا دارىلفۇنۇنىنى پۈتتۈرۈپ كەلگەن ئوقۇتقۇچىلار بىلەن جۇڭگو گۇڭچەنداڭنىڭ شىنجاڭغا ئەۋەتكەن كوممۇنىستلىرىدا ئوقۇپ تەلىم ئالغان. جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ماركسىزملىق پەلسەپە توغرىسىدا بەرگەن لېكسىيىلىرىنى ئاڭلىغان. ماركسىزم ـ لېنىنىزم ھەققىدە بىلەن ئازدۇر ـ كۆپتۇر تونۇشقان، ماركسىزم ـ لېنىنىزم، گۇڭچەنداڭغا نىسبەتەن مەلۇم دەرىجىدە ئېتىقاد ئورناتقان، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئەكسىيەتچى ماھىيىتىگە قارىتا مەلۇم تونۇشقا ئىگە بولغان ياش زىيالىيلار ئىدى. بىز سىياسىي كۈرەش جەھەتتىكى تەجرىبىلەرنىڭ يېتەرسىزلىكىنى ھېس قىلىپ تەشكىلاتقا ياش جەھەتتىن چوڭراق، ئۆزىنى توختاتقان، بەلگىلىك سىياسىي سەۋىيە بىلەن بىلىم سەۋىيىگە ئىگە، خەلق ئىچىدە بىر قەدەر ئىناۋىتى بولغان بىر كىشىنىڭ تەشكىلاتىمىزغا رەھبەرلىك قىلىشىنى ئويلىشىپ، خودۇك يېزىلىق مەكتەپنىڭ مۇدىرى ئابدۇۋەلى ھوشۇرنى تاللاپ، ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە تەشكىلاتىمىز سىياسىي ۋە تەشكىلىي قۇرۇلۇش جەھەتلەردىكى پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى.

تەشكىلاتىمىزنىڭ دەسلەپكى پروگراممىسى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى قوللاشتىن ئىبارەت بولۇپ، كونكرېت پائالىيەتلەر

جەھەتتە مەخپىي ھالدا تەشكىلاتنى كېڭەيتىش، تەشكىلات ئەزالىرى ئارقىلىق ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە خەۋەرلىرىنى ھەم ئۇلارنىڭ سىياسىي، ھەربىي جەھەتتىكى پائالىيەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش، گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ ئۇرۇشتىكى مەغلۇبىيەتلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى رەزىل ماھىيىتىنى خەلق ئارىسىدا پاش قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى ئېلىپ باردۇق.

1946 - يىل 1 - ئايدا گومىنداڭ نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ۋەكىلى جاڭ جىجۇڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ كېلىشىمگە ئاساسەن تەشكىل قىلىنغان ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىي پروگراممىسى بىلەن 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىم ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن تەشكىلاتىمىزنىڭ كۆرەش نىشانىسى سىياسىي پروگراما بىلەن 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمنى ھىمايە قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدە ئىجرا قىلىنىشى ئۈچۈن كۆرەش قىلىشتىن ئىبارەت بولدى. باش تەشكىلات قۇرۇلۇش بىلەنلا باش تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ خىزمەت تەقسىماتى مۇنداق بولغان:

1) تەشۋىقات خىزمىتىگە ئەبەيدۇللا باقى، مۇھەممەت نىياز، نەمەت، باقىر غازىلار مەسئۇل بولدى؛

2) تەشكىلىي خىزمەتكە شىرىپ پەتتار مەسئۇل بولغاندىن سىرت ئەبەيدۇللا باقى، مۇھەممەت نىياز، نەمەت، باقىر غازىلار قوشۇمچە ئىشلىدى؛

3) ئاخبارات، قوغداش ئىشىغا جامال غوپۇر، ھېسامىددىن ھوشۇر، لېتىپ كېۋىرلەر مەسئۇل بولدى.

4) تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى تەييارلاش، بېسىش، تەمىنلەش ئىشلىرىغا ئەسمىتۇللا مەسۇم، ئادىل تاھىر، ياسىن ئىبرايىم، ھەيتى نەئىملەر مەسئۇل بولدى. تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ خىزمەت تەقسىماتى مەسئۇلىيەت دائىرىسى بىلەن چەكلىنىپ



قالماي، كۆپىنچە ھاللاردا ئۆملىشىپ بىرلىكتە پائالىيەت ئېلىپ باردى. ئايرىم مۇھىمراق ئىشلارنى تەشكىلات ئەزالىرى ئۆزئارا باش قوشۇپ كېڭىشىپ ئاندىن بېكىتتى.

1946 - يىلى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەشكىللەنگەن تەشۋىقات ئۆمىكى ناھىيىمىزگە كېلىپ سىياسىي پروگراما بىلەن 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمنىڭ مەزمۇنلىرىنى يەتكۈزدى، ھەم سىياسىي پروگراما بىلەن بىتىمنىڭ روھىنى كەڭ دائىرىدە تەشۋىق قىلىپ ھەممە ئادەمنى خەۋەردار قىلىش بىلەن يىل ئاخىرىغىچە ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنى خەلقچىللىق ئاساسىدا ئۆزگەرتىپ سايلاپ چىقىش تەلىپىنى قويدى.

دېموكراتىك ئاساستا ناھىيىلەردىكى ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنى سايلاش ئۆلكىمىز تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر يېڭى سىياسىي ئەھۋال ئىدى. كەڭ خەلق ۋە زىيالىيلار بۇ يېڭى سىياسەتتىن ئىنتايىن ھاياجانلاندى. مۇنداق يېڭى سىياسىي ۋەزىيەتنى گومىنداڭ ھاكىمىيەت ئورگانلىرى ئۈستىگە ئېلىپ ئىجرا قىلىشى مۇمكىنمۇ؟ ئۇلارنىڭ سىياسىي پروگراممىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ بۇ ۋەزىيەتنى ئورۇندىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە.

3. تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىمزالىنىشى، بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىل قىلىنىشى ۋە سىياسىي پروگراممىنىڭ ئېلان قىلىنىشى تەشكىلاتىمىزنىڭ كەڭ دائىرىدە ئاشكارا پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت ھازىرلىدى.

شۇ چاغدا بىز مۇنداق پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردۇق:

1) ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن سىياسىي پروگراما ۋە 11 ماددىلىق بىتىمنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىنى يازما ھالدا تارقىتىش ۋە تۈرلۈك سورۇنلاردا نۇتۇق سۆزلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق خەلق ئاممىسىغا ئىزچىل ۋە چوڭقۇر تەشۋىقات ئېلىپ بېرىلدى.

2) يېزىلاردا تەشكىلاتىنىڭ شۆبىلىرى قۇرۇلۇپ، ئەزالىرى تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. ھازىرقى بوستان يېزا بورىبولاقتا ئاقۇپ ئېزىز، ھېسامىددىن يۇسۇپلەر باشچىلىقىدىكى 1 - شۆبە تەشكىلات، كونا ئاخۇنكارىزدا قېيۇم توختى باشچىلىقىدىكى 2 - شۆبە تەشكىلات، يىلانلىق يېزىسىدا سەتتارخان باشچىلىقىدىكى 3 - شۆبە تەشكىلات، خودۇڭ يېزىسىدا قېيۇم شەمشى باشچىلىقىدىكى 4 - شۆبە تەشكىلات، ناھىيە بازىرىدا باش تەشكىلاتنىڭ بىۋاسىتە يېتەكچىلىكىدىكى 5 - شۆبە تەشكىلاتلار قۇرۇلۇپ ئەزالىرى 250 نەپەرگە يەتكۈزۈلدى.

3) ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىنىپ ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەركىبىدە ئاشكارا ئىشقا كىرىشىش بىلەنلا تەشكىلاتىمىز ئەبەيدۇللا باقى قاتارلىق ۋەكىللىرىمىزنى بەلگىلەپ، تۇرسۇن ئابدۇرېھىمنىڭ ۋاستىچىلىقى بىلەن ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوپلار بىلەن كۆرۈشۈپ، مۇناسىۋەت ئورناتتى.

1947 - يىلى تىنچلىق بىتىم بۇزۇلۇپ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ۋەكىللىرى ئۈرۈمچىدىن كەتكەنگە قەدەر، تەشكىلاتىمىز ھەربىر ھالقىلىق پەيتلەردە ۋەكىل ئەۋەتىپ تۇرسۇن ئابدۇرېھىم، ئابلىمىت مەخسۇتوۋلار ئارقىلىق ئەخمەتجان قاسىمى، سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىق رەھبەرلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، تەشكىلاتىمىزنىڭ پائالىيەتلىرىنى دوكلات قىلىپ، يېڭى ۋەزىپىلەر توغرۇلۇق يوليورۇق ئېلىپ تۇردى. بەزى مۇھىم پەيتلەردە ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ مۇھىم يوليورۇقلىرىنى تۇرسۇن ئابدۇرېھىم يەتكۈزۈپ تۇردى.

4) كەڭ خەلق ئاممىسى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈلگەن ئاساستا، ناھىيىنىڭ كونا ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنى دېموكراتىيە ئاساسىدا قايتا ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى. ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ سايلام ئېلىپ بېرىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە - قائىدىسىگە ئاساسەن، ئالدى بىلەن



سايلامغا تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتى تەشكىل قىلىندى. تەييارلىق ھەيئىتى ھەر مىللەت، ھەر ساھە كىشىلىرىدىن كەڭ كۆلەمدە پىكىر ئېلىش ئارقىلىق ناھىيىلىك سەنىيىخۇينى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ: «بىرىنچىدىن، بىرلىكسەپ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، ئىككىنچىدىن، مىللىي ئىتتىپاقلىققا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك» دېگەن يوليورۇقى باشتىن - ئاخىر ئىزچىللاشتۇرۇلدى. تەشكىلاتىمىز سايلاۋغا تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتىگە ياردەملىشىپ خەلق ئاممىسىغا خىزمەت ئىشلەش ۋە چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق يۇرت مۆتىۋەرلىرى ئىچىدىكى تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەر، دىنىي ساھەدە نوپۇزى بار كىشىلەر، خەنزۇ، خۇيزۇلار ئىچىدە ۋەكىللىك سالاھىيىتىگە ئىگە تۆۋەندىكى كىشىلەردىن تەركىب تاپقان سەنىيىخۇي ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى، بۇلار: مىرزەم ھاجى، ھامۇت داموللا، مۇھەممەت ئەلەمئاخۇن، ئابدۇۋەلى ھوشۇر، ھامۇت خوجا، ھەمدۇل ئابدۇمەت، ھەمدۇل روزى، تۆمۈر ھاجى، ئابلاباي، لىيودىساڭ (خەنزۇ)، فاڭ يۈتيەن (خۇيزۇ) قاتارلىق 15 كىشىدىن ئىبارەت ئىدى (1946 - يىلى توقسۇن ناھىيىسىدە 30 مىڭدەك نوپۇس بولۇپ خەنزۇلارنىڭ نوپۇسى 500 گە يەتمەيتتى. خۇيزۇلارنىڭ نوپۇسى 2500 ئەتراپىدا ئىدى. بۇ ئىككى مىللەتنىڭ ھەر بىرىدىن بىردىن كىشى سەنىيىخۇي ئەزالىقىغا كىرگۈزۈلدى).

سەنىيىخۇينى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش، ناھىيىنىڭ يېڭى رەھبەرلىك ئورگىنىنى تەشكىللەش ئانچە ئوڭۇشلۇق بولمىدى. بىرىنچىدىن، گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى بىلەن يەرلىك ئەكسىيەتچىلەر، ئۇيغۇرلار سايلام ئۆتكۈزۈپمىز دەپ ناھىيىنىڭ ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدىكى خەنزۇ، خۇيزۇلارنى ھەيدەپ چىقارماقچى دەپ ئۆسەك تارقىتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلماقچى بولدى. تەشكىلاتىمىز بۇ خىل زەھەرلىك سۇيىقەستلەرنى پاش قىلىپ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدىكى نورماللىقنى ساقلاپ،

سايلام خىزمىتىنىڭ ۋە رەھبەرلىك ئورگان قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

3. ھەمدۇل ئابدۇمەت ۋەقەسى يۈز بەردى. ھەمدۇل ئابدۇمەت سايلام خىزمىتى يېقىنلاشقاندا ناھىيىگە شىيەنجاڭ بولۇش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى. بۇندىن باشقا گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى 1946 - يىلى كۈزدە ئادەتتىكىدەك پاراق ئاشلىق ئالغاندىن سىرت، 3 مىڭ دادەن ئاشلىق سېتىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى چۈشۈرۈپ، بۇ ئاشلىقنى يىغىپ ئالغاندىن باشقا يەنە 3 مىڭ دادەن سەي مەيلىياڭ ۋەزىپە چۈشۈرگەن، ناھىيىمىز كىچىك ناھىيە بولغىنى ئۈچۈن مۇنداق زور مىقداردىكى ئاشلىق ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ۋەھالەنكى، ھەمدۇل ئابدۇمەت بىلەن قورچاق شىيەنجاڭنىڭ خىزمەتچىسى ۋاھاپ قارىلار ئۈچىنچى قېتىملىق سەي مەيلىياڭنى تاپشۇرۇش توغرىسىدا يېزىلارغا چىقىپ خەلققە ھەيدەكچىلىك قىلغان. تەشكىلاتىمىز ھەمدۇل ئابدۇمەتنى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا چاقىرىپ ئۇنىڭ يۇقىرىقىدەك ئىشلىرىنى ئەيىبلىدى. ئىككىنچى كۈنى ھەمدۇل ئابدۇمەت رەھبەرلىكىدە تەشكىل قىلىنغان «ئىستىقلالىيەت» تەشكىلاتىنىڭ بىرنەچچە ئادىمى توتەي يېزىسىدىن 50 - 60 تەك ئادەمنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا توپلاپ بىزنىڭ تەشكىلاتىمىزنى ئەيىبلەپ يىغىن ئاچتى. تەشكىلاتىمىز بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ ئاممىغا ھەقىقىي ئەھۋال توغرىسىدا چۈشەنچە بەرمەكچى بولغاندا، بەزى ئوتتۇرا يول ئېقىمىدىكى كىشىلەرنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىدى. تەشكىللىگۈچىلەر ئالدىراپ - تېنەپ يىغىننى ئاياغلاشتۇرۇپ ئاممىنى تارقىتىۋەتتى.

1946 - يىل 8 - ئايدىن 12 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان تۆت يېرىم ئايدەك ۋاقىتتا خەلق ئاممىسىغا تەشۋىق قىلىش، سەپەرۋەر قىلىش، سەنيىخۇي نامزاتلىرىنى تاللاش، مۇ-



ۋاكىرە قىلىش، بېكىتىش خىزمەتلىرى غەلىبىلىك ئاياغلاشتۇرۇلدى. 12 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى سەنيىخۇينىڭ بىرىنچى نۆۋەتلىك يىغىنىنى ئېچىپ، يىجاڭ، فۇيىجاڭلارنى سايلاش، ناھىيىنىڭ شىيەنجاڭ، فۇشىيەنجاڭلىرىنىڭ نامزاتلىرىنى مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىش بەلگىلەندى. سەنيىخۇينىڭ يىجاڭلىرىنى سايلاشتا سەنيىخۇي ئەزالىقىغا بەلگىلەنگەن كىشىلەر بىلەن ئايرىم - ئايرىم ھالدا پىكىرلىشىش ئارقىلىق سەنيىخۇينىڭ مۇدىرلىقىغا مىرزەم ھاجى سايلاندى (مىرزەم ھاجى باي ئادەم بولۇپ، يۇرت ئىچىدە ۋە دىنىي ساھەدىمۇ نوپۇزى بار، تەرەققىيپەرۋەر ئادەم ئىدى، تەشكىلاتىمىزنىڭ ھەرىكەتلىرىنى ئىزچىل قوللىغان ئىدى. ھەم تەشكىلاتىمىزنىڭ رەھبىرى ئابدۇۋەلى ھوشۇرنىڭ تۇغقىنى ئىدى.) سەنيىخۇينىڭ يىجاڭرىنى سايلاش تاماملىنىشى بىلەن ناھىيىنىڭ شىيەنجاڭ، فۇشىيەنجاڭلىرىنى سايلاش توغرىسىدا سەنيىخۇي ئەزالىرى مۇزاكىرە قىلىشقا كىرىشتى. كۆرسىتىلگەن نامزاتلارنىڭ سالاھىيەتلىرىنى بىر - بىرلەپ سېلىشتۇرۇش نەتىجىسىدە دىنىي ساھەدىن ھامۇت داموللام شىيەنجاڭلىققا، ياشلار ۋەكىلى بولۇپ ئابدۇۋەلى ھوشۇر فۇشىيەنجاڭلىققا سايلاندى. سايلامدىن ئىلگىرى تەييارلىق ھەيئىتى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە دوكلات قىلىپ، سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى. ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت چۈي ۋۇ (ھازىر مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى)، مەرھۇم قالى ئاباكوۋلارنى سايلامغا نازارەت قىلىش ئۈچۈن ناھىيىمىزگە ئەۋەتتى. تەشكىلاتىمىز ئايرىم ھالدا ئۇلارغا سايلام تەييارلىق خىزمەتلىرىنىڭ ئېلىپ بېرىلىش ئەھۋالى ۋە جەريانى توغرىسىدا تەپسىلىي دوكلات قىلدى. ئۇلار تەييارلىق خىزمەتلىرى توغرا، ياخشى ئىشلەنگەن دەپ ھېسابلاپ، سايلامغا باشتىن - ئاخىر نازارەتچىلىك قىلىپ تۇردى.

ھامۇت داموللىنىڭ شىيەنجاڭ، ئابدۇۋەلى ھوشۇرنىڭ فۇ-

شيەنجاڭلىقتا سايلىنىشى تەشكىلات ئەزالىرىمىزنى ھاكىمىيەت ئورگانلىرىغا كىرىپ ئىشلەش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى. تەشكىلاتىمىز باش تەشكىلات ئەزالىرىدىن ئەبەيدۇللا باقىنى ئىشخانا مۇدىرلىقىغا، مۇھەممەت نىياز نەزمەتنى مائارىپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىغا، ئۈرۈمچىدە سۈچىلىق كەسپىدە ئوقۇپ ئىشلىگەن شېرىپ پەتتارنى تەمىرە يۇلۇمىنىڭ كوجاڭلىقىغا، شۆبە تەشكىلات ئەزاسى، تەرەققىيپەرۋەر زىيالىي ھامۇت خوجىنى سۇتنىڭ باشلىقلىقىغا، باش تەشكىلات ئەزاسى ھېسامىدىن ھوشۇرنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قوغداش خىزمىتىگە، جامال غوپۇرنى ساقچى ئىدارىسىنىڭ جۇيجاڭلىقىغا (ناھىيىلىك ھۆكۈمەت جامال غوپۇرنى جۇيجاڭلىققا بەلگىلەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەچكە، ئۆلكىلىك مىنجېڭتىڭ ئابامىسلىمنى جۇيجاڭلىققا تەيىنلەپ بۇيرۇق چۈشۈرۈۋەتكەنلىكتىن، جامال غوپۇر فۇجۇيجاڭ بولدى.) ئادىل تاھىر ھەيتى نەئىمالەرنى ساقچى كادىرلىقىغا بەلگىلەش بۇيرۇقى چۈشۈرۈلدى.

1941 - يىل 1 - ئايدىن باشلاپ تەشكىلات ئەزالىرىمىزدىن بولغان يۇقىرىقى كىشىلەر خىزمەت باشلىدى. يېزا باشلىقلىقىغا تۆۋەندىكى كىشىلەر سايلىنىپ ئورۇنلاشتى: بوستان يېزىسىغا شۆبە تەشكىلات باشلىقى قېيۇم توختى، يىلانلىق يېزىسىغا شۆبە تەشكىلات ئەزاسى غوپۇر سەتىم، جودۇڭ يېزىسىنى ئۈچكە ئايرىپ شۆبە تەشكىلات ئەزاسى ھەمدۇل روزى، ئاھمىدىن زايىر ئاخۇن، كېرەم بۆرىلەر شاڭجاڭلىققا سايلاندى. تونەي يېزىسىدا بىزنىڭ تەسىر كۈچىمىز ئاجىزراق بولغانلىقتىن، ئەسلىدىكى يېزا باشلىقى نىياز ھەيتىنى ئۆز ئورنىدا قالدۇردى. باشقا تارماقلاردىكى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرمۇ ئۆز خىزمەتلىرىنى داۋاملاشتۇردى. ناھىيىلىك ھۆكۈمەت شتاتىنىڭ بوش ئورۇنلىرىغا ئابلىمىت روزى، بۇرھانىدىن لىتىپ، خوجەخمەت ئاۋامىدىلىم، ئەبەيدۇللا ھامۇتلار قوبۇل قىلىنىپ تولۇقلاندى. ساقچى ئىدارى-



سىگە شۆبە تەشكىلات ئەزالىرىدىن ئون نەچچە نەپەرى كىرگۈزۈلۈپ، ساقچى ئەسكەرلەر تولۇقلاندى.

1945 - يىلدىن 1947 - يىلغا قەدەر جاپالىق، قانۇنلۇق سىياسىي كۈرەشلەر ئارقىلىق تەشكىلاتىمىز ناھىيىدە كەڭ ئىجتىمائىي ئاساسقا، تايانچ كۈچكە، ناھىيىنى ئىدارە قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ناھىيىمىزدىكى ئىجتىمائىي ئاساسى ئاجىزلىدى. گومىنداڭ شەنداڭبۇ دەرۋازىسىنى تاقاپ، شۇجىسى يۈشۈبا (خۇيزۇ) ئۈرۈمچىگە تىكىۋەتتى. ناھىيىمىزدە پەقەتلا گومىنداڭ ھەربىي قىسىملىرى، ئىشپىيونلار ۋە يەرلىك ئەكسىيەتچىلەرلا قالغانىدى.

4. 1947 - يىل 1 - ئايدىن 4 - ئايغىچە ناھىيىمىزدە بىرقەدەر تىنچلىق ھۆكۈم سۈردى. لېكىن ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن 25 - فېۋرال ۋەقەسىدىن كېيىن گومىنداڭ دائىرىلىرى ناھىيىمىزدە تۇرۇۋاتقان بىر يىڭ پىيادە، ئەسكىرىي قىسىمىنىڭ ئورنىغا ماچېڭشياڭنىڭ ئاتلىق قىسمىدىن ئىككى لىيەننى يۆتكەپ ھەربىي كۈچىنى كۈچەيتتى. 1947 - يىلى 4 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى تەشكىلاتىمىزغا - تۇرپاندىكى ئابدۇراخمان مۇھىتلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ شۇلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشنى ئۇقتۇردى. تەشكىلاتىمىز ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن ئابدۇۋەلى ھوشۇر، ئەبەيدۇللا باقىلارنى تۇرپانغا ئەۋەتىپ، ئابدۇراخمان مۇھىتلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتتى. ئۇلارنىڭ تەلىپى بويىچە ۋەزىيەت زۆرۈر تاپقاندا ئۈچ ۋىلايەتكە ئۆتۈپ كېتىش ئۈچۈن ئالغۇيغۇلى ئارقىلىق غۇلجىغا بېرىشنىڭ يول خەرىتىسىنى ئىشلەپ تەشكىلاتىمىزنىڭ قوغداش ئىشلىرىغا مەسئۇل ھېسامىدىن ھوشۇر ئارقىلىق ئەۋەتىپ بەردۇق. 1947 - يىلى 5 - ئايدا ئۈرۈمچىدە ئۆلكىلىك سەنيىخۇينىڭ يىغىنى ئېچىلدى. گومىنداڭ ھەربىيلىرى يەتتە ۋىلايەتتە ئېلىپ بېرىلغان ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنى دېموك-

راتىك ئاساستا قايتا سايلاش ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، ئىلغار كۆچـ
لەرنى باستۇرۇپ، ئۆز گۇماشتىلىرىنى ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىغا
چىقىرىپ، ئۇلارنى ئۇرۇمچىدە ئېچىلغان ئۆلكىلىك سەنىيخۇي
يىغىنىغا ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتتى. ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى يەتتە
ۋىلايەتتىن كەلگەن بىر قىسىم ئىلغار زاتلار بىلەن بىرلىكتە
ئۆلكىلىك سەنىيخۇي يىغىنىنىڭ ئاساسلىق مۇزاكىرە قىلىدىغان
مەسىلىسى ئۆلكىنىڭ سىياسىي ئىشلىرىنى مۇزاكىرە قىلىش، ئۆلكىلىك
ھۆكۈمەتنى قايتا تەشكىللەش، ئۆلكە رەھبەرلىرىنى قايتا سايـ
لاشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك، دېگەن پىكىردە چىڭ تۇردى.
ئەكسىيەتچى دائىرىلەر بەلگىلەپ ئەۋەتكەن سەنىيخۇي ئەزالىرى
ئۆلكىلىك سەنىيخۇينىڭ ئاساسلىق مۇزاكىرە قىلىدىغان مەسىلـ
سى شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىدىن ئىبارەت بولۇش كېرەك
دېگەن تەشەببۇستا چىڭ تۇردى، ئىككى تەرەپ جىددىي تالاشـ
تارتىش قىلىۋاتقاندا نەنجىڭ ھۆكۈمىتى مەسئۇدنى ئۆلكە رەئىسـ
لىكىگە بەلگىلىگەنلىكىنى ئېلان قىلدى. يەتتە ۋىلايەتتىكى ئىلغار
كۈچلەر گومىنداڭ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ خىل دەرىكتى
11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىم ئاساسىدا تۈزۈلۈپ ئېلان قىلىنغان
سىياسىي پروگراممىنىڭ ئاساسىي روھىغا خىلاپ دەپ ئېتىراز
بىلدۈرۈپ، مەسئۇدنىڭ ئۆلكە رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەنلىكىگە
قارشى ئومۇمىيۈزلۈك دولقۇن قوزغىدى. بىزنىڭ تەشكىلاتىمىزمۇ
ئاممىنى قوزغاپ بۇ دولقۇنغا ئاكتىپ ماسلاشتى. ئۆلكىلىك سەنـ
يىخۇي يىغىنى بۇزۇلدى. ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ «(1)
مەسئۇدنىڭ ئۆلكە رەئىسى بولۇشىغا قارشى تۇرۇش — ئۆلكە
رەھبەرلىك بەنزىسى سىياسىي پروگراممىنىڭ روھى بويىچە دېـ
موكراتىك ئاساستا، سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلۈشى
كېرەك؛ (2) گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ئارمىيىسىنىڭ يەرلىك مەـ
مۇرىي ئىشلارغا ئارىلىشىش ھەرىكەتلىرى توختىتىلىشى كېرەك؛
(3) سىياسىي پروگراممىنى ھىمايە قىلىپ، تىنچلىق بىتىمىنى ئەـ



مەلىي ئىجرا قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلغان زىيالىيلار بىلەن
ئىلغار زاتلارنى باستۇرۇش ھەرىكەتلىرى توختىتىلىشى كېرەك»
دېگەن مەزمۇندىكى باياناتى تارقاتقاندىكى ئابدۇراخمان مۇھىتلار
تەرىپىدىن يېزىپ تارقىتىلىپ بىزگە ئۇنى ئابلىمىت شەرىپى
ئەكەلدى. بۇ ئۈچ تۈرلۈك بايانات تۇرسۇن ئابدۇرېھىم ئارقىـ
لىق ھەم يەتكۈزۈلدى. بىز بۇ ماتېرىيالنى كۆپەيتىپ بېسىپ
ناھىيىمىزنىڭ بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىغىچە تارقىتىپ كەڭ خەلقنى
خەۋەردار قىلدۇق. شۇنداقلا ئاشكارا سورۇنلاردا نۇتۇق سۆزلەپ
گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ سىياسىي پروگرامما بىلەن تىنچلىق
بىتىمگە بۇزغۇنچىلىق قىلغان قىلمىشلىرىنى پاش قىلدۇق. يۇقىـ
رىقى ئۈچ تۈرلۈك مەزمۇندىكى تەلەپلىرىمىزنى ئۆلكىلىك بىرـ
لەشمە ھۆكۈمەتكە يەتكۈزۈشكە ناھىيىلىك سەنىيخۇيغا بېسىم
ئىشلەتتۇق. ناھىيىلىك سەنىيخۇي يۇقىرىقى ئۈچ تۈرلۈك تەلەپـ
لىرىمىزنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە يەتكۈزگەن بولسىمۇ، ھۆكۈمەت
پىسەنت قىلمىدى. ئەكسىچە توقسۇندا تۇرغان ھەربىيلەر باش
تەشكىلاتىمىزنىڭ ئەزاسى لىتىپ كېۋىرنى تۇتقۇن قىلىپ ناھىيـ
لىك ھۆكۈمەتنىڭ تۈرمىسىگە قامىتىپ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە
بېسىم ئىشلەتتى. ھەمدە گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ قارا شەھەردە
تۇرۇشلۇق قىسمىنىڭ مۇئاۋىن دىۋىزىيە دەرىجىلىك ئوفىتسېرى
جاڭ فامىلىلىك ئادەم توقسۇنغا كېلىپ، خەنزۇ، خۇيزۇلار ئىچىـ
دىكى پومېشچىك، ئەكسىيەتچىلەردىن 20 نەچچە ئادەمنى يىـ
غىپ مەجلىس ئېچىپ، ياشلار ھەرىكىتىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈـ
چۈن قورال تارقىتىپ بەردى.
گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ تەشكىلاتىمىزنىڭ ئەزالىرىنى تۇتقۇن
قىلىشى ۋە يەرلىك ئەكسىيەتچىلەرنى قوراللاندۇرۇشى، سىياسىي پروگـ
رامما، تىنچلىق بىتىمىنىڭ سىياسىي دېموكراتىيىنى يولغا قويۇش،
ھەربىيلەرنىڭ يەرلىكنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق توغرىسىدىكى
ماددىلىرىنىڭ 1 -، 2 -، 3 - ماددىلىرىنىڭ روھىغا پۈتۈنلەي

خىلاپ ئىدى. سىياسىي پروگراممىنىڭ 1 - ماددىسىدا: «شىنجاڭدا دېموكراتىيە سىياسىتى يۈرگۈزۈلۈپ، خەلق سىياسىي ئىشلارغا قاتنىشىدىغان تولۇق ھوقۇققا ئىگە قىلىنىدۇ»، 2 - ماددىسىدا: «خەلقنىڭ ئىدىيە، سۆز، مەتبۇئات، يىغىلىش، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش، ئولتۇراقلىشىش، كۆچۈش، جىسمانىي مال - مۈلۈك جەھەتتىكى تولۇق ئەركىنلىكى قانۇن بويىچە كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدۇ»، 3 - ماددىسىدا: «خەلقنى قانۇنسىز قولغا ئېلىش، سولاش ياكى جازالاشقا يول قويۇلمايدۇ. ھوقۇقلۇق ئورگاننىڭ قانانىي تەرتىپلىرىدىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ قولغا ئېلىشقا، سوراق قىلىشقا ياكى جازالاشقا بولمايدۇ» دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن.

ئەكسىيەتچى ئارمىيىنىڭ باش تەشكىلاتىمىزنىڭ ئەزالىرىنى تۇتقۇن قىلىشى ۋە يەرلىك ئەكسىيەتچىلەرگە قورال تارقىتىپ بېرىشى بىرىنچىدىن، مىللىي بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىش؛ ئىككىنچىدىن، سىياسىي پروگراممىنىڭ يۇقىرىقى ماددىلىرىغا پۈتۈنلەي خىلاپ بولۇپ، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ تىنچلىق بىتىمىنى بۇزۇشقا باشلىغانلىقىنى ۋە بىزنىڭ پائالىيەتلىرىمىزنى قورال كۈچى بىلەن باستۇرۇش نىيىتىنى ئېنىق كۆرسەتتى. بۇ خىل ۋەزىيەت بىزگە ئۆزىمىزنى قوغداشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئېنىق ھېس قىلدۇردى. تەشكىلاتىمىز بارلىق ئەزالارنى ۋاقتى كەلگەندە ئۆزىمىزنى قوغداش ئۈچۈن قورال توپلاشقا سەپەرۋەر قىلدى. ئەزالىرىمىز ئۆزلىرى پۇل توپلاپ قورال سېتىۋېلىش ھەمدە خەلق ئاممىسىغا تايىنىش ئارقىلىق 30 تالدەك ھەر خىل قورال توپلىدى. بورى بولاق شۆبە تەشكىلاتىنىڭ باشلىقلىرى ئاقۇپ ئەزىز، ھېساممىدىن يۈسۈپلەر قورال سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە چىقىپ قايتماقچى بولۇۋاتقاندا قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلاندى (ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سالاھىيىتىنى ئاشكارىلىمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلمەي ئامان قېلىپ، 1949 - يىلى، ئەتىيازدا قويۇپ بېرىلدى).



مۇشۇنداق بىر ۋاقىتتا بۆرىبولاق شۆبە تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ تاققا چىقىپ كېتىش ۋەقەسى يۈز بەردى. ئۇلاردىن كېيىن ھەرقايسى شۆبە تەشكىلات ئەزالىرىدىن بىردىن، ئىككىدىن بولۇپ تاغقا ئېقىشقا باشلىدى. ھەربىيلەر ناھىيىلىك سەنيىخۇيغا تاغقا چىقىپ كەتكەن ياشلارنى قايتۇرۇپ كېلىش توغرۇلۇق قاتتىق بېسىم ئىشلەتكەندە، سەنيىخۇي ئەزالىرىدىن مۇھەممەت ئەلەم ئاخۇن، ليۇدىساڭ (خەنزۇ)، تەشكىلاتنىڭ رەھبىرىي، فۇشەنجاڭ ئابدۇۋەلى ھوشۇرلار تاغقا ئىككى قېتىم چىقىپ كەلدى، ھەمدە تەشكىلاتىمىز ياشلار نامىدا تەييارلاپ بەرگەن ئۈچ تەلەپنى ئېلىپ قايتىپ كەلدى. ھەربىيلەر بۇ تەلەپلەرگە پىسەنت قىلمىدى.

ناھىيىلىك ساقچىدىكى قارا قادىر 1940 - يىللىرىدىن ئىلگىرى ناھىيىلىك ساقچىغا ئەسكەر بولغان بولۇپ، بەكمۇ ھاكاۋۇر، لۈكچەك مىجەز، ئۆزۈمچى ئادەم ئىدى. ئۇنىڭدىن شەھەر - يېزا خەلقى قورقاتتى. بۇ كىشى ساقچى مۇئاۋىن باشلىقى جامال غوپۇرنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولۇۋالغان بولۇپ، 1947 - يىل 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئۇلارنىڭ تاغقا چىقىش ۋەقەسى يۈز بەردى. باش تەشكىلاتىمىزنىڭ ئەزاسى، ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان جامال غوپۇر تەشكىلاتىمىزدىن بۇ ۋەقەگە قانداق تەدبىر قوللىنىش توغرىسىدا مەسلىھەت ئالماي، بەش قوراللىق ساقچىنى باشلاپ قارا قادىرلارنى قايتۇرۇپ كېلىمىز دەپلا بوستان يېزا سىرتىدىكى كەنتتىكى ئىبراھىم باي كارىزىغا بېرىپ قونۇپ قالغان. ئىلانلىق يېزىسىدا تۇرغۇچى دۈشمەن ئاتلىق لىيەنى بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، لىيەنجاڭ ما بىر پەي ئاتلىق ئەسكەر بىلەن 3 - ئىيول ئەتىگەندە ئۇلار چۈشكەن كارىزغا كېلىپ، ئۇلارنى بىر تەرەپتىن قورشاپ، بىر تەرەپتىن ئالداپ، لىيەنبۇسىغا ئاپىرىپ، قوراللىسىزلاندۇرۇپ قامىۋەتكەن. دۈشمەنلەرنىڭ جامالLارنى تۇتقۇن قىلىشى باش تەشكـ

لاتنىڭ تايانچلىرىنى تۇتقۇن قىلىشنىڭ باشلىنىشى ئىدى. 4 - ئىيول ئەتىگەندە ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە بۆلۈمىدە ئۇشتۇمتۇت ئوت ئاپەتى يۈز بېرىپ، ھېسابات، ئارخىپ ھۆججەتلىرى كۆيۈپ كەتتى. بۇ شۇ چاغدا مالىيە خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ تۇرغان سولەنگۈينىڭ جىنايەت بىلەن بېيىغانلىق پاكىتلىرىنى يوقىتىش، يەنە بىرى، ئوت ئاپەتى پەيدا قىلىپ باش تەشكىلاتنىڭ تايانچلىرىنى تۇتقۇن قىلىش، يەنى بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقۇشتىن ئىبارەت سۇيىقەستلىك ھەرىكەت ئىدى. بۇ سۇيىقەستنى سەزگەن ۋە شۇ كۈندىكى ھەربىيلەر ھەرىكىتىنىڭ جىددىيلىكىنى بايقىغان شەھەر سىرتىدا ئولتۇرۇشلۇق باش تەشكىلات ئەزالىرى شەھەردىن جىددىي چىقىپ كەتتى. تەشكىلاتىمىزنىڭ ئەزاسى، ھۆكۈمەت ئىشخانا مۇدىرى ئەبەيدۇللا باقىنى ھەربىيلەر تۇتۇپ كەتتى (تەشكىلاتىمىزنىڭ رەھبىرى ئابدۇۋەلى ھوشۇر ئۈرۈمچىگە مەجلىسكە كەتكەن، ئەسمەتۇللا مەسۇم، لىتىپ كېۋىرلار ئۈرۈمچىگە ئوقۇغۇچىلارنىڭ يازلىق بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىغا چىقىپ كەتكەن. ھېسامىددىن ھوشۇر كۇچاغا كەتكەنىدى). شەھەر سىرتىدا ئولتۇرۇشلۇق شىرىپ پەتتار، باقى غازى، مۇھەممەت نىيازنەزمەت، ياسىن ئىبراھىملار 4 - ئىيول شەھەردىن چېكىنىپ چىقىپ، 8 - ئىيولغىچە يېزىدا پاناھلىنىپ، 8 - ئىيول خودۇڭ يېزا شۆبە تەشكىلات باشلىقى قېيۇم شەمشىنىڭكىدە توپلاندى. بىز تاغدىكى ياشلارنىڭ كۈمۈشتىكى ھەربىيلەرگە ھۇجۇم قىلىشقا كەتكەنلىكىنى بىلدۇق، 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى پارتىزان ياشلارنى ئىزدەپ كۆكسىنەك تېغىغا بېرىپ قونۇپ، 11 - ئىيول ئەھۋال ئىگىلىسەك، ئۇلار 10 - چېسلا كۈمۈشتىكى ھەربىيلەرگە ھۇجۇم قىلىپ چېكىنىپ، قوشتىرەك تېغىدا قونۇپ، 11 - ئىيول ئالغۇي ئاغزىغا كەتكەن. شۇ كۈنى بىز ئىز بېسىپ ئالغۇي تاغ ئېغىزىغا كېلىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئەھۋال ئىگىلىدۇق ھەم يىغىن ئېچىپ ياشلارغا رەھبەرلىك قىلىش ھەيئىتى تەشكىللىدۇق.



ھەيئەت ئەزالىرى باقى غازى، شىرىپ پەتتار، مۇھەممەت نىياز، ياسىن ئىبراھىم، قېيۇم شەمشى، گۇلى چاكسەنلەردىن ئىبارەت ئىدى. يىغىن مۇنداق قارار قىلدى: «بىرىنچىدىن، ياشلارنىڭ ھەرقانداق پائالىيىتى ھەيئەتلەر يىغىنىدا قارار قىلىنغاندىن كېيىن ئىجرا قىلىنىدۇ، ھەرقانداق باشباشتاقلىققا يول قويۇلمايدۇ. ئىككىنچىدىن، ياشلارنىڭ ھەربىي جەھەتتىكى بارلىق پائالىيەتلىرىگە گۇلى چاكسەن مەسئۇل بولۇپ يېتەكچىلىك قىلىدۇ.» بىز يىغىننىڭ قارارىنى پارتىزانلارغا يەتكۈزمەكچى بولۇۋاتقىنىمىزدا، قانداقتۇر بىرەيلەن تۇرپان پارتىزانلىرى بۇرجايىغا كەپتۇ، بۇرجايىغا بارايلى، دەپ چۇقان كۆتۈرۈش بىلەنلا بارلىق ياشلار ئاتلىنىپ، بۇرجاي تەرەپكە يول ئالدى. بىز تورۇشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي ئۇلارغا ئەگىشىپ بۇرجايىغا بېرىشقا مەجبۇر بولدۇق. 12-، 13- ئىيول ئىككى كۈن بۇرجايدا تۇردۇق. 12 - ئىيول ياشلار ئارىسىدا يەنە ۋەقە يۈز بەردى. توپ ئىچىدىن بىرسى، ئىلانلىقتا دۈشمەنلەر پۇقرالارنى بۇلاپ قىرغىن قىلىۋېتىپتۇ، بىز بېرىپ ئۇرۇشۇپ پۇقرالارنى قۇتقۇزايلى، دېگەن چوقاننى كۆتۈردى. پارتىزان ياشلار ھەش - پەش دېگۈچە ئاتلىنىپ بولدى (شۇ ۋاقىتتا پارتىزان ياشلارنىڭ سانى 60 ئەتراپىدا ئىدى). بىز گۇلى چاكسەنگە بۇ ئادەملەرنى توسۇش توغرىسىدا قاتتىق تەلەپ قويدۇق. گۇلى چاكسەن جىددىي بۇيرۇق بىلەن ئۇلارنى توختاتتى. بىز پارتىزان ياشلارغا ئىلانلىققا چۈشۈشنىڭ زىيانلىقىنى، دۈشمەن خەلقنى بۇلاپ قىرغىن قىلىۋېتىپتۇ، دېگەن خەۋەرنىڭ نەدىن، كىم ئارقىلىق كەلگەنلىكىنى ئېنىقلاپ ئاندىن تەدبىر قوللىنىدىغانلىقىمىز ھەققىدە سۆزلەپ تەربىيەبەردۇق. لېكىن بۇنداق خەۋەرنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ تاپالمىدۇق. شۇ كۈنى يەنە 12 - ئىيول كەچتە تۇرپاندىن ئىبراھىم قارى قاتارلىق 16 كىشى بىز تۇرغان بۇرجايىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ كىشىلەردىن بىز تۇرپان ۋە سىڭگىم ۋەقەلىرىدىن خەۋەر

تاپتۇق. 13 - ئىيول كۈنى ئىلانلىقتا تۇرۇۋاتقان دۈشمەن ئاتلىق قىسىملىرىنىڭ لىيەنجاڭى «ما» كېلىشىم ۋەكىللىرىنى ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار پارتىزان ياشلار قايتىپ كېلىپ قورال تاپشۇرسا كەڭچىلىك قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بىز ئۇلار ئېلىپ كەلگەن پىكىرنى رەت قىلىپ، ئۇلارنى قايتۇرۇۋەتتۇق.

تۇرپاندىن چېكىنىپ كەلگەن ئىبراھىم قارى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ خەۋىرىگە ئاساسەن، ئابدۇراخمان مۇھىتى باشچىلىقىدا تۇرپاندىن چېكىنگەن پارتىزانلارنىڭ بىز تەرەپكە كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، 13 - ئىيول كەچتە كوجەيگە بېرىپ، 14 - ئىيول كوجەيدە ئۇلارنى بىر كۈن كۈتتۇق. ئۇلار يېتىپ كەلمىگەندىن كېيىن كەچتە ئەگرى دېگەن يەرگە بېرىپ، توقسۇن تەرەپ بىلەن پارچە ساغال تەرەپكە رازۋېت قىلىشقا ئادەم ماڭدۇرۇلدى. توقسۇن تەرەپكە قارا قادىرلار كەتكەنىدى. قارا قادىرلار ئۈرۈمچى - توقسۇن تاشيول بويىغا بېرىپ، ئىنتىزامنى بۇزۇپ ئۈرۈمچىدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا كېتىۋاتقان چاسنى ماشىنىنى توسۇپ ئوق ئاتقان. ماشىنا ئۈستىدە ئولتۇرغۇچى مەركىزىي ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ خىزمەتچىسى خۇتەنلىك قادىر ساقى دېگەن كىشى بولۇپ، ئوق ئۇ كىشىگە تېگىپ ئۆلۈپ كەتكەن. پارچە ساغال تەرەپكە بارغان رازۋېتچىكلەر ئابدۇراخمان مۇھىتى باشچىلىقىدىكى تۇرپاندىن چېكىنىپ چىققان پارتىزانلارنىڭ كېچىدە پارچە ساغال ئارقىلىق كوجەيگە ئۆتۈپ كەتكەنلىك خەۋىرىنى ئېلىپ كەلدى. بىز ئەگرىدىن كەينىمىزگە يېنىپ، 15 - ئىيول سەھەردە پارچە ساغال تەرەپكە چىققىنىمىزدا، ئالدىمىزغا بىر كىشى پەيدا بولۇپ، ئۇ كىشى ئۆزلىرىنىڭ 15 دەك ئادەم ئىكەنلىكىنى، كېچىسى ئابدۇراخمان مۇھىتىلەرگە يېتىشىپ ماڭالماي كېيىن قالغانلىقىنى، سەھەردە پارچە ساغال ئۆتەڭدىن ئۆتۈۋاتقاندا توقسۇندىن چىققان دۈشمەنلەر قوغلاپ زەربە بەرگەنلىكىنى، ھەمراھلىرىنىڭ قۇرۇق تاغقا چېكىنىپ كىرىپ كەتكەنلىكىنى، ئۆزى سۇدا ئېقىپ كەلگەنلىكىنى



ئېيتتى. بىز قاپاقلارغا سۇ ئېلىپ تاغ ئىچىگە چېكىنىپ كىرىپ كەتكەن ئۇ نەچچە ئادەمنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بىر بۆلەك كۈچ ئاجرىتىپ، بۇ كىشىلەرنى قۇتقۇزۇۋالدۇق. ئاساسلىق ئادەم كۈچىمىز بىلەن پارچە ساغال ئۆتەڭ تەرەپكە بېرىپ، دۈشمەن بىلەن ئېلىشماي دۈشمەن ئېتىۋەتكەن مورتۇقلۇق نەمەت شاڭجاڭنىڭ ئوغلى ئابدۇھەمىتنى دەپنە قىلىپ، كوجەيگە قايتىپ كېلىپ، مۇھىتى باشچىلىقىدىكى تۇرپان پارتىزان ياشلىرى بىلەن پىچان، ئۈرۈمچىدىن كەلگەن پارتىزان ياشلىرىغا قوشۇلۇپ جەم بولدۇق. 15 - ئىيول كېچىدە توپلانغان پارتىزانلارغا ئابدۇراخمان مۇھىتى باشچىلىقىدا بىرلەشمە قوماندانلىق ھەيئىتى تەشكىل قىلىندى. بىز توقسۇن پارتىزان ياشلىرىغا ۋەكالىتەن مۇھەممەت نىيازنى ۋەكىللىككە كۆرسىتىپ بەردۇق. 16 - ئىيول رەھبەرلىك ھەيئىتىنىڭ (شتابى) قارارىغا ئاساسەن كوجەيدە دەم ئېلىپ ئىلغا ئۆتۈپ كېتىش تەييارلىقىنى قىلىۋاتاتتۇق، توقسۇندىن ئۈرۈمچىگە ھۆكۈمەت ئاشلىقىنى ئېلىپ ماڭغان ئېشەكچىلەر كەلدى. بىز ئېشەكچىلەرنىڭ قولىغا ھۆججەت يېزىپ بېرىپ، 1500 جىڭدەك بۇغدايىنى ئېلىۋالدۇق. بۇغدايىنى ئۇن تارتتۇرۇپ يول ئوزۇقلۇقى قىلماقچى ئىدۇق. بەختكە قارشى بۇغدايىنى ئۇن قىلدۇۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدۇق. 16 - ئىيول كېچىدە رازۋېتچىكلىرىمىزدىن ئايۇپ شاڭجاڭ دېگەن كىشى پارتىزان ياشلارنىڭ ئالدىنى توسۇش ئۈچۈن بورجاي دېگەن يەرگە ئىككى لىيەن ئاتلىق دۈشمەنلەر كېلىپ ئورۇنلاشقانلىق خەۋىرىنى يەتكۈزدى. بىرلەشمە قوماندانلىق ھەيئىتى (شتابى) دۈشمەن ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇرۇش قىلىشنى قارار قىلىپ، 17 - ئىيول ئەتىگەندە توقسۇن پارتىزان ياشلىرىنىڭ دۈشمەننىڭ شەرقىي تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلىشنى، تۇرپان پارتىزان ياشلىرى دۈشمەننىڭ شىمالىي تەرىپىدىن قورشاپ ھۇجۇم قىلىشنى، پىچان پارتىزان ياشلىرى بىلەن ئۈرۈمچىدىن ياردەمگە كەلگەنلەر شەرقىي جەنۇب يول ئاغزىنى

تۇسۇپ، دۈشمەن چېكىنىپ كەلسە زەربە بېرىشنى ئورۇنلاشتۇرغان. توقسۇن پارتىزان باشلىرى رەھبەرلىك ھەيئىتىنىڭ (شتابىنىڭ) قارارىغا ئاساسەن بەلگىلەنگەن لىنىيە بويىچە دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەننى ئېغىر چىقىمغا ئۇچراتتى. بۇ ئۇرۇشتا گولى چاڭسەن، غوجەخمەت، قارا قادىر قاتارلىقلار ئالاھىدە باتۇرلۇق كۆرسەتتى (ئۇرۇشتىن كېيىنكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، دۈشمەن 30 دەك ئادىمىدىن ئايرىلغان. پارتىزان باشلاردىن بىر ئادەم قۇربان بولۇپ، ئىككى ئادەم يارىدار بولدى). تۇرپان پارتىزان باشلىرى سەپكە بەلگىلەنگەن لىنىيە بويىچە كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇرۇشماي چېكىندى (سەۋەپ، ئوق ئاز، بارىدىغان مەنزىل يىراق، ئالدىمىزدا دۈشمەن يەنە توسۇشى مۇمكىن، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى). پىچان پارتىزان باشلىرى دۈشمەننىڭ چېكىنىپ كېلىشىنى بەلگىلەنگەن ئورنىدا يېتىپ ساقلىغان. تۇرپان پارتىزان باشلىرى چېكىنگەندىن كېيىن، بىز مۇھەممەت نىياز بىلەن بىرگە تۇرپان پارتىزان باشلىرى بىلەن ئالغۇيغا چېكىنىپ كەتتۇق. 18 - ئىيول سەھەردە توقسۇن، پىچان پارتىزان باشلىرى ئالغۇي ئارقىلىق بىز تۇرۇۋاتقان جايغا چېكىنىپ كەلدى (دۈشمەن قوشۇنىمۇ بۇرجاي ئۇرۇشىدا تالاپەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن توقسۇنغا قايتىپ كەتكەن). ئۇلاردىن گولى چاڭسەن قاتارلىق بىرنەچچە ئادەم - سىلەر بۇ جايدا ئۇرۇش بولۇۋاتقاندا بىزنى تاشلاپ كېتىپسىلەر، دەپ بىزدىن نارازى بولغانلىقىنى؛ شۇنىڭدەك تۇرپان، پىچان پارتىزان باشلىرى - بىز دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشۇۋاتساق، ئۇلار ئۇرۇشماي دۈشمەنگە بىزنى تاشلاپ كېتىپ قالدى، رەھبەرلىك ھەيئىتى (شتابى) بۇ جايدا ئۇرۇش قىلىشنى قارار قىلمىغان بولسا، ھەممىمىز ئۇرۇشماي بىرلىكتە چېكىنسەك بولماسمىدى، دەپ نارازىلىقىنى بىلدۈردى. بىز ۋەزىيەتنى قايتا - قايتا چۈشەندۈرگەن بولساقمۇ، ئۇلار ئانچە قايىل بولمىدى. شۇ كۈنى چۈش ۋاقتىدا بىر ۋەقە سادىر



بولغان. گولى چاڭسەننىڭ كانىۋىيى قادىر ھارت دېگەن بىلەن تۇرپان پارتىزان باشلىرىدىن ئىككى ئادەم ئارا ئەڭمىزدىكى شەخسىنىڭ قوغۇنلۇقىدا ئۇرۇشۇپ قالغان. تۇرپان پارتىزان باشلىرى قادىر ھارتنى ئۇرۇپ قويغان. قادىر ھارت گولى چاڭسەنگە ئەھۋالنى ئېيتقاندىن كېيىن، گولى چاڭسەن بىرقانچە ئادەمنى باشلاپ كېلىپ تۇرپان پارتىزان باشلىرىغا قورال تەڭلىگەن. بىزنىڭ چۈشكۈن قىلغان يېرىمىز ئايرىم بولغانلىقتىن، ۋەقە بولۇپ ئۆتكەندىن كېيىن خەۋەر تېپىپ گولى چاڭسەننى قاتتىق ئەيىبلىدۇق. ئىنتىپاقلىققا تەسىر يەتكۈزىدىغان ھەرقانداق سۆز - ھەرىكەتتە بولماسلىقنى قاتتىق تەلەپ قىلدۇق. ھەمدە ئۇلارغا قوماندانلىق ھەيئىتىنىڭ قارارىنى يەتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ ئاتلىرىنى ئوبدان بېقىپ دەم ئالدۇرۇپ، پارتىزان باشلارنىڭ ئات ئاياقلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ تاقىلاشنى ۋە باشقا تەييارلىق ئىشلىرىنى پۇختا ئىشلەشنى، 20 - ئىيولدا ئىلگىرى قاراپ يولغا چىقىدىغانلىقىمىزنى تاپشۇردۇق. گولى چاڭسەن بىزنىڭ ئاتلىرىمىز چارچاپ كاردىن چىقىپ قالدى، بىز زورەوتا تېغىغا چىقىپ ئاتلىرىمىزنى يەڭگۈشلەپ يولغا چىققۇچە ئۇلگۇرۇپ كەلسەك، دەپ قەتئىي تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. بىز ئامالسىز ۋاقتىدا كېلىشنى قاتتىق جېكىلەپ رۇخسەت قىلدۇق. گولى چاڭسەن يارامىلىق 20 دەك پارتىزان باشلارنى باشلاپ كەتتى. بىز 20 - ئىيولغىچە كۈتكەن بولساقمۇ ئۇلار كەلمىدى. 20 - ئىيول چۈش مەزگىلىدە تۇرپان - پىچان پارتىزان باشلىرى ئابدۇراخمان مۇھەممەتنىڭ باشچىلىقىدا يولغا چىقتى. ئۇلار ئىلى تەرەپكە سوزۇلۇپ كەتكەن تاغنىڭ شىمالىي تەرەپتىكى غولى بىلەن كەتتى. بىز ئۈرۈمچىدىن كەلگەن پارتىزان باشلار بىلەن بىرلىكتە تۆت سائەت كېيىن تاغنىڭ جەنۇبىي غولى بىلەن ماڭدۇق. 21 - ئىيول ئەتىگەندە گومىنداڭنىڭ ئالدىمىزنى توسۇشقا قارا شەھەردىن كەلگەن قىسىملىرى پىلىموت، مىنامىيوتلاردىن

ئوت ئېچىپ تۇسۇۋالدى. كەينىمىزگە يېنىپ شاگىزا دېگەن يەردە بىر كېچە قوندۇق. 22 - ئىيۇلدا قايسى تەرەپكە مېڭىشىمىز توغرۇلۇق مۇنازىرە بولدى. بىز شاگىزا ئېقىنى ئارقىلىق زورمۇتا تېغىغا چىقىپ گولى چاكسەنلەر بىلەن بىرلىشىپ، كېيىنكى ھەرىكەت پائالىيەتلىرىمىزنى بەلگىلەشنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. لېكىن ئۈرۈمچى پارتىزان ياشلىرىنىڭ رەھبىرى بىلەن بىزنىڭ ئىچىمىزدىكى ئۆزىنى پارتىزانلارنىڭ رەھبىرى دەپ ئاتىۋالغان كىشىلەر بىزنىڭ پىكرىمىزگە قوشۇلماي، ئالغوي غولى ئارقىلىق توقسۇن تەرەپكە مېڭىشقا بۇيرۇق قىلغانلىقتىن، پارتىزان ياشلار ئۇلارنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ ئالغوي غولى ئارقىلىق توقسۇن تەرەپكە ماڭدى. ئاز بىر قىسىم ياشلار بۇيرۇققا بويسۇنماي زورمۇتا تېغىغا چىقىپ كەتتى. بىز پارتىزان ياشلاردىن ئايرىلىپ قېلىشقا قىيماي نائىلاج ئۇلار بىلەن بىرگە مېڭىپ ئارا ئەگىز دېگەن يەرگە كېلىش بىلەنلا توقسۇندىن چىققان دۈشمەننىڭ قورشاۋىدا قېلىپ، پارتىزان ياشلار ئۈچ تەرەپكە بۆلۈنۈپ، قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ كەتتى، بىر قىسىم پارتىزان ياشلار كەينىگە يېنىپ شاگىزا ئارقىلىق زورمۇتا تېغىغا چېكىنىپ كەتتى، بىز غولدىن چىقىپ جەنۇبىي تاغقا چېكىندۇق، ئاز بىر قىسىم پارتىزان ياشلار شىمالىي تاغقا چېكىندى. بۇ قورشاۋدا 23 ئادەم دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ پاجىئەلىك ھالدا قۇربان بولدى. شۇنداق قىلىپ بىز توقسۇن پارتىزان ياشلىرى ئىلى تەرەپكىمۇ ئۆتۈپ كېتەلمىدۇق. بىر پۈتۈنلۈكتىن پارچىلىنىپ تارمار بولدۇق. ئۈرۈمچىدىن كەلگەن بىر قىسىم پارتىزان ياشلار ...... دېگەننىڭ يېتەكچىلىكىدە قوراللىرىنى تاغ ئىچىگە يوشۇرۇپ قويۇپ، قاراشەھەرگە بارغاندا تۇتۇلۇپ تۈرمىگە تاشلىنىپتۇ. باش تەشكىلات ئەزاسى مۇھەممەت نىياز، تۇردى ئېلى، مۇھەممەت يۈسۈپ قاتارلىق بىر بۆلۈم كىشىلەر تۆئەي يېزا نەخول كارىز دېگەن يەرگە چۈشكەندە، دۈشمەننىڭ يەنە زەربىسىگە ئۇچراپ تارقاپ كېتىپ،



ناھىيىسىنىڭ ھەرقايسى چەت ياقا كەنتلىرىدە پاناھلىنىپتۇ. گولى چاكسەن ئادەملىرىنى تارقىتىۋېتىپ، تۇرپان تەرەپكە بېرىپ پاناھلىنىپتۇ. خوجەخمەت، قارا قادىر قاتارلىق ئاز بىر قىسىم ئادەم تاغدا پاناھلىنىپ قالغان بولۇپ، كېيىن دۈشمەن تاغقا چىقىپ ئۇلارغىمۇ زەربە بېرىپ، خوجەخمەتلەرنىڭ چوڭ - كىچىك چارۋا - ماللىرىنى بۇلاپ قايتىپ كەلگەن. خوجەخمەت، ئىلانلىق شۆبە تەشكىلات باشلىقى ساتتارخان، باش تەشكىلاتىمىزنىڭ ئەزاسى باقى غازى، بۆرى بۇلاق شۆبە تەشكىلاتىنىڭ ئاكتىپ ئەزاسى ئىسمائىل تەققى ھاجىلار شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، سالاھىيىتىنى يوشۇرۇپ، ئېشەك كارۋانلىرىنىڭ پەردىسىدە ماناس ئارقىلىق ئۈچ ۋىلايەتكە ئۆتۈپ كەتكەن (ئۇلار ئازادلىقتىن كېيىن قايتىپ كەلدى). قارا قادىرلار ئىككى - ئۈچ ئادەم تاغدا پاناھلىنىپ يۈرۈپ، يىل ئاخىرىدا توقسۇنغا ئوزۇق ئالغىلى كەلگەندە، بەزى قارانىيەت ئادەملەر قارا قادىرنى دۈشمەنلەرگە تۇتۇپ بەرگەن. قارا قادىرنى گومىنداڭ دائىرىلىرى 1948 - يىلى تۇرپاندا تۈرمىدىن ئاچىقىپ ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. مەن 1947 - يىل 12 - ئاينىڭ 29 - كۈنىگىچە توقسۇندا پاناھلىنىپ، 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ئۈرۈمچىگە چىقىۋالدىم. مۇھەممەت نىياز 1948 - يىلى مارتتا ئۈرۈمچىگە چىقىپ لەنجۇغا ئوقۇتقۇچىلىققا كەتكەن.

## سەۋەنلىكلەر ۋە قانلىق ساۋاقلار

باش تەشكىلاتىمىزنىڭ ئەزالىرى 1945 -، 1946 - يىللىرىدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى دائىرىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ چىرىك سىياسىتى، ئەكسىيەتچى ئارمىيىلىرىنىڭ زورلۇق - زومبۇلۇقلىرىغا قارشى ئېلىپ بارغان سىياسىي كۈرەشلەردە نىشانى ئېنىق، مۇستەھكەم پىكىر بىرلىكى، كۈچلۈك ئىنتىزامچانلىقى،

قەيسەر كۈرەش روھى بولغىنى ئۈچۈن، كەڭ خەلقنىڭ ھىمايىـ
سى بىلەن ھەر ساھە خەلقنىڭ كۈچلۈك قوللىشىغا ئېرىشكەنىـ
دى. باش تەشكىلات بىلەن شۆبە تەشكىلات رەھبەرلىرىنىڭ بۇ
كۈرەشلەردە كۆرسەتكەن پىداكارلىقى بىلەن تۆھپىلىرى تارىختا
خاتىرە بولۇپ قېلىشى ئۈچۈن ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشنى زۆـ
رۈر دەپ ھېسابلايمەن. مەسىلەن، باش تەشكىلاتىمىزنىڭ قۇرۇـ
غۇچىسىدىن بىرى بولغان ئەبەيدۇللا مۇھەممەت باقى ـ ئۆتكۈر،
قەيسەر، ئوت يۈرەك يىگىت ئىدى. ئۇ، ياش، تالانتلىق ناتىق،
ماھىر تەشكىلاتچى ئىدى. دۈشمەنلەرنى پاش قىلىش، خەلقنى
قايىل قىلىشقا، قوزغاش ـ سەپەرۋەر قىلىش، تەشكىللەش ئىشلىرىدا
ئىنتايىن چوڭ رول ئويناپ، دۈشمەنلەرنىڭ كۆزىگە قادالغان
ئۆتكۈر مىخ بولۇپ قالغانىدى. ئابدۇۋەلى ھوشۇر تەشكىلاتىمىزـ
غا رەھبەرلىك قىلىش بىلەن باش تەشكىلات ئەزالىرى ۋە شۆبە
تەشكىلات باشلىقلىرىنى ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇش،
تىنچلىق بىتىم ۋە سىياسىي پروگراممىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇـ
رۇپ، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ چاقىرىقلىرىنى توغرا
ئىجرا قىلىپ، ناھىيىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت،
مائارىپ ساھەلىرىدىكى ھوقۇقلىرىنى قولغا كەلتۈرۈشتە رول
ئوينىغان، شۇنىڭدەك تەشكىلاتىمىزنى باشتىن ـ ئاخىر ئىقتىساـ
دىي جەھەتتىن تەمىنلىگەنىنىڭ سىرتىدا، تەشكىلاتىمىزنى قوغداش
ئۈچۈن، جىددىي خەۋپ يېقىنلاشقاندا ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ
بىر تال مىلتىق، ئىككى تال ئاپتومات سېتىۋېلىپ بەرگەن.

باش تەشكىلاتىمىزنىڭ ئەزاسى ئەسىمتۇللا مەسۇم چوڭقۇر
پىكىرلىك، كۈرەش روھى ئۈستۈن يىگىت بولۇپ، سەپداشلار
ئىچىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىدى. شۆبە تەشكىلات ئەزالىرىدىن
ياقۇپ ئېزىز، ھېسامىدىن يۇسۇپ، قىيۇم توختى شاڭجاڭ، قىـ
يۇم شەمشىلەر شۆبە تەشكىلاتلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئەزاـ
لارنى تەربىيىلەش، خەلق ئىچىدە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش



جەھەتلەردە ئاكتىپ رول ئويناپ، تەشكىلات ئەزالىرى ۋە خەلق
ئىچىدە ئالاھىدە نام ـ ئاتاقئا، كۈچلۈك سىياسىي تەسىرگە ئىـ
گە بولغانىدى.

تۇرسۇن ئابدۇرەھىم ئۇرۇمچىدە بىۋاستە ۋە ئابلىمىت
مەخسۇتوۋنىڭ ۋاستىچىلىكى ئارقىلىق ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىـ
رى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ يوليورۇقـ
لىرىنى ۋاقتىدا ـ ۋاقتىدا تەشكىلاتىمىزغا يەتكۈزۈپ، تەشكىلاتىـ
مىزنىڭ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزـ
لۈپ قويماي داۋاملاشتۇرغان. يولدىشى دوختۇر قەمبەرخانىم
پارتىزان ياشلارغا ئىككى يەشىك دورا ئەۋەتىپ ياردەم بەرگەن
ئىدى، ۋەھالەنكى، باش تەشكىلاتتىكى سەپداشلىرىمىزدىن ھاـ
كىمىيەت ئورگانلىرىغا كىرىپ ئورۇنلاشقان بىر قىسىم سەپداشـ
لىرىمىزدا مەغرۇرلۇق، قانائەتچانلىق كەيپىياتى ئۆسۈپ، ئالدىـ
مىزدىكى خەۋپنىڭ ئېغىرلىقى توغرىسىدا مۇجمەل تونۇشتا
بولدى.

تەشكىلاتىمىز ئەڭ ئېغىر خەۋپ يېتىپ كەلگەندە ئۆتكۈزـ
گەن سەۋەنلىكلىرى نەتىجىسىدە، گومىنداڭ دائىرىلىرى تاغدا
قورشاپ يوقىتىش جەريانىدا، 29 ئادەم، ناھىيىدە باش تەشكىـ
لات ئەزالىرى، شۆبە تەشكىلات باشلىقلىرى، ئاكتىپ ئەزالارـ
دىن بولۇپ 17 ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، كارىزلارغا تاشلىدى، تىـ
رىك كۆمۈۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن توقسۇن خەلق ئىنقىلابىي ياشـ
لىرىنىڭ ناھىيە خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىـ
يەتچىلىرىنىڭ زورلۇق ـ زومبۇلۇقلىرىغا، ئەركىنلىك، دېموكراتىـ
يە ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئۈچ يىللىق جاپالىق كۈرىشى يۇقىرىـ
قىدەك پاجىئەلىك ھالدا ۋاقتىنچە ئاخىرلاشتى.

1947 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، توقسۇن خەلق ئىنقىلابىي
ياشلىرىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى زور ھەربىي كۈچ بىلەن
باستۇرغاندىن كېيىن، تۇتقۇن قىلىنغان ئابدۇۋەلى ھوشۇر

1947 - يىلى 12 - ئايدا تۈرمىدىن چىقىش بىلەنلا ئۈرۈمچىگە چىقىپ ئورۇنلاشتى. مەنمۇ 1947 - يىل ئاخىرىدا ئۈرۈمچىگە چىقتىم. 1948 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا بىز ئابدۇۋەلى هوشۇر بىلەن بىرلىكتە توختى قۇربان باشچىلىقىدىكى ئۈرۈمچى ياشلىرىنىڭ ئازادلىق تەشكىلاتىغا قاتنىشىپ، يەر ئاستى ئىنقىلابىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللاندۇق. ئازادلىق تەشكىلاتى ھەپتىدە بىر چىقىدىغان «توغرا يول» ژۇرنىلىنى نەشر قىلىپ تارقىتىپ تۇردى. مەزمۇن جەھەتتە قۇربان قوداي، پولات قادىر قاتارلىقلارنىڭ «ئەرك»، «يالقۇن» گېزىتلىرى تەرغىپ قىلغان، خەلقنى زەھەرلەيدىغان پانتۈركىزم توغرىسىدىكى ئىدىيە ۋە نەزەرىيىلەرگە سىياسىي ۋە نەزەرىيە جەھەتلەردىن رەددىيە بەردى. 1949 - يىلى 11 - ئايدا جۇڭگو گوڭچەنداڭى ئۈرۈمچى شەھەرلىك كومىتېتىنىڭ يوليورۇقى بويىچە، شۇجى ليۇخې دېگەن كىشىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئۈچ تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ چوڭ يىغىنى ئېچىلىپ، هوشۇر مۇسا، نۇسرەت شەھىدى، توختى قۇربانلار باشچىلىقىدىكى ئۈچ تەشكىلات بىرلەشتۈرۈلۈپ، رەھبەرلىكى قايتا سايلىنىپ، تەشكىلاتنىڭ نامى «خەلقچىل ياشلار تەشكىلاتى» قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. تەشكىلات باشلىقلىقىغا هوشۇر مۇسا، مۇئاۋىنلىرىغا نۇسرەت شەھىدى، مەخسۇت تېيىپوۋلار، باش كاتىپلىقىغا يۈسۈپ مۆمىن سايلانغان. 1950 - يىل 3 - ئايدا شەھەرلىك پارتكوم ليۇخې شۇجىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە يەنە ئەزالار چوڭ يىغىنى ئېچىلىپ، تەشكىلاتنىڭ تارقالغانلىقى ئېلان قىلىندى. يىغىنغا سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىق رەھبەرلەر قاتنىشىپ، تەشكىلاتنىڭ يەر ئاستى خىزمەتلىرىگە - غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىشقا ھەسسە قوشقان، دېگەن باھانى بەرگەن. شۇ ۋاقىتتا جۇڭگو گوڭچەنداڭى شىنجاڭ فىنجۈيىمۇ قارار ماقۇللاپ ئازادلىقتىن ئىلگىرى يەر ئاستى ئىنقىلابىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان ئىلغار تەشكىلاتلار قاتارىدا بىزنىڭ خەلقچىل



ياشلار تەشكىلاتىمىزغىمۇ مۇناسىپ باھا بەرگەن. 1950 - يىلى 3 - ئايدا خەلقچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ تارقىتىلغانلىقى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، باش تەشكىلاتنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن مەن توقسۇنغا بېرىپ، ئابدۇۋەلى هوشۇر بىلەن بىرلىكتە ئەزالار چوڭ يىغىنىنى ئېچىپ، باش تەشكىلاتنىڭ پارتىيىنىڭ يوليورۇقى بويىچە تارقىتىلغانلىقىنى، شۆبە تەشكىلاتلارنىڭمۇ پۈتۈن ئەزالار تىزىملىكى، قورال - ياراقلىرىنى ناھىيىلىك پارتكومغا تاپشۇرۇپ، ئازادلىقتىن ئىلگىرى ئېلىپ بارغان يەر ئاستى خىزمەتلىرىنى خۇيباۋ قىلىش ھەققىدىكى پىكرىنى يەتكۈزدۈم. شۆبە تەشكىلات باش تەشكىلاتنىڭ تاپشۇرۇقىنى دەرھال ئورۇندىدى، 1950 - يىلى 4 - ئايدا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئەزالار چوڭ يىغىنى ئېچىلىپ، شۆبە تەشكىلاتنىڭ تارقىتىلغانلىقى ئېلان قىلىندى.

## ئۇيۇشما ۋە ئىتتىپاق

خ. سۈزۈك ھاجىيوۋ

شىنجاڭدا 1933 - يىلى 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئاپرېل ئۆزگىرىشى بولۇپ، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇپ تاشلىنىپ، شېڭ شىسەي تەختكە چىقىپ، شىنجاڭنى باشقۇردى. شۇندىن كېيىن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي - مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۇرۇمچىدە ھەر مىللەتنىڭ مەركىزى مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنى، ۋىلايەت، ناھىيە ۋە رايونلاردا ئۇنىڭ تارماقلىرىنى قۇرۇپ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ۋە مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يول بەرگەنلىكى ئالاھىدە ئىش بولغانىدى. شۇ ۋاقىتلاردا شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى مۇشۇنداق يول تۇتمىسا، ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن ئومۇمىي خەلق مەدەنىي - مائارىپىنى يولغا قويۇپ، ئۇنى يېتەرلىك ئىقتىساد، ئوقۇتقۇچى، كادىر ۋە سەنئەتچىلەر بىلەن تەمىنلەپ كېتىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. نەتىجىدە، 1934 - يىلىدىن باشلاپ ئۇرۇمچىدە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەركىزىي مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى تەشكىل قىلىنغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيە ۋە رايونلىرىدىمۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۇنىڭ شۆبە ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلدى.

جۈملىدىن قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىمۇ 1934 - يىلى قەشقەردىكى ئىلغار تەرەققىيپەرۋەر كۆچلەردىن مەرھۇم ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم، ئابدۇراخمان ھاجىم، كېرەمخان ئەيسا زارى، مەخمۇت مۇھىتى، ئابدۇراخمان ھاجىم، قۇتلۇق ھاجىم



(شەۋقى)، ئوبۇلھەسەن ھاجىم مۇسابايلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن، ئابدۇراخمان ھاجىمنى رەئىس، كېرەمخان ئەيسا زارىنى باش كاتىپلىققا سايلاش يولى بىلەن قەشقەر شەھىرىنىڭ ئەنجان رەستىسىدىكى ئۆمەرباي ئاخۇنبايۋنىڭ چايخانىسىنى (مېھمانخانا) ئۇيۇشمىنىڭ ئىش ئورنى قىلىپ بېكىتىپ، ئىش باشلىغانىدى. ئۇيۇشما قارمىقىدا خىزمەت ئېھتىياجىغا ئاساسەن تۆۋەندىكى بۆلۈملەر تەسىس قىلىنغان:

رەئىسلەر بۆلۈمى.
كاتىبات بۆلۈمى (ئىشخانا).
مالىيە بۆلۈمى.
ئەۋقاپ (ۋەخپىلەرنى باشقۇرۇش) بۆلۈمى.
تەپتىش بۆلۈمى.
مەكتەپلەر بۆلۈمى.
تەشۋىقات بۆلۈمى.
سانايى (سەنئەت) بۆلۈمى.
مەتبەئە (نەشرىياتچىلىق) بۆلۈمى.

### ئىشخانا (كاتىبات بۆلۈمى)

ھۆكۈمەت ۋە ئۇيۇشما ھەيئەتلىرىنىڭ بۇيرۇق، قارار، ئۇقتۇرۇش ۋە يوليورۇقلىرىنى كۈندىلىك ئىش تەرتىپىنىڭ ئاساسى قىلىپ، ھەرقايسى بۆلۈم، ناھىيە ۋە رايونلارغا تارقىتاتتى ھەم ئۇنىڭ ئىجراسىنى سۈيلەپ ئىش يۈرگۈزەتتى.

### ئەۋقاپ (ۋەخپىلەرنى باشقۇرۇش بۆلۈمى) ۋە ۋەخپە تۈرلىرى

ئىسلام دىنىنىڭ ئەنئەنىۋىي ياخشى خىسلەتلىرىدىن بولغان

ساۋاپلىق ئىشلىرى يەنى يېتىم-يېسىرلارنى يۆلەش، يول، كۆۋرۈك، مازار، مەسچىت، خانىقا (ئىشانلارنىڭ ئىبادەت ۋە مەشغۇلات، نەزىر-چىراغ ئورنى) ياساش، شۇنداقلا ئۆي-ئىمارەت، يەر زېمىنلىرىنى ۋەخپە (بىر ئەۋلاد ۋارىسلىرى ئەۋلادىدىن ئەۋلادىغىچە سەرپ قىلىدىغان، ئەمما ئېلىش-سېتىش قىلالمايدىغان مۈلۈك) قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ۋەخپىلەر يېزىلاردا تۆگمەن، سوقا، يەر زېمىنلارنى ئاساس قىلىدۇ، شەھەرلەردە دۇكان، ساراي، ئۆي-ئىمارەت، كارخانىلارنى ئاساس قىلىدۇ. ئەۋقاپ مۇشۇلارنى باشقۇرۇش ئۈچۈن قۇرۇلدى

ئۆشرە — دېھقانلار كىرىمىنىڭ ئاساسى بولغان ئاشلىق مەھسۇلاتىنىڭ $\frac{1}{10}$ قىسمىنى كەمبەغەل، ئاجىزلارغا ئاتىغان قىسمى.

زاكات — سودا-سېتىق، مال-چارۋىچىلىق ۋە قول سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىپ بېيىغان كىشىلەرنىڭ غېرىب-غۇرۋا، يېتىم-يېسىرلەرگە ئاتىغان 40 تەڭگىسىنىڭ بىر تەڭگىسى، يەنى $\frac{1}{40}$ ى. بايلار ھەرخىل شىركەتلىرىدىن كىرگەن كىرىمىنىڭ، چارۋا ئىگىلىرى ئۆز مېلى ۋە پۇلىنىڭ $\frac{1}{40}$ نى ھەريىلى رامىزان ئېيىدا ھېسابلاپ چىقىپ، غېرىب-غۇربالارغا سەدىقە ئۈچۈن بېرەتتى.

ئوييۇشما يۇقىرىدىكى كىرىم مەنبەلىرىدىن باشقا، ھەرخىل شىركەتلەر ۋە سېخى بايلارنىڭ مەكتەپ سېلىش ئۈچۈن بەرگەن ۋە بېرىدىغان كىرىملىرىنى جۇغلاپ، مالىيە بۆلۈمى پۇختا ھېسابات قائىدىسى بويىچە مۇكەممەل باشقۇرۇش تۈزۈملىرى (مالىيە بوغالتىرىيە ۋە كاسسىر) ئارقىلىق چىقىم قىلىپ، پۈتۈن ئوييۇشما دائىرىسىدىكى كادىر، ئوقۇتقۇچى، سەنئەتچى ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە مائاش ياكى ئاشلىق (بۇغداي، قوناق، گۈرۈچ)



تارقىتاتتى. يېڭى سېلىنىپدىغان مەكتەپ، ساڭلارنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ سىمىنا تۈزۈپ، ئۇنى تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئوييۇشما ھەيئەتلىرى يىغىنى قارارىغا ئاساسەن ئىش باشلايتتى.

ئوييۇشما ئۆز كىرىمىنىڭ بۇزۇلۇپ-چېچىلىپ كەتمەسلىكى، ئايرىم كىشىلەرنىڭ خىيانەت قىلىپ كەتمەسلىكى شۇنداقلا ئوييۇشمىغا دائىر كىرىملەرنىڭ باشقا ئورۇنلار تەرىپىدىن ئىگىلىنىپ كەتمەسلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئوييۇشما مالىيە بۆلۈمى دائىرىسىدە مەخسۇس مالىيە مۇپەتتىشلىرىنى تەسىس قىلىغانىدى.

خامان ۋاقتىدا ئۆشرە يىغىۋالغۇچى ئاشىرلار يۇرت ئارىلاپ، تەييار بولغان خاماننىڭ $\frac{1}{10}$ نى ساڭلارغا ماڭدۇراتتى.

## تەپتىش بۆلۈمى

ئوييۇشمىنىڭ دائىمىي ھەيئەتلىرى تەرىپىدىن رەسمىي قارار قىلىپ بېكىتىلگەن كىشى بۇ بۆلۈمگە باشلىق بولىدۇ. بۇ بۆلۈم تەپتىش ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىن مۇشۇ ئىشقا يارىدىمى تېگىدىغان مەلۇم ساندىكى كىشىلەرنى بۇ ھەيئەتنىڭ ئەزالىقىغا تەكلىپ قىلىپ، ئوييۇشما رەئىسلىرى باشلىق پۈتۈن ئوييۇشما دائىرىسىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئۈستىدىن تەپتىش يۈرگۈزۈش ھوقۇقىغا ئىگە.

## مەكتەپلەر بۆلۈمى

ئوييۇشما ۋە ئايرىم شەخسىي بايلار تەرىپىدىن سېلىنغان ۋە سېلىپ بېرىلگەن مەكتەپلەر پۈتكەندىن كېيىن، ئۇنى ئۆز قارمىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىپ، بۇ مەكتەپلەرنى باشقۇرۇش، ئىشچى-خىز-

مەتچى، ئوقۇتقۇچى مۇدىرلىرىنى تەيىنلەپ، يېتەرلىك ساندا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ، مائارىپ سېپىنى كېڭەيتىش ۋە مەكتەپلەرگە ئومۇمىي جەھەتتىن رەھبەرلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ.

مەكتەپلەر بۆلۈمى قارمىقىدا ئىلمىي مۇدىر ياكى مائارىپ مۇپەتتىشلىرىمۇ بولىدۇ. بۇلار ۋىلايەت بويىچە مەكتەپ مۇدىرلىرى، ئوقۇتقۇچىلار، مەكتەپ ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ۋە ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىكى مۇئارىپ تۈزۈمىگە خىلاپ بولغان ياكى خاتا بولغان ئىشلارنى تەكشۈرۈپ، مەكتەپلەر بۆلۈمىگە دوكلات قىلىدۇ. مەكتەپلەر بۆلۈمى ئۆزى ھەل قىلىشقا تېگىشلىكىنى ئۆزى ھەل قىلىدۇ، باشقا ئورۇنلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار بولسا شۇ ئورۇنلار ئارقىلىق ھەل قىلىدۇ.

## تەشۋىقات بۆلۈمى

شېڭ شىسەي ئوتتۇرىغا قويغان جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى تەمىن ئېتىش، خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇش، تىنچلىقنى ساقلاش، شىنجاڭنى تەمىرە قىلىشتىن ئىبارەت ئالتە بۈيۈك سىياسەتنىڭ روھىغا ئاساسەن، پۇلى بارلار پۇل چىقىرىپ، كۈچى بارلار كۈچ چىقىرىپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ مەدەنىي - مائارىپ ۋە مەكتەپ قۇرۇشنى تەشۋىق ۋە تەشەببۇس قىلىش بىلەن، ئايرىم شەخسلەر تەرىپىدىن سېلىنغان مەكتەپلەرنىڭ بىر قىسمى ھېلىمۇ جەمئىيەتكە خىزمەت قىلىۋاتىدۇ. مەسىلەن، قەشقەر ھەزرەتكە ئىبراھىم ئاخۇن ئاكام (لوزۇڭ) سالغان ھەزرەت باشلانغۇچ مەكتىپى، بەشكېرەمنىڭ قازدىرىق مەھەللىسىگە قادىر ھاجىم ھاشىم ھاجىم ئوغلى سېلىپ بەرگەن بەشكېرەم قازدىرىق باشلانغۇچ مەكتىپى؛ قورغان موللا زارەم مەھەللىسىگە ئوبۇل قاسىم ئاخۇن سالغان موللا زارە باشلانغۇچ مەكتىپى



ۋە باشقىلار. گەرچە مائارىپپەرۋەر رەھمەتلىك شەخسلەرنىڭ ئۆز خىراجىتى بىلەن قۇرۇپ بەرگەن مەكتەپلىرىنىڭ سانى ئومۇمىي مەكتەپ قۇرۇلۇشىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى ئاز بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ جەمئىيەتكە بەرگەن تەسىرى ناھايىتى چوڭقۇر بولغان. ۋىلايەت بويىچە ھېسابلىغاندا مۇنداق سېلىنغان مەكتەپلەرمۇ ئانچە ئاز ئەمەس.

## سانائىنەپىسە بۆلۈمى

سانائىنەپىسە بۆلۈمى گەرچە ئۇيۇشما خىزمىتىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋە جەمئىيەتكە تەسىر كۆرسىتىشى تېز بولغان بىر تارماق بولسىمۇ، ئەمما بۇ بۆلۈمنىڭ ئىشىنى كېڭەيتىش شۇ ۋاقىتتىكى شارائىتتا تولىمۇ قىيىن ئىدى. چۈنكى بۇ بۆلۈمنىڭ خىزمىتى ئۇيۇشمىنىڭ باشقا بۆلۈملىرىنىڭ خىزمىتىگە زادىلا ئوخشىمايتتى. ئەڭ مۇھىمى بۇ ئىشقا ئالاھىدە سەھنە، زال، ئارتىس ۋە ئۇلارغا لازىملىق زىبۇ - زىننەت، كىيىم كېچەكلەر بەكمۇ زۆرۈر ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ۋاقىتتىكى جەمئىيەتنىڭ شارائىتى ئۇيۇشمىنىڭ بۇ جەھەتتىكى خىلمۇ خىل ئېھتىياجىنى قىسمەن بولسىمۇ قاندۇرۇشقا زادىلا ئىمكانىيەت ھازىرلىيالمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ سانائىنەپىسە بۆلۈمىدىكىلەر بىرەر ئويۇننى تەييارلىماقچى بولسا ياكى ئەر ئايال بىللە چىقىپ ئىجرا قىلىدىغان سەنئەت نومۇرلىرىنى سەھنىدە خەلققە كۆرسەتمەكچى بولسا، ئىلاجىسىز سېپتا، چىرايلىق، كېلىشكەن ئوغۇل باللارنى، مەسىلەن، ئابلىز ھاجىم، بوداق مەخسۇم، مەھەممەت سەتەڭ، تاشپولات، ئاق بارانقا ئوخشاش باللارنى قىز ۋە ئاياللار رولىنى ئويناپ چىقىشقا بەلگىلەشكە مەجبۇر بولاتتى. زىننەت بۇيۇملىرى ۋە زۆرۈر لازىملىق تۈرلۈك ئەر - ئايال كىيىم - كېچەكلىرىنىمۇ باي ئائىلىلەردىن قەرز ئېلىپ ئىشلىتەتتى. ئويۇن قويۇشقا

لايىق كۈلۈپ ۋە سەھنە بولمىغاچقا، سامان بازىرىدىكى بىر سارايغا بورا چىتىپ سەھنە ياساپ «جاتىۋىپ»، «پىرىخون»، «باي بىلەن مالاي»، دېگەنگە ئوخشاش، ئويۇنلار قويۇلاتتى.

ساز گۇرۇپپىسىدا ئابدۇللا ئاخۇن ئاكام ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن سەمەت ئاخۇن، داۋۇت ئاخۇن، تالىپ ئاخۇن، ۋە ئابدۇرېھىم ئاخۇن ئاكام چاكلار بولۇپ، سەھنە ۋە زالغا جان كىرگۈزەتتى.

## مەتبەئە (باسما) بۆلۈمى

بۇ ۋاقىتلاردا قەشقەردە ئالاھىدە باسما زاۋۇتى بولمىغاچقا، ھەمدە قەشقەرگېزىتىمۇ يېڭى تەشكىللىنىپ ئۆز ئېھتىياجىنىڭ ھۆددىسىدىن ئارانلا چىققاچقا، ئويۇشمىمۇ ئۆز ئېھتىياجىنىڭ ئاساسلىق ھۆددىسىدىن ئاساسەن چىقىش ئۈچۈن مەھەممەت ئاخۇن خەلپىتىم دېگەن كىشىنىڭ باشچىلىقىدا ياغاچ مەتبەئە قۇرغانىدى. بۇ بۆلۈم ئويۇشمىلارنىڭ ئالاقە قەغىزى، تالون، ھېسابات دەپتەرلىرى ۋە ئوقۇغۇچىلار دەپتەرلىرىنى تەييارلاپ بەرگەنىنىڭ سىرتىدا، باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىكلىرىنىڭ بىر قىسمىنىمۇ تەييارلاپ، مائارىپ خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئالاھىدە كۈچ قوشۇپ، ئوقۇغۇچىلارنى دەرسلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيتتى.

## قەشقەردە سېلىنغان دەسلەپكى پەننىي مەكتەپ

قەشقەر شەھىرىنىڭ نوبېشى تەۋەسىدە بىر بۇتخانا بولۇپ، بىرىنچى قېتىمدا بۇتخانىنى چېقىپ، ئورنىغا 14 سىنىپلىق باشلانغۇچ مەكتەپ سېلىنغان. بۇ مەكتەپكە باۋۇدۇن مۇسابايوۋلار ئۇۋستۇن ئاتۇشنىڭ ئىكساق كەنتى (ئۆز يۇرتى) دىن ئۆز بالىلىرىغا قوشۇپ تۈركىيىگە ئەۋەتىپ تەربىيىلەپ كەلگەن ۋە مەلۇم



يىللار ئىكساقتا مۇسابايوۋلار تەشكىل قىلغان يېڭىچە مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان ھەم بۇ مەكتەپنىڭ يۇقىرى سىنىپىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلاردىن ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش ئىقتىدارى بارلارنى تاللاپ ئېلىپ كېلىپ، ئوقۇتقۇچىلىققا بېكىتىپ، مەكتەپ ئىشىكىنى ئاچقان.

مۇشۇنىڭغا ئۇلاپلا قەشقەر دائىرىسىدە قۇرۇلۇۋاتقان ۋە تەشكىل قىلىنىۋاتقان نۇرغۇن باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە كېرەكلىك ئوقۇتقۇچىلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن، ئويۇشما دەسلەپكى قەدەمدە قەشقەر شەھىرىنىڭ ياۋاغ دەرۋازا تېشىدا ئاز ۋاقىت تەربىيىلەپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلالايدىغان سەۋىيىدىكى ئوتتۇرا ياش ۋە ياشلاردىن 250 نەپەر ئەتراپىدا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ، قىسقا مۇددەتلىك ئوقۇتقۇچىلار كۇرسى ئاچقانىدى. بۇ كۇرسقا قاسىم ھاجىم خەلپىتىم غوجا چوڭنىڭ قۇمۇلۇقىدا ئاچقان مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سەۋىيىسى ياخشىراقلىرىدىنمۇ تاللاپ كېلىپ قاتناشتۇرغان. بۇ كۇرسقا (ئۈچ ئايلىق) ھەبىبۇللا ھاجىيوۋ بىلەن مەنمۇ قاتناشقان. بۇ كۇرستا تەربىيىلەنگەن ئوقۇتقۇچىلار شۇ ۋاقىتتىكى ئېھتىياجنى قاندۇرالمىغاچقا، بۇنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئوقۇغۇچى سانىنىمۇ 500 گە يەتكۈزۈپ، قەشقەر شەھەر دورغا بەگ كۆلبېشى ۋە قوناق بازىرىغا سېلىنغان مەكتەپ - مەدرىسلىرىدە ئالتە ئايلىق ئوقۇتقۇچىلار كۇرسى ئاچتى. بۇ كۇرسقا كىرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى تېخىمۇ تاللاپ قوبۇل قىلىپ، تەلئەت مۇسابايوۋ، تۇرسۇن ئەپەندى، ئەنۋەر ئەپەندى، پەخرىدىن ئەپەندىلەرگە ئوخشاش خېلى يۇقىرى سەۋىيىلىك ئوقۇتقۇچىلارنى دەرس ئۆتۈشكە بېكىتتى، ۋاقتىنىمۇ ئالتە ئايغا ئۇزارتتى. بۇ كۇرسقىمۇ مەن، مۇسا ھاجىيوۋ، ئابدۇللا زۇنۇنوۋلار قاتناشتۇق. 1933 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، قەشقەردىن ئۈرۈمچى ئۆلكىلىك سىفەنگە 250 بالا قوبۇل قىلىدىكەن، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ تېزىمغا ئالدۇردۇق.

ھەم ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇرۇمچىگە ئوقۇشقا كەلدۇق. ئۇرۇمچى
سفەندە بىر يىل ئوقۇغاندىن كېيىن، 1936 - يىلى شىنىڭ شىسەي
تەرىپىدىن سوۋېتكە چىقىرىلىدىغان ئوقۇغۇچىلار قاتارىدا ئىمتىھان
بېرىپ تاشكەنتكە ئوقۇشقا باردۇق.
شۇ ۋاقىتلاردا قەشقەردە ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما قۇ-
رۇلغاندىن باشقا، يەنە قەشقەرنىڭ كونىشەھەر، يېڭىشەھەر،
پەيزاۋات، مارالبېشى، مەكىت، يېڭىسار، يەكەن، پوسكام، قاغى-
لىق، تاشقورغان ۋە ئۇلۇغچات قاتارلىق ناھىيىلىرىنىڭ ھەممىسىدە
(تاشقورغاندا كېيىندەك قۇرۇلدى) ناھىيىلىك ۋە رايونلۇق شۆبە تار-
ماق) ئۇيۇشمىلار قۇرۇلغانىدى. تاشقورغان ناھىيىسىدىكى تا-
جىكلار ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىشلەتكەچكە ئوقۇتۇش ۋە دەرسلىك
ئۇيغۇر تىلىدا يۈرگۈزۈلەتتى، بۇ يىللاردا قەشقەر ۋىلايىتى بو-
يىچە مەكتەپ سېلىش، ئۇنىڭغا يېتەرلىك ساندا ئوقۇتقۇچى
تەييارلاش ئۇيۇشما زىممىسىدىكى بىردىنبىر جىددىي ۋەزىپە
بولغاچقا، پۈتۈن خەلق چەكسىز خۇشاللىق بىلەن ياغىچى بار-
لار ياغاچ، يېرى بارلار يەر، پۇلى بارلار پۇل، كۈچى بارلار
كۈچ چىقىرىپ، مەكتەپ ۋە ئاشلىق ئامبارلىرى قۇرۇلۇشىغا
ئاتلاندى. ۋىلايەت بويىچە سېلىنغان بۇ مەكتەپلەرنى مۇدىر،
ئوقۇتقۇچى، مەمۇرىي خىزمەتچىلەر بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن، ۋى-
لايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قەشقەر بىلەن يەكەندە ئالتە ئاي-
لىق ۋە بىر يىللىق ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش كۇرسلىرىنى
ئاچتى. يەنە مالىيە خادىملىرىنى ۋە مەمۇرىي خادىملارنى يې-
تىشتۈرۈش مەخسۇس كۇرسلىرىنى ئېچىپ، ھەرقايسى ناھىيە
ۋە رايونلارنى مائارىپ، ۋە مالىيە مەمۇرىي خادىملار بىلەن تەمىن-
لەيتتى. ئۇيۇشمىلارنىڭ ناھىيىدىن يۇقىرى رەئىسلىرىنى ئۇيۇش-
مىنىڭ دائىمىي ھەيئەتلىرى سايلاپ چىقىپ ۋىلايەتكە تەستىق-
لىتاتتى. رايونلۇق شۆبە ئۇيۇشما باشلىقلىرىنى ناھىيىلىك ئۇ-
يۇشما رەئىسلىرى تەستىقلاپ ئىشقا قوياتتى. ھەربىر رايونلۇق



ئۇيۇشمىلار ئۆز دائىرىسىنىڭ ئۆشرە - زاكاتلىرىنى يىغىپ، ساق-
لاش ئۈچۈن ساڭلارنى سېلىپ، ئۇنىڭدا ئۆشرە - زاكاتتىن كەل-
گەن ماددىي ئەشيالارنى ساقلايتتى. ئۆشرە يىققۇچى - ئاشىر،
تەييار بولغان خامانلارنى ئۇسۇپ بەرگۈچىلەر - دىۋان بېگى
دەپ ئاتىلاتتى. خامان ئۇسۇلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ تېگىشلىك
ئۆشرىسىنى ئاشىرلار رايونلۇق ئۇيۇشما ساڭلىرىغا تاپشۇراتتى.
بۇندىن باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ قۇربان ھېيت مۇناسىۋىتى
بىلەن سويغان قۇربانلىق ماللىرىنىڭ تېرە - ئۈچەيلىرىنىمۇ يى-
غىپ، پىششىقلاپ ئىشلىگەندىن كېيىن، ئۇيۇشمىنىڭ تىجارەت بۆ-
لۈمى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردىكى سودا ئورگىنى
(ساۋسىنتورگ) غا ئۆتكۈزۈپ، ئۇلاردىن خەلق تۇرمۇشى، مەدەنىي -
مائارىپ ئىشلىرىغا لازىملىق ماددىي ئەشيالار ئېلىنىپ، مەدەنىي-
مائارىپ ئېھتىياجى ۋە خەلق تۇرمۇشى تەمىن ئېتىلەتتى.

## ئۇيۇشما باشقۇرغان مەكتەپلەر

يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، ئۇيۇشما ئۆز كۈچى ۋە خەلقنى قوز-
غاش، تەشۋىق قىلىش يوللىرى بىلەن مەكتەپ سېلىش ھەم ئۇ
مەكتەپلەرنى يېتەرلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن
ئارقا - ئارقىدىن قىسقا مۇددەتلىك (ئۈچ ئاي، ئالتە ئاي،
كېيىنرەك بىر يىللىق) كۇرسلارنى ئېچىپ، ئۇنىڭغا خەلق ئىچىدى-
كى بىر قەدەر ساۋادى چىققان ياش ئەر - ئاياللارنى قوبۇل
قىلىپ، ئۇلارغا پەننىي بىلىملەردىن دەرس ئۆتۈپ، مۇددىتى
توشقاندىن كېيىن، ئۆز دائىرىسىدىكى مەكتەپلەرگە ئوقۇتقۇچى-
لىققا ئەۋەتتى. بۇلار ھەتتا يازلىق تەتىلمۇ قىلماي، قىسقا
كۇرستا ئوقۇپ ئۆزىگە ئاز بولسىمۇ بىلىم توپلايتتى.
ئوقۇتۇش ئىشى ئوغۇل - قىزلار سىنىپىغا، ھەتتا چوكانلار
دارىلمۇئەللىمىنى ۋە دارىلمۇئەللىمات تۈرلىرىگە بۆلۈنگەن بولۇپ،

ئوغۇللار مەكتىپى، ھەتتا دارىلمۇئەللىمات (ئايال ئوقۇتقۇچىلارنى تەييارلاش مەكتىپى) لارمۇ ئايرىم تەشكىل قىلىنىپ، ئايال ئوقۇتقۇچىلار يېتىشتۈرۈلەتتى. قەشقەر شەھرىدە تۇرمۇشقا چىققان، يېڭى مەكتەپتە ئوقۇشنى ئارزۇ قىلغان ساۋاتسىز ۋە ساۋاتلىق ئاياللارنى يىغىپ، مەخسۇس چوكانلار مەكتىپى تەشكىل قىلىنغانىدى.

### دارىلئېيتام (يېتىملەر مەكتىپى)

ئۇيۇشما جەمئىيىتىنىڭ كەمبەغەل، ئىگە ـ چاقىسىز ئوغۇل ـ قىزلارنى يىغىپ ئۇلارغا ئالاھىدە مەكتەپ ئېچىپ ئوقۇتۇپ، ئۇلارنىڭ داۋاملىق ئوقۇپ كېتەلەيدىغان ۋە ئوقۇش نەتىجىسى ياخشى بولغانلارنى يۇقىرى سىنىپلارغا، ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش كۇرسلىرىغا ۋە باشقا كەسپىي مەكتەپلەرگە ئەۋەتىپ بېرەتتى. بۇنداق يېتىملەر مەكتەپلىرى ھەتتا بەزى چوڭراق ناھىيىلەردىمۇ قۇرۇلغانىدى. بۇلارغا ئادەتتە ئوقۇتۇلىدىغان دەرسلەردىن باشقا قىسمەن كەسپىي دەرسلەر — سەيپۇڭچىلىق، ماتا، تاغار توقۇش، ياغاچچىلىق، تامچىلىق، موزدوزچىلىق قاتارلىق كەسپىي دەرسلىرىمۇ ئۆتۈلۈپ، مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن بىرەر كەسپنىڭ ئەھلى بولۇپ، مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ قالاتتى. ئوقۇيالايدىغانلىرى داۋاملىق ئوقۇپ، ئىمتىھاندىن ئۆتكەندىن كېيىن يۇقىرى مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلەتتى.

بۇ مەكتەپلەر دائىرىسىدە سەنئەت سىنىپىمۇ تەشكىل قىلىنىپ، مەكتەپنىڭ ئۆز دائىرىسىدىكى سەنئەت قابىلىيىتى بار ئوقۇغۇچىلارنى بۇ سىنىپقا قوبۇل قىلغاندىن تاشقىرى، ۋىلايەتنىڭ باشقا ناھىيىلىرىدىنمۇ سەنئەت قابىلىيىتى بار ياشلارنى قوبۇل قىلىپ، بىر يىللىق، ئىككى يىللىق سەنئەت سىنىپى ئې



چىش ئارقىلىق، جەمئىيەتكە بىر قىسىم سەنئەتكار ياشلار تەربىيىلەپ بېرىلەتتى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ساز بىلەن شۇغۇللانسا، بىر قىسمى سەھنە ئارتىسلىرى بولۇپ قالاتتى. مۇشۇ سىنىپتا ئوقۇپ چىققان ھازىرقى ئاتاقلىق مۇزىكانت قۇربان ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرى ھازىرغىچە ھەرقايسى جايلاردىكى سەنئەت قوشۇنلىرى ئىچىدە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، مىللىي سەنئىتىمىزنىڭ كۈنساناپ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن جانپىدالىق بىلەن خىزمەت قىلماقتا ۋە سەنئەت ساھەمىزنى بارغانچە بېيىتىپ بارماقتا.

### دارىلئاجىزىن (ئاجىزلار ۋە تىلەمچىلەرنى بېقىش ئورنى)

ئۆتمۈشتىكى تەڭسىز، قاراڭغۇ جەمئىيەتتە، كىشىلەر ئارىسىدىكى، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى تەڭسىزلىك، جەمئىيەت ئەزالىرىنى ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە تۇرمۇشىغا ئاساسەن ھەر خىل سىنىپلار ۋە تەبىقىلەرگە بۆلۈۋەتكەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ جەمئىيەتتىكى ئادەملەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى بىر ـ بىرىدىن ئالاھىدە پەرق ئېتەتتى. كىشىلەرمۇ ئۆز ئەھۋالىغا، كېلىپ چىقىشىغا ۋە ئۆز ئارزۇسىغا قاراپ، ھەر خىل سىنىپ، تەبىقە، قاتلاملارغا تەۋە بولۇپ ياشايتتى. مۇنداق ئەھۋال شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا (ۋىلايەت، ناھىيىلىرىدە) ئۇچراپ تۇرىدىغان بولسىمۇ، ئەمما قەشقەر شەھىرىدە تولىمۇ ئېغىر ھالدا ئەكس ئېتەتتى. شەھەرنىڭ ئۆزىدىلا چوڭ ـ چوڭ مەخسۇس ئىككى تىلەمچىلەر مەھەللىسى بار ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا ئەتراپتىن ئېقىپ كېلىپ تىلەمچىلىك بىلەن جان بېقىپ، كۈننى تالادا ئۆتكۈزىدىغان ماكانسىز تىلەمچىلەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. بۇلار ياز كۈنلىرى تىلەمچىلىك بىلەن قورسىقىنى بېقىپ ئۆتكەرنىسىمۇ،

ئەمما قىش - زىمىستان كۈنلىرى ئىسسىقراق پاناھ جاي ئىزدەپ، ئۆتمۈشتىكى سامان بازىرىنىڭ قېشىدىكى كونا ھامام (مۇنچا) نىڭ كۈلخانىسىدىكى قوقاس كۈلگە كۆمۈلۈپ قىشنى چىقىراتتى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۇيقۇچىلىقتا قوقاسنىڭ تەسىرىنى سەزمەي، ياتقان يېرىدە كۆيۈپ ئۆلۈپ قالاتتى. ئەتىسى بۇ تىلەمچىلەرنىڭ ساغلاملىرى كۆيۈپ ئۆلگەن جەسەتنى ھارۋىغا ياكى زەمبىلگە سېلىپ، رەستىلەرنى ئايلاندۇرۇپ، غېرىپ كېپەنلىكىگە سەدىقە بېرىڭلار - دەپ، پۇل يىغىپ، ئۇ جەسەتكە كېپەنلىك ۋە يەرلىك سېتىۋېلىپ، دەپنە قىلاتتى.

ئۇيۇشما جەمئىيەتتىكى مۇشۇ خىل تەڭسىزلىك ۋە خورلۇقنى تۈگىتىپ، بۇ قاتلامدىكىلەرنىڭ ياشلىرىنى ئوقۇتۇپ جەمئىيەتكە قوشۇش، ئەمگەك قىلالايدىغانلىرىنى تۈرلۈك كەسىپ ۋە ئەمگەكلەرگە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۆز ئەمگىكى بىلەن بېقىپ توغرا يولغا سېلىش، قېرى، ئاجىز، مېيىپلىرىنى ئالەمدىن ئۆتكۈچە بېقىش، ئاسراش يولى بىلەن جەمئىيەت قىياپىتىنى يېڭىلاشنى مەخسەت قىلاتتى. بۇ ئىشنىڭ نەتىجىسى ھەقىقەتەن مۆلچەردىكىدىنمۇ ئارتۇق بولدى. جەمئىيەتتىكى ھەر دوقمۇشتا، كوچا - كوچىدا ئۇچراپ تۇرىدىغان تەڭسىزلىك، ئاشكارا خورلۇق، سالپا - ساياقلىق خېلى يىللارغىچە (گومىنداڭ دەۋرىگىچە) جەمئىيەت سەھنىسىدىن يوقىلىپ، قەشقەرنىڭ ئىجتىمائىي قىياپىتى خېلىلا يېڭىلانغانىدى.

## ئۇيۇشمىغا ئۆتكۈزۈۋېلىنغان ۋەخپە ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

بىز يۇقىرىدا ئۇيۇشما قارمىقىغا ئۆتكەن ۋەخپە تۈرلىرىنى بايان قىلدۇق. ئۆتمۈشتە بۇ ۋەخپىلەرنى تۈرىگە، ئورنىغا قاراپ ئىزچىل باشقۇرىدىغان ۋە ئۇنىڭ كىرىمىنى ئۆز دائىرى-



سىدىكى دىنىي ۋەزىپىدارلارغا ۋەزىپىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىگە قاراپ يىلدا بىر قېتىم تەقسىملەپ بېرىدىغان دىنىي ۋەزىپىدارلار بار ئىدى. ئۇيۇشما يۇقىرىدىكى ۋەخپىلەرنى ئۆتكۈزۈۋالغاندا بۇ ۋەزىپىدارلارنىمۇ جەمئىيەتتىن ۋەخپە قىلىنغان يەرزېمىنلار بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈۋالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن مەدەنىي-مائارىپ كادىرلىرىغا ئايدا بىر قېتىم مائاش تارقاتقاندەك، بۇ ۋەزىپىدارلارغىمۇ يىلدا بىر قېتىم ۋەزىپىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىگە قاراپ ۋەزىپە ھەققى تارقىتىپ بېرەتتى. بۇلارنى دىنىي ئاتالغۇ بويىچە «ئەھلى ۋە زائىپلار» (ۋەزىپىدارلار) دەپ ئاتايتتى. بۇ ۋەزىپىلەر تۆۋەندىكىچە:

مۇتەۋەللى — ۋەخپە قىلىنغان ئورۇننىڭ مال - مۈلۈك ۋە مەھسۇلاتلىرىنى يىلدا بىر قېتىم ئۆز دائىرىسىدىكى ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ۋەزىپىدارلارنىڭ دەرىجىسىگە قاراپ تەقسىملەپ بېرىپ، قالغان مال - مۈلۈككە ئىگىدارچىلىق قىلىپ باشقۇرىدۇ؛ مۈلۈكلەرنىڭ بۇزۇلغان جايلىرىنى رېمونت قىلىش، قايتا قۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ.

شەيخ — ئاساسەن مازار - ماشايىخلارغا، ئۆز ئاتا - بوۋىلىرى ۋەخپە قىلغان زېمىنلەرگە تايىنىپ، بىر قىسىم كىرىمىنى شۇ ۋەخپىدىن تولدۇرۇدىغان كىشىلەر. بۇلارغىمۇ ئورنىنىڭ ۋە ۋەزىپىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىگە قاراپ يىلدا بىر قېتىم مەلۇم مىقداردا ئاشلىق بېرىلىدۇ.

سو پارىخان — ئاساسەن مازار - ماشايىخلارغا، باشقىلار تەرىپىدىن ۋەخپە قىلىنغان مازارغا تىلاۋەت (قۇرئان ئوقۇپ ئاتا - بوۋىسىنىڭ روھىغا دۇئا قىلىش) كە كېلىدىغانلارنىڭ قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ، ئاتا - بوۋا ۋە ئەجداتلىرىنىڭ روھىغا دۇئا قىلىپ كېتىشىگە لازىم بولىدىغان قۇرئاننى ساقلاپ باشقۇرۇپ، ئۇنى ھاجەتمەنلەرگە ئارىيەت بېرىپ باشقۇرىدىغان ۋەزىپىدارلار.

خاتىپ (ياكى خېتىپ) — مازار، يۇرت ۋە شەھەر ئىچىدىكى ھەر ھەپتىنىڭ جۈمە كۈنىسىلا جۈمەنى پېشىن بىلەن بىرگە ئوقۇپ بەرگۈچى ئىمام ئاخۇنۇم ياكى خېتىپ ئاخۇنۇم بولۇپ، بۇ كىشىنى ئۆز دائىرىسىدىكى شۇ كىشىگە ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇغۇچى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ھۆرمەتلەيدۇ ۋە ئۇ كىشىنىڭ سۆزىنى ئاڭلايدۇ.

ئىمام — ھەرقانداق چوڭ - كىچىك مەسچىتلەرنىڭ بەش ۋاقلىق نامىزىنى ئوقۇپ بەرگۈچى كىشى بولۇپ، شۇ مەسچىت دائىرىسىدىكى مۇسۇلمان ئاھالىسىنىڭ بامدات، پېشىن، نامازدىگەر، ناماز شام، ناماز خۇپتەن، روزى ھېيت ۋە قۇربان ھېيت نامازلىرىنى جامائەتنى ئەگەشتۈرۈپ ئوقۇپ بەرگۈچى ۋەزىپىدار.

مەزىن — ھەرقانداق جايدىكى چوڭ - كىچىك مەسچىتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۆزىگە تەۋە بولغان ۋە تەۋە بولمىغان مۇسۇلمانلارنى ئۆز مەسچىتىدە ناماز ئوقۇپ كېتىشكە چاقىرغۇچى ۋە ئويغاتقۇچى ۋەزىپىدار.

چاروپ — مەيلى مازار - ماشايىخ بولسۇن ياكى ھەرقانداق جايدىكى دىنىي مۇئەسسەسەلەر بولسۇن، ئۇنىڭ ئەتراپىنى كۆكەرتىشكە ۋە مۇھىت تازىلىقىغا مەسئۇل كىشى.

چىراغچى — مەھەللە ئىچىدە ئولتۇرۇشلۇق، ھال - ئوقىتى ياخشىراق، قول ئىلكىدە بار كىشىلەردىن بىرەرسى ئۆز - تەئەللۇقىدىن (زېمىنىدىن) مەسچىتنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ بەش مودىن ئىككى - ئۈچ موغىچە يەرنىڭ كۆكىنى بېرىدۇ. بۇ يەر مەزكۇر مەسچىتنى ئەۋلادتىن - ئەۋلادىغىچە يورۇتۇپ بەرگۈچى (چىراغ يېقىپ بەگۈچى)، قالدۇرۇلۇپ ئۇنىڭ ھوسۇلىمۇ چىراغ يېقىپ بەرگۈچىگە تەئەللۇق بولىدۇ. بۇمۇ يۇقىرىدا سانالغان ۋەخپە تۈرلىرىنىڭ بىر خىلى بولۇپ، بۇ زېمىننى ئېلىپ سېتىشقا بولمايدۇ. باشقا ئورۇنلارنىڭ بۇ ۋەخپىلەرنى ئەمەلىي



ۋەخپە قىلغۇچى ئەۋلادىنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىشقا ياكى باشقا ئەر كىشىلەرنى بۇ ۋەزىپىگە تەيىنلىكىمۇ بولمايدۇ.

كۆل ۋەخپىسى — كۆل جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقان جايلىرىنىڭ ھەممە يېرىدە، بولۇپمۇ ھەربىر مەھەللىلەردە بار بولۇپ، بارلىق ئاھالىلەر بۇ كۆللەرگە قىش - ياز سۇ قاچىلىۋېلىپ، مۇشۇ كۆلنىڭ تىنىق سۈيى بىلەن تەمىنلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر كۆلگە قاراشقا، سۈيىنى پاكىز ساقلاشقا، ئەتراپىنى كۆكەرتىپ مۇھىت ئاسراش خىزمىتىنى ئۆتەشكە ئىشلىتىش ئۈچۈن قىلىنغان ۋەخپىلەر كۆل ۋەخپىسى دېيىلىدۇ. بۇنىڭ ھوسۇلىنى مەزكۇر كۆلنىڭ مۆتىۋەللىسى يىغىۋېلىپ، كۆلنى چېپىش، رېمونت قىلىشقا ئىشلىتىدۇ. كۆل مۆتىۋەللىسى ئاھالىلەرنى ئىچىدىغان سۇيىدىن خاتىرجەم قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ.

ۋەخپە نەبىي — ۋەخپە رەسۇلىللا ياكى پەيغەمبەر ۋەخپىسى دېگەن ئوخشىمىغان ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن ۋەخپىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ۋەخپە قىلغۇچى كىشى ۋەخپە ھوقۇقىنى دىنىي جەھەتتە بىلىمى يۇقىرى بولغان ياكى خەلق ئىچىدە دىيانەتلىك دەپ تونۇلغان ئۇرۇق - ئەۋلادلىرىنىڭ بىرەرسىگە تۇتقۇزۇپ، ھەر يىلى مۇھەممەت پەيغەمبىرىمىزنىڭ تۇغۇلغان ئاي رەبىئۇلئەۋۋەلدە، يەنى بۇ زاتنى ئەسلەپ ئۆتكۈزۈلىدىغان مەۋلۇد (تۇغۇلۇش) خاتىرە نەزىرسى ئۆتكۈزەتتى.

ۋەزىپە خان ياكى ۋەزىپىدار — ئىسلام دىنىنىڭ تۈرلۈك ساھەلىرىدە ئۆزىگە لايىق خىزمەتلەرنى ئىشلەش ئۈچۈن مەسئۇل قىلىنغان خىزمەتچىلەر.

## 1939 - يىلىنىڭ ئاخىردا ئېچىلغان تۆت سىنىپلىق دارىلمۇئەللىمات

(ئايال ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش كۇرسى)

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى شارائىتى ۋە ئىسلام

دىنىنىڭ تەسىرى ئوغۇل - قىزلارنى ئايرىپ باشقۇرۇش ۋە
تەربىيەلەشنى تەلەپ قىلغاچقا، ئۇ ۋاقىتتا تەشكىل قىلىنغان
مەكتەپلەرنىڭ بىر قىسمى ئوغۇللار، يەنە بىر قىسمى قىزلار،
چوكانلار مەكتىپى قىلىپ تەشكىل قىلىناتتى. قەشقەر ۋىلايەت-
لىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى 1939 - يىلىنىڭ ئاخىردا قەشقەر شەھى-
رىنىڭ ئەنجان كوچىسىدىكى ئابلا ئاخۇن بايۋەتچى ۋە ئابدۇ-
رېھىم بايۋەتچىلەرنىڭ شىرىك شىسەي تەرىپىدىن مۇسادىرە
قىلىنغان باغ ھويلىسىدا تۆت سىنىپلىق دارىلمۇئەللىمات مەك-
تىپى ئېچىپ، 160 نەپەر قىز ۋە ئايال ئوقۇغۇچى قوبۇل
قىلدى. بۇ كۇرسىنىڭ مۇددىتى ئالتە ئايلىق، بىر يىللىق
بولۇپ، بۇ كۇرس 1943 - يىلغىچە داۋام قىلىپ جەمئىيەتكە
خېلى ساندا ئايال ئوقۇتقۇچىلارنى يېتىشتۈرۈپ بېرىپ، شۇ
ۋاقىتتىكى قەشقەر خەلقىنىڭ ئالاھىدە رازىلىقىغا ئېرىشكەنىدى.
بۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەكتەپكە كىرىدىغان ۋە كىرگەن قىز ۋە
ئايال ئوقۇغۇچىلار سانىمۇ يىلدىن يىلغا كۆپىيىپ بارغان.

## ئومۇمىي خەلق ساۋات چىقىرىش دولقۇنى

ئۆتمۈشتىكى ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيەت ۋە جاھىل ھۆكۈمە-
ران سىنىپلار مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارغا خەت ئۆگەتمەسلىك
ھەتتا خەت ئۆگەنگەنلەرنىڭ قولىنىڭ تىرنىقىغا ئۇرۇپ، تىر-
نىقىنى چىقىرىۋېتىش يوللىرى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنى خەت
ئۆگىنىشتىن مەھرۇم قالدۇرۇپ، ئۆگەتكەننى تۇتى قۇشتەك
يادلاپ ئوقۇش ئۇسۇلىنى يولغا قويغانلىقتىن، كىشىلەرنى
ساۋاتسىز، نادان قالدۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ تېخىمۇ قالاق ھالەت-
كە چۈشۈپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولغان. مەنمۇ دەسلەپتە
شۇنداق مەكتەپتە ئوقۇغان. يەرگىلا شال پاخلى سېلىنغان
ئۆيدە ئوقۇغۇچىلار يۈكىنىپ ئولتۇرۇپ، خەلپىتىم (مۇئەللىم)



ئېيتقىنىنى ئۆگەتسە شۇنى يادلاپ ئوقۇيدىغان مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلىق
ھاياتىمنى باشلىغاندىم. بۇنداق مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇغان ئوقۇ-
غۇچىلار ئوقۇش يىلىغا قاراپ سىنىپلارغا ئايرىلماستىن، ھەممى-
سىلا شۇ بىر ئېغىز ئۆينىڭ ئۆزىدىلا مەشغۇلات ئېلىپ بارغاچقا،
بۇنداق ئوقۇشنىڭ زادىلا ئۈنۈمى بولمايتتى. ئوقۇغۇچىلار
ئىمان كەلىمىلىرى ۋە ئۇششاق سۆزلەرنى تۇتى قۇشتەك يادقا
بىلسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ خېتىنى ئوقۇپ، يېزىقىنى يازالمايتتى،
شۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى داۋاملىق
مەكتەپتىن قېچىپ، ئوقۇشتىن زېرىكىپ، ئاخىردا ساۋاتسىز ھالدا
مەكتەپتىن چىقىپ كېتەتتى. بۇلارنىڭ شەھەردىكىلىرى تۈرلۈك
ھۈنەرلەرنى ئۆگىنىپ جان باقسىمۇ، دېھقان - چارۋىچىلىق
رايونلىرىدىكى ياشلار ساۋاتسىز ھالدا ئۆز ئاتا - بوۋىسىنىڭ
چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، ھۈنەرۋەنچىلىك كەسپىگە ۋارىسلىق
قىلىش ئۈچۈن مەكتەپتىن چىقىپ كېتەتتى. شۇنداق قىلىپ
جەمئىيەتنىڭ نوپۇسى قانچە ئاشسا، ئۇنىڭدىكى ساۋاتسىزلار
قوشۇنى كۆپىيىپ ۋە ئۇلغىيىپ باراتتى. مەسىلەن، بۇنىڭغا
مېنىڭ ئۆز ئائىلەم، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتۇم ۋە مۇسابىيۋ-
لار ئائىلىسى مىسال بولالايدۇ.

مېنىڭ ئاتام مەرھۇم سۇزۇك ھاجى بىر ئاتىدىن بەش ئوغۇل
بولۇپ، چوڭ دادىمىز خەۋىر ھاجىم گەرچە بولاردىن ئىككىسىنى
ئوقۇتۇشقا تىرىشقان بولسىمۇ، ئەمما ئاخىرقى ھېسابتا ئوقۇشتا ئۇزۇپ
چىقالىغىنى پەقەت ئاتام سۇزۇك ھاجىم بولغان. ئاتام سۇزۇك ھاجىم-
دىن بىز ئالتە ئوغۇل بولۇپ دادام ھەممىمىزنى ئوقۇتۇشنى نىيەت
قىلىپ مەكتەپكە بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئاكىلىرىم ئوقۇشنى،
يېزىشنى زادىلا بىلەلمىگەن. ئاخىرى ئوقۇيالماي يېشى چوڭىيىپ
كەتكەچكە، ئاتام بۇلارنى دېھقانچىلىققا سېلىشقا مەجبۇر بول-
غان. نەتىجىدە، شۇندىن كېيىنكى ئۆمىدىنى ماڭا باغلاپ،
ماڭا شۇ يۇرتتا ئۆتكەن ئۆلىما سابىر ئاخۇن خەلپى-

تىم دېگەن كىشىنىڭ ئىسمىنى قويۇپ (ئەركىلەتمە ئىسمىنى خەلپىتىم ياكى خەپىتىم دەپ ئاتايتتى)، مېنى ۋە مەندىن كېيىنكى ئىنىمنى ئوقۇتۇشقا باشلىغان. مېنىڭ بىرىنچى قېتىمدا كىرگەن مەكتىپىمنىڭ ئەھۋالىنى يۇقىرىدا بايان قىلدىم، ئۇ مەكتەپتىن تەلەپكە لايىق نەتىجە كۈتۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مۇشۇ ئەھۋاللارغا ئاساسەن، يۇرتتىكى ئوقۇش يېشىغا يېتىۋاتقان باللار سانىنىڭ بارغانچە ئېشىپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۆز مەھەللىمىزدە بىر سىنىپلىق مەكتەپ ئېچىلدى. بۇ مەكتەپتە مۇسابايوۋلارنىڭ ئاتۇشتا تەشكىل قىلغان مەكتىپىدە ئوقۇغان ھېيت ئاخۇن خەلپىتىم دېگەن كىشىنى مۇئەللىم قىلىپ بەلگىلىگەندىن كېيىن، بۇ مەكتەپكە خەت يازىدىغان دوسكا ئورنىتىپ، بىزلەرگە يېڭىچە ئوقۇش، خەت يېزىشنى ئۆگىتىپ، ھېساب، تىل دەرسلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا تەربىيە ئېلىپ باردى.

شۇنىڭدىن كېيىن يۇرتىمىزدا يېڭىچە ئوقۇتۇشقا قارىتا ھەۋەس قوزغىلىپ، ئىككى - ئۈچ مەھەللە (ئەگەر تۇتاش مەھەللە بولسا) بىرلەشكەن ھالدا مەكتەپ ئېچىش باشلاندى. دەسلەپتە ئېچىلغان بىزنىڭ مەھەللىدىكى مەكتەپنىڭ نەتىجىسى خېلى ياخشى بولغاچقا، يۇرتتا مۇنداق مەكتەپنى قوللاش تېخىمۇ كۈچەيدى. بۇ ئارىدا بىزنىڭ ئوقۇۋاتقان سىنىپىمىزدىن يۇقىرىراق سىنىپتا ئوقۇش ئېھتىياجىمىز تۇغۇلغاچقا، يازدا مۇسابايوۋلارنىڭ ئاتۇشتىكى مەكتىپىگە بېرىپ، قىشتا باۋۇدۇن باي، ھۆسەن باي، ئوبۇل ھەسەن ھاجىملارنىڭ ئاتىسى مەرھۇم مۇسا ھاجىم ياساتقان ۋە ئاتام مەرھۇم سۈزۈك ھاجىمنى مەزكۇر مەدرىسىنىڭ مۇددەرىسلىرىدىن بىرى قىلىپ تەيىنلىگەن خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇشقا باشلاپ، بۇ ئوقۇشىمىزدىن ئالاھىدە نەتىجە قازاندۇق. چۈنكى بۇ مەكتەپتە ئوقۇلىدىغان دەرسلەر ئاساسەن پەننىي دەرسلەر — تىل، ھېساب، جۇغراپىيە، تارىخ، ئەرەب



تىلى، تەبىئەت ۋە دىنىي دەرستىن ئىبارەت بولغاچقا، بۇ مەكتەپكە كۆچكەندىن كېيىنكى نەتىجىمىز ئالاھىدە ياخشى بولدى. مۇشۇ ئاساس بىلەن مەن ۋە باشقىلار قەشقەردە ئېچىلغان ئوقۇتقۇچىلار كۇرسلىرى، ئۈرۈمچى سىفەن ۋە تاشكەنتلەرگە قەدەر بېرىپ ئوقۇپ كېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇق.

ئۇيغۇرلاردا: «ياخشىلىقمۇ، يامانلىقمۇ ئۇنتۇلمايدۇ» دېگەن ماقال بار. بۇ ماقال نۇرغۇن ئەمەلىيەتلەر سىنىقىدىن ئۆتكەن ماقال، ئەلۋەتتە. تارىختىن بۇيان جەمئىيەتتە مۇسابايوۋلارغا ئوخشاش خەلققە مەنپەئەتلىك ئىشلارنى قىلىپ، ئەل ئىچىدە ئۆزى ھايات بولمىسىمۇ ئىزى ئۆچمەي داۋاملىق يادلىنىپ كېلىۋاتقانلارمۇ بار. گەرچە بايلىقتا ئۆزلىرىنى مۇسابايوۋلاردىن ئۈستۈن ساناپ كەلگەن، ئەلگە مەنپەئەت يەتكۈزمەي ئالەمدىن ئۆتۈپ ئىزى ئاللىقاچان ئۆچۈپ كەتكەن، شۇنداقلا ئىلغارلىققا ۋە ئىلغار كىشىلەرگە دۈشمەنلىك قىلىپ ئەكسىيەتچىلەر بىلەن بىرلىشىپ، ئابدۇقادىر داموللامدەك ئالىمنى جېنىدىن ئايرىپ، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم، يۈسۈپ قوقان، مامۇت ھاجىم قاتارلىق ئىلغارلارنى ئاقسۇغا پالىتىپ، زىنداندا ياتقۇزغان مىللەت خائىنلىرىمۇ ئۆتكەن. بۇ سېلىشتۇرما ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئۇنتۇلغۇسىز ئەسلىمىدۇر.

مۇسابايوۋلار گەرچە يۇرتتا مەرىپەت چىرىغىنى ياققۇچى سۈپىتىدە تونۇلۇپ، ئابدۇقادىر داموللامدەك كېيىنكى زامان ئۇيغۇر ئالىملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا يول ئاچقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئىچىدىن تا ھېلىغىچە، ئۆز ۋەتىنىمىز ئىچىدە ياكى چەت ئەلدە بولسۇن بىرەر ئالىم يېتىشىپ چىقالمىدى، دەۋاتقان ۋاقتىمىزدا، بۇ ئەۋلادنىڭ ئىچىدىن ئابدۇلئەلا بايۋەتچىنىڭ ئوغلى، يەككە تىجارەتچى ئوبۇلھەسەننىڭ ئۆز تىجارىتىنىڭ كىچىككىنە بىر قىسمىنى بولسىمۇ ھازىر جەمئىيەتتە داۋام قىلىۋاتقان غۇنچە مۇكاپاتى

پائالىيىتىگە ياردەم قىلىۋاتقانلىقى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ پورەكلەپ ئېچىلىپ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزگە خۇشپۇراق چېچىشقا باشلىغانلىقى مىللىي مائارىپىمىز ئۈچۈن ناھايىتى ئۇلۇغ ئىشتۇر. شەخسەن مەن ئۇبۇلھەسەننىڭ بۇ غەيرىتىگە — غۇنچە مۇكاپاتى ئۈچۈن قىلغان نەچچە قېتىملىق ياردىمىگە بارىكاللا ئېيتىمەن ھەم ئاتا - بوۋىسىنىڭ ئىزىنى بېسىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ تىجارىتىگە بەرىكەت، غەيرىتىگە تېخىمۇ مەدەت ۋە ئىلھام بېرىشنى خالايمەن. شۇ قاتاردا بۇ پائالىيەتكە داۋاملىق ياردەم بېرىۋاتقان بىرمۇنچىلىغان ئىلغار يەككە تىجارەتچىلىرىمىزنىڭمۇ بۇ خاسىيەتلىك ئىشقا داۋاملىق ياردەم ۋە مەدەت بېرىشىنى، ھەتتا مەكتەپ سالدۇرۇپ بېرىشىنى تەكلىپ قىلىمەن.

## 1939 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئېچىلغان دارىلمۇئەللىمات

### (ئايال ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش كۇرسى)

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى شارائىتى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى ئوغۇل - قىزلارنى ئايرىپ باشقۇرۇش ۋە تەربىيىلەشنى تەلەپ قىلغاچقا، ئۇ ۋاقىتلاردا تەشكىل قىلىنغان مەكتەپلەرنىڭ بىر قىسمى قىزلار، چوكانلار (ئاياللار) مەكتىپى قىلىپ تەشكىل قىلىناتتى. قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىمۇ 1939 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا قەشقەر شەھىرىنىڭ ئەنجان كوچىسى (تىجىڭ) دىكى ئابلاخان بايۋەتچى ۋە ئابدۇرېھىم بايۋەتچىلەرنىڭ شېڭ شىسەي تەرىپىدىن مۇسادىرە قىلىنغان باغ ھويلىسىدا تۆت سىنىپلىق 160 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش بىلەن دارىلمۇئەللىمات مەكتىپى ئېچىپ، مەخسۇس قىزلار ۋە چوكانلار مەكتىپى ئۈچۈن ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش خىزمە-



تىنى باشلىدى. بۇ كۇرسقا شۇ ۋاقىتنىڭ شارائىتىدا تولۇقسىز ئوتتۇرا ياكى باشلانغۇچ مەكتەپنى ئەلا پۈتتۈرگەن، ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش ئىقتىدارى بار ۋە تونۇلغان قىز - ئاياللار قوبۇل قىلىنغان. بۇ كۇرس 1944 - يىلغىچە داۋام قىلىپ، جەمئىيەتكە خېلى ساندا ئايال ئوقۇتقۇچىلارنى يېتىشتۈرۈپ بېرىپ، شۇ ۋاقىتتىكى قەشقەر خەلقىنىڭ ئالاھىدە خۇشلۇقى ۋە رازىلىقىغا ئېرىشكەنىدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەكتەپكە كىرىدىغان ۋە كىرگەن قىز ئوقۇغۇچىلار سانىمۇ يىلدىن يىلغا ئېشىپ بارغان.

## قەشقەردىكى ھېيتكار خەلق كۇلۇبىنىڭ سېلىنىشى

مەن 1935 - يىلى قەشقەردىن ئۈرۈمچى ئۆلكىلىك سىفەنگە ئوقۇشقا باردىم ۋە 1936 - شېڭ شىسەي تەرىپىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىرىلغان ئوقۇغۇچىلار قاتارىدا ئوقۇشقا چىقتىم. ئوقۇش جەريانىدا مەن ئۆز دەرسىمنى ياخشى ئۆزلەشتۈرۈپ ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىققاندىن باشقا، ئۇ يەرلەردىكى مەدەنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ۋە شەھەرلەرنىڭ ئۆي - ئىمارەت قۇرۇلۇشلىرىغا دائىر يېڭىلىقلارغا ناھايىتى قىزىقاتتىم، ئۇنىڭ قۇرۇلۇش شەكلى ۋە سۈپىتىنى ئەستايىدىل كۆزىتەتتىم.

1938 - يىلى بىز ئوقۇشنى تۈگىتىپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدۇق ھەم شېڭ شىسەيىنىڭ بىز ئۈچۈن ئاچقان سىياسىي - نەزەرىيە كۇرسىدا 1939 - يىلى 3 - ئايغىچە ئوقۇغاندىن كېيىن، شېڭ شىسەيىنىڭ تەقسىماتى بويىچە مەن قەشقەر ۋىلايەتلىك گېزىتخانا بىلەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا تەقسىم قىلىنىپ، مەلۇم ۋاقىتلارغىچە ئىككى ئورۇندا خىزمەت قىلدىم. دەسلەپتە گېزىتخانىدا تەھرىر، كېيىن ئۇيۇشمىدا تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى بولۇپ ئىشلىدىم. شۇ يىلى 8 - ئايدىكى ئۇيۇشمىنىڭ ھەيئەتلەر مەجلىسىدە ۋىلايەتلىك

ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلىنىپ، مەھەممەت نىياز
مەخسۇمدىن ئىش ئۆتكۈزۈۋالدىم.
بۇ ۋاقىتتا قەشقەر شەھىرى ھەتتا ۋىلايەت بويىچە يۇمىلاق
شەھەر كۆلبېشىدىكى مىللەتلەر باغچىسى بىلەن يارباغدىكى
خۇسۇسلار شېرىكلىشىپ ئاچقان كىنو شىركىتى كۇلۇبىدىن
باشقا كىنو، تىياتىرخانا يوق ئىدى. بۇ ۋاقىتتىكى كىنولارمۇ
ئاۋازسىز بولۇپ، كىنو كۆرگۈچىلەر ئېكراندا پەقەت ھەرىكەتـ
لىك سۈرەتنىلا كۆرەتتى. بۇ ئورۇنلار قەشقەر خەلقىنىڭ كۈنسايىن
ئۆسۈۋاتقان مەنىۋى جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايتتى. شۇنىڭ
ئۈچۈن قەشقەر خەلقىنىڭ بۇ تەرەپتىكى ئېھتىياجى ۋە تەلىپىنى قانـ
دۇرۇش ھەم پۈتۈن ۋىلايەتكە ئۈلگە تىكلەش ئۈچۈن قەشقەر خەلقى
زور بىر مەدەنىي تۇرمۇش بازىسىغا موھتاج ئىدى. ئۇ ۋاقىتتىكى
ھۆكۈمەت خەلقنىڭ بۇ تەرەپتىكى ئېھتىياجى بىلەن زادىلا
ھېسابلاشمايتتى ۋە ئويلاپمۇ قويمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ
ئىشنى قەشقەر خەلقىنىڭ مەدەنىي - مائارىپ ئوچىقى بولغان
ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىلا قىلىشى كېرەك ئىدى. ھۆكۈمەتنىڭ
مائارىپ ئورۇنلىرى بولسا ئۇيۇشمىلار ئۆزلىرى قۇرۇپ جاھازلاپ
بەرگەن ۋىلايەتتىكى ئىككى مەكتەپنى ۋە ناھىيىلەردىن
بىردىن مەكتەپنى باشقۇرۇپ تەمىنلەيتتى. ئۇنىڭدىن باشقا
شەھەر، ناھىيە، رايون ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى
بارلىق مەكتەپ، قىسقا مۇددەتلىك كۇرسلار، يازلىق تەتىلدىكى
ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش مەكتەپلىرىنىڭ بارلىق راسـ
خوتلىرى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشلىرى، مەكتەپ، كۇلۇب
قۇرۇلۇشلىرىنىڭ بارلىق چىقىملىرىنى ئۇيۇشما ئۆزى تەمىنلەيتتى.
قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى يۇقىرىدا ئېيتىلغان
يۈكلەرنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىپ، ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىققانـ
دىن باشقا، قەشقەر خەلقىنىڭ كۈنسايىن ئۆسۈۋاتقان مەنىۋى
ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ۋە باشقا ۋىلايەتلەرگە ئۈلگە بولۇش



ئۈچۈن، 1939 - يىلى 8 - ئايدا ئېچىلغان ھەيئەتلەر مەجلىـ
سىدە زامانىۋى بىر كۇلۇب سېلىشنى ماقۇللىدى. ئورۇن تاللاشتا
قەشقەر شەھىرىنىڭ يۈرىكى بولغان ھېيتكار جامەسىنىڭ بىر تەرىپىدىكى
كونا خام بازىرى بولغان ھامام (مۇنچا)، سامان بازىرى، ئۇيغۇرلار
مازىرى (پاقالچاق مازار) نى يۆتكەپ ھېيتكار خەلق كۇلۇبىنى
سېلىشنى قارار قىلدى. ھەيئەتلەرنىڭ قارارىغا ئاساسەن، سېـ
لىنىدىغان 1600 كىشىلىك كۇلۇبنىڭ مودېلى تېزلىكتە ياسىلىپ
چىقتى. ھەيئەتلەر مودېلنى كۆرۈپ چىقىپ ئانچە - مۇنچە
پىكىر بېرىپ، مودېلغا ئاساسەن كۇلۇب سېلىشنى قارار قىلدى.
كۇلۇب يازلىق، قىشلىق چوڭ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن.
كۇلۇبنىڭ ئاخىرقى چېتىگە قىشلىق، يازلىق كۇلۇب ۋە سىرتتىن
كىرىدىغان خەلقنىڭ ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ ھاجەتخانا
ئورۇنلاشتۇرۇلغان. قىشلىق كۇلۇبنىڭ ئەتراپى كارىدور بولۇپ،
كارىدورنىڭ ئاخىرقى قىسمىغا ماتورخانا، كىنو بوتكىسى، سەھـ
نىنىڭ ئارقىسىغا ئۈچ ئېغىزلىق گىرىم ئۆيى ئورۇنلاشتۇرۇلغان
ئىدى، سەھنە غالتەكلىك تۆمۈر يول بىلەن چۆگىلەيدىغان
قىلىنىپ ئىشلىنىپ بىر كۆرۈنۈش ئوينىلىپ بولغىچە كېيىنكى
كۆرۈنۈش تەييار قىلىنىپ تۇراتتى، خەلقنىڭ ئويۇن كۆرۈش
ۋاقتى زور دەرىجىدە قىسقىرايتتى. بۇ ھال تاماشىبىنلارنىڭ
روھىنى كۆتۈرەتتى ۋە ۋاقىتنى تېجەيتتى.
كۇلۇبنىڭ ھېيتكار مەيدانى تەرىپىدىكى قىسمىغا ئاشـ
خانا، تاماق يېيىش زالى، يېمەك - ئىچمەك دۇكىنى، بىليارت،
دامكا، شاھمات ئويناش ئورۇنلىرى، كۇتۇپخانا، قىرائەتخانا
زاللىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان. كۇلۇبنىڭ قىشلىق زالىغا لوژى
قوشۇلۇپ 1600 كىشىلىك، يازلىق كۇلۇبقىمۇ 1600 كىشىلىك
ئورۇندۇق ئورنىتىلغان. بۇنداق زور بىر مەدەنىيەت ئوچىقىنىڭ ئومۇمىي
قۇرۇلۇشى 1939 - يىلى 10 - ئايدا قايىنام - تاشقىنلىق بىلەن
قەشقەرنىڭ ھېيتكا مەيدانىدا باشلاندى. پىلان بويىچە ئەگـ

ئاۋۋال كۇلۇبنىڭ ئۇلى ناھايىتى چوڭقۇر كولانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىچىگە بىر قەۋەت شېغىل، بىر قەۋەت توپا تۆكۈلۈپ، سۇ چېچىپ قاڭدالغان. چوڭقۇرلۇقى يەردىن بىر يېرىم مېتىر قالغاندا قاڭداش توختىتىلىپ، پىششىق خىش بىلەن بىر يېرىم مېتىر كەڭلىكتە ئۇل بېسىش باشلانغان. بۇ پىششىق خىش ئۇلىنىڭ بىر يېرىم مېتىرى يەر ئاستىغا كۆمۈلۈپ، بىر يېرىم مېتىرى يەر ئۈستىگە چىقىرىلغان. تاملار قوپۇرۇلۇپ قۇرۇلۇشنىڭ گەۋدىسى پۈتكەندىن كېيىن، كۇلۇبنىڭ پۈتۈن يۈزىگە تاختاي قېقىلغان. شۇ ۋاقىتتا كۇلۇبنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالىغا قاراپ ئۇنىڭ 30 يىل كۈچ بېرىشى مۆلچەرلەنگەن. ئەگەر تامنىڭ كېسەك قىسمى ئېلىۋېتىلىپ، ئاشۇ ئۇل ئۈستىگە پىششىق خىش بىلەن قەۋەتلىك بىنا قۇرۇلسىمۇ كۇلۇبنىڭ ئەسلى ئۇلىنىڭ چىدايدىغانلىقى ھېسابقا ئېلىنغان.

كۇلۇب 50 يىلدىن بۇيان بىرەر جايىدىن چاتاق چىقماستىن ھېلىغىچە ھېيتكار مەيدانىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا. كۇلۇبقا ئىشلەتكەن ياغاچنىڭ خىللىرى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرىدىنمۇ توشۇپ كېلىنگەن. دېمەك، بۇ مەدەنىيەت ئوچىقىنى سېلىش ۋە پۈتتۈرۈشتە پۈتۈن قەشقەر خەلقى بىردەك ھەرىكەتكە كەلگەن. تامنىڭ ھەربىر بازىلىرىنىڭ ئارىسىغا ئۈجمە، قارىياغاچلار تۈۋرۈك قىلىپ بېكىتىلىپ، تام پۈتكەندە بۇ تۈۋرۈكلەر ئۈستىگە تاشلىنىپ ئاندىن ئۆگزە يېپىلغان. چوڭ زالنىڭ ئۈستىنى يېپىشقا باشلىغاندا، ئۆزىمىزدە ۋە سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ قەشقەردىكى سودا ئورگىنىدا تونكە بولمىغاچقا، بۇنىڭغا كېرەكلىك تونكە ئۈچتۇرپاننىڭ قاراقول چېگرىسىدىن ئېلىپ كېلىنگەن. بۇنىڭ ئۈچۈن پۇل يەتمىگەندە شۇ ۋاقىتتىكى ھۆكۈمەت بانكىسىدىن پۇل سورىساق بەرمىدى. ئاندىن بىز شەخسىي شىركەتلەر ۋە بايلارنى يىغىپ ئەھۋالنى ئېيتقاندىن



كېيىن ئۇلار ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ ياردەم قىلىشتى. شۇندىن كېيىن ئۈچتۇرپان چېگرىسىغا ئادەم ئەۋەتىپ تونكە ئېلىپ كەلدۇق. بۇ قۇرۇلۇش 1940 - يىلى 10 - ئايدا تاماملاندى.

بۇ كۇلۇبنىڭ قۇرۇلۇشىغا مەسئۇل بولغان ۋە قاتناشقانلار تۆۋەندىكىچە:

(1) ئومۇمىي يېتەكچى ۋە پىلانچى سۆزۈك ھاجىيوۋ؛

(2) قۇرۇلۇشقا مەسئۇل ۋە نازارەت قىلغۇچى ئىبراھىم ساجىد ھاجى (تەمىرات - بىناكارلىق)؛

(3) تۆمۈرچىلىك ۋە تېخنىكا ئىشلىرى مەسئۇلى ئابدۇقادىر ئاخۇن ئۇستام؛

(4) ياغاچچىلار: ساۋۇت چوڭام ۋە ئىسلام چوڭلار؛

(5) تامچىلىقتا روزى چوڭام ۋە نەزەر ئاخۇن ئۇستاملار؛

(6) سىرچىلىق ۋە دېكوراتسىيە ئىشلىرىغا نامانغان ئۇستاملار مەسئۇل بولغان. بۇ كۇلۇب 1940 - يىلى 9 - ئايدا پۈتكەندىن كېيىن ئۇيۇشما دائىمىي ھەيئەتلىرى كۇلۇبقا نام بېرىش ۋە ۋىۋېسكا ئېسىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، ئەتراپلىق ئويلاشقان ھالدا «ھېيتكار خەلق كۇلۇبى» دەپ نام بېرىپ، ۋىۋېسكىنى ھېيتكارغا قارايدىغان كايوئات ئۈستىگە ئېسىشنى قارار قىلدى. كۇلۇب پۈتۈش بىلەن كۇلۇب ئالدىدىكى باغچە قۇرۇلۇشىمۇ دەرھال باشلىنىپ، ئىككى - ئۈچ يىل ئىچىدىلا گۈل - گىياھ، مېۋە - چېۋىلەر بىلەن تولغان بىر گۈزەل باغچە تەييار بولۇپ، مەشھۇر قەشقەر ھېيتكارىنىڭ ھۆسنىگە تېخىمۇ گۈزەللىك قوشۇلدى.

بۇنىڭدىن ئىلھاملانغان جەنۇبىي شىنجاڭدىكى باشقا ۋىلايەت، ناھىيىلەردىمۇ كۇلۇب، مەكتەپ سېلىش ۋە ساۋات چىقىرىش دولقۇنى قوزغىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى مەدەنىي - مائارىپ خىزمىتىگە تەڭداشسىز كۈچ بىلەن تۈرتكە بولغانىدى.

ھېيتگار كۇلۇبى ئالدىدىكى بۇ باغچە كېيىنكى ۋاقىتلاردا
ئۇزۇل كېسىل بۇزۇپ تاشلىنىپ، ئۇنىڭ ئورنى دۇكان، سا-
رايلار ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەززىلىك تائاملىرى بىلەن لىق
تولغان چوڭ بىر بازارغا ئايلاندۇرۇلغان. بۇ بازار قەشقەرنىڭ
ئادەتتىكى بازارلىرىغا ئوخشىمايدىغان، ئەتىگەندىن تارتىپ يې-
رىم كېچىگىچە، رامىزان ئايلىرىدا بولسا كېچە - كۈندۈز سودا
بولۇپ تۇرىدىغان قايناق، قىزغىن بازار بولغاچقا، بۇ يەرگە
يىغىلغان ۋە كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغان ئادەملەرمۇ ئاز ئە-
مەس، ئەلۋەتتە.

لېكىن بۇ كۇلۇب گومىنداڭ دەۋرىدە ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا
ئۇچراپ، سەرەمجانلىرى ۋەيران قىلىنىشتىن باشقا، مەدەنىيەت
ئىنقىلابىدىن ئىبارەت ئون يىللىق مالىمانچىلىقتىمۇ بۇزۇپ -
چېقىلىپ ئۆز ئەينىنى ساقلاپ قالالمىغان. بۇ يىل (1988 -
يىل) مەن قەشقەرگە بارسام، شۇ يىلى كۈزدىن تارتىپ كۇلۇب
ئالدىدىكى باغچىنى ئىگىلىۋالغان ھۆكۈمەت سودا ئورۇنلىرى
ۋە شەخسىي ئوقەتچىلەرنى كۇلۇب باغچىسىدىن يۆتكەپ، باغنى
ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بوپتۇ. بۇنى كۆرۈپ مەن ئىنتايىن سۆ-
يۈندۈم ۋە خۇرسەن بولدۇم.

## ئومۇمىي خەلق ساۋات چىقىرىش ھەرىكىتى

1939 - يىلىدىن باشلاپ ئۇيۇشما پۈتۈن ۋىلايەت بويى-
چە ئومۇمىيۈزلۈك كەچكۇرسلارنى تەشكىل قىلىپ، ئەر - ئايال
ساۋاتسىزلارنى ياش - قېرىسىغا قارىماي ساۋات چىقىرىش ھە-
رىكىتىگە يېتەكلىدى. بۇ كۇرسقا ھەتتا شىنجاڭ بويىچە ئەڭ
مۆتىۋەر ئىشان تاھىرخان ھاجىممۇ ئۆز مۇرتلىرىنى باشلاپ
كەچكۇرسقا قاتنىشىپ ساۋات چىقاردى. بۇنىڭ تەسىرى جەمئىي-
يەتتە ئالاھىدە چوڭ بولۇپ، ساۋات چىقىرىش ھەرىكىتىنىڭ
تەرەققىياتى ۋە كېڭىيىشىگە تېخىمۇ تۈرتكە بولدى.



## مەكتەپ قۇرۇلۇشلىرى

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەر، ئىلگىرىكى
سىفەنلەر، ۋىلايەتتىن تارتىپ ناھىيە، رايونلارغىچە سېلىنغان
كۇلۇبلارنىڭ ھەممىسى ئۇيۇشما باشچىلىقىدىكى تەشكىلىي خىز-
مەت ئارقىسىدا قۇرۇلغان بولغاچقا، ئوقۇغۇچىلارنى ئەقلىي ۋە
جىسمانىي جەھەتتىن ئوخشاش يېتىلدۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ،
مەكتەپ قۇرۇلۇشىدا سىنىپ ۋە باشقا پائالىيەت ئۆيلىرى ھەم
مەيدانلىرىنى كۆزدە تۇتقاندىن باشقا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرس
سىرتىدىكى جىسمانىي جەھەتتىن چېنىقىشى ئۈچۈن ئۈچ مودىن
بەش موغىچە باغلىق يەر قالدۇرۇلاتتى. بۇندىن باشقا مەكتەپ
دائىرىسىدە ھەربىر مەكتەپنىڭ ئىمكانىيىتىگە قاراپ ئوقۇغۇچى-
لارغا قول - ھۈنەر كەسىپلىرىمۇ ئۆگىتىلگەنىدى. بۇ مەكتەپلەر-
نى باشقۇرىدىغان مۇدىرلار ۋە ئەر - ئايال ئوقۇتقۇچىلار شۇ
جەمئىيەتتىكى ئەڭ مۆتىۋەر ھۆرمەتلىك كىشىلەر بولۇپ، يۇرت
چوڭلىرى جايلاردىكى مەكتەپ مۇدىرلىرىنىڭ پىكىر - تەلەپلى-
رىگە قۇلاق سالاتتى. ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىنى ئورۇنداپ بېرىپ،
مەدەنىي - مائارىپ ئىشىنىڭ ئالغا بېسىشىغا ئالاھىدە شەرت -
شارائىت يارىتىپ بېرەتتى. پۈتۈن جەمئىيەت ئوقۇتقۇچىلارنى
ھۆرمەتلەپ، ئەر ئوقۇتقۇچىلارنى ئەپەندىم، ئايال ئوقۇتقۇچىلار-
نى خانىم دەپ ئاتايتتى.

## نىقابلانغان شېڭ شىسەي

ئەخمەتجان قاسىمى — شېڭ شىسەينىڭ ئالتە سىياسەت
روھى بويىچە مەلۇم ۋاقىت شىنجاڭ خەلقىغە قىلغان خىزمىتىگە
ئالاھىدە باھا بېرىپ: «شېڭ شىسەي خەلقىمىزگە ئاز ۋاقىت

ئېلېكتر يېقىپ بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇزۇنغا قالماي بۇ چىرىغىنى ئۆچۈرۈۋېتىپ، خەلقنى يەنىلا ئاۋۋالقى قارا چىراغقا قالدۇردى.» دېگەنىدى. شېڭ شىسەي ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ دەسلەپكى گىتلېرنىڭ ۋاقىتلىق ئۇستۇنلۇكىگە ئىشىنىپ، يۈزىگە تارتىۋالغان يالغان نىقابىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئۆزىنىڭ ئەشەددىي يىرتقۇچ قىياپىتىنى ئاشكارىلىدى؛ ماركسىزم - لېنىنىزمدىن يانغانلىقىنى ئېلان قىلىپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئىلغار كۆچلەرنىڭ بولۇپمۇ ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت ياشلىرىنىڭ ماركسىزم - لېنىنىزمدىن قول ئۈزۈپ، ئۇنىڭدىن ئادا - جۇدا بولۇشىنى مەتبۇئات ئارقىلىق تەلەپمۇ قىلدى. بۇ جەرياندا ئۇ ئۆزى ئىشىنىپ مەسئۇل خىزمەتلەرگە قويغان زور بىر تۈركۈم ئىلغار كۆچلەرنىڭ ئەڭ كۆپ قىسمىنى ئۆزىنىڭ قانلىق زىندانلىرىغا تاشلاپ، ئاخىردا ئۇلارنى جىسمانىي جەھەتتىن يوقاتقان بولسا، سىرتتا قالغان قىسمىنىڭ خىزمەت قىلىۋاتقانلىرىنىمۇ، ئۇنىڭ خىزمىتىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشىغا قارىماي، خەلق ئىچىدىكى ئابرويى، تەسىرى ۋە بىلىمىگە قاراپ ئۇلارنى قىلىۋاتقان خىزمەتلىرىدىن ئېلىپ تاشلىدى؛ ئۇلارنىڭ ئورنىغا يېڭى ئۆزگەرگەن، ۋەزىيەتكە ماسلىشالايدىغان بىر تۈركۈم مىللىي قورچاقلارنى ئىشقا قويۇش يولى بىلەن گومىنداڭ ھاكىمىيىتى ۋە سىياسىتىنىڭ شىنجاڭدىكى يېڭى ئىجراچىلىرى ۋە يەرلىك قورچاق ئەمەلدارلىرىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزىشى ئۈچۈن زېمىن ھازىرلىدى.

بۇ ۋاقىتلاردا مەنمۇ قەشقەردە ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە، تەسىر دائىرەم كەڭ كادىر بولغانلىقىم ئۈچۈن، مېنىمۇ ئەسلى ئورنۇمدىن ئېلىپ تاشلاپ، مەدەنىي - مائارىپچىلىق كەسپىمدىن ئايرىپ، دوختۇرخانىنىڭ مۇدىرلىقىغا چىقىرىپ قويدى. دوختۇرلۇق مېنىڭ كەسپىم بولمىغاچقا، مېنىڭ بۇ يەردىكى رولۇم ۋە خىزمىتىم كىچىككىنە دائىرىدىلا چەكلەندى، ئەمما سىياسىي



خىزمىتىمنى ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ئۈزۈپ قويماي داۋام قىلدۇردۇم.

1943 - يىلى شېڭ شىسەي شىنجاڭدىن بۇلاپ - تالاپ يىغقان بايلىقلارنى ئەللىكتىن ئارتۇق ماشىنىغا قاچىلاپ قاچقاندىن كېيىن، جەمئىيەتتە داۋام قىلىپ كەلگەن قاينام - تاشقىنلىق بىراقلا ئۆزگىرىپ ۋە ھاكىمىيەت يېڭىلىنىپ، جەمئىيەت قىياپىتىمۇ باشقا بىر تۇسكە كىرىشكە باشلىدى. نۇرغۇن كادىرلار ئورنىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا سەنمىنجۇيىغا، گومىنداڭغا سادىق كادىرلار قويۇلدى.

ھەربىي ئورگان ۋە بۇ ئورگانلار باشقۇرىدىغان قوشۇنلار ۋىلايەت بويىچە قەشقەر شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ناھىيە ھەتتا رايونلاردىكى كەڭرەك مەكتەپ، كۇلۇب ۋە شەخسىيلەرنىڭ چوڭ - چوڭ باغ - ھويلىلىرىغىچە ئورۇنلىشىپ، خېلى ۋاقىتلار (ئازادلىق) غىچە تۇرغاچقا، بۇ ئورۇنلاردىكى مەكتەپلەر ۋە مەدەنىي پائالىيەت سورۇنلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى رولىنى يوقىتىپ، جەمئىيەت قىياپىتىدە باشقىچە بىر كۆرۈنۈش پەيدا بولۇشقا باشلىدى. بىر مۇنچە چوڭ - چوڭ مەكتەپلەر ھەربىيلەر تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىنغانلىقتىن، بۇنىڭ دەسلەپكى زەربىسى مەكتەپلەرگە تېگىپ، مەدەنىي - مائارىپ خىزمىتىنى پالەچ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى، ھەتتا ھېيتكار خەلق كۇلۇبىنىڭ دوخاۋا پەردىلىرى، قۇرۇشقا ئۈلگۈرمەي ئامباردا تۇرۇۋاتقان تام مەشلەر، ئۈيۈشمىنىڭ ۋە كۇلۇبىنىڭ گىلەملىرىمۇ بۇلاپ كېتىلگەن بولۇپ، مەدەنىي مائارىپ ساھەسىدە ئىشلەۋاتقان كادىر ۋە ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئەسلى كەسپىدىن ۋاز كېچىپ، ئۆز كەسپىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن. نەتىجىدە ئوقۇغۇچىلارمۇ بارغانچە ئازىيىپ، نۇرغۇنلىغان مەكتەپلەر ئۆزلۈكىدىن تاقىلىش باسقۇچىغا كېلىپ، خۇددى ئەزەلدىن يېنىپ پارقىراپ تۇرغان نۇرلۇق چىراغ بىردىنلا ئۆچۈپ، قاراڭغۇ زۇلمەت كېچە باشلان-

غاندەك قىياپەت پۈتۈن شىنجاڭنى قاپلاشقا باشلىدى. گومىنداڭ دەۋرىدىكى چېكىدىن ئاشقان پۇل پاخاللىقى ئەزەلدىن ئازغىنە مائاشقا تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەن مائارىپچىلارغا تېخىمۇ ئېغىر زەربە بولدى. بۇ زەربە مائاشقا ئاشلىق ئالىدىغان ئۇيۇشما قارمىقىدىكى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىغا قارىغاندا ئايلىقىغا پۇل ئېلىپ تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەن ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى مائارىپچىلارغا نىسبەتەن تېخىمۇ ئېغىر بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خىل مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ كەسىپ ئۆزگەرتىپ باشقا ئىش ۋە كەسىپلەرگە كىرىشىپ كېتىشى ئۇيۇشما مەكتەپلىرىنىڭكىدىن ئېغىر بولغان.

1944 - يىلى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ نىلقا ناھىيىسىدىن قوزغالغان زۇلۇمغا قارشى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى چاقماق تېزلىكىدە كېڭىيىپ ۋە ئۇلغىيىپ ئۈرۈمچى، ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن، خوتەنلەرگە تەھدىت سېلىشقا باشلىغاندا، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى گېنېرال جاڭ جىجۇڭنى ئالاھىدە تەيىنلەپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىلىرى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش توختىتىپ تىنچلىق كېلىشىمى قىلىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق سوۋېت كونسۇلىنى ۋاستىچىلىككە سېلىپ، 1946 - يىلى 6 - ئايدا 11 ماددىلىق تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى. مۇشۇ كېلىشىمگە ئاساسەن، گېنېرال جاڭ جىجۇڭ رەئىس، ئەخمەتجان قاسىمى، بۇرھان ئەپەندىلەرنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىدە ۋاقىتلىق بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. بۇ ھۆكۈمەت ئۆز ئاپپاراتلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورگانلىرىنىڭ ئاساسىنى دەسلەپكى قەدەمدە قۇرۇۋالغاندىن كېيىن، سايلام قانۇنى تۈزۈپ بۇ قانۇن ئاساسىدا پۈتۈن شىنجاڭدا دېموكراتىك ھاكىمىيەت سايلىمى ئۆتكۈزۈپ، خەلق ئىشەنگەن كىشىلەرنى ئۆلكىلىك، ناھىيىلىك كېڭەش ئەزالىقىغا ۋە ناھىيىلەرنىڭ ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىملىقىغا سايلاپ، خەلققە دەسلەپكى قەدەمدىكى ئەركىن



لىكنى بېرىش ئۈچۈن ھەربىر ۋىلايەتلەرگە مەخسۇس سايلام گۇرۇپپىلىرى ئەۋەتتى. قەشقەرگە يولداش سەيپىدىن ئەزىزى سايلام گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ كېلىپ، قەشقەر شەھىرىدە مەخسۇس سايلام ئىشخانىسى تەشكىللەپ، مېنى ئىشخانىنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىنى بېجىرىشكە مەسئۇل قىلىپ، سايلام خىزمىتىنى باشلىدى. ۋىلايەتلىك سايلام ھەيئىتى ھەربىر ناھىيىلەرنىڭ سايلىمىنى ئۇتۇغلۇق ۋە ساغلام ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ھەربىر ناھىيىلەرگە مەخسۇس گۇرۇپپىلارنى تەشكىل قىلىپ ئەۋەتىپ، بۇ ۋىلايەتتىن ئۆلكىلىك كېڭەشكە سايلىنىدىغان ۋەكىللەرنى سايلىغاندىن باشقا، ھەربىر ناھىيىنىڭ ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىم ۋە ناھىيىلىك كېڭەش ئەزالىرىنى سايلاپ بولغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك كېڭەش ۋە ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنى قۇرۇپ رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈردى. بۇ قېتىمقى سايلامدا مەنمۇ قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىدىن ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىقىغا سايلاندىم.

قەشقەرنىڭ ھاكىمىيەت سايلىمى ئۇتۇغلۇق تۈگىگەندىن كېيىن، 1946 - يىلى 11 - ئايدا يولداش سەيپىدىن ئەزىزى ئۆزى باشچىلىق قىلىپ قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭمۇ سايلىمىنى ئۆتكۈزدى. بۇ سايلامدا كۆپچىلىك مېنى ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسلىكىگە ئىككىنچى قېتىم سايلىدى. ئابدۇلھەقنى مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلىدى. يولداش سەيپىدىن ئەزىزى باشچىلىقىدىكى قەشقەر سايلام گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمىتى ساغلام ۋە نەتىجىلىك ئاياغلاشتى.

بىز ئىككىمىز سايلانغاندىن كېيىن گومىنداڭ ۋاقتىدىكى رەئىس ئىسمائىل قاسىمدىن ئىش ئۆتكۈزۈۋالدۇق. لېكىن بۇ ھېساباتنىڭ قويرۇقى ئۈزۈلگىچە، جايلاردىن ۋە قەشقەر ۋىلايىتىدىن ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىقىغا سايلانغانلار ئۆلكىلىك كېڭەش باشلىقلىرىنى سايلاپ چىقىش بىلەن بىللە

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىرىنى سايلاش خىزمەتلىرىگە ئىشتىراك قىلدى. نەتىجىدە، شىنجاڭنىڭ مۇندىن كېيىنكى ئىشلىرى 11 ماددىلىق بىتىم ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىشقا يۈزلەندى. بىز يۇقۇرىدىكى ۋەزىپىلەرنى زىممىمىزگە ئېلىپ، 11 ماددىلىق بىتىم ئاساسىدىكى دېموكراتىك ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى سايلاپ، ئۆلكىلىك كېڭەشنى قۇرۇپ، بۇ ئورگانلارنى ئىشقا كىرىشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلىرىنى ئالغا سۈرۈپ كۆڭۈلدىكىدەك ئىشلەپ، خەلقنى 11 ماددىلىق بىتىم دائىرىسىدىكى ھوقۇق بىلەن تەمىنلەشنى تەشەببۇس قىلغان ۋە كۈرەشلەر ئېلىپ بارغان بولساقمۇ، ئەمما گېنېرال جاڭ جىجۇڭ ئەيسا بەگنى ئوچۇق - ئاشكارا ئىشقا سېلىپ، سەنمىنجۇيىچى ياشلار تەشكىلاتىنىڭ زالى (ھازىرقى پارتىيە مەكتىپى) دە ھەممىمىز ئۈچۈن ئوچۇق چاي ئۆتكۈزۈپ، بىزلەرگە ئوچۇق - ئاشكارا تەشۋىقات ھۇجۇمى باشلىدى. بۇ چاي جەريانىدا مەن باشلىق بىرقانچەيلەننى زىياپەت ئارىلىقىدا ئايرىم ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ، ئۆز ئارا بىرلىككە كېلىشنى تەكىتلەپ، بىزنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ۋە خۇمىسلاردىن يەنى كوممۇنىستلاردىن ئايرىلىپ ئۆز تەرىپىدە تۇرۇشىمىزنى تەكلىپ قىلىپ، نۇرغۇن پىتنە - پاسات ئېغۋا سۆزلىرى بىلەن بىزلەرنى قايمۇقتۇرماقچى بولدى. مەنمۇ ئۇ كىشىنىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن ئۆز پىكرىمنى بايان قىلىپ: «ھەرقايسىمىز ئۆزىمىز تاللىغان يولغا ماڭمىساق بولمايدىكەن» دېگەن جاۋابنى بېرىپ، سۆھبەتنى توختىتىشقا مەجبۇر قىلدىم.

بۇ سۆھبەتتىن كېيىن 7 - ئاينىڭ باشلىرىدا، گېنېرال جاڭ جىجۇڭ ھازىرقى رايونلۇق پارتكومنىڭ غەربىي زالىدا شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدىن سايلانغان كېڭەش ئەزالىرىنى يىغىپ، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭغا مەسئۇد ئەپەندىنى ئۆلكە رەئىسلىكىگە بەلگىلىگەنلىكىنى ئېلان قىلدى،



بىز بۇ ئېلاننى ئاڭلاش بىلەن ئارىمىزدىن مەرھۇم باتۇر ئابدۇرىشىت ئەلەم ئاخۇنۇمنى سۆزگە چىقىرىپ بۇ ئېلاننى دەرھال رەت قىلدۇق. بۇ يىغىننىڭ ئۈچىنچى كۈنى رامىزان قىستاپ قالغاچقا، گېنېرال جاڭ جىجۇڭغا بىز قەشقەر ۋەكىللىرى نامىدىن - «ھازىر رامىزان قىستاپ قالدى، رامىزاننىڭ كەينىدىنلا مۇسۇلمانلارنىڭ ھېيتى كېلىدۇ. ئىسلام قائىدىسى ۋە بىزنىڭ ئۆرپ - ئادىتىمىز بويىچە، مۇسۇلمانلار يىل بويى ئەمگەك قىلغاندىن كېيىن رامىزان بىلەن ئىككى ھېيتنى خاتىرجەم ئۆتكۈزمىسە بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز قەشقەر ۋەكىللىرى رامىزان بىلەن روزى ھېيتنى ئۆرۈمچىگە يېقىنراق غۇلجىدا ئۆتكۈزۈپ، يىغىننى ھېيتتىن كېيىن ئاچساق» دېگەن تەكلىپنى بەردۇق. بۇ تەكلىپىمىزگە گېنېرال جاڭ جىجۇڭمۇ دەرھال ماقۇل بولدى. شۇندىن كېيىن 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى قەشقەرنىڭ بەش، ۋەكىلى خوتەننىڭ بىزگە قوشۇلغان ۋەكىلى ئوسمان تۇردى، ئاقسۇ ۋەكىلى سەمەتخان، قارا شەھەر ۋەكىلى ئوسمان ياقۇپ، تۇرپان ۋەكىللىرى سىراجىددىن زەپەر ھاجى بىلەن مەھەممەت زەيدىنلارنى ئېلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن غۇلجىغا كەتتۇق.

بىز غۇلجىغا بارغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ۋە خەلقى بىزنى چوڭ تەنتەنە بىلەن قارشى ئالدى ۋە كۈتۈۋالدى. بۇ كۈتۈشلەرنىڭ ئاساسىي قىسمى تا يايلاۋ ۋاقتى تۈگىگىچە ئىلى، بورتالا دائىرىسىدىكى يايلاۋلارنىڭ ئەڭ ياخشى جايلىرىنى تاللاپ ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە كۈتۈش يولى بىلەن رەتلىك ئېلىپ بېرىلغاچقا، بۇ جەرياندا ئۆتكەن كۈنلەر مېھمان ئۈچۈنمۇ، ساھىپخان ئۈچۈنمۇ ئۇنتۇلغۇسىز تارىخ بولۇپ، ھەممىمىزنىڭ يۈرىكىدە مەڭگۈ ئۆچمەس خاتىرە بولۇپ قالغاندى. بىز يايلاۋ مەزگىلى ئاياغلاشقىچە مۇشۇنداق كۈتۈلۈپ ئاخىرىدا ئىلى ۋالىيسى مەھكىمىسىنىڭ مېھمانخانىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدۇق.

بىز ئۈرۈمچىدىن قايتقاندىن كېيىن، گومىنداڭ قولىدا
قالغان ۋىلايەتلەردە گومىنداڭچىلار بىزنىڭ بۇزۇپ، ئىلغارلار-
نى كەڭ دائىرىلىك تۇتقۇن قىلىش باشلانغانلىقى ئۈچۈن، يەت-
تە ۋىلايەتتىن بولۇپمۇ ئۈرۈمچى، قۇمۇل، ئاقسۇ، قەشقەر ۋىلا-
يەتلىرىدىن گومىنداڭ تۈزۈمىنى قايتا ئورنىتىشقا
قارشى چىقىپ، بىزنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا
كۈرەش قىلغان ياشلار، يۇرت مۆتىۋەرلىرى ۋە تۇرپان پارتىزانـ-
لىرىنىڭ هايات قالغانلىرى ئارقىمۇ ئارقا تا چېگرا تاقالغىچە
غۇلجىغا يېتىپ كېلىپ كەڭ دائىرىلىك زور ئىنقىلابىي بىرلىكسەپ
قوشۇنىنى هاسىل قىلدى. مەسىلەن، قەشقەردىن ئابدىكېرىم خان
مەخسۇمنىڭ ئوغلى مۇختار كەرىموۋنى قەشقەردىكى سوۋېت كونـ-
سۇلى بىر خىزمەتچىسى بىلەن ئەركەشتام ئارقىلىق غۇلجىغا يەتـ-
كۈزۈپ قويغاچقا، ئۇ بىز بىلەن بىرگە بولغان ئىدى، ئامما
قەشقەردە قالغان قاسىمجان قەمبىرى، ئابلىز مۇهەممىدى، ئابدۇ-
لهەق، نىزامىددىن سالىيوپ، ئالىم ئاخۇن، بارات ئاخۇن قاتار-
لىق مەشهۇر كىشىلەر ۋە ياشلارنى تا ئۆلكە ئازاد بولۇش هار-
پىسىغىچە قاماپ، تۈرمىدە ئازابلىدى.
ئىلىغا توپلانغان بۇ ئىلغار قوشۇنىنىڭ ئىرادىسى، مەقسە-
تى، نىشانى ئوخشاش بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ كەسپى، سەۋ-
ىيىسى، يېشى ئوخشىمايتتى، ئۇلارنىڭ سانىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى.

## يەتتە ۋىلايەت خەلقچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ تەشكىل قىلىنىشى

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىنقىلابىي ئىلغار قوشۇننى تېـ-
خىمۇ مۇستەهكەملەش زۆرۈرلۈكىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، ئەخمەتجان
قاسىمى باشلىق ئۈچ ۋىلايەت رەهبەرلىرى ئۆز ئارا مەسلىهەتلە-
شىپ، بۇ كۈچلەرنى باشقۇرىدىغان بىر ئورگان قۇرۇشنى قارار



قىلدى. بۇ تەشكىل «يەتتە ۋىلايەت خەلقچىلەر بىرلەشمىسى» دەپ
ئاتىلىپ، بۇنىڭغا مەرهۇم قاسىم ئەپەندىنى رەئىسلىككە سايلىـ-
غاندىن كېيىن، بۇ تەشكىل غۇلجىدا 1947 - يىلى 9 - ئاي
ئاخىرىدا ئىش باشلاپ، يەتتە ۋىلايەتتىن سىقىلىشقا ئۇچراپ
قېچىپ چىققان ئىلغار كۈچلەرنى ۋە تۇرپان پارتىزانلىرىنى ئۆز
لايىقىدا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئىشلەشكە باشلىدى. بىرلەشـ-
مە بۇ ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ هەممە يېـ-
رىدىن غۇلجىغا يىغىلغان ئىلغارلارنىڭ يېشى، سەۋىيىسى، كەسپى،
قابىلىيىتىگە قاراپ ياشلارنى هەربىي مەكتەپ، تىببىي مەكتەپ ۋە
بىلىم يۇرتلىرىغا ئوقۇتقۇچى قىلدى ۋە مائارىپ كەسپىدىكىلەرنى ئۆز
كەسپىگە، باشقا مەمۇرىي، سىياسىي خىزمەت ئىشلەپ كەلگەنلەر-
نىمۇ ئۆز لايىقىدىكى مەمۇرىي، سىياسىي خىزمەتلەرگە، ساۋاتسىز-
لارنى بىرلەشمە تەرىپىدىن تەشكىللىك ئاساستا دېهقان، چارۋـ-
چىلىق مەيدانىغا؛ ئاخۇنۇملارنى ئىلى مەهكىمە شەرئىيىسى ۋە نا-
هىيىلىك مەهكىمە شەرئىيىلەرنىڭ ئاخۇنلۇقىغا تەقسىم قىلىپ ئور-
ۇنلاشتۇرۇش يولى بىلەن ئۇلارنىڭ رولى تولۇق جارى قىلدۇ-
رۇلدى.
ياشلار مەخسۇس كەسىپلەرنى ئوقۇپ چىقىپ، جەمئىيەتكە
قوشۇلۇپ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇردى، هاياتلىرى هېلىمۇ ئۆز رولىنى
جارى قىلماقتا. بۇ خىزمەتنىڭ ئەمەلىي ئىجراسىنى يولداش
سوپى سەلەي بىلەن ئىككىمىز ئىشلىدۇق. بۇ بىرلەشمىنىڭ خىز-
مىتى 1947 - يىلى 9 - ئايدىن 1948 - يىلى 8 - ئايغىچە
داۋام قىلغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ بارلىق ئىشلىرىغا يېـ-
تەكچىلىك ۋە قوماندانلىق قىلغۇچى باش شتاب «شىنجاڭدا تىنچلىق
ۋە خەلقچىللىقنى هىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» (قىسقارتىپ «ئىتتىپاق»
دېيىلىدۇ) قۇرۇلغانغا قەدەر داۋام قىلىپ، ئاخىرىدا بۇ تەشكىل
ئۈچ ۋىلايەت ياشلار تەشكىلاتى بىلەن بىرگە ئىتتىپاققا قوشۇۋې-
تىلدى. شۇندىن كېيىن بۇ ئىككى تەشكىل ئىشلەپ كەلگەن ئىش

ئىتتىپاقنىڭ تەركىبىگە ئۆتتى. مېنىڭ خىزمىتىممۇ ئىتتىپاقنىڭ غۇلجا شەھەرلىك كومىتېتىغا بېكىتىلىپ، ئىتتىپاقنىڭ باش ئورگىنى ئۈرۈمچىگە كۆچكەنگە قەدەر شۇ يەردە بولدۇم. ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىنمۇ باش ئىتتىپاقنىڭ تەشۋىقات بۆلۈمىگە ئورۇنلىشىپ، شۇ يەردە خىزمەت ئىشلىدىم.

1850 - يىلى باش ئىتتىپاق ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆلكىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ۋە ئىقتىساد ئەسلىھەلىرى ئىتتىپاق تەركىبىگە كىرگۈزۈلۈپ بىر گەۋدە قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى باشقۇرۇپ كەلگەن بارلىق ئورگان، مەكتەپلەرنىڭ، كۆچەر ۋە كۆچمەس مۈلۈكلىرىنى كادىرلىرى بىلەن قوشۇپ ئۆتكۈزۈۋېلىپ، بۇ ۋاقىتقىچە ئۇيۇشما ئىشلەپ كەلگەن ئىشلارنى ئىتتىپاق ئىشلەيدىغان بولدى. شۇڭا باش ئىتتىپاق ئىمنوۋ بىلەن مېنى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ۋە ئۇنىڭ قولىدىكى بارلىق مەدەنىي - مائارىپقا تەۋە ئىقتىساد، مۈلۈكلىرىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ۋىلايەتلىك ئىتتىپاقنىڭ ئورگىنىنى قۇرۇشقا تەيىنلىدى.

ئىمنوۋ بىلەن ئىككىمىز بۇ ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، 6 - ئايدا قەشقەردە ئىتتىپاقنىڭ ۋىلايەتلىك ئورگىنىنى قۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ھەيئەت، رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىرىنى سايلاپ چىقىش يىغىنىنى ئاچتۇق. يىغىنغا جەنۇبىي شىنجاڭ پارتكومى، ۋالىي مەھكىمە ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى تەكلىپ بىلەن قاتناشتى. يىغىندا ۋىلايەتلىك ئىتتىپاقنىڭ ئىجرائىيە ھەيئەتلىرى، رەئىس ۋە مۇئاۋىن رەئىسلىرى سايلاپ چىقىلدى، سايلامدا ۋالىي ئابدۇكېرىم خان مەخسۇم رەئىسلىككە، ئىمنوۋ بىلەن مەن مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلىنىپ قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىتتىپاقنىڭ خىزمىتىنى رەسمىي باشلىدۇق. ئىشىمىزنىڭ بىر قىسمى ئىتتىپاقنىڭ نىزامنامىسى ئاساسىدا ئىت-



تىپاقنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇپ ۋە ئۇنىڭغا ئىختىيارىي ئاساستا ئەزا قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى تەربىيىلەپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرى، بولۇپمۇ تەشۋىقات، مەدەنىي - مائارىپ خىزمىتى ۋە تەشكىلىي خىزمەتلىرىگە ياردەملەشىش؛ ئۇيۇشمىلار قولىدىكى بارلىق كۆچەر - كۆچمەس مۈلۈك ۋە مەدەنىي - مائارىپ ئورگانلىرى ۋە پاراۋانلىق ئورۇنلىرىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ باشقۇرۇش ۋە ئۇلارنى تەمىنلەش ئىدى.

ئىتتىپاق ئۆزىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى رەتكە سېلىۋالغاندىن كېيىن، ئىش ئۆتكۈزۈۋېلىش ۋە ناھىيىلەردىمۇ ئىتتىپاقنىڭ ناھىيىلىك ۋە ئاساسىي قاتلام تەشكىللىرىنى قۇرۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت خىزمىتىگە ياردەملىشىشكە كىرىشتى. قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيۇشمىنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى يولداش ئابدۇلھەق ئەزىزى ئۆز خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كەتتى.

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئىتتىپاق خىزمىتىنى ئابدۇكېرىم خان مەخسۇم، ئىمنوۋ ۋە مەن ئۈچىمىز ئىشلەشكە باشلىدۇق. كۈندىلىك ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئىشلەش مېنىڭ ۋەزىپەم بولۇپ، بۇ تەشكىلاتنىڭ خىزمىتى خاراكتېر جەھەتتىن تەشكىلىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىي - مائارىپ، تەشۋىقات ۋە ئىقتىسادمۇ ئارىلاشقان ئىش بولغاچقا، بۇ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشمۇ ئانچە ئاسان ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئىتتىپاق بىر تەرەپتىن قەشقەر دائىرىسىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان تەشكىلىي، تەشۋىقىي خىزمىتىنى ئىشلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن پۈتۈن ۋىلايەت دائىرىسىدىكى ئۇيۇشمىلار باشقۇرۇپ، تەمىنلەپ كېلىۋاتقان مەدەنىي - مائارىپ ئورگانلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەمىنلەشنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىشى لازىم ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىتتىپاق بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ تەشكىلىي، تەشۋىقىي خىزمەتلىرىنى ئىشلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن شىنجاڭ بويى-

چە ھەر دەرىجىلىك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلغان-
دىن تارتىپ ئىشلەپ كەلگەن خىزمەتلەرنى 1954 - يىلى ئىنتىپاق
تارقىتىۋېتىلگەنگە قەدەر قوشۇمچە ئىشلەپ، ئۆزىگە تەۋە بولغان
ئىقتىساد بىلەن ئۇرۇمچى شەھىرى نەنمىڭدىكى خەلق تىياتىرىنى
ياساپ پۈتتۈردى، ھەمدە ئۇنى جەمئىيەتنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن
تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى تاماملىدى. ئۇ
ۋاقىتتا مەن ئىجرائىيە ھەيئىتىنىڭ باش كاتىپى ئىدىم.



# قەشقەر ۋىلايەتلىك قازاق، قىرغىز مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى توغرىسىدا ئەسلىمە

تاھىر مەمتىلى، مەمەت ھەسەن

1934 - يىلى، قەشقەر ۋىلايەتلىك قازاق، قىرغىز مە-
دەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپ، قەشقەر ئۆستەڭبويىدىكى
بىر شەخسىينىڭ قورۇسىدا ئىش باشلىغانىدى، 1935 - يىلىغا
كەلگەندە، ئۇ يۇشما يارۋاغ دەرۋازىسىدىكى مويكا قورۇس-
نى ئىجارىگە ئېلىپ، شۇ قورۇدا ئىشنى داۋاملاشتۇردى. 1935-
يىلىنىڭ ئاخىرى، 1936 - يىلىنىڭ باشلىرىدا قازاق، قىرغىز
ئۇيۇشمىسىغا ئورۇن تاللاپ، قۇم دەرۋازا ئىچىدىكى ئابدۇقادىر
دېگەن كىشىنىڭ قورۇسى بىلەن غەربىي شىمال تەرەپتىكى كو-
چىنىڭ ئوڭ قانىتىدىكى يېڭىشەر ناھىيىسىگە قاراشلىق بولغان
تازغۇنلۇق ئابدانبەگ دېگەن باينىڭ سارىيىنى (بۇ سارايىنى
شېڭ شىسەي مۇسادىرە قىلغانىكەن) قازاق ، قىرغىز ئۇيۇش-
مىسىنىڭ ئورنى قىلىپ بېكىتىپ مەرھۇم گېنرال ئىسھاقبەگ
(شۇ ۋاقىتتا ئۇ قەشقەردە بىرىگادا كوماندىرى - لۇيجاڭ ئىدى)
نىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن ئۇيۇشما بۇ ئورۇنغا يۆتكىلىپ
كېلىپ، ئۆز خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرغانىدى. قازاق ، قىرغىز
ئۇيۇشمىسى بۇ سارايغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن كونا ئۆيلەر-
نى رېمونت قىلدۇرۇپ، يېڭىدىن ئون نەچچە ئېغىزلىق ئۆي
سالدى، شۇنىڭغا ئۇلاپلا چوڭ قورو ئىچىدە 700 - 800 كىشى-
لىك كاتتا كۇلۇپ سېلىندى. قازاق، قىرغىز ئۇيۇشمىسى قارمىقى-
دا بىرنەچچە بۆلۈم تەسىس قىلىندى، بۇ ئۇيۇشمىنىڭ قارمى-

قىدا قىزىلئۆي قازاق، قىرغىز شۆبە ئۇيۇشمىسى، يېڭىسار قازاق، قىرغىز شۆبە ئۇيۇشمىسى ۋە قاراجۇل قازاق، قىرغىز شۆبە ئۇيۇشمىسى قاتارلىق شۆبە ئۇيۇشمىلار قۇرۇلغانىدى. قازاق، قىرغىز مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ بۇ ئۈچ شۆبىسىگە قاراشلىق ئوتتۇزدىن ئارتۇق باشلانغۇچ مەكتەپ، 300 - 400 دىن ئارتۇق مۇدىر، مۇئەللىم، ئىشچى - خىزمەتچىسى بار ئىدى. قازاق قىرغىز ئۇيۇشمىسى خۇيلى مەكتەپلەرنى باشقۇراتتى، مەكتەپ مۇدىرى، ئىلمىي مۇدىر، مۇئەللىملەرنى ئۇيۇشما ئۆزى تەيىنلەيتتى، بۇ مەكتەپلەردىكى مۇدىر، مۇئەللىملەر ۋە ئىشچى، خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشىنى، ئوقۇ - ئوقۇتۇش خىراجەتلىرىنى ئۇيۇشما تەرەپتىن بىر تۇتاش تارقىتاتتى. شۇ ۋاقىتتا، مەكتەپلەردە ئىككى خىل مائاش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان، بىرى، ھۆكۈمەت باشقۇرىدىغان شەنلى مەكتەپلەر، بۇ مەكتەپلەرنىڭ مائاش ۋە باشقا خىراجەتلىرىنى ھۆكۈمەت كۆتۈرەتتى؛ يەنە بىرى، قازاق قىرغىز ئۇيۇشمىسى باشقۇرىدىغان خۇيلى مەكتەپلەر بولۇپ ئۇنىڭ ھەممە خىراجىتىنى ئۇيۇشما ئۈستىگە ئالغان، مائاشىغا پۇل ھېسابىدا ئاشلىق ياكى چارۋا تارقىتىلاتتى. مەكتەپلەردە قىرغىز ئوقۇغۇچىلار قىرغىز تىلىدىكى دەرسلىكلەرنى ئوقۇيتتى، قىرغىز تىل - يېزىقى ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلغانىدى.

قەشقەر ۋىلايەتلىك قازاق، قىرغىز مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قىرغىز ياشلىرىدىن قىرغىز سەنئەت ئۆمىكى تەشكىل قىلىپ، راسخودىنى ئۇيۇشما تەرەپتىن تارقىتاتتى، بۇ قىرغىز سەنئەت ئۆمىكى ۋىلايەتلىك قازاق قىرغىز ئۇيۇشما قارمىقىدا بولۇپ، قازاق، قىرغىز ئۇيۇشمىسىنىڭ يېڭىدىن سېلىنغان كۇلۇبىدا قەرەللىك ۋاقىتتا دراما ۋە كونسېرتلارنى ئوينايتتى. بۇ كۇلۇبتا ئادەتتە كىنولار قويۇلۇپ تۇراتتى. قاراجۇل، يېڭىسار، قىزىلئۆي شۆبە ئۇيۇشمىلىرىدىمۇ كونسېرت، درامىلار ئوينىلاتتى. قازاق، قىرغىز ئۇيۇشمىسى سانائەت پېشەسىگە ئارتىست بولغانلاردىن قاراجۇلدىن ئىمىن ئىسمايىل، ئەمەت توقۇ؛ قىزىلئۆيدىن نامان؛ ئاقتۇدىن ئابدۇقادىر قاتارلىقلار بار ئىدى. دېمەك، قىرغىز خەلقى ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان سەنئەتكارلار خېلى كۆپ بولۇپ، ئۇلار چارۋىچىلىق رايونلىرىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ ئويۇن قوياتتى. قازاق، قىرغىز ئۇيۇشمىسىغا قاراشلىق ئوتتۇزدىن ئارتۇق مەكتەپلەردە ساۋات چىقىرىش كەچ كۇرسلىرى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلۇپ، ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىق ئەر - ئاياللار كەچ كۇرستا ئوقۇيتتى، كەچ كۇرسىنىڭ مۇئەللىملىكىنى يەنىلا باشلانغۇچ مەكتەپ مۇئەللىملىرى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالغانىدى، قىرغىز چارۋىچىلارنىڭ كۆپى مۇشۇ كەچ كۇرسلارغا قاتنىشىپ ساۋادىنى چىقارغانىدى.

قەشقەر قازاق، قىرغىز مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى چارۋىچىلاردىن ئۆشرە - زاكات ئېلىشتىن سىرت، ئىچكى ۋە تاشقى سودىنى يولغا قويغان، شۇ چاغدا، قەشقەردە يارۋاغ دەرۋازىنىڭ ئىچىدىكى ئەنجان رەستىسىدىن بىر چوڭ قورۇنى سېتىۋېلىپ، بۇ ئورۇنغا چوڭ بىر دۇكان سېلىپ تىجارەت باشلىغان. بۇ سودا سارىيىدا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىمپورت قىلىنغان ھەر خىل سارجا، دۇخاۋا، تۈرلۈك گۈللۈك چىتلار؛ خۇرۇم ئۆتۈك، گىجىما ياغلىق، يامغۇرلۇق چاپان، شېكەر، قەنت - گېزەك، ھاراق قاتارلىق ماللار بولۇپ، ئوبوروتى تېز، پايدىسى كۆپ ئىدى. يەنە قوم دەرۋازىنىڭ ئىچىدە چوڭ ئاشپۇزۇل ئېچىلغان بولۇپ، تىجارىتى خېلى روناق تاپقانىدى.

تاشقى سودىدا بولسا، بۇ ئۇيۇشما سوۋېت ئىتتىپاقىغا دوگوۋور ئارقىلىق تىرىك چارۋا، خام ئەشيا ۋە قوي يۇڭى، تۆگە يۇڭى، ئۆچەي، سوغۇر تېرىسى قاتارلىق تۈرلۈك تېرىلەرنى ئېكسپورت قىلاتتى؛ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن دوگوۋور بىلەن ئىمپورت قىلىنغان يۈك ئاپتوموبىلى، سارجا ۋە باشقا ماللارنى

ئەكىرىپ ساتاتتى. مانا بۇنداق ئايىرۋاشلاش شەكلى ئارقىلىق قازاق، قىرغىز ئۇيۇشمىسى ئۆز سودىسىنى جانلاندۇرۇپ، چارۋىچىلارنىڭ ئېھتىياجىنى مەلۇم نىسبەتتە قامدايتتى، قازاق، قىرغىز ئۇيۇشمىسىدا ئاشلىق ۋە مالدىن ئۆشرە - زاكات ئالغانلىغا قارىغاندا، تاشقى سودىدىن بولىدىغان كىرىم سالمىقى خېلى يۇقىرى نىسبەتنى ئىگىلەيتتى.

ئۇزۇن ئۆتمەي شېڭ شىسەي گومىنداڭ قويىنىغا ئۆزىنى ئېتىپ، شىنجاڭدىكى چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن قاتارلىق كومپارتىيە ئەزالىرىنى تۇتۇپ قىرغىن قىلدى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە بالايى - ئاپەت ياغدۇردى؛ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا قۇرۇلغان مەكتەپلەر كەينى - كەينىدىن ۋەيران بولۇپ تاقالدى، چارۋىچىلارنىڭ بالىلىرى ئوقۇشسىز قالدى.

قەشقەر قازاق، قىرغىز ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى سودا يوللىرى ئېتىپ تاشلاندى، ئالۋاڭ - ياساق كۆپىيىپ، چارۋا ماللار يىلدىن - يىلغا ئازىيىپ ئۇيۇشمىغا كېلىدىغان ياردەم ئۈزۈلۈپ قالدى، ئىچكى ۋە تاشقى سودا يوللىرى تامامەن پالەچ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقتىن، ئۇيۇشما ئۆزىگە قاراشلىق 30 نەچچە مەكتەپنىڭ مۇئەللىم، ئىشچى - خىزمەتچىلىرىگە مائاش تارقىتىشتا ئامالسىز قالدى؛ قەرزگە بوغۇلۇپ 700 - 800 كىشىلىك كۇلۇبنىڭ ياغاچلىرىنى سېتىشقا مەجبۇر بولدى، ئۇنى پۇلى بار سودىگەرلەر ئېچىپ ئېلىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇيۇشمىنىڭ يەر ئورنى ئۈچۈن تازغۇنلۇق ئابدانبەگ ھاجىنىڭ بالىلىرى شۇ چاغدىكى قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىپ، جاي ئورنى ئۈچۈن ئۇيۇشمىغا 100 تىللا ئالتۇن تۆلەتكۈزدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇيۇشما پۇلنى تۆلەش ئۈچۈن كۇلۇبنى ئېچىپ ياغىچىنى ساتتى. ياغاچنى ئالغان ئىسمائىل جان دېگەن سودىگەر كۇلۇبنىڭ ياغاچلىرىنى باشقىلارغا پايدىسىغا سېتىۋېتىپ، يانچۇغىنى تولدۇرۇپ، 1949-يىلى ئازادلىق



ھارپىسىدا چەت ئەلگە تىكىۋەتتى. ئەنە شۇنداق سەۋەبلەردىن ئۇيۇشما ۋە ئۇنىڭ شۆبە ئۇيۇشمىلىرىمۇ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا ئامالسىز قالدى، كىنو قويۇش، ئويۇن قويۇش قاتارلىق مەدەنىي پائالىيەتلەر پۈتۈنلەي توختىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن، قەشقەر قازاق ، قىرغىز مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ ئورنىنى يەرلىك خەلق بىرنەچچە ئېغىز ئۆي بىلەن ھۆكۈمەتكە ئۆتكۈزۈپ بەردى، ھازىرقى قەشقەر ۋىلايەتلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى ئەنە شۇ چاغدىكى قازاق، قىرغىز ئۇيۇشمىسىنىڭ ئورنى ئىدى.

# قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ تارىخىدىن ئەسلىمە

يەھيا ئىلىم

1931 - يىلى شىنجاڭدىكى مۇستەبىت، چىرىك ھاكىمىيەتكە قارشى قۇمۇل تال تېغىدىن پارتلىغان قوزغىلاڭ ئوتى پۈتۈن شىنجاڭغا تارقالدى، ئىنقىلابچىلارنىڭ غەيرەت - جاسارىتى ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنى تەۋرىتىپ، ئۇنىڭ ھالاكىتىنى تېزلەتتى.

قۇمۇلدىن چىققان خوجانىياز ھاجى جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىپ، ۋەتەنپەرۋەرلەر بىلەن بىرلىكتە غەلىبە قازانغانىدى، قەھرىمانلارنىڭ قان بەدىلىگە كەلگەن بۇ غەلىبىنى قوغداپ قېلىش، خەلقىمىزنى بىلىم، مەدەنىيەتكە، ئەركىنلىككە ئىگە قىلىش كېرەك ئىدى. شۇڭا جەنۇبىي شىنجاڭدىن باشلاپ ھەممە ۋىلايەت، ناھىيىلەردە بىلىم، مەدەنىيەت ئورۇنلىرى تەسىس قىلىش ئەمەلىي خىزمەتلەر ئىشلەندى. ئاۋۋال تەشۋىقات يۈرگۈزۈپ، شېئىرلار ئېيتىلدى، تەشۋىق پائالىيەتلىرى ھەممە يەردە كۈچەيدى. مەرىپەتپەرۋەرلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئىئانە پۇل يىغىپ، يېڭى مەكتەپلەر بىنا قىلىپ، ئوقۇش - ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى باشلىۋەتتى. شەخسلەر نامىدىمۇ مەكتەپلەر ئېچىلدى. خەلقنى ئويغىتىش ئۈچۈن قەشقەردە «يېڭى ھايات گېزىتى»، «يېڭى ھايات ژۇرنىلى» نەشر قىلىنىپ پۈتۈن شىنجاڭغا تارقىتىلدى.

1933 -، 1934 - يىللىرى مەن كۇچادا بولۇپ، يېڭى قۇرۇلغان تۆمۈر غازى نامىدىكى دىنىي مەكتەپتە ئوقۇدۇم.



1935 - يىلى كۈزدە كۇچادىن ئائىلىمىز بىلەن قۇمۇلغا قايتىپ كەلدۇق. قۇمۇلدا قەشقەردىن ئەۋەتىلگەن «يېڭى ھايات» ژۇرنىلى تارقالغانىكەن، قۇمۇلنىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى يېڭى مەكتەپ ئېچىش توغرىلىق مۇزاكىرە ئۇيۇشتۇرۇشقا تەمشىلىپ، قۇمۇل بازار 1 - باشلانغۇچ مەكتەپتە سىنىپ ھازىرلىقى كۆرگەن. قۇمۇلنىڭ گارنىزون سىلىڭى يولبارس سوپاھاجىنى ئوقۇغۇچى تىزىملاشقا بۇيرۇپ: بۇ يېڭى مەكتەپكە قۇمۇلنىڭ دىنىي ساھەسىدىكى ئاخۇنلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى، ھەم يۇقىرى قاتلام بەگ-خوجاملارنىڭ بالىلىرىنى باشقا تىزىملاپ، ئاندىن باشقىلارنىڭ بالىلىرىنى تىزىپ مەكتەپكە يىغىڭلار، بولمىسا كىشىلەر بالىلىرىنى يېڭى مەكتەپكە بەرمەيدۇ، دېگەنىدى. شۇ مەزگىللەردە ھۆكۈمەت قەشقەردىن ئابدىراخمان قارى ھاجىنى قۇمۇل مائارىپىغا تەيىنلەپ بەرگەن. ئابدىراخمان قارى ھاجى ھىندىستان ۋە باشقا ئەللەردە ئوقۇپ، ھاجى بولۇپ كەلگەن دىنىي ئۆلىما ھەم قارى ئىدى، ئۇ ئادەم كېلىپ قۇمۇل مەمۇرلىرى بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن، بۇ ئادەمنى بازار يېڭى مەكتەپكە مەكتەپ مۇدىرى قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى. ئابدىراخمان قارى ھاجى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنى ئۈچ سىنىپ قىلىپ تەشكىللىدى، لېكىن دەرس بېرىدىغان مۇئەللىمنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈپ تۇرغاندا، ئۈرۈمچىدىن بىرقانچە نەپەر مۇئەللىم كەلدى، بۇ مۇئەللىملەر قەشقەردىن بولۇپ ئۈرۈمچىدە ھۆكۈمەت تەرىپىدە ئوقۇتۇلۇپ، قىسقا ۋاقىت ئوقۇشنى تاماملاپ قۇمۇل مائارىپىغا تەقسىم قىلىنغانىكەن. بۇ قېتىم كەلگەن مۇئەللىملەر ئادىل جامال، غوپۇرجان، مۇھەممەتخان قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئوقۇش باشلاپ 1936 - يىلى سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن خېلىلا نەتىجىلەر كۆرۈلدى. لېكىن قۇمۇل يېزا رايونلىرىدىكى مائارىپ سىستېمىسىدا ئوقۇش باشلانمىغان، بۇنىڭ ئۈچۈن ئالتە ئايلىق مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئېچىلدى. ئىلغار ئوقۇغۇ-

چىلاردىن يەنى دىنىي ساھەدىكىلەردىن بۇ ئوقۇش كۇرسىغا يىبەرىلدى. مەسىلەن: قاردۆۋدىن سابىر ئاخۇنۇم، لاپچۇقدىن ئەمەت قارى سەممىرى، راھەتباغدىن قادىر ئاخۇنۇم، ياقۇپ ئاخۇنۇم، شەھەر ئىچىدىن ئابدۇللا مەخسۇم، بوغازدىن مۇللاۋاس ئىماملارنى كورسقا ئالغان.

كۇرس ئوقۇتۇشقا ئادىل جامالنى مەسئۇل قىلغان، مەن، مەخمۇت ئەھەدى، يۇنۇس زاكىر، يۇسۇپ ئابدۇللا، ئابدىرېھىم ھوشۇرلار ھەم كۇرستا ئوقۇغان.

## مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنىڭ تەشكىل قىلىنىشى

قۇمۇلدا 1935 - يىلى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغان، دەسلەپتە قۇمۇل بازار يۇقىرى مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئابدىكېرىم ئىمام ئۇيغۇر ئۇيۇشما رەئىسى بولدى. بىلىملىك كىشىلەردىن ئەزىز ئاخۇن باش كاتىپ (سەركاتىپ) بولدى.

1936 - يىلى ئۈرۈمچى ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسىنىڭ سانائىنەپىسە بۆلۈم باشلىقى ئابدىكېرىم رازىيوۋ - ئارتىست، ئارتىسكىلار بىلەن كېلىپ قۇمۇلدا ئويۇن قويدى. نەتىجىدە قۇمۇلدا ھەم ئۇيۇشما قارمىقىدا سانائىنەپىسە قۇرۇلدى، سانائىنەپىسىنى يولبارسنىڭ ئوغلى ياقۇپبەگ باشقۇردى ھەم ئادىل ھاجىنىڭ ئوغلى ھەمدۇللا ئاخۇن ياردەمچى (لازىمەتچى) بولدى. قۇمۇلدىكى تالىپ خېتىپ —چاڭچى، ئەمەت قالتىس —تەمبۇرچى، روزى — غىجەكچى، سوپائاخۇن — ئىسكورۇپكىچى، ياقۇپ موللا — نەيچى، ئاق ئىبراھىم — دۇتارچى، نەمەت بوسۇق— داپچى ھەم ناخشىچى قاتارلىق كادىر ۋە مۇئەللىملەرنىڭ بىر قىسمى ئارتىست، ئۇلارنىڭ ئايال - قىزلىرى ئارتىستكا بولغانىدى.



## قۇمۇلنىڭ مەدەنىي - مائارىپى ئۈچۈن ئىشلەشكە كەلگەن كادىرلار

1936 -، 1937 - يىللىرى پىشقەدەم مائارىپچى مامۇت راشىدىن جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ قۇمۇلغا ئەۋەتىلگەن. ئاندىن مۇھەممەت نىياز، ئەمەت روزى، پەتتاخان، ئىمىن مەخسۇدى، نۇردىن ئېلى، ئابلا نوھى، توختى يوۋلار قۇمۇلغا ئەۋەتىلدى.

تاشكەنت ئوتتۇرا ئاسىيا ئىنىستىتۇتىدا ئوقۇپ قۇمۇلغا تەقسىم قىلىنىپ كەلگەنلەر: ئابلا تۇرسۇنوۋ، ئابدىرېھىم ئابلايوۋ، مىجىت شاھىدوۋ، يۇنۇس ئەپەندى، ئىسمائىل قۇربان، ئابلىمىت ئەزىموۋ، سوپا تۇرانوۋ، تاھىر بوساقوۋ، ھەبىبۇللا ئابلايوۋ قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئېلى ھامۇت قاتارلىق بىر قىسىملار ئۈرۈمچىدە ئوقۇپ كەلدى، تاشكەنتچىلەردىن ئابدىراخمان سەئىدى، ئابلىز قادىر، ئىسمائىل سەئىدى، ئەمەت ئىمىن قاتارلىقلار غۇلجا، چۆچەك ۋە ئۈرۈمچىدە خىزمەت قىلىپ، ئىككى - ئۈچ يىلدىن كېيىن قۇمۇلغا قايتىپ كېلىپ، مائارىپ خىزمىتىنى ئىشلىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا خىزمەت ئىنتىزامى كۈچەيتىلدى. كەڭ يېزىلارغا يۈزلىنىش ئۈچۈن، 1936 - يىلى قۇمۇلدا بىر قارار مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسى تەشكىل قىلدى، بۇنىڭغا ئوقۇتقۇچىلاردىن 40 كىشىنى تاللاپ كۇرستا ئوقۇتقانىدى، ئوقۇتۇش ئورنى قۇمۇل شەھەر ئىچى كونا مەدرىستە بولۇپ، ئوقۇتقۇچى ئادىل جامال ئىدى.

## ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشكىل قىلىنىشى

1937 - يىلى 4 - ئايدىن كېيىن قۇمۇل ۋەزىيىتىدە ئۆزگىرىش بولدى. قۇمۇلدا گارنىزون سىلىڭى يولبارس ئۈرۈمچىنىڭ دۇ-

بەنى شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتى بىلەن قارشىلىشىپ، بىر تۈركۈم ئادەملىرى بىلەن ئائىلىسىنى ئېلىپ نەنجىڭگە كەتتى (جياڭ جىيېشىگە بىدئەت قىلدى). 1937 - يىلى يولبارس كەتكەندىن كېيىن ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا ھاشىم ھاجى يېڭىدىن مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ سايلاندى. ئاساسىي خىزمەتنى ھاشىم ھاجى كونتىرول قىلدى، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدا ھامۇت راشىدىن مەسئۇل كاتىپ بولۇپ باشقۇردى، غوپۇر ھاجى مالىيە مۇدىرى، يۇسۇپ ئېلى ھاجى كىرىم - چىقىم، پۇل مۇئامىلىلەرنى باشقۇرغان، سوپا تۇرانوۋ ئامبارچى بولغان. ئۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئورنى بازار تۆت كوچىدىكى لى خۇيجاڭنىڭ جايىدا ئىدى. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدا تەپتىش بۆلۈم قۇرۇلۇپ گۇڭئەندىن ھوشۇر موسا، كىبىن مۇھەممەت سەلىموۋ، تۆمۈر (تەجىك جىڭ) قاتارلىقلار بازاردىن بىرقانچە سودىگەرلەر قوشۇلۇپ مالىيە ھېساباتىدىن تەپتىش قىلىپ تۇرغان. دېمەك چوڭ ھوقۇقنى ساقچى ئىدارىسى تۇتۇپ تۇرغان. ئۇلارغا كۈندىلىك ئىشلارنى ئايمۇ ئاي دوكلات قىلىپ تۇرىدىغان.

## ئۇيغۇر ئۇيۇشما ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدىكى مەكتەپلەر

1936 -، 1937 - يىللىرى شىنجاڭدا مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى تەرەققىي قىلىپ ئىجتىمائىي ئورنى كۆتۈرۈلدى. بىر مۇنچە ئىلمىي كادىرلار تولۇقلاندى ۋە مەكتەپلەرگە مۇئەللىم يېتىشتۈرۈلدى. ئۇيۇشمىلار يىلدا بىر قېتىم ياكى ئىككى يىلدا بىر قېتىم سايلام ئۆتكۈزەتتى. قۇمۇل ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدا رەئىس بولغانلار: دەسلەپتە ئابدىكېرىم ئىمام ئاخۇنۇم، ئابدۇغوپۇر ھاجى، يۇسۇپجان ئىبراھىموۋ، ئابلا تۇرسۇنوۋ، توقۇم سالى خۇيجاڭ، ئېزىزجان، ئىسمايىل تاھىرى، ئابدۇۋايىت



ھاجى، ئەلام ئاخۇنۇم، ئىمىن يۇنۇس، ھوشۇر ئۇلۇغ، نىياز ھوشۇرى، نىياز شېرىپلار. مەن 1940 - يىلدىن تارتىپ بۆلۈم باشلىقى، مىشۇ جاڭ (باش كاتىپ) ۋە مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ 1950 - يىلغىچە ئىشلىگەن.

1937 - يىلى ئۇيۇشما قارمىقىدا بىر مائارىپ ھەيئىتى تەسىس قىلىندى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى قۇمۇل شەھەر ئەتراپىدىكى مەكتەپلەرنى، بىر بۆلىكى ئاستانە، سۇمقاغا، توغۇچى، جىگدە، لاپچۇق، قارا دۆۋىلەردىكى مەكتەپلەرنى قۇرۇشقا مەسئۇل بولدى. بۇ ھەيئەتكە قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەھكىمىدىن ئىسمايىل قۇربان قوشۇلدى. مەن، مەھمۇت ئەھەدى، ئابلىمىت نىياز، ئابدىراخمان خامۇش قاتارلىق مۇئەللىملەر قوشۇلدۇق. ئاخۇنۇملاردىن توختى ئاخۇنۇم خەلپىتىم (ئابلىز داموللا ھاجىنىڭ دادىسى)، بازاردىن قۇتلۇق سېيىت ئاخۇن، مۇھەممەت ھاجى، جىگدىلىك قاسىم جىيسا قاتارلىقلار بار. بىز بارغان جايلاردا تەشۋىق قىلىپ ئىئانە توپلاپ، ئوقۇغۇچى تىزىملاپ، مەكتەپ بىناسى يوقلارغا ۋاقىتلىق ئورۇن ھازىرلاپ، ھەر بىر ئورۇندا بىردىن دىنىي مولللامىلارنى قوشۇپ، ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى باشلىۋەتتۇق، قارا دۆۋىدە سابىر ئاخۇنۇم، يەھيا ئېلىم، ئابلىمىت نىياز قارادۆۋە باشلانغۇچ مەكتەپ بالىلىرىنى ئوقۇتۇشقا قالدۇرۇلغان. ئۇمۇمەن مەدەنىي مائارىپ ھەربىر ئورۇندا جۇش ئۇرۇپ تەرەققىي قىلدى. شۇ يىلى قۇمۇل تاغلىرىدا - شوپۇل، خوتۇنتام، باغداش، ئېدىر، قوراي، توشو، نەرناسى، تۆمۈرتى، قۇرلۇق، قالغايتى، ئولامبۇلاق، تاراتى، سەكراغىچە، دىنىي، پەننىي ئارىلاش مەكتەپلەر ئېچىلدى.

1937 - يىلى قۇمۇل ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى بولۇپ ئۆزگىرىپ، مەركىزىي ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدىن يېڭى تامغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئارا تۈرلۈك شۆبە ئۇيغۇر، قازاق ئۇيۇشمىسى تەشكىل قىلىندى. بەردى ھاشىم رەئىس بولدى.

كېيىن ئابدىخالىق رەئىس بولدى. ئاراتۈرۈكتە بەش جايدا مەكتەپ ئېچىلدى (باي، نوم، ئاداق، نېرىنكىر، تۈركۆللەردە)، بۇنىڭغا كېرەكلىك مۇئەللىملەرنى قۇمۇل ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدىن ئەۋەتتى.

1938 - يىلى باركۆل ئۇيۇشمىسىنىڭ ھېساباتىنى تەكشۈرگىلى قۇمۇل ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدىن تەپتىش ھەيئەت چىققان. ھېسابات ئىشلىرى قالايمىقان بولغانلىقتىن رەئىس مۇھەممەتجان دورا يەپ ئۆلىۋالغان. ئۇنىڭ كەم ھېساباتىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن شۇ يۇسۇپ ئاخۇن ھۆددىلەپ ئالغان. لېكىن كېيىنچە يۇسۇپ ئاخۇن بۇھېساباتىنى تولدۇرالماي، ئۇيۇشما تەرىپىدىن كەچۈرۈم قىلغان يادىمدا بار.

مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىك قوللانمىلىرىنى ئۈرۈمچى مائارىپ نازارىتى تەييارلاپ ئۇيۇشمىلار ئارقىلىق مەكتەپلەرگە ھەقسىز ياكى ھەق ئېلىپ تارقىتىپ بېرەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچى باللار دىنىي ھەم پەننىي ئىلىمگە ئىگە بولاتتى. ئۇيۇشما قارمىقىدىكى مەكتەپلەرنى قىسقارتىپ «خۇيلى مەكتەپ»، ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى مەكتەپلەرنى «شەنلى مەكتەپ» دەپ ئاتايتتى. قۇمۇلدا 1935 - يىلى بىرلا «شەنلى مەكتەپ» بار ئىدى. 1937-يىلى شەھەر ئىچى مەكتەپ ھۆكۈمەت قارمىقىغا ئۆتتى. 1939-يىلى راھەتباغ باشلانغۇچ مەكتىپى ھۆكۈمەت قارمىقىغا ئۆتتى. ھۆكۈمەت قارمىقىغا ئۆتكەن مەكتەپلەرنى مائارىپ ئىدارىسى باشقۇردى.

1939 - يىلى قۇمۇل مائارىپ ئىدارىسىگە چى تەنچىڭنى ئۈرۈمچىدىن چۈيجاڭ قىلىپ ئەۋەتكەن. لى تاۋ، چىڭ دۇشيۇ قاتارلىقلار (كومپارتىيە ئەزالىرى) كېلىپ مائارىپ ئىشلىرىغا زور ياردەملەرنى بەردى. يازلىق تەتىلدىن پايدىلىنىپ مۇئەللىملەر ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى. ماركسىزم - لېنىنىزمدىن ۋە ئىجتىمائىي پەنلەردىن دەرس ئۆتتى، شۇنداق قىلىپ مۇئەللىملەرنىڭ ئاڭ سەۋىيىسى كۆتۈرۈلدى.



## قۇمۇل ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدىكى بۆلۈملەر

1. رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسكە بىۋاستە قاراشلىق كاتىبات بۆلۈمى. ئۇزۇن مۇددەت ئابلىمىت ھاجى باش كاتىپ بولغان، يەھيا ئېلىم، ئابلىمىت نىياز قاتارلىقلارمۇ باش كاتىپ بولغان.

2. مەدەنىيەت بۆلۈمى. يۇنۇس ئەپەندى، ئابدىرېھىم ھوشۇرى (رەجەنگو)، ئەمەت قۇربان قاتارلىقلار ئىشلىگەن.

3. تەشۋىقات بۆلۈمى. ھوشۇر قازىئاخۇنۇم، يەھيا ئەلەمى ئىشلىگەن.

4. تەشكىلات بۆلۈمى. ئامۇرخان ئىشلىگەن. كېيىن كاتىبات بۆلۈمىگە قوشۇۋېتىلگەن.

5. مالىيە بۆلۈمى. ئىسمايىل ھوشۇرى، ئابلىكىم سابىتلەر ئىشلىگەن. مالىيە ھەيئەت مۇدىرى غوپۇر ھاجىم بولغان.

سانايى نەپىسە بۆلۈمى. ئاۋۋال مەخسۇس كىشى ئىشلىگەن بولسىمۇ، كېيىن تەشۋىقات بۆلۈمىگە قوشۇۋېتىلگەن.

قۇمۇل ئۇيغۇر ئۇيۇشما ئىجرائىيە ھەيئەت ئەزالىرى: ھوشۇر قازى ئاخۇنۇم، نامان قارى ھاجىم، يۇسۇپجان، سالى خۇيجاڭ، ئابلا تۇرسۇن، ئىمىن ھوشۇر، ئابلىمىت ھاجى، يەھيا ئەلەمى، ئەزىز سەئىدى، ساقچىدىن ھوشۇر موسا، كېيىن ئابدىقادىر كوجاڭ قاتارلىقلار.

مالىيە تەپتىش ھەيئەتلىرى:

ساقچىدىن مۇھەممەت سەلىمۇۋ، تۆمۈر ئاخۇن (تەجىڭ جىڭ)، تىجارەتچىلەردىن باي ئاخۇن، مۇھەممەت قارى، ھاجى سوپا، خىزمەتچىلەردىن زىكىرىيا سالى، يۇسۇپجانلاردىن ئىبارەت. ھېساباتنى ئايمۇ ئاي ئۈرۈمچى، مەركىزىي ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا كىرىم - چىقىم ھۆججەتلىرىنى چاپلىتىپ تەستىقلاتقىلى يوللايتتى.

## قۇمۇل ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ كىرىم مەنبەلىرى

ئۇيۇشمىلار كېڭەيتىلىپ خىزمەت كۆچەيدى. ئۇلار نۇرغۇن ئىقتىسادىي مەبلەغقە موھتاج ئىدى. بۇنى ئىشلەش قىيىن كېلەتتى. قانداق قىلىپ كىرىم توپلاندى؟ بۇ كىرىم ئاساسەن خەلقتىن كىرەتتى. مەسىلەن، ئىئانە پۇل، ئۆشرە-زاكات، قۇربانلىق تېرە، ئۆچەي قاتارلىقلار ئۇيۇشمىغا ئېلىناتتى.

قۇمۇل ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى كىرىم مەنبەئى جەھەتتە ياخشى چارە تېپىش ئۈچۈن، ۋەخپىي يەر باشقۇرغۇچى سوپا ھاجى قاتارلىقلار بىلەن ئۇيغۇر ئۇيۇشمىدا مەسلىھەت يىغىنى ئېچىپ، ئىلگىرى ۋاڭلىق تۈزۈمىدىكى «گاداي ساڭ يېرى» دەپ ئاتالغان يەرلەر — ئالتۇنلۇق يېرىنى (ۋاڭلار ئەۋلادى ۋەخپىي يېرى) يەنە مازارلارنىڭ ۋەخپىي يەر، ۋەخپىي قۇتانلىرىنى ئۇيغۇر ئۇيۇشما ئىگىدارلىقىغا ئۆتكۈزدى. ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى شۇنىڭ بىلەن مەدەنىي-مائارىپ راسخودىنى ھەل قىلدى. بىر قانچە مىڭ مو ھېسابىدا يەردىن بىر نەچچە يۈز دادەن ئاق، قارا ئاشلىق كىرىم قىلىندى. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ چارۋىلىرى 1940-يىلى قۇمۇلنىڭ ئاقتاش، نام داۋان دېگەن جايلىرىدا توپلاندى. قوراي — قىزىلىيارلىق رەھىم بوۋاي ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى بۇ چارۋىنى ئىجارىگە باقاتتى. ئۇ ۋاقىتتا بىر مىڭدەك چارۋا (قوي، ئۆچكە) توپلانغانىدى. كېيىن 40 قوتان مال بولۇپ بۇ يايلاقلاردا سىغمىغانلىقتىن تۇركۆل يايلوسىغا يۆتكەلدى. 1943-يىلى 5 مىڭ تۇياق مالغا يەتكەنىدى. مەن ھەر يىلى چارۋا ماللارنى ساناق قىلغاندا تاغقا چىققانىدىم. ئابدۇرېھىم تۇردى، قاسىم نىياز، شاھى باي قاتارلىق ئادەملەر چارۋا باشقۇرغان (چارۋا مۇدىرى) بولغانىدى. بۇ چارۋىدىن ھەر يىلى 400دىن 500گىچە سېتىپ كىرىم قىلىپ، ئۇيۇشمىنى تەمىنلىگەن. چارۋا باققۇچىلارغا ياخشى تەمىنات بېرىلگەن. مالنى باققان ھەر بىر



قوتاندىكى مەسئۇللارغا ئېيىغا بىر دادەن ئاشلىق، يىلىدا بىر دانە چورۇقلۇق شىرا (كالا تېرىسى) بېرىلىپ تۇرغان. تەكشۈرۈپ چىققاندا چارۋىلارنى ياخشى باققانلارغا بىر نەچچىدىن مال مۇكاپات بەرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ چارۋىلارنى ياخشى باققۇچىلار كۆپىيىپ، ھەر قېتىم ساناق قىلغاندا بىر-بىرىدىن تالىشىپ بەسلىشىپ مال باقاتتى. بىر ساغلىقتا بىردىن قوزا ئايرىلاتتى. 1945-يىلى تاغدا قۇيۇرچۇق پەيدا بولغان. تۇركۆلدە بىر قوتان مال تالان-تاراج قىلىنغانلىقتىن، بۇ ماللار قۇمۇلغا يېقىن ئېدىر — باغداشقا يۆتكەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ قۇمۇل ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى شىنجاڭدىكى باشقا ئۇيۇشمىلارغا نىسبەتەن باي ئىدى. 36 مەكتەپكە تەمىنات، مائاش يەتكۈزۈپ بېرەتتى. ھەربىر مەكتەپكە تەۋە ئورۇندا ئۆشرە ئاشلىق يىغىلىپ ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ تەستىقى بىلەن مەكتەپ مائارىپىغا سەرپ قىلىناتتى. ھەر بىر مۇئەللىمنىڭ مائاشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بەش كۈرە بۇغداي، ئىككى-ئۈچ كۈرە كۆزلۈك ئاشلىق بېرىلەتتى. 100دىن ئارتۇق مۇئەللىمنىڭ مائاشى بېرىلىپ تۇرغان. نەتىجىدە 36 باشلانغۇچ مەكتەپتە 5 مىڭدەك ئوغۇل-قىز ئوقۇغۇچى ئوقۇپ تەربىيە ئالاتتى. باشلانغۇچ يۇقىرى سىنىپلاردا تارىخ، جۇغراپىيە دەرسلىرى بېرىلەتتى. ھەپتىسىگە ئىككى قېتىم سىياسەت دەرسى كىرگۈزۈلۈپ، 9 6 مۇھىم ۋەزىپە توغرىسىدا دەرس بېرىلەتتى. تەنتەربىيە، شېئىر دەرسلىكى خېلىلا جانلانغان. مەن مەكتەپلەرنى تەكشۈرۈپ ئۆشرە-زاكات يىغىش خىزمىتى ئۈچۈن ھەر يىلى ئابدىخالىق ئاخۇنۇم بىلەن تاغ رايونلارغا چىقاتتىم. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا قايتىپ كېلىپ دوكلات قىلاتتىم.

## ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدا گومىنداڭ پىرقىسىنىڭ قۇرۇلۇشى

قۇمۇل ناھىيىلىك پىرقە بۆلۈم قومۇلدا ئوندىن ئارتۇق رايونلۇق شۆبە پىرقىلىرىنى قۇردى. قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىدا 9-چۆيپۇ 1944-يىلى 12-ئايدا قۇرۇلدى. مەن 1946-

يىلى غۇلجا ئىنقىلابىغا ھېسداشلىق قىلغانلىقىمدىن چېكىندىم: ئورنىمغا ئابدۇرېھىم ھوشۇر شۇجىجاڭ بولدى. ئەزىزجان، يۈسۈپجان شەندۇڭبۇ ھەيئەتلىرى ئىدى، بۇ ۋاقىتلاردا ئەزالار تارقاق، پاسسىپ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى.

ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ئاممىۋى تەشكىلات ئىدى. ئۇ، مەدەنىي-مائارىپنى يولغا قويۇش، تەشۋىق خىزمىتى ئېلىپ بېرىش ۋە باشقا ئىشلارنى يولغا قويۇشتا، ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى. ئەمدى جانلىق تەشۋىق كىشىلەرنىڭ ساۋادىنى ئېچىشتا مۇھىم رول ئوينىدى، سانايىنەپىسە يولغا قويۇلدى، سەنئەت مۇزىكا، مىللىي نەغمىلەر تەرتىپكە سېلىندى. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدا ئاددىي كۇلۇب، سەھنە قۇرۇلدى ۋە تىياتىر قويۇلدى. سانايىنەپىسىگە ئويۇن بېلىتى سېتىلىپ كىرىم قىلىندى. بۇ كىرىملەر بىلەن مۇزىكانتلارنى، ئارتىس - ئارتىسكىلارنى قوشۇمچە مائاش بىلەن تەمىنلىدى. مەركىزىي ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ سانايىنەپىسە بۆلۈمى پۈتۈن شىنجاڭدىكى سانايىنەپىسىگە بىرتۇتاش رەھبەرلىك قىلاتتى. شۇ ۋاقىتتا دراما، ئوپېرا ۋە باشقا سەھنە ئەسەرلىرىنى شاپىگرافتا بېسىپ، ھەربىر ئۇيۇشمىلارغا تارقىتىپ بەرگەن، مەسىلەن، غېرىپ - سەنەم، غۇنچەم، زەينەپكە تۆھمەت، شاگىخەي كېچىسى، كۆرەش قىزى، خىيالىي تېۋىپ، رابىيە - سەئىدىن قاتارلىق كىتابلار بىلەن تەمىنلىدى. ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تىرىشىپ ئۆگىنىپ سەھنىلەردە ئوينالغان، يەنە قۇمۇل سانايىنەپىسە تەرىپىدىن «توغان پالۋان»، «جان كىرىپ قاچقان ئالتۇن» دېگەن سەھنە كىتابى يېزىلىپ سەھنىدە قويۇلغان، يەنە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى 500 قويىنى سېتىپ، قۇمۇل خۇاگوسەندە مىللەتلەر كۇلۇبى ياسىغان. 1944 - يىللىرى ئويۇن، تىياتىر، كىنولار شۇ كۇلۇبتا قويۇلغانىدى.

تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ ئىشلىگەن مۇھىم خىزمەتلىرى، ئۈرۈمچى شىنجاڭ گېزىتىگە بىرقانچە يۈز مۇشتەرى توپلاپ، پۇل يىغىپ



ئۈرۈمچىگە يوللىغاندىن كېيىن، كەلگەن گېزىتنى تەشۋىقات بۆلۈمىدىن مۇشتەرىلەرگە تارقاتقان. كوچا تەشۋىقاتى يۈرگۈزگەن، ھەم ئايمۇ ئاي تام گېزىتى چىقارغان. قۇمۇلدا ئىسمايىل تاھىرنىڭ باشچىلىقىدا تاش مەتبەئەدە «قۇمۇل گېزىتى»نى چىقارغان. 1947، - 1948 - يىللىرى ھوشۇر ئۇلۇغنىڭ باشقۇرۇشىدا قۇمۇلدا «ئاتالاي» ژۇرنىلى چىقارغان. بۇ شۇ ۋاقىتنىڭ سىياسىتىگە ماسلىشىپ قۇمۇلنىڭ مەدەنىي - مائارىپىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن چىقارغان ژۇرنال ئىدى. مۇشۇ ژۇرنالنىڭ نەشر قىلىنىشىغا گېنېرال جاڭ جىجۇڭ، مەسئۇد جۇشى، ئەيسا ئالىپتېكىنلەرمۇ ياردەم بەردى، ھەم خەلقتىن ئىئانە پۇل توپلىدى. مەزكۇر ژۇرنال ھەقسىز تارقىتىلىپ، توپلانغان ئىقتىساد تۈگىگەندىن كېيىن توختىتىپ قويۇلدى.

«ئاتالاي» تۇقۇمى ئوغرىسىدا شۇچاغدا ھوشۇر ئۇلۇغ: «بۇ، تۈرك مەلۇم بىر خازىنىنىڭ نامى» دەپ ئېيتقان. شۇنىڭغا تەقلىدقىلىپ مۇقاۋىغا يولبارسىنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن. بۇ نەشرىياتقا ئابلىز قادىر باشلىق شۇ ۋاقىتتىكى مىللىي كادىرلار قاتناشقان.

## گومىنداڭ كەلگەندىن كېيىنكى قۇمۇلنىڭ مەدەنىي - مائارىپى

1946 - يىلى گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ جۇنجاڭى ياڭ دەلياڭ قۇمۇل ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدا نۇتۇق سۆزلەپ دىنىي ساھەدىكىلەرگە مۇنداق دېدى: مۇسۇلمان بالىلىرىنى پەننىي ئىلىم بىلەن ئوقۇتۇش دىنىنى بۇزىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر ئۇيۇشما قارمىقىدىكى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى دىنىي مولىلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلسۇن، دەپ جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن 36 مەكتەپ تارقىتىلىپ موللىلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. قۇمۇلنىڭ مەدەنىي - مائارىپى ئارقىغا چېكىندى. بۇ ھال مائارىپچىلارغا زەربە بولدى. مەدەنىي - مائارىپتىكى بۇ چېكىنىشنى ئۇيۇشمىمىز ئۈرۈمچى ۋە مەركىزى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا

مۇراجىئەت قىلدى. تاقىلىپ كەتكەن مەكتەپلەرنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن بېرىلگەن ماددىي ۋە مەنىۋى ياردەملەر ئارقىسىدا، تارقىلىپ كەتكەن مۇئەللىملەرنى ھەم باشقا قابىل ياشلارنى 1948-يىلى توپلاپ ئالتە ئاي تەربىيىلەپ مەكتەپلەرگە تەقسىم قىلدى. بۇ مۇئەللىملەر كۇرسىنى ئوقۇتۇشقا ئەھمەت قۇربان تەيىنلەندى. بۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئىبراھىم شاھى، ئىسمايىل غوجامنىياز، ئابدۇرېھىم قۇربان قاتارلىق 40 نەپەر ئوقۇغۇچى ئوقۇپ جايلارغا بۆلۈندى. ئۈرۈمچىدىن مەسئۇد جۇشى، ئەيسا قاتارلىقلار كۇرسانتلارغا بىر كىيىملىكتىن رەخت بەردى. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىدىن تاماق، ياتاق ھەل قىلىپ بەردى، يەنە جەمئىيەتتە بۇرۇن قېپقالغان ئىلغار ئوقۇتقۇچىلارنى يىغىپ مەكتەپلەرگە تەقسىم قىلىپ، مەكتەپلەر بۇرۇنقىدەك ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

ئۇيغۇر ئۇيۇشمىنى قايتا راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن 1948-يىلى قايتا سايلام بولۇپ، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا ھوشۇر ئۇلۇغ رەئىس بولدى. يەھيا ئەلىمى مۇئاۋىن رەئىس بولغان، ئۇ ۋاقىتلاردا ھوشۇر ئۇلۇغ مۇئاۋىن ھاكىم، مەن ۋالىي مەھكىمىسىدە مائارىپ كوچىكى بولغان. يۇقىرىدىكى ۋەزىپىنى قوشۇمچە ئۆتىگەن. ھوشۇر ئۇلۇغ 1948-يىلىدىن-1949 يىلغىچە ئىشلەپ، ئىش كۆپ بولغانلىقتىن ئىستىپا بېرىپ، ئىزىغا نىياز ھوشۇرنى سايلىغان. ئالتە ئايدىن كېيىن نىياز ھوشۇرى ئىستىپا سورىدى. ئاندىن سايلام قىلىپ نىياز شېرىپنى سايلىغان. قۇمۇل ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدىن يۇقىرىغا قۇمۇلدا ئۇيغۇرلارغا مەخسۇس بىر سىفەن مەكتەپ قۇرۇپ بېرىلسە، دەپ ئىلتىماس قىلىنغان. ئۈلكىدىن ئەيسا ئەپەندى، ئىسمايىل تاھىر سىفەن قۇرۇشنى تەستىقلىدى. ئابدۇراخمان سەئىدىننى مەكتەپ مۇدىرى قىلغان. بىر قانچە سىنىپنىڭ تەمىناتىنى مائارىپ نازارىتى ئەۋەتىپ تۇردى. كېيىن يولبارس كۆيئوغلى ھوشۇر ئۇلۇغنى قۇمۇل سىفەن مەكتەپكە مۇدىر قىلدى.



شىنجاڭدىكى مەدەنىي-مائارىپ ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنىڭ جەمئىيەتكە قوشقان تۆھپىسى كۆپ بولدى. قۇمۇل ئۇيغۇر مەدەنىي-مائارىپ ئۇيۇشمىسى تارىخىي ۋەزىپىسىنى تاماملاپ، 1950-يىلى شىنجاڭ دېموكراتىيە ئىتتىپاقىغا قوشۇلۇپ كەتتى.

(بۇ ماقالە «قۇمۇل تارىخىي ماتېرىياللىرى» نىڭ 1-سانىدىن تاللاپ بېسىلدى، تەھرىرلەشتە قىسمەن تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى.)

# شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بىلەن خوجىنىياز ھاجى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن فۇكاڭ مۇئاھىدىسى توغرىسىدا ئەسلىمە

خېۋىر تۆمۈر

1933 - يىلى 6 - ئايدا شىڭ شىسەي ۋەكىللىك قىلغان ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى بىلەن قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ يېتەكچىسى خوجىنىياز ھاجى ئوتتۇرىسىدا فۇكاڭ مۇئاھىدىسى (كېلىشىمى - توختانامىسى) تۈزۈلدى. مۇئاھىدە تۈزۈلۈشنىڭ ئالدى-كەينىدىكى ئىشلار توغرىسىدا ئەسلىمىلەر كۆپلەپ يېزىلغان بولسىمۇ، ئەمما كېلىشىمنىڭ كونكرېت مەزمۇنى توغرىسىدا ھازىرغىچە بىرەر مەلۇمات بېرىلگىنى يوق. مەن بۇ ئەسلىمىدە قولغا چۈشكەن ھەقىقىي ماتېرىيال ئاساسىدا «فۇكاڭ كېلىشىمى» توغرۇلۇق ماتېرىيال يېزىپ، تارىخ تەتقىقاتچىلىرىغا تەقدىم قىلماقچىمەن.

## 1 . «فۇكاڭ مۇئاھىدىسى» تۈزۈش ئالدىدىكى تارىخىي شارائىت

1933 - يىلى 3 - ئاينىڭ ئاخىرى خوجىنىياز ھاجى قۇمۇلدىن تۇرپان رايونىغا كەلدى. شۇ چاغدا قاراشەھەر تەرەپتە تۇرغان مەخمۇت سىجاڭ تۇرپانغا قايتىپ كېلىپ خوجىنىياز ھاجى بىلەن بىرلەشتى. ئۇلار بىرلىكتە تۇرپان، توقسۇن، پىچان ناھىيىلىرىدە شىڭ شىسەينىڭ قالدۇق قىسىملىرى بىلەن



ئۇرۇش قىلىپ ئۈچ ناھىيىنى تولۇق ئىگىلىگەندى، دېمەك، ئۈرۈمچى ۋەزىيىتىدە قۇمۇلدىن تارتىپ تاكى خوتەنگىچە بولغان شەرقىي شىنجاڭ ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلىرى خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار قولىغا ئۆتكەن، تېلېگراف - پوچتا يوللىرى توختىغانىدى. جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ بىر قىسمى مورى، گۇچۇڭ، جىمساردا شەرقىي يولنى توسۇپ ياتاتتى. شىڭ شىسەي قىسىملىرى ئۈرۈمچىگە توپلىنىپ جەنۇبىي يولنى توسقاچ ئۈرۈمچى مۇداپىئەسىدە تۇراتتى. مۇشۇ كۈنلەردە ئۈرۈمچى ۋەزىيىتى ناھايىتى ئېغىر ئەھۋالغا چۈشۈپ سىياسىي كرىزىس ئىچىدە قالغانلىقتىن، شۇ يىلى 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى سىياسىي ئۆزگىرىش بولۇپ جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. ئۇنىڭ ئورنىغا شىڭ شىسەي ھاكىمىيەت ئۆتكۈزۈۋېلىپ قالايمىقان ۋەزىيەتنى ئوڭشاۋاتاتتى. 5 - ئاي مەزگىللەردە خوجىنىياز ھاجى ۋە مەخمۇت سىجاڭلار بىرلىكتە ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم باشلاش پىلانى تۈزۈپ، تۇرپاندىن تاغ يولى ئارقىلىق كېلىپ مورىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن گۇچۇڭ تاغلىرىغا كەلدى. دەل شۇ ئايدا ماجۇڭيىڭ 2 - قېتىم شىنجاڭغا چىقىپ، يولبويى ھېچقانداق قارشىلىققا ئۇچرىماستىن توپتوغرا مورىغا كېلىپ خوجىنىياز ھاجىلار بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، ھۇجۇم قىلىش پىلانى تۈزۈپ، ماجۇڭيىڭ گۇچۇڭغا، خوجىنىياز ھاجى قىسىملىرى جىمسارغا ھۇجۇم قىلماقچى بولۇشتى.

نەتىجىدە ماجۇڭيىڭ ھۇجۇم باشلاپ قانلىق جەڭ ئارقىلىق گۇچۇڭنى ئىشغال قىلدى. گۇچۇڭدا ھۆكۈمەتنىڭ كۈچى خېلى كۆپ بولسىمۇ، ئۇلار مەغلۇپ بولدى. ماجۇڭيىڭ تۇنجى ئۇرۇشتىلا بىرقانچە مىڭ تال مىلتىق، نۇرغۇن ئوق - دورىغا ئىگە بولدى. ئېغىر يېنىك پىلىموتتىن 50 نەچچە تال غەنىمەت ئالغان ماجۇڭيىڭ ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ، ئۆپكىسىنى بېسىۋالالماي قالدى. خوجىنىياز ھاجى قىسىملىرىمۇ جىمسارغا ھۇجۇم

باشلاپ، ئۇ يەردىكى ھۆكۈمەت قىسىملىرىنى تەسلىم قىلىپ، قورال تاپشۇرۇشقا ماقۇل كەلتۈردى. ئۇلار تاڭ ئاتقاندا قورال تاپشۇرۇشقا ۋەدە بەرگەندى. بىراق ماجۇڭيىڭ شۇ كېچىسى بىر تۈەن ئەسكەر ئەۋەتىپ، خوجىنىياز ھاجىغا بىرىنشىكە تېگىشلىك قوراللارنى ئۆز ئالدىغا تارتىۋېلىپ، گۇچۇڭغا ئېلىپ كەتتى. مۇشۇ مەسىلە تۈپەيلىدىن خوجىنىياز ھاجى تەرەپتىكىلەر ماجۇڭيىڭدىن قاتتىق نارازى بولدى. ئوتتۇرىغا سوغۇقچىلىق چۈشتى.

گۇچۇڭ، جىمسار قولدىن كەتكەندىن كېيىن ئالاقزادە بولغان شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى سىياسىي جەھەتتىن چىقىش يولى تاپماقچى بولۇپ، ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ سۆھبەتلىشىش ئۇسۇلىنى قوللاندى. بۇ ئىشقا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىمۇ قاتنىشىپ، ئوتتۇرىدا مۇرەسسە خىزمىتىگە ياردەملەشتى. شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ماجۇڭيىڭ بىلەن خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئىتتىپاقلىقى بۇزۇلغان پۇرسەتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ھەر ئىككى تەرەپكە ئىككى گۇرۇپپا ۋەكىل ئەۋەتىپ سۆھبەت ئۆتكۈزدى. ماجۇڭيىڭ گەرچە ۋەكىللەرنى قوبۇل قىلىپ سۆزلەشكەن بولسىمۇ، شەرتنى ئېنىق قويۇپ كېلىشىم تۈزۈشنى ئارقىغا سۈردى. خوجىنىياز ھاجى تەرەپ شۇ ۋاقىتتىكى تارىخىي شارائىت ۋە شېڭ شىسەينىڭ پوزىتسىيىسىگە ئاساسەن كېلىشىم تۈزۈشكە ماقۇل كەلدى.

كېلىشىم بولغان ئورۇن فۇكاڭنىڭ جەنۇبىي تاغ باغرىدىكى دەرەخلىك بولۇپ، ئىككى تەرەپتىن قاتناشقان ۋەكىل 15 نەپەر، كاتىپ ئىككى نەپەر.

شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى تەرەپتىن كەلگەن ۋەكىللەر:

1. خۇسەيىن باي، 2. تۇرسۇن بابا، 3. بارات ئاخۇنباي 4. مەنسۇرجانباي، 5. سىدىق ئەبزى 6. ئەخمەتخان دارىن، 7 . ھۆكۈمەتنىڭ خارجى ئىشلار نازىرى چىڭ دېلى.

خوجىنىياز ھاجى تەرەپتىن قاتناشقان ۋەكىللەر:



1 . خوجىنىياز ھاجى، 2. مەخمۇت مۇھىتى، 3. قۇربان دورغا 4. نىياز تۇەنجاڭ، 5 . ئىبراھىم تۇەنجاڭ 6. ئابلا داموللا نەئىمى، 7. نىياز فۇگۇەنجاڭ (سەنخۇچىن نىياز) 8. سوپاخۇن فۇگۇەنجاڭ.

كاتىپلار:

1. نەمەت خەلپەت. 2. ھەمدۇللا ھاجى مۇھەممىدى.

ھەر ئىككى تەرەپنىڭ قوراللىق كۈچلىرى كېلىشىم بولغان ئورۇندىن بەش كىلومېتىر يىراقلىقتا تۇرۇش بەلگىلەنگەن.

## 2 - فۇكاڭ مۇئاھىدىسىنىڭ مەزمۇنى

1 - ماددا: شىنجاڭ ئىككى قىسىمغا تەقسىم قىلىنىپ، ئىككى تەرەپ باراۋەر ئىدارە قىلىدۇ، يەنى قۇمۇل، پىچان، تۇرپان، توقسۇنلار جەنۇبىي شىنجاڭ ھېسابىدا بولۇپ، يەرلىك خەلقلەر ئىدارە قىلىدۇ. بارىكۆل قوشۇلۇپ مورى ناھىيىسىدىن ئىبارەن شىمالىي شىنجاڭ بولۇپ شېڭ ھۆكۈمىتى تەرەپ ئىدارە قىلىدۇ. ئەمما يەتتە قۇدۇقنى ئىككى تەرەت مۇشتەرەك ئىدارە قىلىدۇ. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ پاسىلە ۋە ھۇدۇتلىرى بولسا مىنگونىڭ 12 - يىلى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ناھىيىلەرگە تەيىن قىلىنغان پاسىلىلەر ھودوت ھېسابلىنىدۇ.

2 - ماددا: جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەربىي ۋە مۇلكىيە ئىشلىرى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىدۇ. ئەمەلدارلارنى قويۇش ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇشلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئىختىيارىدا بولىدۇ. تەيىنلەنگەن ئورۇندىن قالدۇرغان ئەمەلدارلارنىڭ تىزىملىرىنى ۋاقتىلىق ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتىگە مەلۇم قىلىش؛

3 - ماددا: جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ باج، پاراق كەبى داخىلىيە كىرىملىرى مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ قانۇنى بويىچە ئاۋۋالقى ئۇسۇلدا بولۇپ، ئۇيغۇرلار قولدا بولىدۇ. ئەمما ھېسابىنى ئايمۇ -

ئاي ئۇرۇمچىگە مەلۇم قىلىنىپ تۇرۇش شەرتتۇر. باج قەغەزلىرى پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ئوخشاش بولسۇن ئۈچۈن، ئۇرۇمچىدە بېسىپ بېرىلىدۇ. ئەسكىرىيە ۋە مۈلكىيە مەمۇرلارنىڭ مائاشى ۋە ھۆكۈمەت چىقىملىرى ئۇرۇمچى ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بويىچە مەزكۇر كىرىملەردىن چىقىم قىلىنىدۇ. ئېشىپ قالغان كىرىم ھۆكۈمەت ھېسابىدا تۇرىدۇ. ناۋادا كىرىملار كۆپايە قىلمىسا (چىقىمغا يەتمىسە - تەھرىردىن) ئۇرۇمچى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تولۇقلاپ بېرىلىدۇ. ئىدارە خادىملىرى ئاۋۋالقىدىن كەم ياكى زىيادە بولماسلىقى شەرتتۇر ۋە لېكىن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەت (باش ھۆكۈمىتىدە) ئىدارىسىدە 175 نەپەر مەمۇرلار بولۇپ، ئۆز مەرتىۋىسى بويىچە مائاش بېرىلىدۇ.

**4 - ماددا:** جەنۇبىي شىنجاڭ ھۆكۈمىتى 5 مىڭدىن زىيادە ئەسكەر ساقلىمايدۇ. مەزكۇردىن زىيادە بولسا ئۇرۇمچى ھۆكۈمىتى مەسئۇل بولمايدۇ. دېمەك زىيادىسىگە مائاش بەرمەيدۇ. مەزكۇر 5 مىڭ ئەسكەرنىڭ ئىككى ئايلىق مائاشىنى بۈگۈندىن ئېتىبارەن ئۇرۇمچى ھۆكۈمىتى بېرىدۇ.

**5 - ماددا:** جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تېلېگرام، پوچتىخانا، خارجى، باجخانىلارنىڭ ھوقۇقلىرى ئۇرۇمچىدىكى خارجى نازىر قولىدا بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا شۆبە ئىدارىلىرى بولىدۇ.

**6 - ماددا:** جەنۇبىي شىنجاڭ ھەمدە شىمالىي شىنجاڭدىكى پۇللار بىر خىل بولۇپ، بۇ پۇللار مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقى بويىچە ئۇرۇمچىدە ياكى مەركەزدە بېسىلىدۇ.

**7 - ماددا:** زۆرۈر لازىم تاپقان تەرەپنىڭ تەلەپ ۋە ئىلتىماسىغا بىنائەن ئىككىنچى تەرەپ شەرتسىز ئەسكەرىيە ياردەم قىلىدۇ. ئەمما قىلىشقا تېگىشلىك ئەسكەرىيە ياردەم تامام بولغان ھامان ياكى ئىككىنچى تەرەپنىڭ رۇخسىتىگە بىنائەن، ياردەم ئەسكەرلىرى قۇررەن (قورال) ئۆز تەۋەسىگە چىقىپ كەتمىكى شەرتتۇر.



**8 - ماددا:** شىنجاڭدىن، ماجۇڭيىڭنى ئارغىبۇلاقتا قەدەر ھايداپ چىقىرىش ئۈچۈن ئۇرۇمچى ھۆكۈمىتى مەسئۇلدۇر. دېمەك، جەنۇبىي شىنجاڭ ئەسكەرلىرى ماجۇڭيىڭ بىلەن سوقۇشمايدۇ ۋە لېكىن جەنۇبىي شىنجاڭ ھۆكۈمىتى مۇداپىئە ئۈچۈن ئارغىبۇلاقتا ئەسكەر قويىدۇ. ئەگەر ماجۇڭيىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا ھۇجۇم قىلسا جەنۇبىي شىنجاڭ ھۆكۈمىتى ئۆزى چارە كۆرىدۇ. مۇبادا بۇ توغرىدا ئەسكىرىي ياردەملەر زۆرۈر لازىم بولغان تەقدىردە 7 - ماددا بويىچە بولىدۇ.

**9 - ماددا:** شىنجاڭدا سوقۇش تامام بولغانغا قەدەر جەنۇبىي شىنجاڭ ئەسكەرلىرىگە يېتەرلىك ئوق - دورىلارنى ئۇرۇمچى ھۆكۈمىتى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. دەرھال 50 ساندۇق ئوق ھەمدە ئەسكەرلەرنىڭ ئىككى ئايلىق مائاشى ئۈچۈن يۈزمىڭ سەر پۇل بېرىلىدۇ. باقى ئوق ۋە ئايلىقلارنى ۋاقتى بىلەن يەتكۈزۈپ تۇرۇش ئۈچۈن ئۇرۇمچى ھۆكۈمىتى مەسئۇل بولىدۇ. ئەمما مۈلكىي ئەمەلدارلارنىڭ مائاشى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ كىرىملىرىدىن تەمىنلىنىپ تۇرىدۇ.

**10 - ماددا:** بۇ توختام خەت ئۇيغۇر، خەنزۇ ئىككى تىلدا يېزىلىپ، ئىككى تەرەپنىڭ باشلىقلىرىدىن خوجىنىيازھاجى بىلەن شېڭ شىسەي ئىمزا قىلماق بارابىرىدە ھۆكۈمەتنىڭ تامغىلىرى بېسىلىدۇ ۋە ھەمدە شاھىت بولسۇن ئۈچۈن ئۇرۇمچىدىكى سوۋېتلار كونسۇلىغا قول قويدۇرۇش شەرتتۇر. مەزكۇر توختام خەت ئۈچ نۇسخا بولۇپ، مەركىزىي ھۆكۈمەت، ئۇرۇمچى ھۆكۈمىتى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ھەربىرىدە بىر پارچىدىن ساقلىنىدۇ. بۇ بىتىم قەغەزلىرى بولسا بۈگۈندىن باشلاپ ئەمەلگە ئىگىدۇر. ئەگەر زۆرۈر لازىم كەلگەن كەمچىلىكلىرى بولۇپ قالسا، ئىككى تەرەپنىڭ رازىلىقى بىلەن تۈزىتىش زۆرۈرىيىتى بولىدۇ.

مەزكۇرغا رازى بولۇپ قول قويغۇچى: شېڭ دۇبەن

جەنۇبىي شىنجاڭ ھۆكۈمەت باشلىقى: خوجىنىياز ھاجى
جۇڭخۇا مىنگونىڭ 22 - يىلى 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدە
فۇكاڭ مۇئاھىدىسى شۇ تەقلىتتە تۈزۈلگەندىن كېيىن، يېڭىلا
ئىش بېشىغا چىقىپ ماجۇڭيىڭ ۋە خوجىنىياز ھاجىدىن ئىبارەت
ئىككى زور كۈچكە دۇچ كېلىۋاتقان، شۇنداقلا يېڭى ھاكىمىيەتـ
نى ساقلاپ قېلىشقا كۆزى يەتمەي ئۈمىدسىز تۇرۇۋاتقان شېڭ
شىسەي ئۈچۈن غايەت زور مۇۋەپپەقىيەت بولدى. بولۇپمۇ يەرلىك
قوزغىلاڭچىلارنى ماجۇڭيىڭدىن ئاجرىتىپ ئۆزىگە ئىتتىپاقداش قىـ
لىۋالغانلىقى ئۇنىڭغا نىسبەتەن زور خۇشاللىق ئىدى. شۇنىڭ
ئۈچۈن ئۇ توختامدا ئېيتىلغان 50 ساندۇق ئوق بىلەن يۈز مىڭ
سەر پۇلنى 4 كۈندىن كېيىن قىزىل خۇرجا دېگەن يەردە
خوجىنىياز ھاجىلارغا تاپشۇردى.

شۇنىڭدىن كېيىن خوجىنىياز ھاجى جەنۇبىي شىنجاڭ
«باۋبى زۇڭسىلىڭ» (جەنۇبىي شىنجاڭ مۇداپىئە باش قوماندانى)
نامى بىلەن يوغان تېرەك ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈپ
كەتتى.

خوجىنىياز ھاجى تاغ يولى بىلەن توقسۇنغا كېلىپ توقـ
سۇننىڭ ئىلانلىق يېزىسىدا بىرقانچە كۈن تۇردى. شۇ كۈنلەرـ
دە زىنىچۈەنزىدىكى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان ماجۇڭيىڭ تۇرپانغا
كەلگەنىدى.

### 3. فۇكاڭ مۇئاھىدىسى تۈزۈلگەندىن كېيىن ماجۇڭيىڭ بىلەن خوجىنىياز ھاجى ئوتتۇرىسىدا بولغان بىر قىسىم ئىشلار

خوجىنىياز ھاجىنىڭ شېڭ شىسەي بىلەن كېلىشىم ھاسىل
قىلىپ جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپكە ماڭغانلىقىنى ئاڭلىغان ماجۇڭـ
يىڭ بۇ ئىشقا ئىنتايىن خاپا بولۇپ، داۋانچىڭدا تۇرۇشلۇق



خەن ۋە ما قامىلىلىك ئىككى تۇڭگانجاڭغا پىچاندىن تۆۋەندىكى
بۇيرۇقنى ئەۋەتىدۇ:

36 - دىۋىزىيە سىبو مەھكىمىسىدىن
071 - نومۇرلۇق بۇيرۇق

داۋانچىڭ خەن تۇەنجاڭ ۋە ما تۇەنجاڭلارغا:

تېلېگرام ئورنىدا بۇيرۇق شۇكى، خوجىنىياز باشلىق چەنـ
تۇلار ئالتە شەھەر تەرەپكە بارماقچىدۇر. بۇ ھۆكۈم خەت
تەگكەن ھامان تاغ ئارقىلىق كىچىك يول بىلەن كېچە -
كۈندۈزلەپ يۈرۈپ قارا شەھەردىكى ماتۇەنجاڭ بىلەن بىرلىشىپ
خوجىنىياز باشلىق چەنتۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ قوراللىرىنى
ئېلىپ دەرھال ئۈچۈر بېرىسىزلەر. ئەگەر سۇستلۇق قىلىپ خوجىنىياز
باشلىق بىرەر چەنتۇ ئەسكىرىنى ئالتە شەھەر تەرەپكە ئۆتـ
كۈزۈۋەتسەڭلار ئېغىر جازا بېرىمەن دەپ چۈشۈرگەن ھۆكۈم:

سىجاڭ: ماجۇڭيىڭ.

مىنگونىڭ 22 - يىلى 6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى.

(بۇ خەت چۇقا سۇتۇشىدا ئوق تېگىپ ئۆلگەن خەن تۇەنجاڭنىڭ
مەيدە يانچۇقىدىن تېپىلىپ خوجىنىياز ھاجىنىڭ قولىغا چۈشكەن)

خوجىنىياز ھاجى فۇكاڭ تاغلىرىدىن مېڭىپ توقسۇن
ئىلانلىقتا تۇرۇۋاتقان كۈنلەردە، مەزكۇر بۇيرۇقنى داۋانچىڭدىكى
ئەسكەرلىرىگە ئەۋەتىپ، خوجىنىياز ھاجىلارنى توقسۇندا قورالسىزـ
لاندۇرۇشقا قەست قىلغان ماجۇڭيىڭ، يەنە بىر تەرەپتىن تۇرـ
پاندىن ئابلىتىپ قازى، ئابدۇراخمان مەخسۇملارنى ۋەكىل
قىلىپ توقسۇنغا ئەۋەتىپ خوجىنىياز ھاجى بىلەن سۆھبەت
ئۆتكۈزۈشتەك ھېلىگەرلىكنىمۇ قىلغانىدى. بۇنىڭدىن خەۋەر
تاپقان خوجىنىياز ھاجى ئابلىتىپ قازىلار بىلەن قىلىۋاتقان
سۆھبىتىنى بۇزۇپلا قاراشەھەر تەرەپكە ماڭىدۇ. خەن تۇەنجاڭلار
ئۇلارنى قوغلىشىپ تاغ ئىچى بىلەن كېچە - كۈندۈزلەپ مېڭىپ
قارا شەھەرگە ئالدىن يېتىپ، ئۇ يەردىكى يەنە بىر تۇەنجاڭلىق

ئەسكەر بىلەن بىرلىكتە ئۇششاقتال، چۇۋقىلاردا خوجىنىياز هاجى قىسىملىرىنى توسۇپ ئۇرۇش قىلىدۇ. بۇ ئىككى قېتىملىق ئۇرۇشمۇ قاتتىق بولۇپ، نەتىجىدە ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى مەغلۇپ بولۇپ چېكىنىدۇ. خەن تۇەنجاڭ دېگىنى ئەنە شۇ چوققىدىكى سوقۇشتا ئوق تېگىپ ئۆلىدۇ.

خوجىنىياز هاجى قارا شەھەرگە كېلىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن ماجۇڭيىڭ تۇرپاندىن ئابدۇراخمان مەخسۇم، ئىمىن بايلارنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇلار ماجۇڭيىڭ ئەۋەتكەن خەتنى ئېلىپ كەلگەندى. خەتنىڭ ئەينى كۆچۈرمىسى تۆۋەندىكىچە:

36 - (دۇنزىيە) سىبو مەھكىمىسىدىن

119 - نومۇر

خوجىنىياز هاجى ۋە مەخمۇت بايلارغا مەلۇم بولسۇنكى توقسۇنغا ئەۋەتكەن ۋەكىلىمىز ئابلەتىپ قازى سىزلەر بىلەن ئوبدان سۆزلەشمەي قايتىپ كېلىپتۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئابدۇراخمان ۋە ئىمىنلەرنى تەكرار ئەۋەتتىم. بۇلار سىزلەر بىلەن قانداق توختام قىلسا قىلىشقا ھوقۇقلۇق. ھالبۇكى بىرلىشىپ دۈشمەننى يوق قىلىش لازىم. ھېچبىر گەپنىڭ تايىنى يوقلا ئوتتۇرىمىزدا كۆڭۈلسىزلىك ئەھۋاللارنىڭ پەيدا بولۇشى ئېتىبارى يوقتۇر. بىزلەرنى پارچىلىماق ئۈچۈن دۈشمەننىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىش ھەر ئىككى تەرەپكە زىيانلىقتۇر. قورال توغرىلىق بىرئاز كۆڭلىڭىزلار قالغانمىش، شۇڭا چەنتۇ ئەسكەرلىرى ئۈچۈن ئۈچ مىڭ تال مىلتىق، 300 ساندۇق ئوق تەيىن قىلىپ قويدۇم، مەزكۇرلارنى تاپشۇرۇپ ئالماق ئۆزرە، ھەممىمىز بىرلىشىپ ئىش قىلايلى:

سىجاڭ: ماجۇڭيىڭ

مىنگونىڭ 22 - يىلى 6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى

بۇ خەتكە بىنائەن خوجىنىياز هاجى بىر پارچە خەت يېزىپ ۋەكىللەردىن تۇرپانغا ئەۋەتتى. خەتنىڭ ئەسلى نۇسخىسى



تۆۋەندىكىچە:

جەنۇبىي شىنجاڭ ھۆكۈمەت مەھكىمىسىدىن

116 - نومۇر قاراشەھەردىن

سىجاڭ ماجۇڭيىڭغا مەلۇم بولسۇنكى، ۋەكىللەر ئارقىلىق ئەۋەتكەن خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋېلىپ پۈتۈن مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولدۇق. ۋەكىلىمىز ئابلەتىپ قازى ئاخۇنۇم سىزلەر بىلەن ئوبدان سۆزلەشمەي توقسۇندىن قايتىپ كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن تەكرار ۋەكىل ئەۋەتتىم دەپسىز. سىز ماجۇڭيىڭ بىلەن ئىتتىپاقلاشتۇرماق ئۈچۈن كەلگەن ۋەكىلىڭىز ئابلىمىت قازى ئاخۇنۇم بىلەن سۆزلىشىۋاتقان مەزگىلدە بىزلەرنى تۇتۇش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئۈچ تۇەنجاڭلىق ئەسكەرلىرىڭىز ئەتراپىمىزنى قورشاپ تۇتماقچى بولغاندا، قىلىشىۋاتقان سۆزىمىزنى تاشلاپ يولىمىزغا مېڭىشقا مەجبۇر بولدۇق. شۇنى ھەم ئىزھار قىلماقچىمىزكى، بىزلەر ئۆز يولىمىزغا ماڭغان ئىكەنمىز سىزنىڭ ئەسكەرلىرىڭىز قوغلىشىپ كېلىپ ئاتقان پىلىموت ۋە مىلتىق ئوقلىرىغا قارشى بىر تال ئوق ئاتماي يولىمىزغا داۋام قىلدۇق. دېمەك سىز سۆھبەتنى قورال قىلىپ بىزنى تۇتۇش مەقسىدىڭىزنى ھاسىل قىلماقچى بولدىڭىز. بۇ توغرىدا ئاۋارە بولماڭ! ۋەكىللەرنىمۇ ئاۋارە قىلماڭ! چۈنكى ۋەتەن، مىللەت ئىگىسى بولغان ئىنقىلابچىلار بىلەن بىرلەشمەك ۋە ئىتتىپاق بولماق خىيالىڭىز بولسا ئىدى، تۆۋەندىكى ۋەھشىلىكلەرنى ئەلۋەتتە قىلمىغان بولاتتىڭىز؟ دېمەك مورى شەھىرىدە بىرىنچى دەپئە كۆرۈشكەندە قىلغان زورلۇق — يوغانچىلىقىڭىز نېمىلەرنى ئىسپات ئېتىدۇ، بىلەمسىز! يەنى بىزلەرنى كۆزىڭىز كۆرمىدى، ئادەم قاتارىدا مۇئامىلە قىلمىدىڭىزغۇ! سىزلەر بولسىڭىزلار يۇرت ۋە مىللەتنىڭ ئىگىسى، ئىككى يىلدىن بېرى مۇستەبىت ھۆكۈمەتكە قارشى قان كېچىپ جاپا چەكتىڭىزلار، سىزلەرنىڭمۇ گەپ - سۆزىڭىزلار، پىكىر - خىيالىڭىزلار بارمۇ؟ دەپ بىر كەلىمە سۆز قىلىشقا پۇرسەت بەرمەي، توغرىدىن -

توغرا ئۈرۈمچىنىڭ جاڭجۈنلۇق مەنسۇبىدە ئولتۇرماقچى بولدىڭىز. قولغا كەلمىگەن شىنجاڭنىڭ جاڭجۈنلىقىنى تالىشىپ ئولتۇرۇش، ھازىرچە ھاجەتسىز ئىدى. چۈنكى مورى بىلەن گۈچۈڭنى ئېلىش بىلەن ھولۇقۇپ تېنىڭىز تېرىڭىزغا پاتماي ئۆزىڭىزنى بىلمەي قالدىڭىز. شۇ چاغدىلا پۈتۈن مەقسەتلىرىڭىز تامامەن ئاشكارلانغانىدى. ئىككىنچى، جىمساردا ئۈچ كېچە-كۈندۈز سوقۇش قىلىش جەريانىدا 21 ئادىمىمىزنى قۇربان بېرىش نەتىجىسىدە قولغا كەلتۈرگەن توپ، پىلىموت، مىلتىق، ئوق ۋە ئاتلارنى زورلۇق بىلەن قۇۋۋىتىڭىزگە ئىشىنىپ ئېلىپ كەتتىڭىز. بۇ بولسا ئوچۇق بۇلاڭچىلىق ئەمەسمۇ؟ ئۈچىنچى، مۇمكىنقەدەر سىز ماجۇڭيىڭ بىلەن چىرايلىق تۇرماق ۋە ئۆز ئارا چىنىشمەك خىيالى بىلەن توقسۇننىڭ سۇ بېشى دېگەن يېرىدە ئىسمىن ئەپەندى باشچىلىقىدا ئاتمىش ئەسكەرنى سىز تەرەپتىن كەلگەن خەۋەرلەرنى ئېلىپ كەلمەك ئۈچۈن قالدۇرۇپ كەلگەنىدۇق. ئۇلارنى ھەممىسى بىر مۇسۇلمان، پالان-پۇستان دېگەندەك ھىيلىلەر بىلەن تۇتۇپ ئاتمىش ئەسكىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى مىلتىق بىلەن ئېتىپ، قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈردىڭىزلار. تۆتىنچى سىز پىچان ناھىيىسىدىن داۋانچىڭدىكى خەن تۇەنجاڭ ۋە ما تۇەنجاڭلارغا ئەۋەتكەن 107-نومۇرلۇق ھۆكۈم خېتىڭىز ئەلۋەتتە ئېسىڭىزدە باردۇر. ئەگەر خاتىرىڭىزدىن چىقىپ قالغان بولسا ئۇ خەتنى ئويلاپ ئوبدان مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈرسىز. ئۇ ھۆكۈم خېتىڭىزنىڭ مەزمۇنىدىن ياخشىلىقنىڭ ئەسەرى يوق. بەلكى بىزلەرنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈشتىن باشقا مەقسەت كۆرۈنمەيدۇ.

ئەلھاسىل شۇ قەدەر يامان كۆرۈپ ھەبس قىلماق ئۈچۈن ھۆكۈمگە لايىق بولغان خوجىنىيازلارغا 3 مىڭ تال مىلتىق بىلەن 300 ساندۇق ئوق ئىلتىپات قىلماقچى بولغىنىڭىزنىڭ سەۋەبلىرى نېمىدۇر؟ دېمەك بىر تەرەپتىن تۇتۇپ ھەبس قىلماقچى بولسىز، يەنە بىر تەرەپتىن 3 مىڭ تال مىلتىقلار



ئىلتىپات قىلماقچى بولسىڭىز، ئەجەبا جىمساردا ئۆز ھەققىمىز بولغان 1800 تال مىلتىقلىرىمىزنى زورلۇق بىلەن تارتىپ ئالسىز، ئەمدى 3 مىڭ تال مىلتىق بېرىمەن دەيسىز، بۇ ئالدامچىلىقىڭىزغا نېمە دېمەك قانداق جاۋاب قىلماق لازىم! مۇنداق قىلىشقا سىزنى نېمە مەجبۇر قىلدى؟ ياكى دىنداشلىرىڭىز سەپداشلىرىڭىزنى قان يىغلىتىپ زورلۇق بىلەن بۇلاپ كەتكەن مىلتىقلار بىلەن قورالاندۇرغان، ئەسىرگە چۈشكەن خەنزۇ ئەسكەرلەر زىنىچۇەنزە سوقۇشىدا تۇەنجاڭ، لىيەنجاڭلىرىڭىزنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاپ دۈشمەن بولغان شېڭ دۇبەن تەرەپكە ئۆتۈپ قوشۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن دوست بىلەن دۈشمەننى پەرق ئەتتىڭىزمۇ-يا! دېمەك مەزكۇر قوراللار ئۆز دىنداشلىرىڭىزنىڭ قولىدا ياكى ئامبىرىڭىزدا تۇرغان بولسا ئىدى، زىنىچۇنزىدە بولغان ئېغىر كۈنلەر بولمىغان بولاتتى! ئەپسۇسكى، ئۆز سەپداشلىرىڭىزغا شۇ قەدەر خائىنلىقلار قىلدىڭىز ۋە قىلماقچى بولسىز، خاتىرىڭىزدە بولسۇنكى، ئۆز سەپداشلىرىڭىزغا قىلغان خىيانەتلىرىڭىزگە يارىشا دۈشمەنلىرىڭىزدىن كۆرگۈلۈكنى ئەلۋەتتە كۆرىسىز! جىق ياشلىق، گۇدەكلىك قىلدىڭىز ۋە قىلماقچى بولسىز، ئەنە شۇنداق ھىيلە-مىكىرلەر بىلەن بىزلەرنى تۇتماقچى بولسىز، ھەبس قىلماقچى ۋە ئۆلتۈرمەكچى بولسىز، ئىنشائاللا... يەرلىك ئىنقىلابچىلار لازىم بولۇپ قالىدىغان كۈنلەرمۇ بولۇپ قالۇر. تەكرار ئاگاھ قىلىمىزكى، بىز يۇرت ۋە مىللەت ئىگىسى بولغان يەرلىك ئىنقىلابچىلار، سىز ماجۇڭيىڭغا قارشى ئەمەس ۋە دۈشمەن ئەمەسمىز، ئېھتىمال سىز بىزلەرنى شېڭ شىسەي بىلەن ئىتتىپاقلاشتى دېگەن باھانا بىلەن گۇنا قويسىڭىز كېرەك. ئەمما سىز ماجۇڭيىڭ ياڭ سەنمۇ جاڭىڭىز ئارقىلىق مەخپىي ھالدا شېڭ دۇبەن بىلەن بولدۇرۇلمىغان بىتىمنى بىزلەر ئاشكارا قىلدۇق. ئەمما بىزلەرنى سىزدىن ئايرىلىپ شېڭ دۇبەن بىلەن ئىتتىپاق تۈزمەككە مەجبۇر قىلغان يېگانە سەۋەبلەر، سىز ماجۇڭيىڭنىڭ

خىيانەت، جىنايەت ۋە رەسۋالىقىڭىزدۇر. خاتىرىڭىزدە بولسۇنكى، بۇ توغرىدا تۆكۈلگەن قانلار ۋە مۇندىن كېيىن تۆكۈلىدىغان قانلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە جاۋابكارلىقى سىزدە، قىيامەت كۈنى ئاللا زۇل جالال ھوزۇرىدا سىز ماجۇڭيىڭ ئەلۋەتتە مەسئۇل بولۇرسىز دەپ

جەنۇبىي شىنجاڭ يەرلىك ھۆكۈمەت باشلىقى:

ئەلھاج خوجىنىياز

مىنگونىڭ 22 - يىلى 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى

شۇنىڭدىن كېيىن ماجۇڭيىڭ ئۈچ تۈەن ئەسكەر ئاجرىتىپ مافۇيۈەن ئىسىملىك بىر ئادەمنى لۈيجاڭلىققا تەيىنلەپ خوجىنىياز ھاجى قىسىملىرىنى قوغلاپ زەربە بېرىشكە ئەۋەتتى. مۇشۇ سەۋەبتىن خوجىنىياز ھاجى قىسىملىرى بىلەن ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى ئوتتۇرىسىدا قارا شەھەر، باش ئەگىم، بۈگۈر، كۇچا، باي، قارا يۇلغۇن، مارالبېشى، پەيزىۋات - چوكانىيار قاتارلىق جايلاردا چوڭ - كىچىك قاتتىق سوقۇشلار بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر مەزگىل خوجىنىياز ھاجى قىسىملىرى ئۇرۇشلاردا مەغلۇپ بولۇپ قاچقان، ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى غەلبە قازىنىپ قوغلاشقان ۋەزىيەت شەكىللەندى. خوجىنىياز ھاجى قىسىملىرى قارا يۇلغۇندىن بىر سوقۇشتا مەغلۇپ بولۇپ ئۇچتۇرپان قاقشال يولى بىلەن قەشقەرگە ئۆتۈپ كەتتى.

1934 - يىلى 1 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى مافۇيۈەن قىسىملىرى، قەشقەردە مۇھاسىرە ئىچىدە قالغان ماجەنساڭغا (چولاق زىنخۇيغا) ياردەم بېرىش ئۈچۈن قەشقەرگە باستۇرۇپ باردى. بۇ چاغدا قەشقەردە تۇرۇۋاتقان خوجىنىياز ھاجى ۋە سابىت داموللىلار شەھەردە ئۇرۇش قىلماسلىق تاكتىكىسىنى قوللىنىپ يەكەن - يېڭىسار تەرەپكە چېكىنىپ كەتتى. شۇ كۈنلەردە ئۇرۇمچى ھۆكۈمىتى، ئۇرۇمچىگە ھۇجۇم قىلىۋاتقان ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىنى چېكىندۈرۈپ قوغلاپ كەلمەكتە ئىدى. «ئالتايىسكى»، «تارباغاتايىسكى» نامىدا شىنجاڭغا ياردەمگە كەلگەن سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ئەجەللىك زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن



ماجۇڭيىڭ قەشقەرگە قېچىپ كېلىپ، ئارقا تەرەپتىن شىڭدۇبەن ئەسكەرلىرى قوغلاپ كېلىۋاتقان، ئالدى تەرەپتە خوجىنىياز ھاجى قىسىملىرى توسۇپ تۇرۇۋاتقان قىيىن ئەھۋالدا قالدى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنى ۋاستە قىلىپ شىڭدۇبەن ھۆكۈمىتى بىلەن كېلىشىم تۈزدى. كېلىشىمدە تۈزۈلگەن بەلگىلىمىلەر بويىچە ماجۇڭيىڭ بىر قىسىم ئادەملىرى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتتى، ئۇنىڭ قالدۇق قىسىملىرى سىجاڭ ماخۇسەننىڭ قوماندانلىقىدا خوتەن ۋىلايىتىدە تۇرىدىغان بولدى. بۇ چاغدا خوجىنىياز ھاجى قىسىملىرى مەكىت ئارقىلىق دەريا ياقىلاپ ئاقسۇغا كەتتى.

## 4. فۇكاڭ مۇئاھىدىسىنىڭ بۇزۇلغانلىقى ۋە بىر مۇنچە قارشىلىشىش ئەھۋالى

ماجۇڭيىڭنى قوغلاش باھانىسى بىلەن شىڭدۇبەن ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ كۈچلۈك تۆت تۈەن ئەسكىرىنى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىغا ئۆتكۈزۈپ، قەشقەر يېڭى شەھەردە سىلىڭبۇ تەسىس قىلىپ، سىلىڭلىققا ليۇبىڭنى، مۇئاۋىن سىلىڭلىققا مەھمۇت سىجاڭنى تەيىن قىلدى. شىڭدۇبەننىڭ تۆت تۈەن ئەسكىرىدىن بىر تۈەنى يەكەندە، بىر تۈەنى قەشقەر يېڭى شەھەردە، بىر تۈەنى پەيزىۋاتتا، يەنە بىر تۈەنى (ئاق ئورۇسلاردىن تەشكىللەنگەن تۈەن) مارالبېشىدا تۇردى. خوجىنىياز ھاجىنىڭ قوشۇنلىرىنى توپلاپ 6 - دىۋىزىيە نامىدا تۆت تۈەن قىلىپ تەشكىللەپ مەھمۇت مۇھىتىنى قوشۇمچە سىجاڭلىققا تەيىنلىدى. 6 - دىۋىزىيە قارمىقىدىكى تۆت تۈەن ئەسكەرنىڭ بىر تۈەنى يەكەندە، بىر تۈەنى يېڭىساردا، قالغان ئىككى تۈەنى قەشقەر شەھىرىدە تۇردى. مۇشۇ قېتىمقى رەتكە سېلىشتا ئوسمان سىجاڭ باشچى-

لىقىدىكى قىرغىز قىسىملىرى بىلەن سىپتىۋالدىجان باشچىلىقىدىكى ئۆزبېك پولكىنى قورالسىزلاندۇرۇپ ئوسمان ئېلىنى قولغا ئېلىپ تۈگەتتى. تۆمۈر سىجاڭدىن قېپقالغان ھەمدەم بەگ ھاجى، ئەھمەتخان لويجاڭ، ھاپىز لويجاڭ، توختى لويجاڭ قاتارلىق كىشىلەرنىمۇ بىكارچى قىلىۋەتتى. مۇنداق رەتكە سېلىش ئاساسىدا شىڭ دۇبەننىڭ جەنۇبتىكى ئەمەلىي كۈچى بىلەن خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئەمەلىي كۈچى تەڭپۇڭلىشىپ قالدى. بۇنىڭدىن تاشقىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياردەمگە كەلگەن «ئالتايىسكى»، «تارباغاتايىسكى» لارمۇ كۇچا، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، مارالبېشى قاتارلىق جايلاردا بار ئىدى. ئەگەر شىڭ دۇبەننىڭ ئەسكىرىي كۈچى بىلەن ياردەمگە كەلگەن سوۋېت قوشۇنلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ بىر كۈچ ھېسابلىغاندا خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئەمەلىي كۈچى كىچىككىنە بىر گۇرۇھ بولۇپ كۆرۈنەتتى. ھەربىي جەھەتتە مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى خوجىنىياز ھاجىنى ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتىگە مۇئاۋىن رەئىسلىككە تەكلىپ قىلىپ، جەنۇبتىكى قوزغىلاڭچى كۈچلەرنىڭ تېنىنى بېشىدىن ئاجرىتىۋەتمەكچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئىلگىرىكى «باش قوماندان — باۋۇيى سىلىڭ» دېگەن نامى ۋە ھوقۇقلىرى ئۆزىچە ئەمەلدىن قالغاندەك بولدى.

ۋەزىيەتنىڭ مۇنداق ئۆزگىرىشى فۇكاڭ مۇئاھىدىسىنىڭ 7 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپ ئىدى. يەنى 7 - ماددىدىكى «... قىلماقچى بولغان ئەسكىرى ياردەم تامام بولغان ھامان، ئىككىنچى تەرەپنىڭ رۇخسىتىگە بىنائەن ئۆز تەۋەسىگە چىقىپ كەتمىكى شەرتتۇر» دەپ تۈزۈلگەن توختامغا خىلاپ كەلگەن شىڭ دۇبەن ھۆكۈمىتى غايەت كۆپ ۋە ئۈستۈن كۈچ - قۇۋۋەتكە ئىگە تۆت تۈمەن ئاتلىق ئەسكىرىنى جەنۇبىي شىنجاڭغا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق خوجىنىياز ھاجى تەرەپكە كۈچ كۆرسەتتى، خوجىنىياز ھاجى باشتا ئۈرۈمچىگە بېرىپ مۇئاۋىن



رەئىس بولۇشنى رەت قىلدى. مۇنداق ھەل قىلغۇچ پەيتتە «ئالتايىسكى»، «تارباغاتايىسكى» نامىدىكى سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى بېكتېيېۋ ۋە باشقا ھەربىي ئەمەلدارلار ئوتتۇرىغا چۈشۈپ كۆپ خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ھەتتا شېڭ شىسەينىڭ ھەربىي مۇشاۋىرى مالىكوۋ (سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئەۋەتىلگەن مۇشاۋىر — تاتار) مۇ ئۈرۈمچىدىن مارالبېشىغا كېلىپ تېگىشلىك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. بۇ كىشىلەر زاھىرەن مۇرەسسە خىزمىتى ئىشلەپ دوستانە مەسلىھەت - پىكىرلەرنى بەرگەندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىپ بېسىم ئىشلىتەتتى. شۇڭا ئەڭ ئاخىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلى ۋە باشقا سوۋېتلىكلەرنىڭ مۇرەسسە قىلىپ ياراشتۇرۇشى ئارقىسىدا خوجىنىياز ھاجى ئۈرۈمچىگە كېلىپ مۇئاۋىن رەئىس بولۇشقا ماقۇل كەلدى. ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقى خادىملىرىنىڭ ياراشتۇرۇشى ۋە كاپالەت بېرىشى بولمىغاندا خوجىنىياز ھاجى ھەرگىزمۇ ئۆز قوشۇنلىرىنى تاشلاپ ئۈرۈمچىگە كەلمىگەن بولاتتى ۋە شېڭ شىسەي بىلەن مۇرەسسەلىشىپ ئاتاقتىكى مۇئاۋىن رەئىس بولمىغان بولاتتى.

فۇكاڭ مۇئاھىدىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش توغرىسىدا مەھمۇت مۇھىتى بىرقەدەر قەتئىي تۇرۇپ پىكىرلەشتى. ئۇنىڭ ھەققانىي پىكىرلىرىنى گەرچە شېڭ ھۆكۈمىتى ئوچۇق - ئاشكارا رەت قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئېتىبارسىز قالدۇرۇپ، ئىچكى جەھەتتە ئاستىرتىن قاتتىق قارشى تۇردى. سىلىق ۋە يۇمشاق پوزىتسىيە قوللىنىش ئارقىسىدا ھىيلە - مىكىرلەر ئىشلىتىپ مەھمۇت سىجاڭنىڭ كۈچىنى ئاجىزلىتىش، ئىمكانقەدەر ئۇنى يېتىم قالدۇرۇشقا كىرىشتى. مەھمۇت سىجاڭنىڭ ئىشەنچلىك ئەڭ دەپ قارىغان ئادەملىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قىسقا مۇددەتلىك ئوقۇشقا ئەۋەتىش، ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان ھەربىي تەلىم - تەربىيە كۇرسلىرىغا تەكلىپ قىلىشتەك ئۇسۇللار بىلەن ئۇنىڭدىن ئاجرىتىش، مەپكۇرە

جەھەتتە مەھمۇت سىجاڭغا قارشى تۇرۇشقا كىرىشتى. يەنە بىر مۇنچە مۇھىم ئادەملەرنى ۋىلايەت، ناھىيىلەرگە خىزمەتلەرگە تەيىنلەش ئارقىلىق ئۇنىڭدىن ئاجراتتى. يەنە بىر تەرەپتىن مەھمۇت سىجاڭنى ئۈرۈمچىگە يىغىنغا تەكلىپ قىلىش ئارقىلىق ئورنىدىن قوزغاپ قاپقانغا چۈشۈرۈشتەك ئۇسۇللارنى قوللىنىپ ئۇنىڭ ھاياتىغا خەۋپ سالدى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا مەھمۇت مۇھىتى ئەڭ ئاخىرىدا دىۋىزىيە شتابىنى مارالبېشىغا يۆتكەپ شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بىلەن ۋۇكاڭ مۇئاھىدىسى توغرىسىدا ئاخىرقى نۆۋەتتە سۆزلىشىپ كۆرمەكچى، ئەگەر ھەققىي ئىجرا قىلىنمىسا قوراللىق قارشى چىقماقچى بولدى. ئەمما بۇ پىلانغا كۆپلىگەن تۈەنجاڭلار، سەنمۇجاڭ قۇربان سەئىدى قاتارلىق كىشىلەر ئاساسلىق قىلىپ قوشۇلماي قويدى. شۇڭا مەھمۇت مۇھىتى ئەڭ ئاخىرقى قاراردا ئۆز پىلانىنى ئۆزگەرتىپ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن چەت ئەلگە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

مەھمۇت سىجاڭ 1937 - يىلى 4 - ئايدا قەشقەردىن قوزغىلىپ لاداق يولى ئارقىلىق چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قالدۇق ئەسكەرلىرى ئابدۇنىياز كامالنى 6 - دىۋىزىيە سىجاڭلىقىغا سايلاپ يەكەندە تۇردى. كېيىن خوتەندە تۇرۇۋاتقان ماخۇسەن بىلەن بىرلىشىپ شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە قارشى ھۇجۇم قوزغىدى. ئابدۇنىياز سىجاڭ ۋە ماخۇسەن ئىككىسى بىرلىكتە قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىپ قەشقەر كونىشەھەرنى (ئۇ چاغدا ھازىرقى قەشقەر شەھىرىنى كونىشەھەر دەپ ئاتايتتى) ئىشغال قىلىپ يېڭى شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئالدى.

ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئابدۇنىياز سىجاڭ ئۆز ئەسكەرلىرىنى باشلاپ مارالبېشى ۋە ئاقسۇغا ھۇجۇم قوزغىدى. ئاقسۇ يېڭىشەھەردىن باشقا ئاۋات، كەلپىن، ئۇچتۇرپان، ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىلىرىنى ئىشغال قىلدى. بۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەنە



يۈسۈپنىياز تۈەنجاڭنى بىر بۆلۈك ئەسكەر بىلەن كۇچاغا ئەۋەتتى. ئۇلار توقسۇ، شايار ناھىيىلىرىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، بىۋاسىتە كۇچاغا ھۇجۇم قوزغىدى. كۇچادا ئايرودرومنى تالىشىش يۈزىسىدە 81 كۈن قاتتىق ۋە قانلىق جەڭلەر بولدى. يەنە شۇ كۈنلەردە ماخۇسەننىڭ بىر لۈيجاڭلىق ئەسكىرى چاقىلىق ئارقىلىق كېلىپ كورلىغا ھۇجۇم قوزغىدى. دېمەك ئابدۇنىياز ۋە ماخۇسەنلەر بىرلىشىپ تۆت يول بىلەن قوزغىغان ھۇجۇمغا شىڭ شىسەينىڭ كۈچى ھەر جەھەتتىن ئاجىزلىق قىلدى. بۇنداق شارائىتتا شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىككىنچى قېتىم ياردەم تەلەپ قىلدى. تەلەپكە بىنائەن سوۋېت ئىتتىپاقى قوشۇنلىرى بىر كېچىدە ئاتۇشتا پەيدا بولۇپ كىرىپ كەنت يايلاق، مارالبېشى، مەكىت ئارقىلىق يەكەنگە چىقىپ، ماخۇسەن، ئابدۇنىيازلارنىڭ چېكىنىش يولىنى توستى. دەل شۇ چاغدا ئۈرۈمچىدىن شىڭ شىسەينىڭ كۈچلۈك بىر قوشۇنى ئايروپىلانلارنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا قاراشەھەردىن ئۆتۈپ يول بويى دۈچ كەلگەن قوزغىلاڭچىلارنى چېكىندۈرۈپ ئارقىغا قايتۇردى. مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان قوزغىلاڭچىلار مەكىت ۋە يەكەن تەرەپلەردە جەم بولۇپ ئاخىرقى قېتىم سوقۇشۇپ كۆرگەن بولسىمۇ مەغلۇبىيەتتىن قۇتۇلالمىدى. بۇ ئىشلار 1937 - يىلى كۈز ئايلىرىدا بولغانىدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قوزغىلاڭچىلارنى قانلىق باستۇرۇپ تاشلىغان شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى شۇ يىلى 10 - ئايدا تېخىمۇ غالجىرلىشىپ شىنجاڭ بويىچە چوڭ قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپ، خوجىنىياز ھاجى باشلىق مىڭلىغان كىشىلەرنى قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ۋۇكاڭ مۇئاھىدىسى بۇزۇلۇپلا قالماستىن، پۈتكۈل قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ يالقۇنلىرى ئاخىرقى ھېسابتا ئۆچۈرۈپ تاشلاندى.

# ئاقسۇ، يەكەندە بولۇپ ئۆتكەن بەزى ۋەقەلەردىن ئەسلىمە

**سۆزلەپ بەرگۈچى: ھۇسەن ھادىل.**
**رەتلىگۈچى: قادىر مەمەت.**

مەن 1939 - يىلى 3 - ئايدا، ئاقسۇنىڭ ئايكۆل يېزىسىدىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 4 - سىنىپىدا ئوقۇۋاتقان بولۇپ، ئەمدىلا 15 ياشقا كىرگەنىدىم، شۇ ۋاقىتتا، گومىنداڭنىڭ ئاقسۇدا تۇرۇشلۇق 21 - تۇەنى بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەربىي مەشىق، مانېۋىر ئورنى ساجىڭزا ئىدى. ئايكۆل يېزىسى ساجىڭزا بىلەن ئاقسۇ ئوتتۇرىسىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ قونالغۇسى بولۇپ، گومىنداڭ قوشۇنى ساجىڭزىغا بېرىپ قايتىشتا ئايكۆلدە بىر كېچە قونماي ماڭالمايتتى.

مەلۇم بىر كۈنى، ئايكۆلگە گومىنداڭنىڭ تۆت پەي ئەسكىرى چۈشۈپ، ئاتلىرىنى دەڭگە باغلاپ قويۇپ سىرتقا چىققانىكەن، ساۋاقدىشىم ئەمەت نەمەت (شۇ ۋاقىتلاردا ئۇ 17 ياشلاردا ئىدى) بىلەن ئىككىمىز بازار كۆرگىلى كەلگەنىدۇق، بازاردا ئىككى نەپەر خەنزۇ ئەسكەر بىزنى تۇتۇۋېلىپ، دەڭگە ئېلىپ كىرىپ ۋاڭ فامىلىلىك تۇەنجاڭنىڭ قېشىغا ئاپاردى، تۇەنجاڭ ئىككى نەپەر ئەسكەرگە بىرنېمىلەرنى دېگەندىن كېيىن، بىزنى باغلىدى، ئىككىمىز شۇ كۈنى ئاقسۇغا ئېلىپ كېلىندۇق. ئاقسۇدا سېرىق چىراي بىر دوختۇر بىزنىڭ سالامەتلىكىمىزنى تەكشۈردى، ساۋاقدىشىم ئەمەت نەمەتنىڭ سالامەتلىكى ناچار چىققانلىقىدىن ئۇنى قايتۇرۇۋەتتى، مېنى ئەسكەرلىككە ئېلىپ قالدى، مەن شۇندىن باشلاپ گومىنداڭغا مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتۇلدۇم.



شۇ ۋاقىتتا، ئاقسۇدا گومىنداڭنىڭ دائىمىي تۇرۇشلۇق 21 - ئاتلىق تۇەنى بولۇپ، بىر مىللىي لىيەن، ئۈچ خەنزۇ لىيەندىن تەركىب تاپقانىدى، 21 - تۇەننىڭ ئورنى ھازىرقى دېھقانچىلىق 1 - دىۋىزىيىسىگە قاراشلىق ئىككى قەۋەتلىك ماگىزىننىڭ ئارقىسىغا توغرا كېلىدۇ.

مەن دەسلەپ ۋاڭ تۇەنجاڭنىڭ مۇھاپىزەتچىسى بولدۇم، ۋەزىپەم: ئۆي سۈپۈرۈش، چاي توشۇش، ھەربىي مەشىققە قاتنىشىش، ئۆزلۈكۈمدىن خەنزۇچە ئۆگىنىش بىلەن بولدى. ۋاڭ تۇەنجاڭنىڭ خوتۇنى، بىر قىزى، ئىككى ئوغلى بار ئىدى.

1940 - يىلى 2 - ئايدا، ۋاڭ تۇەنجاڭنى شىڭ شىسەي ئۈرۈمچىگە چاقىرتىپ كەتتى، كېيىن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ، دەپ ئاڭلىدۇق. ۋاڭ تۇەنجاڭنىڭ ئورنىغا ئۈچىنچى لىيەننىڭ لىيەنجاڭى جاۋ خەنچىڭ تۇەنجاڭ بولدى، 1941 - يىلى 3 - ئايغا كەلگەندە، ئۇ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ئاقسۇ ئاۋاتتىن 150 نەپەر ئۇيغۇرنى ئەسكەرلىككە تۇتۇپ كېلىپ، خەنزۇ ئەسكەرلەرگە ئارىلاشتۇرۇپ مەشىققە سالدى؛ بۇنىڭ بىلەن ئەسكەرلەرنىڭ سانى كۆپىيىپ، بىر لىيەندىكى ئادەم سانى 150 نەپەرگە يەتتى. مەن بۇ ۋاقىتتا خەۋەرچى پەيدە ئىدىم، بىزنىڭ خەۋەرچى پەينىڭ سانىمۇ كۆپەيگەچكە خەۋەرچى لىيەن بولدۇق، مەن بۇ لىيەندە لىيەنجاڭنىڭ كاتىپى بولدۇم، بىزنىڭ لىيەننىڭ لىيەنجاڭى لى ئىسىملىك خەنزۇ بولۇپ، 40 ياش ئەتراپىدىكى ئېگىز بويلۇق ئادەم ئىدى.

بىزنىڭ ئاقسۇدا تۇرۇشلۇق 21 - تۇەنگە، 1941 - يىلى 8 - ئايغا كەلگەندە شىنجاڭ بويىچە ئاتاقلىق بولغان 5 - تۇەن دەپ نام بېرىلىپ، ئۈرۈمچىگە بىۋاسىتە قاراشلىق مۇستەقىل تۇەنگە ئۆزگەرتىلدى، بۇ تۇەننىڭ مەشىق مەيدانى ھازىرقى ئاقسۇ شەھىرىنىڭ خەلق باغچىسى ئورنىدا بولۇپ، ھەربىي مەشىقىمىز قىلىچۋازلىق، نەيزىۋازلىق قىلىش، ئاتنى ئېگىزدىن سەكرىتىشتىن

ئىبارەت ئىدى.

1945 - يىلى 1 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى، جاۋخەنچىڭ بارلىق ئەسكەرلىرىنى يىغىپ ئۇرۇمچىدىن كەلگەن بۇيرۇقنى يەتكۈزدى، بىز بىر لىيەن — تۆت پەيدىن تەشكىل تاپقانىدۇق، بىزگە ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ بوزدۆڭ يېزىسىغا قاراشلىق سېپىلنى ۋە مۇزداۋاننى قاتتىق قامال قىلىپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ ئىلى تەرەپتىن كېلىدىغان يولىنى توسۇشقا بۇيرۇق قىلدى، بىز بىرنەچچە كۈندىن كېيىن قەھرىتان سوغۇققا قارىماي، مىللىي قىسىمنىڭ ئاقسۇغا ماڭىدىغان يولىنى توسۇشقا ئاتلاندۇق، كىيىملىرىمىز يېلىڭ، تاماقلىرىمىز ياخشى ئەمەس ئىدى.

بىز بوزدۆڭ دائىرىسىگە كەلگىنىمىزدە، تۈز ئاۋاتتا بىر بەن، توغاندا بىر بەن، يېڭى مەھەللىدە بىر بەن، توغ بەلچىدە بىر پەي، تامغا تاشتا ئالتە نەپەر ئەسكەرنى قالدۇردۇق. قالغانلىرىمىز مۇزداۋاننىڭ ئۈستىگە چىقىپ تاشتىن تام قوپۇرۇپ، يول توسىدۇق، تاشتىن گەمە ھەم پوتەي ياسىدۇق. «ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك - پوك» دېگەندەك ئۇخلاۋاتقاندا تاش، مۇزلار تاراق - تۇرۇق، چاراس - چۇرۇس قىلسىلا ھەممىمىز ئويغىنىپ كېتەتتۇق. شۇنداق قىلىپ بىز 1945 - يىلى 7 - ئايغىچە بۇ جايلارنى ساقلاپ ياتتۇق، بۇ ئارىلىقتا تۆت قېتىم موڭغۇلكۈرەگە بېرىپ مىللىي ئارمىيە بىلەن ئۇرۇش قىلدۇق، قوراللىرىمىز خىل ئەمەس، ئەمما ئوق -. دورىمىز يېتەرلىك ئىدى. مەن مىللىي ئارمىيىنىڭ قارشىلىقىنى كۆرمىدىم، بۇ ۋاقىتتا مىللىي ئارمىيىنىڭ موڭغۇلكۈرەنىڭ جەنۇبىدىكى ئىسپالىق دېگەن جاي ئارقىلىق قوغانغا ھۇجۇم قىلماقچى بولغانلىقىنى بىزنىڭ موڭغۇلكۈرەدىكى ئادەملىرىمىز خەۋەر قىلىپ كەلدى.

1945 - يىلى 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى ئابباسوۋ بىلەن سوپاخۇن تۇەنجاڭ باشچىلى



قىدا تېكەسنىڭ كۆكسۇ بېشىدىكى چوڭ قۇشتاي ئارقىلىق باي ناھىيىسىنىڭ قېيىر يېزىسىدىكى چوڭ ئالتۇن قۇش تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ بايغا كەلگەنلىكىنى؛ بىز تەرەپنىڭ بىر لىيەن ئەسكىرىگە ئۈچ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ باي ناھىيىسىنى ئىگىلەپ، قارا باغ ئارقىلىق ئىلى - ئاقسۇنىڭ قاتناش تۈگۈنى بولغان قوغان ئېغىزىغا يۈرۈش قىلغانلىقىنى ئاڭلىدۇق، شۇنىڭ بىلەن بىز 150 مىڭ جىڭدەك ئۇن ۋە بىرمۇنچە ئوت - سامانغا ئوت قويۇۋېتىپ، قوغانغا قايتىپ كېلىپ، قوغان سېپىلىگە ئورۇنلاشتۇق.

1945 - يىل 8 - ئاينىڭ 21 - كۈنى مىللىي ئارمىيە قوغاندىكى سېپىلگە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ، بىزنى ئوققا تۇتتى، بىزمۇ ئۇرۇش تەييارلىقىنى پۇختا قىلىۋالغاچقا، ئوت كۈچىمىز بىلەن مىللىي ئارمىيىنى ئىلگىرىلەتمىدۇق، ئۇرۇش ئالتە سائەتتىن سەككىز سائەتكىچە داۋام قىلدى. قوغاندىكى ئۇرۇشتا ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، قاسىمجان قەمبىرى، سوپاخۇن بارلىقىنى ئاڭلىدۇق، مىللىي ئارمىيىنىڭ قوراللىرى خىل بولۇپ، ئاپتومات، ئالتە مىللىمېترلىق ۋە سەككىز مىللىمېترلىق مىناميوت، گېرمانىيىدە ئىشلەنگەن جىگەس نامىلىق مىلتىق بار ئىكەن، بىز سېپىل ئىچىدە، مىللىي ئارمىيە تاغ ئۈستىدە تۇرۇپ ئوت ئاچتى؛ 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى قوغان سېپىلىدىكى چوڭ جەڭ يەنە باشلاندى، بىزنىڭ مۇئاۋىن لىيەنجاڭىمىز لى شىجۇن مۇزات دەرياسىغا ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلۈۋالدى، شۇنىڭدەك يەنە نۇرغۇن ئەسكەرلەر، ئاتلار قىرىلدى، ئۇرۇشنىڭ ئەتىسى كەچ سائەت توققۇزدا بىزگە لىيەن تەرەپتىن قېچىش بۇيرۇقى بەردى، بىز ئۆلە - تىرىلىشىمىزگە باقماي غەربىي تەرەپتىكى ئېقىن ئارقىلىق پىيادە بىر كېچە مېڭىپ ئاقبۇلاققا يېتىپ باردۇق، شۇ كۈنى بىز ئاقبۇلاقتا، جاۋخەنچىڭنىڭ رازۋېتچىكى بەختى (قىرغىز) نىڭ ئۆيىگە چۈشتۇق. جاۋخەنچىڭ بۇ جايدا قىرغىزلاردىن بىر پەي ئەسكەر تەشكىللەپ، مىللىي قىسىمغا قارشى پارتىزانلىق ئۇرۇش قىلىش

ئۈچۈن ئالدىدىن قورال تارقىتىپ بەرگەن ئىكەن، بەختى بىزگە قانچىلىك ئادەم تەشكىللەپ، نېمە ئىش قىلىشۋاتقانلىقىنى ئېنىق دېمىدى. بىز بەختىنىڭ ئۆيىدە كەچلىك تاماق يەپ ئولتۇرۇپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ قوغلاپ كېلىشۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدۇق، بەختى ھەر بىرىمىزگە بىردىن ئات تېپىپ بەردى، بىز كېچىچە ئاتلىق ئاقسۇ تەرەپكە قاراپ قاچتۇق، ئىشلەمچى يېزىسىنىڭ قويچى كەنتىدىكى بىر پومېشچىكنىڭ ئۆيىدە غىزالىنىپ، كۆل بويىدىكى بىر تۈپ يوغان تېرەك تۈۋىدە ئارام ئالدۇق، ئىككى سائەتتىن كېيىن، «مىللىي ئارمىيە جامغا يېتىپ كەپتۇ» — دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىدۇق، بىز ئەتىگەن سائەت ئالتىدە ئاتلىق قېچىپ، كەچ سائەت سەككىزدە ئاقسۇغا يېتىپ كېلىپ سېپىل ئىچىگە كىرىۋالدۇق. بىر سائەتتىن كېيىنلا مىللىي ئارمىيىنىڭ جەڭچىلىرى ئاقسۇغا يېقىنلاپ كەلگەنلىكىنى بىلدۇق، شۇنىڭ بىلەن ئاقسۇ سېپىلىنىڭ دەرۋازىسى ئېتىلىپ، گومىنداڭنىڭ ئۈچتۇرپاندا تۇرۇشلۇق بىر يېڭ (300 گە يېقىن) ئەسكىرى يۆتكەپ كېلىندى.

بىز ئاقسۇ سېپىلىنىڭ ئىچىدە جىددىي ھەربىي ھالەتتە تۇردۇق، تاغارغا قۇم قاچىلاپ، سېپىل دەرۋازىسىنى مەھكەم ئەتتۇق، جاۋخەنچىڭ سېپىل ئەتراپىدىكى بارلىق ئۆيلەرگە ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىشنى بۇيرۇق قىلدى، بىر لىيەن ئەسكەر پۇقرالارنىڭ داد - پەريادىغا قارىماي ئۆيلەرگە ئوت يېقىپ كۆيدۈرۈۋەتتى؛ ئەتراپىغا خەندەك كولاپ، سۇ قويۇپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ سېپىلنى ئىشغال قىلىۋېلىشىنى قاتتىق توستۇق، سېپىل ئۈستىدە توك چىراغ ياكى كىرسىن چىراغلار بولمىغاچقا، پاختىنى سۇ يېغىغا چىلاپ، يوغان ياغاچقا ئاغلاپ شام قىلىپ سېپىل ئۈستىگە ياقتۇق.

1945 - يىل 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، مىللىي ئارمىيە ئاقسۇ كونىشەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ شەھەرنى ئىگىلىۋالغانلىق



خەۋىرى گومىنداڭنىڭ ئاقسۇ تۈەنبۇسىغا ئاڭلانغاندىن كېيىن، پاتپاراق بولۇپ قاتتىق ساراسىمىگە چۈشكەن جاۋخەنچىڭنىڭ غالجىرلىقى تېخىمۇ كۈچەيدى. 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى مىللىي ئارمىيە كەچ سائەت تۆتتە ئاقسۇ سېپىلىگە شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلدى، بىز تەرەپتىن نۇرغۇنلىغان ئەسكەرلەر سېپىل ئۈستىدىن يەرگە تىك موللاق چۈشتى، ئۈچىنچى پەينىڭ پەيجاڭى خاپەيجاڭ① (خالىق) كۈچا دەرۋازىسى ئارقىلىق بىر پەي ئەسكەرنى باشلاپ يار ئۈستى بىلەن كونىشەھەرگە ھۇجۇم قىلدى، ئايروپىلان ئىستانسىسى (ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسىدىكى ھازىرقى نېفىت شىركىتىنىڭ ئورنى) دا مىللىي ئارمىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، ئۇلاردىن ئۈچ تال ئاپتوماتنى غەنىيمەت ئېلىپ قايتىپ كەلدى. بۇ چاغدا جاۋخەنچىڭ خاپەيجاڭنى ماختاپ، ئۇنىڭغا «قەھرىمان» دېگەن نامنى بېرىپ، ئالتۇن ئوردېن تاقاپ قويدى؛ بىزگە تەھدىت سېلىپ: «سىلەر خاپەيجاڭغا ئوخشاش ئىلى ئوغرىلىرىنى يوقىتىپ، ئۇلارنىڭ قوراللىرىنى تارتىۋالساڭلار، يۇقىرى مەنسەپكە ۋە تەقدىرلەشكە ئېرىشىسىلەر»، دېدى. خاپەيجاڭ ئېلىپ كەلگەن ئاپتوماتقا چۈشىدىغان ئوق بىزدە بولمىغانلىقتىن ئۈرۈمچىگە خەت يازغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدىن 5000 تال ئاپتومات ئوقى، ھال سوراش خېتى، يېمەك - ئىچمەك قاتارلىقلار قاچىلانغان ئىككى ئايروپىلان كەلدى. ئاپتومات ئوقى بىلەن بىر قىسىم ھەربىي ئەسلىھەلەر ئاقسۇنىڭ سېپىل ئىچىگە نىشانلاپ تاشلانغانلىقتىن، ئايروپىلاندىكى نەرسىلەر ئاقسۇدىكى گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ قولىغا تەگدى. يەنە بىر ئايروپىلاندىن تاشلانغان نەرسىلەر ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسىگە تاشلانغاچقا، مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى، مىللىي ئارمىيىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن نەرسىلەرنى

① خاپەيجاڭ — قۇمۇللۇق ئۇيغۇر بولۇپ، ئىسمى خالىق ئىدى، خوجىنىياز ھاجىدىن گومىنداڭغا ئەسىرگە چۈشكەن. گومىنداڭ ئۈچۈن سادىق بولۇپ خىزمەت قىلغانلىقتىن پەيجاڭ بولغان.

قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن جاۋخەنچىڭ قەھرى-غەزەپكە كېلىپ، 2-لىيەنىنىڭ لىيەنجاڭى يەن باشچىلىقىدىكى بىر لىيەن ئەسكەرنى سېپىلدىن چۈشۈرۈپ، ياتالماس قورال ئارقىلىق كونىشەھەردىكى مىللىي ئارمىيىگە قارشى ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى، ئۇلار كونىشەھەرنىڭ خوچۇكچو ئەتراپىدا مىللىي ئارمىيىنىڭ قاتتىق ئوت كۈچىگە ئۇچراپ، يەن لىيەنجاڭ باشلىق يىگىرمىگە يېقىن ئەسكەر ئۆلدى، قالغانلىرى قېچىپ كېلىپ سېپىلگە كىرىۋالدى.

1945-يىل 8-ئاينىڭ 24-كۈنى مىللىي ئارمىيە قورغانغا ھۇجۇم قىلغاندا، بىز تەرەپتىن تۆت نەپەر ئەسكەر مىللىي ئارمىيە تەرەپتىن ئەسىرگە ئېلىنغانىدى، 9-ئاينىڭ 25-كۈنىدىكى ئاقسۇ سېپىلى ئۇرۇشىدا ئۇلار يەنە بىز تەرەپكە قايتىپ كەلدى، بۇلارنىڭ ئىچىدىن سابىرى (قەشقەرلىك) مىللىي ئارمىيە بىلەن گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ قورال تەڭپۇڭلۇقىنى سۆزلەپ كېلىپ: «مىللىي ئارمىيىنىڭ قوراللىرى بەك خىل ئىكەن، ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق، كۆپىنچىسى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن قورال ئىكەن، چاپاننىڭ ئىچىگە ئېسىۋالىدىغان ئاپتوماتلارمۇ بارىكەن، ئۇنىڭدىن بىر قېتىمدىلا 40 پاي ئوق چىقىدىكەن؛ ئۇلاردا يەنە ئالتە مىلىمېتىرلىق، سەككىز مىلىمېتىرلىق مىناميوت بارىكەن» -دېگەندە، جاۋ خەنچىڭ قاتتىق غەزەپكە كېلىپ، بۇ تۆت نەپەر ئەسكەرنى دەرھال قاماشقا بۇيرۇدى. 9-ئاينىڭ 27-كۈنى جاۋ خەنچىڭ 5-تۇەننىڭ ماخوسى (ھازىرقى يېزا ئىگىلىك 1-دىۋىزىيىسىنىڭ ئورنى) ئارقا دەرۋازىسىغا پۈتۈن ئەسكەرنى يىغىپ، قامالغانلارنى دارغا ئاستى، ئاندىن بىزگە تەھدىت سېلىپ: «بۇ تۆت نەپەر ئەبلەخ بىز تەرەپتىن ئىلى ئوغرىلىرىغا تەسلىم بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىشپىيونى بولۇپ بىز تەرەپكە قايتىپ كەلگەن، ھەربىي تۈزۈمىمىزگە خىلاپلىق قىلىپ، ئىلى ئوغرىلىرىنىڭ قوراللىرىنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرگەن؛ بۈگۈن بىز نەق



مەيداندا بۇ ئەبلەخلەرنىڭ جېنىنى ئالىمىز، بۇندىن كېيىن قايسى ئەسكەر يالغاندىن سۆز-چۆچەك تارقىتىپ ئىلى ئوغرىلىرىنى ماختايدىكەن، بۈگۈنكىدەك جازاغا تارتىلىدۇ؛ ھازىر چىڭ مەنسا بۇيرۇقنى ئىجرا قىلسۇن» -دەپ سۆزىنى توختىتىپ، يانچۇقىدىن تاماكىسىنى ئېلىپ چېكىشكە باشلىدى. چىڭ مەنسا (خەنزۇ) بۇيرۇق قىلىپ ئىككى نەپەر ئەسكەرنىڭ تېرىسىنى تىرىكلا تەتۈرگە سويدى، نالە قىلىپ ئاۋاز چىقارغانىدى، جىنسىي ئەزاسىنى كېسىپ ئاغزىغا چىشلىتىپ قويدى، يەنە ئىككى نەپەر ئەسكەرنى جادىغا بېسىپ ئۆلتۈردى. بارلىق ئەسكەرلەر گومىنداڭ باندىتلىرىنىڭ ۋەھشىيلەرچە ئادەم ئۆلتۈرۈش ئۇسۇلىنى كۆرگەندىن كېيىن قاتتىق غەزەپلەندۇق، لېكىن پايلاقچىلارنىڭ دەستىدىن ھېچقانداق گەپ-سۆز قىلالمىدۇق.

چىڭ مەنسا 30 ياش ئەتراپىدا بولۇپ، جاۋ خەنچىڭنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئوفىتسېرى ئىدى، ئۇنىڭ ۋەھشىيلىكى كۆزىدىن چىقىپ تۇرغان بولۇپ، خۇددى تاپ يېگەن بۆرىگە ئوخشايتتى، ئەسكەرلەر جاۋ خەنچىڭ بىلەن چىڭ مەنسا بۇ ئىككى ئەبلەخنىڭ ئالدىدىن توغرا ئۆتەلمەيتتى. ئاڭلىشىمىزچە، شۇ چاغدا چىڭ مەنسا ھېلىقى تۆت نەپەر ئەسكەرنىڭ يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، ھاراققا زاكوسكا قىلىپ يېگەنىكەن.

1945-يىل 9-ئاينىڭ 12-كۈنى، مىللىي ئارمىيە كەچ سائەت تۆتتە ئاقسۇ سېپىلىگە شىددەتلىك ھۇجۇم باشلىدى، جاۋ خەنچىڭ ئىنتايىن غالجىرلاشتى، 18-كۈنىگە كەلگەندە، ئىچكى قىسىمدا باستۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، ل. مۇتەللىپ باشچىلىقىدىكى «ياش ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى» نىڭ 28 نەپەردەك مۇھىم كىشىلىرىنى يوقاتتى. ئەتىسىگە، مىللىي ئارمىيە سېپىلنىڭ 17 يېرىگە شوتا قويۇپ، غەربىي دەرۋازا تەرەپتىن سېپىلنىڭ ئۈستىگە چىقتى ۋە سېپىل ئۈستىدىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى ئوققا تۇتتى. شۇ جايدىلا بىز تەرەپتىن ئالتە نەپەر ئەسكەر

ئۆلدى. كېيىن ئۇلارنىڭ ئاپتوماتىدىكى ئوقى تۈگەپ كېتىپ، ئوق يەڭگۈشلەپ بولغىچە خاپەيجاڭنىڭ قول ئاستىدىكى توختى ئېلى (توختى پەيجاڭ دەپ ئاتايتتۇق) ئەسكەرلىرىگە ئۇلارنى تۇتۇشقا بۇيرۇق قىلدى. قوچاقلاشما جەڭ بولۇپ، ئۈچ نەپەر مىللىي ئارمىيە جەڭچىسىنى 15 كە يېقىن گومىنداڭ ئەسكىرى تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. مىللىي ئارمىيىنىڭ بۇ ئۈچ نەپەر جەڭچىسىنىڭ بېشىنى كېسىپ، بىرسىنى شەرقىي دەرۋازىغا (كۇچا دەرۋازىسىغا)، يەنە بىرسىنى غەربىي دەرۋازىغا (قەشقەر دەرۋازىسىغا)، يەنە ئىككىسىنى شىمالىي دەرۋازىغا (ئاقسۇ كونىشەھەر دەرۋازىسىغا) مىقلاپ قويدى. 20 - كۈنى ئاقسۇ كونىشەھەر سېپىل دەرۋازىسى يېنىدا سالى ئاشپەز دېگەن كىشىنى — «سەن ئىلى ئوغرىلىرىغا ياردەم قىلدىڭ» دەپ تۇتۇپ، نەق مەيداندا جادۇدا توغراپ ئۆلتۈرۈۋەتتى.

مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ قاتتىق ئوت كۈچى بىلەن سېپىلنى ئىشغال قىلالمىدى، بۇ ۋاقىتتا مىللىي ئارمىيىنىڭ شتاب ئورنى ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسىدە (ھازىرقى تاشقى سودا ئىدارىسىنىڭ ئورنىدا) ئىدى. ئابدۇكېرىم ئاباسوۋ، قاسىمجان قەمبىرى ۋە سوپاخۇنلار 1945 - يىلى 10 - ئاينىڭ 11 - كۈنىگە كەلگەندە، ئىلىدىكى مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابىنىڭ «ئاقسۇدىكى ئۇرۇشنى توختىتىپ، دەرھال ئىلىغا قايتىپ كېلىڭلار» دېگەن خەۋىرىگە ئاساسەن قايتىپ كەتمەكچى بولىدۇ. مىللىي ئارمىيىنىڭ قايتىپ كېتىدىغانلىق خەۋىرى بىزنىڭ كونىشەھەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان ئىشپىيونلىرىمىز تەرىپىدىن دوكلات قىلىندى. بۇ خەۋەرنى سابىر (قەشقەرلىك) ۋە ھەمرا (كونىشەھەردىن) بىر نەپەر مىللىي ئارمىيە جەڭچىسى بىلەن مۇناسىۋەت باغلاش ئارقىلىق ئىگىلەپ ئالغانىكەن. جاۋ خەنچىڭ بۇ ئىشنى تازا پۇرسەت دەپ بىلىپ، قايتىپ ماڭغان مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ يوقىتىش بۇيرۇقىنى بەردى. مىللىي ئارمىيە قوزغىلىپ كونىشەھەردىن ئۆتۈشكىلا بىزنىڭ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمىمىزغا ئۇچرىدى، شۇنداقتىمۇ مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى بىزنىڭ ھۇجۇمىمىزنى چېكىندۈرۈپ، ئۆز يولىغا مېڭىۋەردى، بىز مىللىي ئارمىيىنى قوغلىغىنىچە قوغلاپ قايتىپ كەلدۇق، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاقسۇ كونىشەھەرنى قايتىدىن كونترول قىلىپ، مۇداپىئە ئىستىھكامىنى چىڭىتتۇق.



1946 - يىلى تاشقورغان، ئۇلۇغچاتتىكى مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى قاغىلىقنى ئىشغال قىلىپ، يەكەن كونا شەھەرنى قولغا چۈشۈرۈپ، يېڭى شەھەرگە ھۇجۇم باشلىدى. شۇ يىلى 3 - ئايغا كەلگەندە، ئۈرۈمچى باش شتابىدىن ئاقسۇدا تۇرۇشلۇق بىزنىڭ 5 - تۈەننى دەرھال يەكەنگە بېرىپ، شۇ جايدىكى گومىنداڭ قىسىملىرى بىلەن ماسلىشىپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈشكە بۇيرۇق قىلدى. ئاڭلىساق، ئىسھاقبەگ قوماندانلىقىدىكى مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، يەكەندىكى گومىنداڭ قىسمى تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن، شىنجاڭ بويىچە داڭقى چىققان ئاقسۇدىكى بىز تۇرۇشلۇق 5 - تۈەننى يەكەنگە بېرىشقا بۇيرۇق قىلغانىكەن. بىز بۇيرۇققا ئاساسەن، 1946 - يىلى 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى يەكەنگە يۈرۈش قىلىپ، سەككىز كۈندە يېتىپ باردۇق، بىز يەكەنگە بارغاندىن كېيىن بىر كۈنمۇ ئارام ئالماي ئۇرۇشقا قاتناشتۇق، بۇيرۇقنىڭ قاتتىقلىقى، جازالاشنىڭ ئەشەددىيلىكى تۈپەيلىدىن بىز يەكەندىكى گومىنداڭ قوشۇنىغا ماسلىشىپ، روتا كوماندىرى بايوك (تاجىك) باشچىلىقىدىكى قىرغىز، تاجىك پولكىدىن 400 دىن ئارتۇق جەڭچىلەرنىڭ يەكەن شەھىرىنى مۇھاسىرىگە ئالغان ھۇجۇمىنى چېكىندۈردۇق. بۇلاردىن 30 نەچچە كىشى بىز تەرەپتىن يوقىتىلدى.

بىز يەكەنگە بېرىپ مىللىي ئارمىيىنىڭ 1 - قېتىملىق ھۇ-

جۇمنى چېكىندۇرگەندىن كېيىن، بىزنى يەكەندىكى 4 - لىۋى
قارمىقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، 7 - تۇەن دەپ نام بەردى. بىز-
نىڭ 7 - تۇەن ئالتە لىيەن بىلەن تەشكىللەنگەن بولۇپ، ئەس-
كەر سانىمىز ئىككى مىڭغا يېقىن ئىدى، يەنىلا ئاتلىق قىسىم
دېگەن نام ساقلاپ قېلىندى. بىز يەكەننىڭ كونا شەھىرىدىكى
بۇرۇنقى ئەسكەرلەر تۇرغان گازارمىغا ئورۇنلاشتۇق، شتاب ئور-
نىمىز يېڭىشەھەردە ئىدى، كونىشەھەر بىلەن يېڭىشەھەرنىڭ
ئارىلىقى بىر يېرىم كىلومېتىر بولۇپ، گەيشاڭ دېگەن بازارغا
تۇتىشىپ تۇرىدۇ.

1946 - يىل 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنىگە كەلگەندە،
مىللىي ئارمىيە 2 - قېتىم بىزگە كۈچ توپلاپ ھۇجۇم قىلدى،
مىللىي ئارمىيە پەستە، بىز سېپىل ئۈستىدە تۇرۇپ ئۇرۇش قىل-
دۇق، بىز يېڭى شەھەردىكى گومىنداڭ قوشۇنى بىلەن ماسلى-
شىپ مىللىي ئارمىيىگە قايتۇرما ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى قاغىلىق-
قا چېكىندۈردۇق، بىزگە مىللىي ئارمىيىنى داۋاملىق قوغلاشنى
ئۇقتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىز 3500 نەپەر ئادەم قاغىلىققا ھۇ-
جۇم قىلىپ، مىللىي ئارمىيىنى كاچۇڭنىڭ قوشراپ دېگەن يېرى-
دىن ئۆتكۈزۈپ، تاشقورغان چېگرىسى ئىچىگە كىرگۈزىۋەتتۇق.
ئاڭلىغان خەۋەردە، يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن مىللىي ئارمىيىنىڭ
تاشقورغان ئارقىلىق ئىلى تەرەپكە قايتىپ كەتكەنلىكىنى بىل-
دۇق. مىللىي ئارمىيە بىلەن بولغان ئىككىنچى قېتىملىق جەڭدە
بىز تەرەپتىن 30 كىشى ئۆلدى، مىللىي ئارمىيىدىنمۇ كۆپ چى-
قىملار بولدى.

بىز قوشراپ دېگەن يەردە چازا قۇردۇق، بۇ جاي قارا-
قۇرۇم تاغلىرى بىلەن ھىندىستان چېگرىسىغا تۇتاش بولۇپ، ئۇ-
رۇش ئىشلىرىدىكى مۇھىم ستراتېگىيىلىك جاينىڭ بىرى ئىدى.
بىر لىيەن ئەسكەرنى قوشراپتىكى چازىنى بېقىشقا قويۇپ، قال-
غانلار يەكەن كونىشەھەرگە كەتتۇق، جاۋ خەنچىڭ يەكەنگە



بارغاندىن كېيىن 2 - مۇئاۋىن لۈيجاڭ، شىجاڭ، 7 - ئاتلىق
تۇەننىڭ تۇەنجاڭى قاتارلىق مەنسەپلەرگە ئېرىشتى.

1947 - يىلى 8 - ئايدا، يەكەندە يول ياساش ئالۋى-
نىغا ئۇرغۇنلىغان پۇقرالار تۇتۇلغانلىقتىن، ئوقۇغۇچىلار، شەھەر
ئاھالىلىرى، سودىگەرلەر، ئىشچىلاردىن بولۇپ ئۈچ مىڭدىن ئار-
تۇق كىشى نامايىش قىلدى، بۇ نامايىشقا گومىنداڭ ئەسكەرلى-
رى ئىچىدىنمۇ 20 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشقانىدۇق، شۇ
مۇناسىۋەت بىلەن مەن، ئەكرەم (ئاۋاتلىق) ئىككىمىز قېچىپ
ئون كۈندە ئۆيىمىزگە كەلدۇق. شۇنداق قىلىپ مەن 1948 -
يىلى 12 - ئايغىچە ئۆيدە تۇردۇم. 1 - ئايدا لى لىيەنجاڭ
ئاقسۇغا كېلىپ ئىزدەپ يۈرۈپ ئاقسۇ، ئاۋاتتىن بولۇپ ئون نە-
پەردەك قاچقان ئەسكەرنى تۇتۇپ، ھارۋىغا بېسىپ يەكەنگە ئا-
پاردى. شۇ قاتاردا مەنمۇ ئېلىپ كېلىندىم، ئۇلار بىزنى ئۈچ
كۈن سولاپ قويۇپ يەنە قويۇپ بەردى، مەن يەنە 3 - لىيەن-
نىڭ لىيەنجاڭى لى لىيەنجاڭغا كانۋاي بولدۇم. 1948 - يى-
لى 2 - ئايغا كەلگەندە مېنى، شاۋازنى (ھازىر ئاقسۇدا بار)
ۋە جۇ پەيجاڭ قاتارلىق ئۈچ نەپەر كىشىنى تۇيۇقسىزلا شتابقا
چاقىردى، ئىشخانىغا كىرسەك سەنمۇجاڭ بىزگە: «سىلەرنى تۆت
كۈندىن كېيىن جۇڭچىڭدىكى ھەربىي مەكتەپكە ئەۋەتىمىز، تەي-
يارلىق قىلىپ قويۇڭلار» - دەپ چىقىرىۋەتتى. مەن بۇ شۇم خە-
ۋەرنى ئاڭلاپ ئىنتايىن بىئارام بولدۇم، تەلىيىمگە يارىشا كې-
يىنچە بۇ گەپمۇ يوقاپ كەتتى. بۇ چاغدا يەكەندىكى گومىنداڭ
ئەسكەرلىرىنىڭ چىرىكلىكى، ۋەھشىيلىكى ئەشەددىيلىشىپ كەتتى،
ئۇرغۇنلىغان بىگۇناھ خەلقلەرنى قانلىق قىلىچى بىلەن چېپىپ،
مىلتىق بىلەن ئېتىپ تاشلىدى؛ ئوت قويۇش، قىمار ئويناش،
باسقۇنچىلىق قىلىش، نەشە چېكىش قاتارلىق ئىشلار ئەۋج ئې-
لىپ كەتتى.

1948 - يىلى 3 - ئاينىڭ بېشىدا، جاۋ خەنچىڭنىڭ

بۇيرۇقى بىلەن پۈتۈن ئەسكەرلەر گازارمىغا يىغىلدى، جاۋ خەنچىڭ ئىككى ۋاراق قەغەزنى قولىغا ئېلىپ، يۈزدىن ئارتۇق قاچقان ئەسكەرنىڭ ئىسمىلىكىنى ئېلان قىلىپ ئوتتۇرىغا چىقاردى، ئاندىن پىلىموتنى تەڭلەپ: «پۈتۈن قاچقۇنلارنى مۇشۇ جايىدا بىر تەرەپ قىلىمىز، بۇلار بىزنىڭ قوشۇنىمىز ئىچىدىكى ئاپەت، ئىلى ئوغرىلىرىنىڭ يان تاياقچىلىرى» دەپ — ئوققا تۇتماقچى بولغاندا، خۇڭ يادۇڭ، 3 - لىيەننىڭ لىيەنجاڭى لى جاڭشىڭ جاۋ خەنچىڭنىڭ قولىغا ئېسىلىۋېلىپ بىزنى تىللىدى. بۇ ئىككى نەپەر لىيەنجاڭنىڭ قايتا - قايتا يالۋۇرۇشى بىلەن ئۇ كۈنى بىز ئامان قالدۇق.

1948 - يىلى 4 - ئايدا، ئۇ پوكسەي (شىبە) بىلەن ئىككىمىز 3 - قېتىم يەنە قاچتۇق، ئون كۈندە ئۇ پوكسەي بىلەن ئۆيگە كەلدىم. ئۇ ئۈچ كۈن تۇرۇپ ئىلىغا كەتتى، مەن 5 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئۆيدە تۇردۇم. بۇ ۋاقىتتا 3 - لىيەن 3 - پەيىنىڭ پەيجاڭى نىياز (كۇچالىق) كۇچاغا ئائىلىسىنى كۆرگىلى بېرىپ قايتىپ ماڭغاندا - «ھوسەن ھادىل، قادىر مەھەممەت، سادىق قاتارلىق بەش نەپەر ئەسكەر قېچىپ كەتتى، تۇتۇپ كېلىڭلار» دېگەن مەزمۇندىكى يەكەندىن كەلگەن تېلېگراممىنى تاپشۇرۇپ ئالغانىكەن، شۇڭا، نىياز پەيجاڭ ئايكۆلگە بېرىپ پەيچۇسونىڭ سوجىڭى ئابدۇكېرىم بىلەن بىرلىشىپ مېنىمۇ تۇتۇۋېلىپ، باغلاپ ئاۋاتقا ئېلىپ باردى ۋە ئاۋاتتىكى قاچقانلار بىلەن قوشۇپ ساجىڭزىغا ئېلىپ كەلدى. ئاخشىمى قادىر (ئاۋاتلىق) «قېچىپ كەتسەك بولاتتى» دېگەندە، مەن «قاچساق قاچايلى» - دېدىم. ئۇ مېنى نىياز پەيجاڭغا: «ھوسەن ھادىل قېچىپ كېتەيلى دەيدۇ» - دەپ چېقىپ قويۇپ، يەكەنگە بارغىچە ئۆزى قېچىپ كەتتى. مەن يەكەنگە ھارۋىدا باغلاقلىق ئولتۇرۇپ باردىم، يۈزگە يېقىن قاچقان ئەسكەرلەرنىڭ پۇتىغا ئىشكال سېلىپ قاماپ، تۈرمىدە ئۈچ ئايغىچە ياتتىم، تۈرمە ئىچـ



چىدە قىمار ئويناش، نەشە چېكىش، چىرىك ھېكايە ئوقۇش بىلەن كۈنىمىز ئۆتتى، تەمناتىمىز بېرىپ تۇرۇلدى. 1949 - يىلى 6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئاران تۈرمىدىن چىقاردى، 7 - ئاينىڭ 21 - كۈنى يەكەننىڭ كاچۇڭ يېزىسىنىڭ قوشراپ چازىسىنى ساقلاشقا ئىككى لىيەن ئەسكەر بىلەن قوشۇپ يۆتكىدى. بىز 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە قوشراپتا چازا ساقلىدۇق، ئىككىنچى كۈنى كەچتە خۇڭ يادۇڭ بىزگە: «دىڭ پولۇيجاڭ بىر بۆلۈك ئەسكەرلەرنى ئېلىپ قوشراپتا مانېۋىر ئۆتكۈزۈشكە كەلدى، ئۇلار سائەت ئۈچتە مانېۋىرنى باشلاپ، 3 - كۈنى مانېۋىرنى تۈگىتىپ كەچلىكى يەكەنگە قايتىدۇ، بىز ئۇلار قايتىش مەزگىلىدە قول سالىمىز» - دېدى. كېچە سائەت تۆت يېرىمدا مەن، ئوسمان ئەھەت (ئاۋاتتىن)، شاۋاز، تۇرسۇن نىياز، يەن چەنشىڭ (خۇيزۇ)، نىياز پەيجاڭ (كۇچالىق)، لۇ پەيجاڭ، ۋاڭ پەيجاڭ قاتارلىقلارنى باشقا ئەسكەرلەرگە تۇيدۇرماي 3 - لىيەننىڭ ئىشخانىسىغا چاقىردى، بىزدىن خۇڭ يادۇڭ ھال سورىدى، ئۇ: «جاڭ تۈەنجاڭ (جاۋ خەنچىڭ) ئىچكىرىسىگە ئائىلىسىنى كۆرگىلى كەتتى، مەن ئۇنىڭ ئورنىغا دەيلى تۈەنجاڭ بولدۇم؛ دىڭ فۇلۇيجاڭ بىر تۈەن ئەسكەرنى ئېلىپ يەكەنگە قايتىدۇ، ئۇلار قايتىپ كەتكىچە مەن بۇلارنى مۇشۇ جايدا تۇتۇپ يەكەنگە قايتا ھۇجۇم باشلايمەن، يەكەندە تاڭ جىڭيەنىڭ بىر يېرىم تۈەن ئەسكىرى بار، بىز يەكەننى ئېلىپ شىنجاڭنى ئازاد قىلىشقا ماسلىشىمىز، ئازادلىق ئارمىيە شىنجاڭغا قاچان كېلىدۇ، بۇ نامەلۇم، كۈچىمىز يەتسە يەكەن، خوتەننى ئېلىپ، قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىپ قەشقەرنى ئالغاندىن كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مەركىزى قىلىپ، ئەسكەرلەرنى تەرتىپكە سېلىپ، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ كېلىشىنى كۈتىۋالىمىز، كۈچىمىز يەتمىسە قەشقەر ئۇلۇغچات بىلەن بۆلۈنۈپ چىقىپ مىللىي ئارمىيىدىن

ياردەم سوراپ شىنجاڭنى ئازاد قىلىمىز» دېدى.① مەن كۆڭلۈمدە خۇڭ يادۇڭنى ھەقىقەتەن ۋەتەنپەرۋەر كىشى ئىكەن دەپ بىلدىم. شۇنىڭ بىلەن بىز كېچە سائەت بەشكىچە پۈتۈن لېيەنىدىكى ئەسكەرلەرگە يۇقىرىقى تەشۋىقاتنى يەتكۈزۈپ بولدۇق. دەسلەپتە خۇڭ تۇەنجاڭ بىزنى ئىشخانىسىغا ئايرىم ئەكىرىپ، مېنىڭ بىلەن 12 كىشىنى ئەڭ مۇھىم جايلارغا ئورۇنلاشتۇردى، پوستنى كۈچەيتىپ، جەڭ تەييارلىقىنى ئىچكى جەھەتتىن پۈتتۈرۈپ بولدۇق. ئەتىگەن سائەت سەككىزدە ئەسكەرلەر تاماق يەۋاتقان ۋاقىتتىچە تەييارلىق مەخپىي ھالدا كۆزدىن كۆچۈرۈلدى، مانيۇۋىرغا چىققان ئەسكەرلەر دىڭ فۇلۇيجاڭ باشچىلىقىدا زەرەپشان دەرياسىدىن ئۆتۈۋاتاتتى، بىز تەرەپتىن 3 - لېيەننىڭ لېيەنجاڭى ئۇلارغا خەت يېزىپ: «دىڭ فۇلۇيجاڭ ئىككى كۈنلۈك مانيۇۋىردا جاپا چەكتى، ھازىر قايتىش ئالدىدا، بىز سىلەرنىڭ ھەربىي ماھارىتىڭلارغا قايىلمىز، شۇڭا لېيەنجاڭدىن يۇقىرى كادىرلارنى سائەت توققۇزدا شتابىمىز زىياپەتكە تەكلىپ قىلىدۇ»، دەپ ئۇقتۇردى. دىڭ فۇلۇيجاڭ تۆت نەپەر كانۋاي بىلەن توققۇز يېرىمدا لېيەن شتابىمىزغا يېتىپ كەلدى، مەخپىي پوستقا قويغانلار ئۇلارنى تۇتۇپ قورالسىزلاندۇردى، مەن، ئوسمان ئەمەت قاتارلىق ئۈچ نەپەر ئەسكەر بۇيرۇققا ئاساسەن دىڭ فۇلۇيجاڭنىڭ قورالىنى تارتىۋېلىپ باغلىدۇق. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىنلا يەنە يۇقىرىقى ئۇسۇل بىلەن ئون نەپەر لېيەن دەرىجىلىك ئەسكەرنى ھاراق زىياپىتىگە تەكلىپ قىلىپ قورالسىزلاندۇردۇق، لۈي فامىلىلىك بىر نەپەر لېيەنجاڭ قارشىلىق كۆرسەتكەندە، خۇڭ تۇەنجاڭ يان قورال بىلەن ئۇنىڭ ئوڭ قولىغا ئوق چىقاردى، 3 - قېتىمدا يۈزگە يېقىن بەنجاڭ، پەيجاڭدىك ئۇن-

① خۇڭ يادۇڭ — دوڭبېيدىكى جاڭ شۆلياڭ قوشۇنىدا لېيەنجاڭ بولغان، جياڭ جيېشى بۇ قوشۇننى پارچىلىۋەتكەندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق شىنجاڭغا كېلىپ ئاقسۇدىكى 21 - تۇەندە ئىشلىگەن.



ۋانى بارلارنى تۇتۇپ بىر تەرەپ قىلدۇق، بۇلارنى يوغان بىر ئۆيگە سولاپ پوستنى كۈچەيتتۇق. شۇنداق قىلىپ مانيۇۋىر ئۆتكۈزۈشكە كەلگەن بىر تۇەن ئەسكەرنى ئاساسەن قورالسىزلاندۇرۇپ بولدۇق، شۇنىڭ بىلەن بىز 1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى خۇڭ يادۇڭ رەھبەرلىكىدە قوشراپتا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردۇق. خۇڭ تۇەنجاڭ پۈتۈن ئەسكەرلەرگە ھەم قارشى تەرەپتىن ئەسىرگە چۈشكەنلەرگە چوڭ يىغىن ئېچىپ، يەكەنگە ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى. شۇنىڭ بىلەن سائەت ئىككىدە يەكەنگە يۈرۈش قىلدۇق، يەكەن بىلەن قوشراپ ئوتتۇرىسىدا زەرەپشان دەرياسى بولۇپ، قوشراپتىن يەكەننىڭ چوڭ كۆۋرۈكىگىچە 30 كىلومېتىر ئايلىنىپ ماڭغاندا 90 كىلومېتىر كېلەتتى. بىزنىڭ قوشراپتا مانيۇۋىرغا قاتناشقان دىڭ فۇلۇيجاڭنىڭ قىسىملىرىنى تەسلىم قىلدۇرغانلىقىمىزنى ئاڭلىغان تاڭ جىڭيەن ئەندىشىدە قالدى، بىز بىر پەي ئەسكەرنى قوشراپقا قالدۇرۇپ، قالغانلىرىمىز ئالغا ئىلگىرىلىدۇق، قوشراپتا قالغان ۋاڭ پەيجاڭ خائىنلىق قىلىپ سىمسىز تېلېگىراف ئارقىلىق تاڭ جىڭيەنگە خەۋەر بېرىۋەتكەنىكەن. شۇڭا بىز يەكەنگە بارغىچە تاڭ جىڭيەنمۇ بىزگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىپ بولغانىكەن، بىز يەكەن كونىشەھەردىكى ئىككى لېيەن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، ئۇلارنى تەسلىم قىلىپ كونىشەھەردىكى قورچاق ساقچى ئىدارىسىگە ئورۇنلاشتۇق، ئەمما يېڭىشەھەردىكى سېپىل دەرۋازىسى تاقاقلىق بولۇپ، تاڭ جىڭيەن سېپىل ئۈستىدە ئۇرۇش ھالىتىدە تۇردى. 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى بىز يېڭىشەھەردىكى سېپىلگە قاتتىق ھۇجۇم قىلدۇق، ئۇرۇش 15 كۈن داۋاملاشتى، ھەر ئىككى تەرەپتىن زور چىقىملار بولدى، تاڭ جىڭيەن شەھەرنى تاشلاپ قەشقەرگە قاچماقچى بولدى، ئۇنىڭ خوتۇنى قەشقەرگە تېلېگىراممۇ يوللاپ، جاۋ شىگۇاڭدىن ياردەم سورىدى. قەشقەردىن كەلگەن بۇيرۇققا

ئاساسەن، تاڭ جىڭيەنگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن يېڭىسارىدىن بىر تۈمەن ئەسكەر ماشىنا بىلەن چىقىپ، ھىممىتىنىڭ سېپىدىن ئۆتۈپ يەكەننىڭ كارىۋات دېگەن يېرىدىكى بىرەل كۆۋرۈكى بويىدا تاماق يەپ ئولتۇرغاندا، بىز پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئىككى لېيەن ئەسكەر بىلەن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ بىر تۈمەن ئەسكەرنى مەغلۇپ قىلدۇق، ئون نەچچە ماشىنا، 30 مىڭ تال ئوق ۋە دورا قاتارلىقلارنى كۆيدۈرۈپ، 800 گە يېقىن ئادەمنى ئەسىرگە ئالدۇق. بىز ياردەمگە كېتىۋاتقان گومىنداڭنىڭ بىر تۈمەن ئەسكىرىنى يوقاتقاندىن كېيىن، تاڭ جىڭيەن تېخىمۇ قورقۇپ، يەكەننىڭ ۋالىيسى پاسار بەگ (ئۇيغۇر) نى 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى بىز تەرەپكە ئۇرۇش توختىتىپ بىرلىشىشنى تەلەپ قىلىپ ئەۋەتتى، بىز تەرەپتىن: «تاڭ جىڭيەنگە ئېنىق ئۇقتۇرۇلسۇن، بىز ھىيلە - مىكىرگە قوشۇلمايمىز، ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرىمىز» - دەپ جاۋاب قايتۇرۇلدى. بۇ ۋاقىتتا يەكەن كونىشەھەر بىلەن يېڭىشەھەر ئارىلىقىدىكى قاتناش توختىدى، شەھەر دەرۋازىسى ئېچىلمىغاندىن كېيىن، سودا دۇكانلىرى تاقالدى، خەلق تۇرمۇشى تېخىمۇ ئېغىرلاشتى.

9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، قەشقەردىن خوڭ تۈەنجاڭغا جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي قوماندانلىق شتابىدىن ئۇرۇش توختىتىش ھەققىدە بۇيرۇق كەلدى، سۆھبەت ئارقىلىق ئۇرۇشنى توختىتىشقا جاۋ شىگۇاڭ يەكەنگە كەلدى. جاۋ شىگۇاڭ ئۇرۇش توختىتىش ھەققىدە سەككىز ماددىلىق تەلەپ قويغاندا، خوڭ تۈەنجاڭ ئۇنىڭ بىرىگىمۇ كۆنمىدى. ئەسكەرلەر ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا: «بىز ئازادلىقنى تەلەپ قىلىمىز، پۇلىڭ لازىمى يوق، قەتئىي ئۇرۇش قىلىمىز، ياشىسۇن ئازادلىق ئۇرۇش! ياشىسۇن مىللىي ئەركىنلىك!» - دەپ شوئار توۋلىدى. ئامال تاپالمىغان جاۋ شىگۇاڭ قايتىپ كەتتى، خوڭ تۈەنجاڭنىڭ كۈچلۈك قارشىلىق كۆرسىتىشى بىلەن سۆھبەتتە نەتىجە بولمىغاندىن كېيىن،



قەشقەردىن بىر بۆلۈك ئەسكەر كېلىپ تاڭ جىڭيەنگە ماسلىشىپ بىزگە قارشى ئۇرۇش قىلدى. ئەڭ ئاخىرىدا بىزنىڭ ئوق - دورىمىز ئازلاپ كەتتى، بىزگە ئارقا سەپتىن كېلىدىغان ياردەم بولمىدى، ۋاقىتىنچە كۈچنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن يەكەندىن چېكىنىپ مەكىتكە بېرىپ، ئەسكىرى كۈچنى رەتلەپ پارتىزانلىق ئۇرۇش ئېلىپ بېرىش قارارىغا كەلدۇق.

1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى مەكىتتىن چېكىنىپ كەتتۇق، بۇ ۋاقىتتا، بىزگە قارشى 6000 دەك گومىنداڭ ئەسكىرى شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى، بىز يەنە زەرەپشان دەرياسى بويىدا بىر كۈن ئۇرۇش قىلدۇق. مەخپىي ھالدا قارشى تەرەپكە ئادەم كىرگۈزۈپ، ئۇلارنى قولغا كەلتۈرۈش خىزمىتىنى ئىشلىدۇق. بىزنىڭ ئادالەتلىك ئۇرۇشىمىز قارشى تەرەپتىكى بىر بۆلۈك گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە تەسىر قىلغانلىقتىن، ئۇلاردىن نۇرغۇنلىرى بىز تەرەپكە ئۆتتى، شۇنىڭ بىلەن ئەسكەر سانىمىزمۇ كۆپىيىپ 2000 گە يەتتى. 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تاۋجىيۈ، بۇرھان شەھىدىلەر شىڭشىياغا بېرىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىنىشىنى قارشى ئالغانلىقى ھەم خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرگەنلىك خەۋىرى بىزگە يېتىپ كەلدى.

1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، ئۈرۈمچىدىن ئايروپىلان ئارقىلىق سەككىز نەپەر سىياسىي خادىم بىزنىڭ قىسىمغا كەلدى، ئالار مەكىتكە كەلگەندە، بىز قىزغىن قارشى ئالدۇق. ئۇلاردىن ماجىنداۋ دېگەن كىشى بىزگە سىياسىي كومىسسار بولدى (كېيىن بىر مەزگىل ئاقسۇ شۆبە ھەربىي رايونىدا سىياسىي كومىسسار بولغان)، مەمۇرىي ھوقۇق خوڭ تۈەنجاڭنىڭ قولىدا بولدى. كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ بىز تەرەپكە ئەۋەتكەن خىزمەت خادىملىرى بىزگە ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتتى، شۇنىڭ بىلەن بىز 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن باش-

لاپ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ھەقىقىي جەڭچىسى بولغانلىقىمىزنى بىلدۇق.

(ھۈسەن ھادىل — ئاقسۇ ئايكۆل يېزىسىدىن بولۇپ، 1939 - يىلى 3 - ئايدىن 1949 - يىلى 9 - ئايغىچە گومىنداڭ ئەسكىرى سۈپىتىدە مەجبۇرىي ئۇرۇشقا قاتناشتۇرۇلغان، 1949 - يىلى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بولغان، 1951 - يىلى شىزاڭنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان، ھازىر ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ماشىنا سايمانلىرى شىركىتىدىن دەم ئېلىشقا چىقتى)



# پىچاندىكى لەمجىن مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپى

ھەمدۇللا ھىۋىپ

ھازىرقى پىچان ناھىيە لەمجىن مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپى (لەمجىن كونا بازار مەكتىپى) گۇاڭشۈينىڭ 30 - يىلى، يەنى 1904 - يىلى تەشكىللەنگەن. ئەينى ۋاقىتتا بۇ مەكتەپنىڭ تەشكىل قىلىنىشىغا تۈرتكە بولغان سەۋەبلەرنىڭ بىرى، شۇ دەۋرلەردە شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان يەن، يۈەن دېگەنلەرگە مەسلىھەتچى بولغان تۇرپانلىق نىياز (خەنزۇچە ئىسمى كەي شۇشى) بىلەن قەشقەرلىق روزى ھاجى دېگەن ئادەملەرنىڭ بەرگەن مەسلىھىتى بولغانىكەن. نىياز، روزى ھاجىلارنىڭ مەسلىھىتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: «شىنجاڭدا قانچە يىللار بۇرۇن خەنزۇچە ئوقۇيدىغان مەكتەپلەر بولسىمۇ، كېيىنكى يىللاردا تارقىلىپ كەتتى. جايلاردا دىنىي مەكتەپلەردىن باشقا مەكتەپلەر يوق، دىنىي مەكتەپ، مەدرىسلەردە ئوقۇپ چىققانلار ھۆكۈمەت ئىشلىرى ۋە سىياسىي ئىشلارغا ئارىلاشمايدۇ، شۇڭا خەنزۇچە ئوقۇيدىغان مەكتەپلەرنى ئاچساق يەرلىك مىللەت پەرزەنتلىرىمۇ بۇ مەكتەپلەردە ئوقۇسا، ئۇلاردىن يېتىلىپ چىققان ئىختىدارلىقلىرى ھۆكۈمەت ئىشلىرى ۋە سىياسىي ئىشلارغا قاتناشسا، ئوقۇپ چىققانلارنىڭ بىلىم سەۋىيىسى، قابىلىيەت - ئىقتىدارىغا ئاساسەن جايلاردىن ھەرقايسى ساھەلەردە تېگىشلىك خىزمەت بېرىلسە، شۇنداق قىلغاندا، بىرى، مىللەتلەر دوستلۇقى كۈچىيىدۇ، مىللىي كەمسىتىش ئەۋج ئالالمايدۇ؛ ئىككىنچىسى، يەرلىك مىللەت پەرزەنتلىرى خەنزۇ پەرزەنتلىرى بىلەن بىرگە ئوقۇسا ئۆز ئارا تىل-

يېزىق ئۆگىنىپلا قالماي، بىر - بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئۆگىنىدۇ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەنىۋى مۇھەببەت چىڭىيىپ مىللىي مۇناسىۋەت ياخشىلىنىدۇ»، دېگەنلەردىن ئىبارەت ئىدى. بۇ مەسلىھەت ئۆلكە ھۆكۈمدارلىرىغا يېقىپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ بەزى جايلىرىدا خەنزۇچە ئوقۇش مەكتەپلىرى تەسىس قىلىنغان. ئۇ چاغلاردا بۇنداق مەكتەپلەر «شۆ تاڭ» دەپ ئاتالغان.

ھازىرقى پىچان ناھىيىسى گۇاڭشۇينىڭ 29 - يىلى (1903 - يىلى) رەسمىي ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغان. لۈ پەمىلىك بىر ئادەم شەنگەن (ناھىيە باشلىقى) بولغان. لۈ شەنگەن پىچانغا خىزمەتكە كېلىش ۋاقتىدا ئۆلكە باشلىقلىرى ئۇنىڭغا پىچاندىمۇ مەكتەپ ئېچىشنى تاپشۇرغانىكەن. شۇڭا، بۇ ئادەم پىچانغا كېلىپلا مەكتەپ قۇرۇش خىيالىدا بولۇپ، ناھىيىنىڭ جاي - جايلىرىنى ئارىلاپ چىقىپ، مەنزىرىلىك بولغان لەمجىنگە بىر سىنىپلىق بىر مەكتەپ قۇرۇشنى بەلگىلىگەن. شۇنىڭ بىلەن 1904 - يىلى كۈزدە لەمجىندە بىر سىنىپلىق بىر مەكتەپ ئېچىلغان. بۇ مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلار ئەسلىدە موللا تۆمۈر نىياز دېگەن كىشىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇش يېشىدىكى بالىلاردىن ئىبارەت بولغان. مۇشۇ بالىلاردىن 30 نەپىرى تاللىنىپ يېڭى مەكتەپكە كىرگۈزۈلگەن، يېشى كىچىك ياكى لاياقەتسىز دەپ ھېسابلانغانلىرى موللا تۆمۈر نىيازدا قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ مۇدەررىسلىكىدە دىنىي ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرغان. يېڭى مەكتەپ دېھقان تۆمۈر ئاكىنىڭ كېۋەز تېرىغان ئۈچ مو يېرىگە سېلىنىپ، ئەتراپى بىر مېتىر كەڭلىكتىكى، ئىككى يېرىم مېتىر ئېگىزلىكتىكى سوقما تام بىلەن قورشالغان، ئوتتۇرىسىغا مەيدان ياسالغان. مەيداننىڭ بىر تەرىپىگە 50 ئوقۇغۇچىلىق بىر سىنىپ سېلىنغان ۋە 50 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ دەرس باشلىغان. بۇ مەكتەپكە لۈ شەنگەننىڭ تۇغقىنى لۈ شىنلى دېگەن كىشى ئوقۇتقۇچىلىققا تەيىن



لىنىگەن. ئۆتۈلىدىغان ئاساسلىق دەرس خەنزۇچە خەت ۋە تىل ئۆگىنىش بولغان. ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتە 7 - 8 يىل ئوقۇغان. ئۇ ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىن خەت، تىل، خىزمەت ئىقتىدارى جەھەتتىن كۆرۈنەرلىك بولغان گاجىت دېگەن كىشى چاقىلىق ناھىيىسىگە، ئىمىن نىياز ساۋەن ناھىيىسىگە، تىيىپ توقسۇن ناھىيىسىگە، ئىبراھىم مەكىت ناھىيىسىگە ھاكىملىققا، ساجىت دېگەن كىشى ئۈرۈمچى باش پوچتىخانىغا بۆلۈم باشلىقى، مۇنۇپ دېگەن كىشى پىچان ناھىيىسىگە بۆلۈم باشلىقى ۋەزىپىلىرىگە تەيىنلەنگەن. بۇلار ئۆمۈرلىرىنى ئاساسەن شۇ جايلاردا ئۆتكۈزگەن، بەزىلىرى سودىگەرچىلىك ۋە خۇسۇسىي كەسىپلەر بىلەن مەشغۇل بولغان. بۇ مەكتەپ ئىككىنچى قېتىم يەنە 20 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغان. بۇ قېتىمقى ئوقۇش ئارانلا بىرەر يىلدەك داۋاملاشقان. شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە ساداسىدىن ئەنسىرەپ قالغان لوشەنىڭ ئىچكى ئۆلكىگە قايتىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن مەكتەپ تاقالغان. كېيىنچە ھەمدۇللا داموللا دېگەن كىشى بۇ مەكتەپ قورۇسىغا كۆچۈپ كېلىپ دىنىي مەكتەپ ئاچقان.

1920 - يىللاردا مۇھەممەد رەھىم ھاجى دېگەن كىشى لەمجىن ئاستانە مەھەللىسىدە تەخمىنەن ئۈچ مو كەلگۈدەك يەرگە ئىككى قەۋەتلىك 60 ئېغىزلىق دەرسخانا، مەسچىت، مۇزاكىرە قىلىش ئورنى ۋە ياتاقخانىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يەنە يېڭى بىر مەكتەپ سالدۇرغان. بۇ مەكتەپ 1925 - يىلى دەرس باشلىغان. بۇ مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارنى مەخسۇس تۈر ۋە گۇرۇپپىلارغا بۆلۈپ ئوقۇتۇش ئېلىپ بارغان. مەسىلەن، ھەپتىيەكخان، قۇرئانخان، كىتابخان، مەسىلە كاپىخان، تەپسىرخان دېگەندەك سىنىپلارغا ئاجرىتىلغان؛ ئۇلارغا خەت تونۇتۇش، قۇرئان، كىتاب ئوقۇتۇشتىن باشقا يەنە تامچى، ياغاچچى دېگەندەك كەسىپلەرنى بىلىدىغانلارنى ھەمدە مەخسۇس قارى بولىدىغانلارنى تۈر، سىنىپلارغا ئايرىپ ئوقۇتۇش ئېلىپ بارغان.

ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدا بۇرۇنقى موللىلارنىڭ بىر ئوقۇغۇچىغا بىر ئۇستاز دەرس بېرىدىغان شەكلىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، بىر خىل دەرس ئۆگىنىدىغان ئوقۇغۇچىلاردىن 20 - 30 نى بىر سىنىپ، بىر گۇرۇپپا قىلىپ دەرس بەرگەن. مۇشۇ خىلدىكى ئوقۇتۇش بىرقانچە يىل داۋام قىلغان. ئۇستاز بولغان كىشى 1925 - يىلدىن ئىلگىرى قەشقەردە ئابدىقادىر دامولىدا ئوقۇپ ئىرشاد (ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىپلومى) ئېلىپ كەلگەن مۇھەممەد نىياز داموللا (ھازىرقى لەمجىن ئاخۇنى ئابلا مەخسۇم ھاجىمنىڭ ئاتىسى) ئىكەن. مەدرىس ئورنىنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاساسىي كۆپچىلىكىنىڭ ئائىلىلىرىگە يىراقلىقى ھەمدە شۇ ۋاقىتتىكى ئايرىم مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ بۇ خىل ئوقۇتۇشقا نارازى بولۇشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى، مەكتەپ ئاخىرى ھازىرقى «شامالباغ» دېگەن يەرگە يۆتكەلگەن ۋە ئوقۇتۇشنى داۋاملاشتۇرغان. قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلاپ، قوزغىلاڭنىڭ ئوت يالقۇنى پىچان، تۇرپانلارغا تۇتاشقان مەزگىلدە مۇھەممەد نىياز داموللا بىر قېتىم ئوقۇغۇچىلارنى يېتەكلەپ ئىنقىلابچىلارغا قوشۇلۇپ، ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇپ كۈرەش قىلغان، مىلىتارىست شېڭ شىسەي قوماندانلىقىدىكى ئاق روسلار بىلەن بولغان جەڭدە قۇربان بولغان. شۇنىڭ بىلەن سەككىز يىل ئېچىلغان بۇ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىز قېلىپ تارقىلىپ كەتكەن.

1934 - يىلى 4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، يەنى ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، پىچاندا قۇرۇلغان ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە لەمجىن شامالباغدا بىر سىنىپلىق پەننىي مەكتەپ قۇرۇلدى. مەكتەپكە يېتەكچىلىك قىلىدىغان كىشى شۇ چاغدىكى يېزا باشلىقى يۈسۈپ ھوشۇر (يۈسۈپ دوغا) بولۇپ، قاتتىق قوللۇقلىقى، ئىش باشقۇرۇشىنىڭ كەسكىنلىكى بىلەن باشقا دوغىلاردىن پەرقلىق ئىدى. ھەتتا شۇ ۋاقىتتىكى ناھىيە ھاكىمى جياڭ ھاكىمنىڭ ئالدىدىمۇ ئابرويلۇق ئىدى.



مەكتەپتە يۈسۈپ ھوشۇر، ھەمدۇل داموللا، مەخسۇت مىراپ، سېتى گەيجاڭ، ئەرشىدىن مىراپ قاتارلىق بەش كىشىدىن تەركىب تاپقان باشقۇرۇش ھەيئىتى قۇرۇلغان. 40 نەپەر ئوقۇغۇچى تىزىملىنىپ دەرس ئۆتۈلگەن. ئوقۇتقۇچىسى شۇ چاغدىكى يېزا كاتىپى قۇربان قارى ئىدى. مەكتەپكە كىرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەيدىسىگە كەڭلىكى ئون سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى بەش سانتىمېتىر كېلىدىغان سېرىق لاتا ئېسىلاتتى، ئۇنىڭغا قارا رەڭدە قومۇش قەلەمدە «ئۇيغۇر بالىسى» دېگەن خەت يېزىقلىق ئىدى. مەكتەپنىڭ پارتا، ئورۇندۇق قاتارلىق مەنقۇلاتلىرىنى يۈسۈپ ھوشۇر ئۆزى ھەل قىلىپ بېرەتتى. يۈسۈپ ھوشۇر مەرىپەتپەرۋەر ئادەم بولغاچقا، ئاممىنىڭ ئوقۇش، بىلىم ئېلىش ئىشلىرىغا قىزغىن مۇئامىلىدە بولۇپ كەلگەن. ئوقۇتقۇچى قۇربان قارىنىڭ ئايرىم مائاشى يوق، ئۇنىڭ تەمىناتى مەكتەپ باشقۇرۇش گۇرۇپپىسىدىكى بەش كىشىنىڭ دېھقانلاردىن يىغقان ئۆشرە - زاكىتىدىن تەمىنلىنەتتى. ئوقۇش داۋام قىلىۋاتقان مەزگىللەردە تۇرپان ئاستانىدا ئىككى ئايلىق ئوقۇتقۇچىلار كۇرسى ئېچىلىپ، جايلاردىن مەرىپەتسۆيەر كىشىلەر تاللىنىپ بۇ كۇرسقا قاتناشتۇرۇلدى. بۇنى ئاڭلىغان مەھمۇت مۇھىتى گەرچە ئۆزى قەشقەردە بولسىمۇ، تۇرپان مائارىپىغا كۆڭۈل بۆلۈپ ئاستانىدىكى بۇ كۇرسقا رەھبەرلىك قىلىش ئۈچۈن ئوسمان قارى، ئىلھامجان ئىسىملىك ئىككى كىشىنى ئەۋەتكەن (ئىلھامجان ئەسلىدە ئوتتۇرا ئاسىيا دارىلفۇنۇنىنى پۈتتۈرگەن يۇقىرى مەلۇماتلىق كىشى بولۇپ، 1971 - يىلى ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلىدىم). كۇرسقا تۇرپان ئاستانىدىن ئابدۇرۇسۇل ئەپەندى، دۇگامەت ئەپەندىلەر دەرس بەرگەن. بۇلار 1921 - يىلى تۇرپان ئاستانىدىكى مەخسۇت مۇھىتى، مەھمۇت مۇھىتى قاتارلىق مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر تەرىپىدىن تاشكەنت، قازان شەھەرلىرىدىن تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كەلگەن ھەسەن، ھەيدەر ئەپەندى (ھازىرقى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادې-

مىسىنىڭ پېشقەدەم تەنقىدچىسى ئۇيغۇر سايرانىنىڭ ئاتىسى، شېڭ شىسەي تۈرمىسىدە ۋاپات بولۇپ كەتكەن) لەردە يېڭىچە ئوقۇپ چىققان كىشىلەر ئىدى. كۇرسقا ئاساسەن ھازىرقى تۇرپان، پىچان ناھىيىلىرىدىن (توقسۇن بۇ چاغلاردا قاراشەھەرگە قارايت-تى) بىر تۈركۈم كىشىلەر قوبۇل قىلىنغان. پىچان ناھىيىسىدىن لۈكچۈندىن سىتتىنىياز ۋاجىپ، سەيدۇللا ھاجى، قادىر راسىم، نامان داموللا، مەھمۇت ھەسەن، تويۇقتىن ئابلا سىلىم، لەمجىندىن نەمتۇللا رەشىدى، ھەبىبۇللا ئامىرى، چوۋاڭقىردىن نوشۇر تۆمۈر، خاندودىن ئەيسا ئىمام، ئىمىن ئەپەندى. پىچاندىن ياسىن نىياز ھاجى، مەتنىياز، ياسىن رېقىپلار بۇ كۇرسقا قاتناشقان. ئۇلارنىڭ ئوقۇش راسخوتى پىچان ناھىيىلىك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن (خەلقتىن يىغىلغان ئۆشرە-زاكات، قۇربانلىقنىڭ تېرە قاتارلىقلاردىن كىرگەن ئىقتىسادتىن) بېرىلگەن. كۇرس ئاخىرلاشقاندىن كېيىن جايلاردا پەننىي مەكتەپلەر ئېچىلىشقا باشلىدى.

لەمجىندە قۇربان قارى ئوقۇتقان سىنىپقا نەمتۇللا رەشىدى بىلەن ھەبىبۇللا ئامىرى ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. كېيىنكى يىلى ئوقۇغۇچىلار سانى كۆپەيگەچكە ئىككى سىنىپ تەشكىل قىلىندى، بىر سىنىپ 1904-يىلى ۋۇجۇدقا كەلگەن ھازىرقى لەمجىن مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپى ئورنىدا بولۇپ، ئۇنىڭغا نەمتۇللا رەشىدى ئوقۇتقۇچى بولدى. يەنە بىر سىنىپ ھازىرقى لەمجىن شامالباغدا بولۇپ، ئۇنىڭغا ھەبىبۇللا ئامىرى ئوقۇتقۇچى بولدى. خەت-ساۋادى ياخشى، يېشى چوڭراق ئوقۇغۇچىلار تاللىنىپ جايلارغا ئوقۇتقۇچىلىققا بەلگىلەندى. ئۇلاردىن جالال ھازىم پىچان شۆگىدە ئېچىلغان سىنىپقا، خوجامنىياز پىچان ماچاڭدا ئېچىلغان سىنىپقا، قاسىم سابىت چوقتامدا ئېچىلغان سىنىپقا، شەمشىخان پىچان بازىرىدا ئېچىلغان سىنىپقا، بەكرى نەمەت سوبېشىدا ئېچىلغان سىنىپقا ئوقۇتقۇچىلىققا بەلگىلەندى. ئۇلار ئەنە شۇ جايلاردىكى خەلق ئارىسىدا مائارىپ ئۇرۇقىنى چاچتى. 1937-يىلى



ھەبىبۇللا ئامىرى ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇشقا كەتكەنلىكتىن، شامالباغدىكى ۋە ھازىرقى لەمجىن مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ ئورنىدىكى ئىككى سىنىپ بىرلەشتۈرۈلدى ھەمدە بۇ بىرلەشمە سىنىپقا يالغۇز نەمتۇللا رەشىدىلا دەرس بەردى. بۇ ۋاقىتلاردا مەكتەپلەردە سىستېمىلىق دەرسلىك قوللانمىلىرى بولمىغاچقا، ئوسمان قارى، ئابدۇرۇسۇل ئەپەندى ۋە داۋامەت ئەپەندىلەرنىڭ تۇرپاندا ئېچىلغان كۇرستا ئۆتكەن دەرسلىكلىرى پايدىلىنىلغان. ئوقۇتۇشتا ئاساسەن خەت، رەقەم تونۇتۇش، ھېساب - تۆت ئەمەل، خۇشخەت، شېئىر ئوقۇتۇش، تىل كۆندۈرۈش مەشىقى قاتارلىقلار ئۆتۈلەتتى، شۇنداقلا تەنتەربىيە، ئىسلام دىنىنىڭ ئەدەب - ئەخلاقلىرىدىن تەلىم بېرىلەتتى. شۇ ۋاقىتتا شېئىر دەرسىمۇ باشقا دەرسلەرگە ئوخشاشلا خېلى مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيتتى. شۇ چاغلاردا ئېيتىلىدىغان شېئىرلاردىن ھازىر ئېسىمدە قېلىشىچە:

«ئەي ئەزىزىم نۇر ئەمدى، پۈتۈن دۇنيا ئويغاندى،
جەمئىيەتتىكى مىللەتلەر ھەر بىر جايدا ئويغاندى.
ياشىسۇن مىللەتپەرۋەرلەر، بىت - چىتلانسۇن خائىنلار،
ئاسارەتتە كۆپ ياتتۇق، لاي ۋە پاتقاقتا پاتتۇق.
جاھالەتلىك دەردىنى ساناپ تۈگەتكۈسىز تارتتۇق،
ياشىسۇن مىللەتپەرۋەرلەر، پۈتسۇن ئەلجە - خائىنلار!»
..........................................
..........................................

(بۇ شېئىر 7 - 8 كوبلېتتەك ئىدى).

يەنە: «بىر ۋاقىت بىزلەرگە دۇنيا قاپ - قاراڭغۇ تۈن ئىدى،
ئۈستىمىزدە زور بۇلۇتلار بىزگە نۇر بەرمەس ئىدى.
كەتتى ئەمدى ئول زامانلار، ئاتتى تاڭ يورۇق بولۇپ،
بىز ئوقۇيمىز ھەممىمىز بىر - بىرىمىزگە دوست بولۇپ»
..........................................
..........................................

(بۇ شېئىر 5 - 6 كۇبلېت بارئىدى)
يۇقىرقىلاردىن باشقا يەنە:

«سۇسىز چۆللەردە، تاشلىق قۇملۇقتا،
يول تاپالماستىن يۈگۈرگەندۇق بىز.
زۇلمەتلىك تۈندە مۇدھىش بوراندا
ئەتراپىمىزدىن خەۋەر ئالالماي يۈگۈرگەندۇق بىز»

قاتارلىقلار بولۇپ، ئومۇمەن مەزمۇن جەھەتتىن ئېيتقاندا، شۇ ۋاقىتتىكى جەمئىيەت ئەھۋالىنى، خەلقنىڭ يېڭىلىققا، مەرىپەتكە تەلپۈنۈپ، جاھالەتنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇشقا ئىنتىلىدىغان ئىلغا ئىنقىلابىي ئىدىيىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەتتى.

1937 - يىلىنىڭ بېشىدا، ھۆكۈمەت تەمىناتىدا پىچان ناھىيە بازىرىدا ئىككى سىنىپ (بىر سىنىپ ئۇيغۇر، بىر سىنىپ خەنزۇ)، لۈكچۈن بازىرىدا بىر سىنىپ، لەمجىن بازىرىدا بىر سىنىپ جەمئىي تۆت سىنىپ ئېچىلدى. ھۆكۈمەت تەمىناتىدىكى مەكتەپلەر شېيەنلى مەكتەپلەر دەپ ئاتالدى. يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە لەمجىن ئاستانىدە، پىچاننىڭ شۆگە، ماچاڭ يېزىلىرىدا تۇيۇق، سۇ بېشى قاتارلىق ئورۇنلاردا بىر سىنىپلىقتىن مەكتەپلەر ئېچىلدى. بۇلار ئۇيۇشما تەمىناتىدىكى مەكتەپلەر بولۇپ، ئۇلار خۇيلى مەكتەپ دەپ ئاتالدى. خۇيلى مەكتەپلەرگە لەمجىن باشلانغۇچ مەكتىپىدە ياخشى ئوقۇغان، قابىلىيەتلىك ھېسابلانغان ئوقۇغۇچىلاردىن جالال ھازىم، نۇجۇبۇللا ئېلى، تېيىپ ئابدۇللا، سېيتى توختى قاتارلىقلار ئوقۇتقۇچىلىققا بەلگىلەندى. 1939 - يىلغا كەلگەندە ناھىيىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مەكتەپلەرنىڭ سانى كۆپىيىشكە باشلىدى، جۈملىدىن لەمجىندە يەنە ئىككى سىنىپ قۇرۇلدى. بۇ سىنىپلارغا مەن (ھەمدۇللا ھېۋىپ)، مەستۈرە ئاپپاي ھەمدە شانىياز توختىلار ئوقۇتقۇچىلىققا بەلگىلەندۇق.



نەمتۇللا رەشىدى مەكتەپ باشلىقلىقىغا بەلگىلەندى. شۇ يىلى لەمجىن - جۇۋاڭقىرىدا بىر سىنىپلىق مەكتەپ ئېچىلدى. بۇنىڭغا مەھمۇت ئابىت، سەلىمە رەشىدى (ھازىر ئۈرۈمچى شەھەرلىك 3 - ئوتتۇرا مەكتەپتە)لەر مەسئۇل قىلىندى. شۇنداق قىلىپ، ئاشۇ يىللاردا پىچان ناھىيىسىنىڭ بازار، يېزىلىرىدا كەينى - كەينىدىن يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەر قۇرۇلدى، ئوقۇغۇچىلار سانى ئاشتى، مائارىپ ئىشلىرى خېلى راۋاجلاندى. مۇشۇ مەزگىللەردە لەمجىن باشلانغۇچ مەكتىپىمۇ خېلى نۇرغۇن ساندىكى ئىقتىدارلىق ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەپ، ناھىيىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مەكتەپلەرگە ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈپ بەردى.

لەمجىن باشلانغۇچ مەكتىپى 1937 - يىلدىن ئېتىبارەن ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن ۋە ئۆلكىلىك كادىرلار يېتىشتۈرۈش مەكتەپلىرىگە بىر تۈركۈم ئوقۇغۇچى يېتىشتۈرۈپ بەردى. 1937 - يىلى ھەبىبۇللا ئامىرى، 1939 - يىلى ئىمىن قاسىم، مۇھەممەت قاسىم، ئىمىن ئاقۇپ، ئابلا پولاتلار ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىنگە، ئىبراھىم رازىيوۋ ئۆلكىلىك كادىرلار يېتىشتۈرۈش مەكتىپىگە قوبۇل قىلىندى، 1940 - يىلى ئېلى موسا، ئىمىن پولات، سالى روزى، 1941 - يىلى قاسىم مۇھەممەت، باۋۇدۇن ئەرشىدىن، نوجوبۇللا غازى، روزى ئىسمايىل قاتارلىقلار، 1943 - يىلى ياقۇپ يۈسۈپ، بەكرى نەمەتلەر ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىنگە قوبۇل قىلىندى.

بۇ مەزگىللەردە لەمجىندە ۋە ناھىيىنىڭ باشقا جايلىرىدا ئېچىلغان مەكتەپلەردە ئوقۇلىدىغان دەرسلەر ئاساسەن ئانا تىل، گراماتىكا، تەبىئەت، جۇغراپىيە، تارىخ، ھېساب قاتارلىقلار بولۇپ، دەرسلىك قوللانمىلار ئۆلكىلىك مەكتەپلەرنىڭ كونسپېكتلىرى، ئوقۇتقۇچىلار قىسقا مۇددەتلىك بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسلىرىدا ئۆتۈلگەن دەرسلىكلەردىن ئىبارەت ئىدى. خۇيلى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش تەمىناتى ئۇيغۇر ئۇيۇشما تەمىناتىدا بولۇپ،

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشىنىڭ يېرىمى ئاشلىق (بۇغداي ياكى قوناق، بەزى ئايلاردا يېرىمى قوناق ياكى پۈتۈنلەي قوناق)، يېرىمى پۇل بولاتتى. شيەنلىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ مائاشى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بولاتتى ۋە پۈتۈنلەي پۇل بېرىلەتتى. لېكىن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تۇرمۇش تەمىناتى تۆۋەن ئىدى. مەسىلەن، ئەينى يىللاردا بىز بىلەن بىرگە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان شانىياز توختىنىڭ بىر ئايلىق مائاشىغا تۇغۇلغىنىغا بەش ئايلىق بولغان بىر يېتىم ئوغلاقنى ئاران سېتىۋالغانلىقى، كېيىن يەنە بىر ئايلىق مائاشىغا بىر كىشىلىك ئۆتۈك سېتىۋالدىم دېگەنلىكى ئېسىمدە.

1944 - يىلى پارتلىغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى شىنجاڭنىڭ مائارىپ يۆنىلىشىدىمۇ تەسىر قوزغىدى. ۋەتەنپەرۋەر ئىلغار زىيالىيلار ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قوتقۇزۇش، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ يېڭى جۇڭگو قۇرۇشتەك ئىنقىلابىي روھنى ئۇرغۇتۇپ، جاي - جايلاردا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەشۋىقىي - تەربىيە ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى. 1947 - يىلى تۇرپان، پىچان، توقسۇندىن ئىبارەت ئۈچ ناھىيە ئىلغار ياشلىرىنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلىڭى پارتلىدى، قوزغىلاڭچىلارنىڭ تۇنجى ئوقى گومىنداڭنىڭ لەمجىندىكى ئورگىنىغا قارىتىپ ئېتىلدى. بۇ قوزغىلاڭغا ئىلغار ئىدىيىدىكى ھەر ساھە، ھەر تەبىقىدىكىلەر قاتناشتى. ئاساسلىق تەشكىلاتچىلىق رولىنى ئوقۇتقۇچىلار ئوينىدى. ئۇلار گومىنداڭ دائىرىلىرىگە قارشى قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلدى، يۈسۈپ تالىپ، شانىياز توختى، مۇھەممەت قاسىم قاتارلىقلار ئەنە شۇ قاتاردىكىلەردىن بولۇپ، ئالدىنقى ئىككى كىشى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن بوغۇزلاندى، مۇھەممەت قاسىم ئېچىنىشلىق تۈرمە ئازابىنى تارتىپ ئاخىر ئېتىپ تاشلاندى. ھەبىبۇللا ئامىرى، يۈسۈپ تالىپ، شانىياز توخ-



تى، مۇھەممەد قاسىملار مۇنەۋۋەر مائارىپچىلار ئىدى. ئۇلار يەنە ئەينى ۋاقىتتا ئەلەم ۋە قەلەم سېپىدە كۈرەشكە ئاتلانغان ئىنقىلابچىلاردىن ئىدى.

ھايات قالغان ئوقۇتقۇچىلار شۇ ۋاقىتتىكى ئوبيېكتىپ شارائىتقا ئاساسەن ئاستا - ئاستا يەنە كەسپىي خىزمەتلىرىگە كىرىشتى. جاي - جايلاردا مەكتەپلەرنى راۋاجلاندۇردى، يەنىمۇ كۆپلىگەن پەرزەنتلەرنى ئىلىم - پەنگە، ئىنقىلاب داۋلىيلىرىنى ئۆگىنىشكە يېتەكلىدى ۋە جەلپ قىلدى. ئىلغار مەزمۇندىكى سانايىنەپىسە خىزمەتلىرىنىمۇ قانات يايدۇردى. «سامساق ئاكاڭ قاينايدۇ»، «ئۆگەي ئانا»، «ئالدامچى تېۋىپ» قاتارلىق سەھنە ئويۇنلىرىنى ئويۇشتۇرۇپ، ئاممىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىنقىلابىي ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، ئىنقىلابىي روھىنى ئويغاتتى.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، ھازىرقى لەمجىن مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپى 1904 - يىلدىن ياكى ئەڭ كېچىككەندىمۇ 1934 - يىلى رەسمىي يېڭىچە پەننىي مەكتەپ بولۇپ تەشكىللەنگەندىن تارتىپ ھېسابلىغاندىمۇ، ئۆز بېشىدىن يېرىم ئەسىرلىك تارىخنى ئۆتكۈزدى.

# سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى

شياۋ پېرۇڭ

چاررۇسىيە ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ تەخمىنەن 1839 - يىل 10 - ئايلاردا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنى ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ قەشقەر، ياركەنت قاتارلىق جايلىرىغا كۆپ مىقداردا ئەپيۇن كىرگۈزگەن ھەمدە ئەپيۇن چېكىش ئورۇنلىرىنى ئاچقانىدى. بۇ، ئەنگلىيە بىلەن روسىيىنىڭ شىنجاڭغا قاراتقان تاجاۋۇزچىلىقىنىڭ باشلىنىشى بولىدۇ.

1885 - يىلى (گۇاڭشۈيىنىڭ 11 - يىلى) «جۇڭگو - روسىيە قەشقەرنى داۋاملىق قېدىرىپ تەكشۈرۈش چېگرا شەرتنامىسى» ئىمزالاندى. شۇنىڭدىن كېيىن چارروسىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق قارا نىيىتى تېخىمۇ ئېشىپ، شىنجاڭنى جۇغراپىيىلىك تەكشۈرۈش نامى بىلەن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ گرومگېرىموۋ ۋە گرووبوچېۋسكىي باشچىلىقىدىكى ئىككى قېدىرىپ تەكشۈرۈش ئەترىتىنى پامىرنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى رايونلىرىغا يوشۇرۇن كىرگۈزۈپ جاسۇسلۇق قىلدۇردى ۋە ئاخبارات ئوغرىلاپ، شىنجاڭغا يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىش ئۈچۈن تەييارلىق كۆردى. ئۇزۇنغا قالماي مەنچىڭ ھۆكۈمىتىگە قەشقەردە كونسۇلخانا قۇرۇش تەلىپىنى قويدۇ.

چارروسىيە كونسۇلى مەنچىڭ ھۆكۈمىتىگە ساقتىلىق بىلەن: «قەشقەردە كونسۇلخانا قۇرۇشىمىز ئۈچۈن پەقەت ئالقانچىلىكلا يەر بولسا كۇپايە...» - دەيدۇ، مەنچىڭ ھۆكۈمىتى بۇنىڭ



ھىيلە - مىكىر ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەي ماقۇلغا كېلىدۇ.

روسىيىلىكلەر بىر كالا سويۇپ، ئۇنىڭ تېرىسىدىن ئىنچىكە تاسما تىلىپ، ئۇنى ئۇلاپ ئاغامچا قىلىپ، بىر پارچە شال ئېتىزىنى (ھازىرقى سەمەن مېھمانخانىسى تۇرۇشلۇق ئورۇن) ئايلاندۇرۇپ، يەلپۈگۈچ شەكلىدىكى بىر پارچە يەرنى سىزىپ چىقىدۇ. 1893 - يىلى چارروسىيە مۇشۇ جايدا كونسۇلخانا قۇرۇپ، ئۇنى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشنىڭ بازىسى قىلىدۇ.

ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ جاينى ئۆزلىرىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى قىلدى، كونسۇلخانىنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 15،000 كۋادراتمېتىر كېلىدۇ. كونسۇلخانا قۇرۇلۇشى چارروسىيىنىڭ 19- ئەسىردىكى كونا پاسونى بويىچە بىر قەۋەتلىك قىلىپ سېلىنغان بولۇپ، ئۈستى قېلىن قەلەي بىلەن گۈمبەز شەكلىدە يېپىلغان، ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە. ھازىرقى سەمەن مېھمانخانىسى (سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلگىرى قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى) نىڭ بىر قەۋەتلىك توققۇز كورپۇس ئۆيى،بىر سۇ مۇنارى،بىر سۇ ئۈزۈش كۆلى ۋە بىر ماشىنا قويۇش ئۆيى ھازىرمۇ ئەسلى قىياپىتىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ.

يەلپۈگۈچ شەكىللىك قۇرۇق تامنىڭ ئېگىزلىكى بەش مېتىر بولۇپ، بىر قەۋەتلىك ئۆيلەرنىڭ تۆت ئەتراپىغا بۈك - باراقسان دەرەخلەر قويۇق سايە تاشلاپ تۇرىدۇ. مۇھىتى ناھايىتى گۈزەل ۋە تىنچ، دەرۋازىدىن كىرگەندە ئۆز ۋاقتىدا ياغاچ رېشاتكىلار بىلەن قورشالغان ئۇزۇنلۇقى 40 مېتىر، كەڭلىكى 6 مېتىر كېلىدىغان گۈللۈك بار. گۈللۈكنىڭ ئىككى تەرىپىدە بولسا تۆت مېتىر كەڭلىكتە كەلگەن يول بار. يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئىككى قاتاردىن قىلىپ شىنجاڭ ئاق تېرىكى تىكىلگەن. بەش يۈز كۋادراتمېتىر ئەتراپىدا كېلىدىغان تۆت چاسا بىر

كورپۇس كاربدۇرلۇق ئۆي سوۋېت ئىتتىپاقى باش كونسۇلىنىڭ
ئىشخانىسى بولۇپ، ئۆي تاملىرى پۇتۇنلەي ياغاچ، خىش قۇ-
رۇلمىسىدا تۇرغۇزۇلغان، يەرگە پول ياتقۇزۇلغان. ئومۇمەن قى-
لىپ ئېيتقاندا ئۆيلەر مۇستەھكەم ۋە چىدامىلىق، ھەيۋەتلىك سې-
لىنغان. تورۇستا بەش يەردە شامال ئۆتۈشىدىغان پورتۇچكا باربولۇپ،
ئوتتۇرىدىكى پورتۇچكىنىڭ ئۈستىدە بىر تۆشۈك بار. تۆشۈك ئىچىگە
ئېگىز بايراق دەستىسى قادالغان. ئۇنىڭغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۆ-
لەت بايرىقى ئېسىلاتتى. ئۆيلەرنىڭ ئارقا تەرىپىدە ئوخشاش قى-
لىپ سېلىنغان ئايۋاندا تۆت دانە چاسا تۈۋرۈك گۈمبەز شەكى-
لىك تورۇسنى كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۆي جازىسى چاسا تاختاي بىلەن
چىقىرىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستى قېلىن قەلەي بىلەن يېپىل-
غان، پېشايۋان، تۈۋرۈكلەرنىڭ ھەممىسى سېمونت ۋە قۇم بىلەن
سۇۋالغان بولۇپ، ئالدى - كەينى تەرەپلىرىنىڭ شەكلى ئوخشى-
شىپ كېتىدۇ، ئارقا تەرەپتىكى پېشايۋاندا تۇرۇپ، بەش موچە
كېلىدىغان باغنى ئۇدۇلىدىن كۆرگىلى بولىدۇ، باغقا شاپتۇل، نەشپۈت،
ئۆرۈك، گىلاس، قارا ئۆرۈك قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەر تىكىلگەنى-
دى. پېشايۋاننىڭ سول تەرىپىگە ئىككى تۈپ كۈلى بىھىسى
تىكىلگەن. ئوڭ تەرىپىدە قېرى تۇخۇمەك دەرىخى بار بولۇپ، دىئامېتىرى
تەخمىنەن بىر مېتىر، ئېگىزلىكى يىگىرمە مېتىردىن ئاشىدۇ. ئاڭ-
لاشلارغا قارىغاندا، بۇلار كونسۇلخانا يېڭى قۇرۇلغان ۋاقىتتا تى-
كىلگەنىكەن. باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا يەنە بىر تۈپ نەنمۇ دەرىخى
ۋە ئۈزۈم بارىڭى بار، باراڭنىڭ ياغاچ جازىسى ھازىرغىچە ئۆز
پېتى ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ.

دەرۋازىدىن كىرگەندە ئوڭ تەرەپتىكى قورۇق تامنىڭ يې-
نىدا رۇس پاسونىدا سېلىنغان بىر قەۋەتلىك بىر كورپۇس چاسا
ئۆي بار بولۇپ، تەخمىنەن ئۈچ يۈز كىۋادراتمېتىر كېلىدۇ. بۇ
ئۆيلەر مەزكۇر كونسۇلخانىنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك كاتىپلار ئىش-
خانىسىدۇر. ئۇنىڭ ئالدى تەرىپى ياغاچ رېشاتكا بىلەن قورشال-



غان تىك تۆت بۇلۇڭ شەكلىدىكى گۈللۈك بولۇپ، گۈللۈكنىڭ
ئىككى تەرىپىدىكى كىچىك يول ياپپېشىل كۆكىرىپ تۇرغان
دەرەخلەر بىلەن ئورالغان. ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە قەشقەر شەھە-
رى بويىچە تۇنجى قېتىم سېلىنغان سۇ مۇنارىسى بار، ئۇنىڭ
ئېگىزلىكى ئون بەش مېتىر بولۇپ، ئىككى قەۋەت قىلىپ سېلىن-
غان. تۆۋەنكى قەۋىتىدە بىر سۇنئىي قۇدۇق بار. سۇ ناسوسى
ئارقىلىق يۇقىرى قىسمىدىكى كۆپ شەكىللىك سۇ مۇنارىسىغا چى-
قىرىلىدۇ، ئاندىن تۇرۇبا ئارقىلىق ھەر قايسى كورپۇسلاردىكى ئۆي-
لەرگە يەتكۈزۈپ بېرىلىدۇ. سۇ مۇنارىسىنىڭ غەرب تەرەپ ئون
مېتىر نېرىسىدىكى جايدا بىر ئېغىز ماشىنا ئۆيى بار.

كونسۇلخانا ئىشخانىسىنىڭ ئوڭ تەرەپ ئەللىك مېتىر نېرى-
سى ئولتۇراق جاي رايونى بولىدۇ. قۇرۇلۇش سۈپىتى ۋە ئۆيلەر-
نىڭ ھەجىمىگە ئاساسەن، بىرىنچى كورپۇس باش كونسۇلىنىڭ
ياتاق ئۆيى، ئىككىنچى كورپۇس مۇئاۋىن كونسۇلىنىڭ ياتاق
ئۆيى، ئۈچىنچى كورپۇس كاتىپلار ياتىقى، تۆتىنچى كورپۇس
ئادەتتىكى خىزمەتچى خادىملارنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرى، بەشىنچى
كورپۇس شوپۇر بىلەن قارا خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرالغۇسى، قالغان
ئىككى كورپۇس ئۆي ئايرىم - ئايرىم ھالدا يەسلى ۋە دوختۇر-
خانا قىلىنغان بولۇپ، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاشخانا ۋە رېس-
توران بار.

ھازىرغىچە بۇ ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى ئاساسىي جەھەتتىن ياخشى
ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. مەسىلەن، لەمپىنىڭ بۇلۇڭىدىكى قەلەيدىن
ياسالغان سۇ چىقىش نوسى يەنىلا كونسۇلخانا بار چاغدىكى
بىر يۈرۈش ئۈسكۈنىلەردىن ئىبارەت بولۇپ، تورۇسقا گۈمبەز
شەكلىدە يېپىلغان قېلىن قەلەيلەرمۇ ئەينى پېتىچە تۇرۇۋاتىدۇ.
سەمەن مېھمانخانىسىنىڭ دىرېكتورى ھېمىتنىڭ ئېيتىشىچە (ئۇ
مۇشۇ جايدا، مۇشۇ مېھمانخانىدا 39 يىل ئىشلىگەنىكەن) ئۆي-
لەرنىڭ ئۈستىگە يېپىلغان قەلەيلەر پەقەت ئىككى قېتىملا سىر-

لىنىپتۇ، شۇنداقتىمۇ ھازىرغا قەدەر ھېچنېمە بولماپتۇ.

ئۇلتۇراق رايونىنىڭ ئوڭ تەرەپ ئالدى قىسمىنىڭ ئوتتۇز مېتىر نېرىسىدا كەڭلىكى ئون بەش مېتىر، ئۇزۇنلۇقى ئوتتۇز مېتىر كېلىدىغان بىر سۇ ئۈزۈش كۆلچىكى بار (ھازىر بۇزۇلۇپ كەتتى) بولۇپ، ئۇ بېتون بىلەن قوپۇرۇلغان، يوچۇقلىرى سېمونتتىن تەييارلانغان شېغىل لاي بىلەن ئېتىلگەن، تۆت ئەتراپىغا شىنجاڭ ئاق تېرىكى تىكىلگەن، كېيىنچە بۇ تېرەكلەر يوغىناپ، يىلتىزلىرى ھەر تەرەپكە تېشىپ چىقىپ بېتوننى كاردىن چىقىرىۋەتكەن بولغاچقا سۇ توختىتىش مۇمكىن بولماي قالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇزۇن ۋاقىت رېمونت قىلىنىپ، تۆت ئەتراپى گۆمۈرۈلۈپ چۈشۈپ ۋەيرانە بولۇپ كەتكەن.

ئائىلىلىكلەر قورۇسىنىڭ غەربىي شىمالىي بۇرجىكىدە يېرىم موچە كېلىدىغان بوش يەر بار بولۇپ، بۇ يەر كونسۇلخانىنىڭ قەۋرىستانلىقى بولىدۇ. ئۇنىڭ تۆت ئەتراپى تۆمۈر رېشاتكىلار بىلەن تۆت چاسا قىلىپ قورشالغانىدى، رېشاتكا ئىچىدە ئۈچ قەۋرە بار بولۇپ، قەۋرىنىڭ خاتىرە تېشى يوق، ئۆلگۈچىنىڭ يۇرتى بىلەن ئىسمى فامىلىسىنى بىلىش مۇمكىن ئەمەس. يەرلىك ياشانغان ئادەملەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئۈچ قەۋرىنىڭ بىرسى شۋېتسىيىلىك ئادەمنىڭ، يەنە بىرسى ئەنگلىيىلىك ئادەمنىڭ قەۋرىسى ئىكەن.

(بۇ ماقالە قەشقەر شەھەرلىك تارىخ ماتېرىياللىرىنىڭ خەنزۇچە 2 - سانىدىن تەرجىمە قىلىندى)

ئاينىسا مۇھەممەت تەرجىمىسى



# ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى

شيا ۋېيرۇڭ

ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى تەخمىنەن 1912 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ (ئازادلىقتىن كېيىن رېمونت قىلىنىش جەريانىدا، ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ «1912 - يىل» دېگەن خەتلەر ئويۇلغان خىش پارچىلىرى قېزىۋېلىنغان)، 1916 - يىلى قۇرۇلۇش پۈتكەن. بۈگۈنكى قەشقەر سەمەن يولى چىنىۋاغ مېھمانخانىسى ئۇنىڭ ئەسلىدىكى ئورنىدۇر. كونسۇلخانىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى كۆلىمى 33 مىڭ كۋادراتمېتىر كېلىدۇ. چوڭ دەرۋازا غەربكە قارايدۇ، بۇ دەرۋازىدىن كىرگەندىن كېيىن، ئۇدۇل ئىچكىرى ھويلىغا تۇتىشىدىغان بىر يول بار. ئىككى ياقتا تەخمىنەن ئۈچ يۈز كۋادراتمېتىر كېلىدىغان بىر قەۋەتلىك قىلىپ سېلىنغان ئىككى كورپۇس ئۆي بار. يولنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ كەلگەن ئەنگلىيە پاسونىدىكى بىر بىنا بار بولۇپ، ئۇ ئەينى ۋاقىتتا كونسۇلخانا كاتىپلىرىنىڭ ئىشخانىسى ئىدى. ھازىر سول تەرەپكە يېڭىدىن بىر قەۋەتلىك ئۆيلەر سېلىنغان بولۇپ، ئەسلىدىكى قۇرۇلۇشلار چېقىۋېتىلگەن.

ئىچكىرىدىكى ھويلىدا ئىككى ياندا ئايرىم - ئايرىم ھالدا كۆپ بۆلۈكلۈك يۇمىلاق كەلگەن جاي بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچكى دىئامېتىرى تەخمىنەن ئۈچ مېتىر، ئېگىزلىكى بەش مېتىردىن ئاشىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىدە ئالتە كىچىك تۈشۈك بار بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا ئەنگلىيىنىڭ دۆلەت بايرىقى مۇشۇ يەرگە قادى-

لاتتى. ئىچكىرىكى هويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كىچىك گۈللۈك باغ
ۋە كىچىك تەنھەرىكەت مەيدانى بار، ئۇنىڭ ئىگىلىگەن يەر
كۆلىمى مىڭ كىۋادراتمېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ جەنۇب تەرىپىدە تا-
كى بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئۇلانغان بىر تۈپ قېرى
قارىياغاچ بار. ئۇنىڭ ئايلانمىسى 1.3 مېتىر، ئېگىزلىكى ئون بەش
مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، كونسۇلخانىنىڭ قىش ياغاچ قۇرۇلمىلىق
ئىككى قەۋەتلىك ئاساسىي بىناسى مۇشۇ قارىياغاچنىڭ يېنىغا سې-
لىنغان. كونسۇلخانا ئىشخانىسى ۋە ئاخبارات ئورگىنى مۇشۇ يەر-
گە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئەينى ۋاقىتتا، ئەنگلىيە ئىمپېرىيالىزىم تاجا-
ۋۇزچىلىرى مانا مۇشۇ قەدىمىي بىنادا هەر تۈرلۈك جاسۇسلۇق
جىنايى هەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغانىدى. بىنانىڭ كەينى-
دىكى ئىچكىرى هويلىنىڭ شەرقى قىسمىدا تەخمىنەن بەش مو-
چە كېلىدىغان مېۋىلىك باغ بار بولۇپ، باغدا ئەنجۈر، ئۈزۈم،
ئۆرۈك، شاپتۇل، نەشپۈت قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەر بار. كون-
سۇلخانىنىڭ شەرقى تېمى هازىر ۋىلايەتلىك تاشقى ئىشلار ئىدا-
رىسىنىڭ يۇڭ زاۋۇتى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ.
شىڭ شىسەي هۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان مەزگىلدە «جا-
هانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما» قۇرۇلۇپ، ئەنگلىيىنىڭ شىنجاڭدى-
كى ئاخبارات تورلىرى تازىلاپ چىقىرىلىدۇ. 1945 - يىلى ئەن-
گلىيە ئۆزىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنى ئەمەلدىن
قالدۇرۇپ، كونسۇلخانىنىڭ هەممە مال - مۈلكىنى هىندىستان
بىلەن پاكىستانغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. كېيىنچە بۇ جاي يەنە هىن-
دىستان بىلەن پاكىستاننىڭ كونسۇلخانىسى بولۇپ قالىدۇ.
1950 - يىلى 1 - ئاينىڭ 26- كۈنى هىندىستان مۇستە-
قىللىق جاكارلاپ، جۇمھۇرىيەت قۇرۇپ (لېكىن يەنىلا ئەنگلىيە
فېدېراتسىيىسىنىڭ ئەزاسى ئىدى)، مەملىكىتىمىز بىلەن دىپلوماتىك
مۇناسىۋەت ئورناتتى، هىندىستان بىلەن پاكىستان قەشقەردە
داۋاملىق كونسۇلخانا تەسىس قىلدى.
1952 - يىلى هىندىستان سوتسىيالىستلار پارتىيىسى قۇرۇل-



غاندا، ئۇنىڭ باشلىقى لوبىيا ئامېرىكا بىلەن ئىتتىپاق يېقىن
بولغانلىقى ئۈچۈن جۇڭگو بىلەن بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋە-
تىنى ئۈزدى. 1954 - يىلى هىندىستان - پاكىستان كونسۇل-
خانىسى بىكار قىلىندى.

(بۇ ماقالە قەشقەر شەھەرلىك تارىخ ماتېرىياللىرىنىڭ 2 -
سانىدىن قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىندى)

ئاينىسا مۇھەممەت تەرجىمىسى

# شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى چوڭ ۋەقەلەر يىلنامىسى ①

سەي جىنسۇڭ

1878 - يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 4 - يىلى)

1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، باشبۇغ دۇڭ فۇشياڭ خوتەننى قايتۇرۇۋېلىپ، ئەنجانلىق سەردار خانتۆرە قاتارلىق 30 نەچچە كىشىنى ئەسىر ئالدى. 4 - كۈنى، يەنە خوتەننىڭ جەنۇبىدىن 80 چاقىرىم يىراقلىقتىكى دۈشمەننىڭ 300 نەچچە ئادىمىنى يوقاتتى. شۇنىڭ بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى سەككىز شەھەر تىنجىتىلدى.

تۇرغاۋۇتلارنىڭ جەنۇبىي قەبىلىسىدىكىلەر ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا شىخوغا كۆچۈپ بېرىپ چارۋىچىلىق قىلغانىدى. 1 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، ئۇلارنىڭ جۇردوس يايلىقىغا قايتىپ كېلىپ چارۋىچىلىق قىلىشىغا رۇخسەت قىلغانلىقى توغرىسىدا يارلىق چۈشتى. 10 - ئايدا بۇ قەبىلىنىڭ 7 مىڭ 800 نەچچە ئادىمى قارا شەھەرگە قايتىپ كەلدى ۋە يۇلتۇز دەرياسىنىڭ ئىككى ياقىسىغا ئورۇنلاشتى.

25 - كۈنى، ليۇ جىنتاڭ تاشكەنت گوبىر ناتورى (ۋالىيسى) كوفمانغا ۋە يەتتىسۇ ئۆلكىسىنىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارى كورپاكوۋىسكىغا بەي يەنخۇنى تاپشۇرۇپ بېرىش توغرىسىدا ئۇلتىماتۇم تۇتتى.

4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، ليۇ جىنتاڭ كورپاكوۋىسكىنىڭ ئۇلتىماتۇمىنى تاپشۇرۇۋالدى، ئۇنىڭدا بەي يەنخۇ قاتارلىقلار

① بېشى 26 - ساندا.



«مۇساپىرلار» دېيىلدى ۋە جۇڭگودىن كۈمۈش پۇل تۆلەش تەلەپ قىلىندى.

4 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، تارباغاتاينىڭ مەسلىھەت ئامبىلى شى لۈن پوتانىننىڭ ئالتايغا بېسىپ كىرگەنلىك ۋەقەسىنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئالتايغا ماڭدى.

4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، تۇرپان رايونىدا ئون نەچچە يىلدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان قاتتىق يامغۇر، نەچچە ئون يىلدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان قاتتىق مۆلدۈر ياغدى.

27 - كۈنى، روسىيىلىك سودىگەر مېيىف 17 ئادەم بىلەن قوبدۇدىن بارىكۆلگە كېلىپ سودا - سېتىق قىلدى. 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى قوبدۇغا قايتتى.

6 -، 10 - ئايلار

بەي يەنخۇنىڭ قول ئاستىدىكى ليۇ شىلىن قاتارلىقلار چارروسىيىنىڭ قوللىشىدا جىڭ ناھىيىسىنى پاراكەندە قىلدى.

7 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، ئەنگلىيىلىك ئېلچى ئارېس يەكەنگە كەلدى ۋە جۇڭگو ئەمەلدارىغا ئەنگلىيە - ھىندىستان ھۆكۈمىتى جۇڭگو بىلەن قەشقەر - لاداق ئوتتۇرىسىدا سودا كېلىشىمى ئىمزالاشنى، جۇڭگو بىلەن چېگرىغا دائىر ئاخباراتلارنى، بولۇپمۇ ئەنگلىيىگە دائىر ئاخباراتلارنى ئالماشتۇرۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

26 - كۈنى، ئەنگلىيىلىك ئېلچى ئارېس يەكەندىن كەتتى.

9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، روسىيىلىك بەش سودىگەر مال ۋە ئات، قوي، تۆگە ئېلىپ، كۇلۇندىن قۇمۇلغا كېلىپ سودا قىلدى. 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى كۇلۇنغا قايتتى.

16 - كۈنى، بەي يەنخۇ قاتارلىق 47 كىشى توقماقتىن ئۇچتۇرپان ئەتراپىغا كېلىپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. 9 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، بەي يەنخۇنىڭ يەنە بىر قىسىم ئادەملىرى كەلپىنگە سوقۇنۇپ كىردى. 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، ليۇ جىنتاڭ

باشبۇغ ياك چىنلۇڭ، تەنجىڭدىيەنلەرنى 300 نەچچە چەۋەندازلىرى بىلەن مارالبېشى ئەتراپىدا بەي يەنخۇ باندىتلىرىغا زەربە بېرىشكە ئەۋەتتى، 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئۈچتۇرپاننىڭ غەربىي شىمالىغا 300 چاقىرىم كېلىدىغان ئايتا جىلغىسىدا بەي يەنخۇ باندىتلىرىنىڭ 22 ئادىمىنى يوقاتتى، 45 ئاتنى ئولجا ئالدى.

10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، بەي يەنخۇنىڭ قالدۇق باندىتلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن لو جاڭگۇ قىسمى ئاتۇشقا يېتىپ باردى.

10 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، لوجاڭگۇ قىسمىدىكىلەر باندىتلار باشلىقلىرىدىن سەي چىڭتا بىلەن خېيى جىنجياڭنى ئۆلتۈردى. بۇيرۇتلار باندىتلار باشلىقى جىن شەن قاتارلىقلارنى تۇتۇۋالدى.

11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، ئۇيغۇرلاردىن توختامەت بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى گۈلمەت قاتارلىقلار 300 نەچچە ئادەمگە باشچىلىق قىلىپ ئاقسۇ شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن 200 چاقىرىم يىراقلىقتىكى ئاۋات باج ئىدارىسىنى بۇلاپ، توققۇز باجگىرنى ئۆلتۈردى. 11 - كۈنى، جاڭ ياۋ ئاتلىق باتالىيوننىڭ كوماندىرى ۋۇ چاۋپېڭنى قوشۇن باشلاپ ئاۋاتنى تىنجىتىشقا ئەۋەتتى.

12 - ئايدا، زوزۇڭتاڭ شىنجاڭنى ئۆلكە قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئوتتۇرىغا قويدى.

1879 - يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 5 - يىلى)

1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، خوجا يۈسۈپنىڭ نەۋرىسى ھېكىمخان پانسىيىت قاتارلىق 20 نەچچە ئادەمنى، يۈز بېشى قاتارلىق 100 نەچچە ئادەمنى، ئەنجانلىق مۇسۇلمانلاردىن 800 نەچچە ئادەمنى باشلاپ ئۇلۇغچاتقا بېسىپ كىرىپ، ئاھالىسىنى بۇلاپ كەتتى.

20 - كۈنى، چۇڭ خۇ پېتېربورگتا دۆلەت خېتى تاپشۇردى.

22 - كۈنى، ھېكىمخان قول ئاستىدىكىلەرنى باشلاپ بوستانتېرەككە كەلدى.



24 - كۈنى، ليۇ جىنتاڭ 1 مىڭ 860 نەپەر ئاتلىق - پىيادە ئەسكەرنى باشلاپ قەشقەردىكى خەنزۇ شەھىرىدىن بوستانتېرەككە ئاتلاندى.

31 - كۈنى، لو جاڭگۇ قىسمى دۈشمەن باشلىقلىرىدىن ئەمەت خوجا، ھاشىمخان تۆرە، مۇھەممەت ئىسلاملارنى بوستانتېرەكتە ئۆلتۈردى، ھېكىمخان قاتارلىقلار روسىيىگە قېچىپ كەتتى.

4 - ئايدا، بەي يەنخۇ باندىتلىرى جىڭ، داخېيەن ۋە بۆرتالاغا بېسىپ كىردى.

5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، روسىيە پادىشاھلىق ئۈسۈملۈك تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇدىرى لېگېر ئىلىدىن يولغا چىقىپ، 2 - قېتىملىق ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. 7 - ئايدا قەشقەر دەرياسى ۋادىسىغا ۋە دەريانىڭ مەنبەسىگە باردى. 9 - ئايدا كۇڭگىس دەرياسى ۋادىسىغا، 9 - ئاينىڭ ئاخىرىدا تۇرپانغا، 11 - ئايدا قارا خوجىغا، كېيىن توقسۇن، ئۈرۈمچى، ماناس قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئاندىن مەملىكىتىگە قايتتى. ئۇنىڭ «تۇرپاندىكى ئىلمىي تەكشۈرۈشتىن خاتىرە»، «تۇرپان» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

8 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، ھېكىمخان بىلەن ئابدۇلخاما چارروسىيىنىڭ يارلىقىغا بىنائەن ئۇلۇغچاتقا سوقۇنۇپ كىردى.

9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ئابدۇلخاما ئۇلۇغچات تېغىدىن ئۆتۈپ جەنۇبقا يۈرۈپ سارىكۆلگە كەلدى، ھېكىمخانمۇ ئۇلۇغچات دەرياسىدىن ئۆتۈپ جەنۇبقا يۈرۈپ، مەلىكسۇ، مىڭتېكە قاتارلىق جايلاردىن ئۆتۈپ، ئاندىن غەربىي جەنۇبقا مېڭىپ سارىكۆلگە كەلدى.

12 - كۈنى، ليۇ جىنتاڭ 2 مىڭ ئاتلىق ئەسكەر بىلەن قەشقەردىن سارىكۆلگە ئاتلاندى.

ئابدۇخاما سارىكۆل قەلئەسىگە ئادەم ئەۋەتىپ قەلئەدىكى

لەرگە تەسلىم بولۇشقا قىزىقتۇردى. شەھەرنى قوغداۋاتقان يۈز بېشى سۈنەيمان ئابدۇلخاماننى ئالداپ ئۆلتۈردى.

23 - كۈنى، چۇڭ خۇ پېتېربۇرگتىن شەرتنامە ئىمزالاشقا قارا دېڭىز بويىغا كەلدى.

10 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، چۇڭ خۇ بىلەن روسسىيىنىڭ تاشقى ئىشلار ۋەزىرى گىرىس تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامە — «ئىلى شەرتنامىسى»نى ئىمزالىدى، شەرتنامىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرى: ئىلىنىڭ غەربى قىسمى ۋە تېكەس دەرياسى بويلىرى روسسىيىگە تەۋە بولۇش؛ 1864 - يىلى ئىمزالانغان «تارباغاتاي چېگرا شەرتنامىسى»نىڭ 1 -، 2 - ماددىلىرىدىكى چېگرانىڭ يۆنىلىشىگە دائىر مەزمۇنلارغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش، روسسىيە گىراژدانلىرى تىيانشاننىڭ جەنۇب - شىمالىدىكى ھەرقايسى شەھەرلەردە سودا قىلىشقا رۇخسەت قىلىش، ئۇلاردىن باج ئالماسلىق؛ روسسىيە جيايۈيگۈەن، قوبدۇ، ئۇلاستاي، قۇمۇل، تۇرپان، ئۈرۈمچى، گۇچۇڭلاردا كونسۇلخانا تەسىس قىلىش؛ جۇڭگو تەرەپ روسسىيىگە 5 مىليون روبلى ئۇرۇش چىقىمى تۆلەش، بۇ شەرتنامە «چۇڭ خۇ شەرتنامىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇ شەرتنامىنى تەستىقلىمىدى.

11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، ياقۇپبەگنىڭ تۆت ئوغلى — نەۋرىسىنى گەنسۇنىڭ ناھىيە بازىرىدا قاتتىق نەزەربەنت قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشتى.

شۇ يىلى، ئاسترونوم شۋارتىس دوربۇتتىن شىنجاڭغا كەلدى، ئۇ قاش دەرياسىدا ۋە كۆڭگىس دەرياسىدا 25 ئاسترونومىيە ئورنىنى بەلگىلىدى. تېكەستىكى نارات تاغ ئېغىزىنىمۇ تەكشۈردى.

پرىژۋالىسكى 3 - قېتىم ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئۇ زايساندىن يولغا چىقىپ ئۇلۇنگۇر دەرياسى، جۇڭغار قۇملۇقىدىن ئۆتۈپ، بارىكۆل، قۇمۇل ۋە سۇجۇغا باردى، ئاندىن



چىڭخەيگە كېلىپ خۇاڭخې دەرياسىنىڭ مەنبەسىنى تەكشۈردى.

1880 - يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 6 - يىلى)

1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، چۇڭ خونى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ، جازالاش مىنىستىرلىكىنىڭ جازالىشىغا تاپشۇرۇش توغرىسىدا يارلىق چۈشتى.

2 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، زېڭ جىزې روسسىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچى ئەمەلدارلىققا تەيىنلەندى.

19 - كۈنى، چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى روسسىيىگە چۇڭ خو ئىمزالىغان شەرتنامىلەر ئۇنىڭ ھوقۇق دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەچكە، بۇ شەرتنامىلەرنى ئىجرا قىلىش تەس ئىكەنلىكى توغرىسىدا مەكتۇپ يوللىدى.

6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، ئەنگلىيىلىك ئېلىئارىس يەكەنگە كەلدى، 18 - كۈنى قەشقەرگە باردى، 2 - كۈنى، قەشقەرنىڭ ئىش بېجىرىش ئامبىلى بىلەن ھىندىستان - قەشقەر ئوتتۇرىسىدا سودا قىلىش مەسىلىسىنى، ئىلى مەسىلىسىنى، خونزا مەسىلىسىنى مەسلىھەتلەشتى. 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى قەشقەرنىڭ ئىش بېجىرىش ئامبىلى ئېلىئارىسقا ھىندىستاندىن قورال - ياراق سېتىۋېلىش نىيىتى بارلىقىنى بىلدۈردى. 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئېلىئارىس قەشقەردىن كەتتى. 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى يېڭىساردىن يولغا چىقىپ پامىرنى تەكشۈرۈشكە باردى.

15 - كۈنى، زوزۇڭتاڭ قۇمۇلغا كەلدى، قوشۇن شەھەرنىڭ غەربىدىكى فىڭخۇاڭتەيگە ئورۇنلاشتى.

ليۇجىنتاڭنىڭ قول ئاستىدىكى باشبۇغ تەن شاڭلىيەن 2 مىڭدىن ئارتۇق چېگرا مۇداپىئە ئەسكەر بىلەن قەشقەرگە يېتىپ كەلدى.

7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، زېڭ جىزې پېتېربۇرگقا يېتىپ باردى.

7 - ئايدا، ئەنگلىيىلىك سودىگەر دارگىلاش سودا كار-

ۋىنىنى باشلاپ يەكەنگە كەلدى. بۇ، ياقۇپبەگ باندىتلىرى بېسىۋالغاندىن كېيىن شىنجاڭغا تۇنجى قېتىم كەلگەن ئەنگلىيىلىك سودىگەر ئىدى.

7 ـ 8 ـ ئايلاردا، ئۈرۈمچىدە مىس پۇل قۇيۇلدى. نەنسەن ۋە كۇچا، بايلاردا مىس قېزىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، زېڭ جىزې روسىيىنىڭ تاشقى ئىشلار ۋەزىرى بىلەن تۇنجى قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزدى.

8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، شىخونىڭ جەنۇبىي باسى كوچىسىغا ئوت كەتتى، 73 سودا دۇكىنىغا ئوت تۇتاشتى.

22 ـ كۈنى، چار پادىشاھ زېڭ جىزېنى قوبۇل قىلدى، زېڭ جىزې دۆلەت خېتى تاپشۇردى.

9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، ليۇجىنتاڭ قەشقەردىن قۇمۇلغا يولغا چىقتى.

11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، زوزۇڭتاڭ جاڭ ياۋنى شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلار ياردەمچىسى قىلىشنى تەكلىپ قىلدى.

12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، جاڭ ياۋ شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلار ياردەمچىسى بولدى.

1881 ـ يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 7 ـ يىلى)

2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، جۇڭگو ـ روسىيە «شەرتنامىنى ئۆزگەرتىش كېلىشىمى» (جۇڭگو ـ روسىيە «ئىلى شەرتنامىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) پېتېربۇرگتا ئىمزالاندى. 8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، پېتېربۇرگتىكى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدە تەستىقنامە ئالماشتۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە «قۇرۇقلۇقتا سودا قىلىش نىزامى»ۋە «مەخسۇس نىزام» ئىمزالاندى. «شەرتنامىنى ئۆزگەرتىش كېلىشىمى»دە جەمئىي 20 ماددا بەلگىلەنگەن: روسىيە ئىلىنى قايتۇرۇپ بېرىش؛ جۇڭگو 9 مىليون رۇبلى تۆلەم تۆلەش؛ ئىلىدىكى قورغاس دەرياسىنىڭ غەربىـ



دىكى جايلار روسىيىگە تەۋە بولۇش؛ 1864 ـ يىلى «غەربىي شىمالدىكى چېگرىنى تەكشۈرۈپ ـ ئايرىش شەرتنامىسى»دا بەلگىلەنگەن زايسان كۆلىنىڭ شەرقىدىكى چېگرىنى ئۆزگەرتىش؛ قەشقەرنىڭ غەربىي چېگرىسىنى ئىككى دۆلەتنىڭ ھازىرقى چېگرىسى بويىچە ئايرىپ چېگرا تاختىسى ئورنىتىش، جۇڭگو روسىيىنىڭ سۈجۇ (يەنى جىيايۈيگۈەن)دا ۋە تۇرپاندا كونسۇلخانا قۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىش؛ روسىيە گىراژدانلىرىنىڭ ئىلى، تارباغاتاي، قەشقەر، ئۈرۈمچى ۋە تىيانشاننىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى ھەرقايسى شەھەرلەردە سودا قىلىشىغا رۇخسەت قىلىش، ئۇلاردىن ۋاقىتىنچە باج ئالماسلىق ۋەھاكازالار.

3 ـ ئايدا، تارباغاتايدىكى خەنزۇ شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى سودا چەمبىرىكى ئىچىگە روسىيىنىڭ چۆچەك كونسۇلخانىسى قۇرۇلدى.

4 ـ ئايدا، روسىيىنىڭ ئىلى كونسۇلخانىسى جىنىدىڭ ئىبادەتخانىسى ئىچىدە قۇرۇلدى. روسىيىنىڭ قەشقەر كونسۇلخانىسى قەشقەر كونىشەھەرنىڭ شىمالىي قوۋۇقى ئىچىگە قۇرۇلدى.

6 ـ ئايدا، بۇرۇلتوقايدىكى ھەربىي، خەلق ئىسيان كۆتۈردى.

8 ـ ئايدا. بۇرۇلتوقاي ئىسيانچىلىرى ئولۇڭگۇر دەرياسى بويىغا كەتتى.

10 ـ ئايدا، فۇچى قاتارلىقلار بۇرۇلتوقاي ئىسيانچىلىرىنى باستۇرۇشقا ئاتلاندى.

1882 ـ يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 8 ـ يىلى)

2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، ئىلىنىڭ مەسلىھەت ئامبىلى شېڭ تەي ئىلىغا بېرىپ روسىيە تەرەپ بىلەن ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرىلەشتى.

3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، ئىككى تەرەپ ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىش توغرىسىدا رەسمىي ھۆججەت ئالماشتۇردى.

2 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا يەر تەۋرىدى.

5 -، 6 - ئايلاردا چار روسىيە 700 ئەسكەر ئەۋەتىپ قابا دەرياسى بويىغا ئورۇنلاشتۇردى.

8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، ليۇجىنتاڭ ئاقسۇغا بىر نازارەتچى قويۇپ، قارا شەھەر، كۇچا، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپاننى باشقۇرۇش، قەشقەرگە بىر نازارەتچى قويۇپ، يەكەن، قەشقەر، يېڭىسار، خوتەننى باشقۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى.

27 - كۈنى، شامەخسۇت قۇمۇلنىڭ جاساق چىنۋاڭى مامۇتنىڭ ۋارىسى بولدى.

9 - ئايدا بورۇلتوقاي ئىسيانچىلىرى تەسلىم بولدى.

10 - ئايدا، تارباغاتايدىكى ئويراتلارنى ۋاقىتىنچە ئەسلى ماكانىغا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئالتايدىكى يەرلىك ئاھالىلەرنى چىڭگىل دەرياسى بويىرلىغا ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشتى.

11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، روسىيە قەشقەردىكى كونسۇلخانىغا ئەۋەتكەن يېڭى ئەلچى قەشقەرگە يېتىپ كەلدى.

11 - ئايدا، بورۇلتوقايلىقلار ئالتايغا كۆچۈرۈلدى.

12 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، باركۆلنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى ساكدۇلىنزاب پەرغانە ئۆلكىسىنىڭ باشلىقى مىدىنىسكى بىلەن جۇڭگو - روسىيە «قەشقەر چېگرا شەرتنامىسى»نى ئىمزالىدى. شەرتنامىدا، جۇڭگو بىلەن روسىيىنىڭ چېگرىسى نارىن قالقا دەرياسىدىن بەدەل داۋانىغىچە بولغان يۆنىلىش بويىچە ئايرىلىدۇ دەپ بەلگىلەندى.

يازدا، تاغدىكى قارلار ئېرىپ، ئۈرۈمچىدىكى داشىگو دەرياسىنىڭ سۈيى كۆپىيىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يامغۇر يېغىپ تۇرغاچقا، سۇ بەك ئۇلغايدى، ئۈرۈمچى ناھىيىسىدىكى گۇڭشىڭ ئۆستىڭىنىڭ باش، ئوتتۇرا، ئاياغ ئېقىندىن سۇ تېشىپ كەتتى.



1881 - يىلى ئىمزالانغان شەرتنامىدە بەلگىلەنگەن چېگرىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن، روسىيىلىك شاۋجىياڭ مىكىنىسكى بىر چېگرا تەكشۈرۈش ھەيئىتىنى باشلاپ تىيانشاندا ۋە ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ھەيئەت ئەزالىرى مۇزات تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ ئاقسۇغا كەلدى، 10- ئايدا ئۇچتۇرپانغا بېرىپ كۆكۈرتۇك تاغ ئېغىزىنى، كوج تاغ ئېغىزىنى، بەدەل چوققىسىنى ۋە ساۋابچى تاغ تىزمىسىنى تەكشۈردى.

1883 - يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 9 - يىلى)

2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، روسىيە ئىلىدىكى قوشۇنلىرىنى چېكىندۈردى.

6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، شېڭ تەي روسىيە ئەلچىسى بىلەن تارباغاتاينىڭ غەربىي جەنۇب چېگرىسىنى تەكشۈرۈپ ئايرىدى.

8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، ئىلىنىڭ مەسلىھەت ئامبىلى شېڭ تەي بىلەن ئومسكى ھەربىي رايونىنىڭ شتاب باشلىقى بابكوۋ جۇڭگو - روسىيە «كوتا چېگرا شەرتنامىسى»نى ئىمزالىدى.

9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، ئىلىنىڭ مەسلىھەت ئامبىلى شېڭ تەي بىلەن روسىيە باش شتابىنىڭ شاڭشىياۋى بېفسوۋ جۇڭگو - روسىيە «تارباغاتاينىڭ شىمالىي قىسمىغا چېگرا تاختىسى ئورنىتىش كېلىشىمى»نى ئىمزالىدى.

9 - ئايدا، روسىيىدىن كەلگەن قازاقلار ئىلى، بورتالا ئەتراپلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، قۇمۇلنىڭ ياردەمچى ئامبىلى چاڭ شۈن ئۈرۈمچى دوتۇڭى بولدى.

26 - كۈنى، روسىيە چۆچەكنىڭ شىمالىدا يېڭى سودا چەمبىرىكى قۇردى.

شۇ يىلى لوجاڭگۇ ئاقسۇغا زاپاس قوشۇن ئورۇنلاشتۇردى.

ئەنگلىيىلىك سودىگەر داگلىش باشچىلىقىدىكى سودا كارۋىنى يەكەنگە كېلىپ ئۇن ئاي تۇرۇپ، شىنجاڭ بىلەن سودا قىلىشنىڭ سەھىپىسىنى ئاچتى.

1884 - يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 10 - يىلى)

5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، ليۇجىنتاڭ ئۈرۈمچى، بارىكۆل، گۇچۇڭ قاتارلىق جايلاردىكى يەرلىك قوشۇننى ئىلى قوشۇنىغا قوشۇۋېتىش توغرىسىدا تەكلىپ سۇندى.

6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، ساكدۇلىنزاب بىلەن ئىدىپنىسكى 6 ماددىلىق جۇڭگو - روسىيە «قەشقەرنىڭ چېگرىسىنى تەكشۈرۈپ ئايرىش شەرتنامىسى»نى ئىمزالىدى.

9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، ئۈرۈمچى دوتۇڭى چاڭ شۈن ئاق تۇغلۇق خەنزۇ قوشۇنىنىڭ دوتۇڭلىقىغا يۆتكەلدى. ئىلىنىڭ مەسلىھەتئامبىلى شىڭ تەي ئۈرۈمچى زۇڭتۇڭى بولدى.

19 - كۈنى، ليۇجىنتاڭ گەنسۇ - شىنجاڭ باش ۋالىيسى، قوشۇمچە پادىشاھ تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن شىنجاڭ دۇبەنى بولدى.

شۇ يىلى پىرژېۋالىسكى 4 - قېتىملىق تەكشۈرۈشتە، 3 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا گەنسۇدىن سەيدامغا كېلىپ، ئالتۇنتاغ ئەتراپىدىكى قەدىمكى يول ئارقىلىق لوپنۇرغا كەلدى، ئاندىن چاقىلىق ئارقىلىق خوتەنگە باردى ۋە خوتەن دەرياسىنى بويلاپ ئاقسۇغا بېرىپ تۇنجى قېتىم تەكلىماكاندىن ئۆتتى.

1885 - يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 11 - يىلى)

4 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن باشلاپ چەرچەن ئەتراپىدا ئۇدا بىر ھەپتە بوران چىقتى.

5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، ليۇجىنتاڭ قۇمۇلدىن ئۈرۈمچىگە كەلدى.

6 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، ئۈرۈمچى باۋجيا ئىدارىسى ئۆلكە مەركىزي باۋجيا باش ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى.



9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، ئېلئارىس 3 - قېتىم شىنجاڭغا كەلدى، ئۇنىڭ مەقسىتى جۇڭگو تەرەپ بىلەن جۇڭگو - ھىندىستان ئوتتۇرىسىدا كېلىشىم ئىمزالاش ۋە قەشقەرگە سودا ۋەكىلى ئەۋەتىش ئىدى. ئۇنىڭ مەقسىتى ئەمەلگە ئاشمىدى. 10 - ئاينىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئېلئارىس دالانكۆلگە كەلدى. 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، ئاراچۇر پامىردىكى نىزاتاش ئېغىزىغا يېتىپ باردى.

12 - ئايدا، خوتەندە باج ئىدارىسى سىناق تەرىقىسىدە قۇرۇلدى ۋە كېپەك ئالتۇندىن باج ئالدى.

شۇ يىلى، روسىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلى پېتروۋ روسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە كوئېنلۇن تېغىدىكى ئالتۇن زاپىسى ھەققىدە مەلۇمات يوللىدى.

كۈيتۇڭدا يەر تەۋرەپ، بەزى ئۆيلەر ئۆرۈلدى، قالغانلىرى يېرىلىپ كەتتى.

بومباينىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارى كەيلى ۋە ئەنگلىيىلىك سودىگەر داگلىش شىنزاڭغا كەلدى ۋە كوئېنلۇن تېغىدىن ئۆتۈپ شىمالغا يۈرۈش قىلىپ كېرىيە، خوتەنگە كەلدى. ئاندىن تارىم دەرياسىنى بويلاپ كۇچا، كورلا، قارا شەھەرگە باردى. يىل ئاخىرىدا لوپنۇر، چاقىلىققا باردى. 1886 - يىل 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، سەيدامدىن يولغا چىقىپ ئالتۇنتاغدىن ئۆتۈپ تۇرپان، قارا شەھەر، كۇچا، ئاقسۇغا باردى. 1887 - يىل 3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى يەكەنگە كەلدى.

گرومبچكوۋسكى بۇيرۇققا بىنائەن پەرغانە بىلەن قەشقەرنىڭ چېگرىسىنى ئايرىشقا كەلدى. ئۇ قەشقەردىن لاداققا، پەرغانىدىن كەشمىرنىڭ شىمالىغىچە بولغان يولنى ھېسابلاپ چىقتى.

1886 - يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 12 - يىلى)

2 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، گۇچۇڭ ناھىيىسى قۇرغاقچىلىق

ئاپتىدىگە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ناھىيىدىن ئېلىنىدىغان غەللە - پاراق كەچۈرۈم قىلىنىدى. 4 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، گۇچۇڭ ناھىيىسىگە ئەتىيازلىق ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ياردىمى تارقىتىلدى.

ئۈرۈمچى، سانجى، فۇكاڭ قاتارلىق ئوبلاست، ناھىيىلەر ۋە قۇتۇبى ئاپەتكە ئۇچرىغاچقا، تاپشۇرىدىغان غەللە - پارىقى ئازايتىلدى.

4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، ليۇجىنتاڭ ئىلىدىن ئۆلكە مەركىزىگە يولغا چىقىپ، 4 - ئاينىڭ 29 - كۈنى قايتىپ كەلدى.

6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، شەنشى - گەنسۇ باش ۋالىيسى تەن جۇڭلىن ئۈرۈمچى باشبۇغىنى قەشقەرگە يۆتكەش، قەشقەرنىڭ چېگرا مۇداپىئە سەردارىنى ئاقسۇغا يۆتكەش توغرىسىدا بۇيرۇق قىلدى.

17 - كۈنى، ئۇيغۇر چىنۋاڭ شا مەخسۇت قائىدە بويىچە خان ھوزۇرىنى تاۋاپ قىلدى.

ئۈرۈمچىدە ناھىيە تەسىس قىلىنىدى.

7 - ئايدا ئىلى جياڭجۇنى جىن شۈن ئۆلدى. كۇلۇننىڭ ئىش بېجىرىش ئامبىلى سىلىڭئى ئىلى جياڭجۇنى بولدى.

11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، باياندا ينىڭ لەشكىرىي سەردارى چاڭ گىڭ، قوبدۇنىڭ ياردەمچى ئىش بېجىرىش ئامبىلى ئورچىڭئا ئىلىنىڭ يېڭى مۇئاۋىن دوتۇڭلىرى بولدى.

شۇ يىلى، روسىيىلىك ئۆسۈملۈكشۇناس كىراسنوۋ تەڭرى تېغى ئەتراپىدىكى تىيانشان ئېگىزلىكىنى، سىر دەرياسىنى بۆلۈۋېتىدىغان چوققىنى ۋە خالىمنى تەكشۈردى، ئۇچتۇرپاننى زىيارەت قىلىپ، ئىسسىق كۆل بويىغا كەتتى.

قەشقەردە خولىرا تارقالدى. روسىيە خولىرانىڭ يەتتىسۇغا ۋە پەرغانىغا تارقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، زىيانىنى چارە - تەدبىر كۆرۈشكە ئەۋەتتى. زىيانىنى ئالمۇتىدىن يولغا چىقىپ نارىن ئارقىلىق ئاقسۇ ۋە قەشقەرگە كەلدى. ئۇنىڭ «قەشقەر ۋە تىيانشان تاغ تىزمىسىدىكى تاغ ئېغىزلىرى» ناملىق ئەسىرى بار.

ئەنگلىيىلىك يان. خاسبان بېيجىڭدىن يولغا چىقىپ، جاڭجياكو، كۆكخوتتىن ئۆتۈپ، جۇڭغار چۆلى بىلەن 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى قۇمۇلغا كەلدى. ئۇ جۇڭغار چۆلىنى كېسىپ ئۆتكەن تۇنجى ياۋروپالىق. ئۇ يەنە تۇرپان، قاراشەھەر، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان ۋە قەشقەرگە باردى، ئۇ روسىيە كونسۇلى پېتروۋسكىينى ۋە بىلگىيىلىك مىسسىيونېر (دىن تارقاتقۇچى) ئېنىرىكنى زىيارەت قىلدى، 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى يەكەنگە كەلدى. پامىردىن ئۆتۈپ كەشمىرگە، 11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى راۋالپىندىغا باردى. 1889 - يىلى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى روسىيىنىڭ پامىرغا سىڭىپ كىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، يان خاسباننى پامىرنى تەكشۈرۈپ كېلىشكە يەنە بىر قېتىم ئەۋەتتى.

روسىيىلىك گروم گىرژمايلو كۇجارت، نارىن، چاتىر كۆلى، قەشقەر، قىزىلسۇ ۋە ئالايدىن ئۆتتى ھەم بۇ جايلاردا ھايۋاناتلارنى تەكشۈردى.

1887 - يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 13 - يىلى)

ئاقسۇ كونىشەھەردە قاتتىق يامغۇر ياغدى. 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ياغقان قاتتىق يامغۇر 7 - كۈنى توختىدى. يامغۇر سۈيىدە ئېرىق ئۆستەڭلەر تېشىپ كەتتى، زىرائەتلەر سۇ ئاستىدا قالدى، ئۆي ئىمارەتلەر ئۆرۈلۈپ چۈشتى.

6 - كۈنى، ئۇچتۇرپاندا قاتتىق بوران چىقتى. 7 - كۈنى قاتتىق يامغۇر ياغدى. زىرائەتلەرنى سۇ بېسىپ كەتتى، بەزى ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ چۈشتى.

7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، بايدا ئۇدا يامغۇر يېغىپ كەلكۈن كەلدى، زىرائەتلەر سۇ ئاستىدا قالدى، ئۆي - ئىمارەتلەر ئۆرۈلۈپ

چۈشتى، ئارقىدىن مۆلدۈر يېغىپ خېلى ئېغىر زىيان سالدى.

9 - كۈنى، ئىلىدا ئىككى قېتىم بوش يەر تەۋرىدى.

8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاقسۇ كونىشەھەرگە، ئۇچتۇرپانغا قۇتقۇزۇش بېرىلدى.

26 - كۈنى، باركۆلدە كۆز كىرگەندىن كېيىن چاشقان ئاپىتى ئېغىرلاشتى، شۇ كۈنى قار يېغىپ كېتىپ، زىرائەتلەر ئۈششۈپ كەتتى.

27 -، 29 - كۈنلىرى، ماناستا قار يېغىپ كېتىپ، زىرائەتلەر ئۈششۈپ كەتتى.

8 - ئاينىڭ ئاخىرى 9 - ئاينىڭ باشلىرىدا جىمسار ئەتراپلىرىدا ئۈششۈك چۈشۈپ، زىرائەتلەرنى ئۈششۈتىۋەتتى.

شىخودا ئۈششۈك چۈشۈپ، زىرائەتلەرنىڭ يېرىمى ئۈششۈپ كەتتى.

شۇ يىلى روسىيە شىنجاڭغا 687 مىڭ سەرتەڭگە قىممىتىدە مال كىرگۈزدى، شىنجاڭ روسىيىگە 341 مىڭ سەرتەڭگە قىممىتىدە مال چىقاردى.

فرانسىيىلىك پوپ شي تيەنجى، مىسيونېر لياڭ مىڭدې ئىلىدىكى غۇلجا شەھىرىدىكى دۇڭلياڭ دېگەن جايغا كاتولىك دىنى چىركاۋسى سالدۇردى ۋە دىن تارقىتىشقا باشلىدى. بۇ دىنغا كىرگەنلەرنىڭ ھەممىسى مۇساپىر خەنزۇلار ئىدى.

1888 - يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 14 - يىلى)

2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، ئاپەتكە ئۇچرىغان باركۆل، شىخو، باي ناھىيىسىدىن ئېلىنىدىغان غەللە - پاراق ئازايتىلدى.

15 - كۈنى، سۇ ئاپىتىگە، ئۈششۈك ئاپىتىگە ئۇچرىغان ئاقسۇ كونىشەھەر، ماناس، جىمسار ناھىيىسىدىن ئېلىنىدىغان غەللە - پاراق ئازايتىلدى.

3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، ئۈرۈمچىنىڭ لەشكەر سەردارى فۇلېسىڭ ئىلىنىڭ مۇئاۋىن دوتۇڭلۇقىغا تەيىنلەندى.



6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، روسىيىلىك ئاكا - ئىنى گىروم گىروژ مايلولار تۆرە مىخايلوۋىچ بىلەن چېرمىنسكى چىنۋاڭنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ، 50 تۆگىلىك مال بىلەن روسىيىدىن يولغا چىقىپ، يەكەندىن ئۆتۈپ ئېلىغا كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

7 - ئايدا، روسىيىنىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە ۋەزىرى ئەۋەتكەن گىروم بوچېۋسكى باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش ئۆمىكى مەرغىلاندىن پامىرغا قاراپ يولغا چىقتى ھەمدە كانجۇتقا باردى، ئۇلار كانجۇتنى روسىيىنىڭ ئىتتىپاقچىسى دېدى.

11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، ئىلى غۇلجىدىكى ئىككى خەنزۇ ئەسكەر روسىيىلىكلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. بىر پۇقرا ياردار قىلىندى. 1889 - يىل 1 - ئاينىڭ 6 - كۈنى پۇقرالار «كونسۇلنى ئۆلتۈرۈپ ئىنتىقام ئالايلى» دەپ تۇۋلاشتى.

12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، قۇمۇل ۋاڭى شاھمەخسۇت پۇتى ئاغرىپ كەتكەچكە، ئوردىغا بېرىپ تاۋاپ قىلىشنى كېچىكتۈرۈشنى ئىلتىماس قىلدى، بۇ ئىلتىماس ماقۇل كۆرۈلدى.

1889 - يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 15 - يىلى)

1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە، چاشقان ئاپىتىگە، مۆلدۈر ئاپىتىگە ئۇچرىغان باركۆل، ماناس ناھىيىلىرىدىن ئېلىنىدىغان غەللە - پاراق بېجى ئازايتىلدى.

3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، ليۇجىنتاڭ: شىنجاڭ ئۆلكە بولدى، ئىلى جياڭجۈنىنى ئەمدى زۇڭتۇڭ دەپ ئاتىماسلىق كېرەك، ئۇنىڭ يارلىقىغا باسىدىغان تامغا - مۆھۈرلەرنى ئالماشتۇرۇش لازىم دەپ ئوقتۇردى.

7 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، ئاكا - ئىنى گىروم گىروژ مايلولار ئىلىدىن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا چىقتى، ئۇلار جىڭ، قۇتۇبى، ئۈرۈمچى، گۇچۇڭ ئارقىلىق تۇرپانغا باردى. 1891 - يىل 1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، لوپنۇرنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ قۇمۇلغا

كەلدى. ئارقىدىن گەنسۇ، چىڭخەيلەرگە باردى، 11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئىلىدىن تاشكەنتكە قايتتى، ئۇلار 1 مىڭ 417 ئىنگلىز لى يول يۈرۈپ، 14 مىڭ نۇسخا گېئولوگىيە قۇرۇلمىسىنىڭ ۋە ھايۋاناتنىڭ ئەۋرىشكىسىنى يىغدى. 19 ئاسترونومىيىلىك ئورۇننى بەلگىلەپ چىقتى، ئۈچ بۆلۈك ئۇسۇلى ۋە سۈرەتكە ئېلىپ ھېسابلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق 51 جاينىڭ ئېگىزلىكىنى بېكىتىپ چىقتى، تىيانشاننىڭ شەرقىي قىسمىنى ۋە تۇرپان بوستانلىقىنى تەكشۈردى.

7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، ئىلىدىكى توققۇز شەھەردە يەر تەۋرىدى، چېگرا قاراۋۇلخانىلىرىنىڭ 30 نەچچە ئېغىز ئۆيى، 122 گەز ئۇزۇنلۇقتىكى تېمى ئۆرۈلۈپ كەتتى. شۇ كۈنى ئالمۇتا، سەمەرقەنتتىمۇ يەر تەۋرىدى. ئىلىدا 100 نەچچە يىلدىن بۇيان بۇنداق قاتتىق يەر تەۋرىمىگەنىدى.

8 - ئايدا، تاشكەنتتە يەر تەۋرەپ ئۆي - ئىمارەتلەر زىيانغا ئۇچرىدى، يەر يېرىلىپ كەتتى.

9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، فرانسىيىلىك بانۋاروگا دورلان چىڭۋاڭى شاتىنىڭ چوڭ ئوغلىنىڭ تەكشۈرۈش ئەترىتىگە قاتنىشىپ، پارىژدىن يولغا چىقتى، ئۇ يەكەندىن ئۆتۈپ ئىلىغا كەلدى. 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئىلىدىن يولغا چىقىپ، 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى يۇلتۇزغا، 11 - ئايدا لوپنۇرغا باردى. تەكشۈرۈش داۋامىدا ھايۋاناتلارنىڭ ئەۋرىشكىسىنى يىغىپ ئېلىپ كەتتى.

9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، ئىلىنىڭ سۈيدۈڭ قاتارلىق جايلىرىدا يەر تەۋرىدى.

7 - ئايدا، روسىيىلىك بېفزوف شاگىشياۋ باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش ئەترىتى پرىژۋالىسكىنىڭ ئارزۇسىنى ئورۇنداش ئۈچۈن (پرىژۋالىسكى 1888 - يىل 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تەكشۈرۈشكە چىقىپ، سەپەردە ئۆلۈپ كەتكەن)، شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا



ۋە شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىغا تەكشۈرۈشكە باردى. تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكى گرومبېچكۋو ئۇشتىن يولغا چىقىپ، پامىر ئارقىلىق شىمالدا قەشقەرگە، جەنۇبتا يەكەن، خوتەن، نىيىگە ۋە كانجۇت ئەتراپلىرىغا باردى، 1890 - يىل 9 - ئايدا ئۇشقا قايتتى. بېفزوف قاتارلىقلار 1891 - يىل 1 - ئايدا بەزىلىرى زايسان ئارقىلىق، بەزىلىرى ئۇش ئارقىلىق دۆلىتىگە قايتتى. ئۇلار 5 مىڭ ئىنگلىز لى ئۇزۇنلۇقتىكى ئارىلىقنى ئۆلچەپ چىقتى، 50 جۇغراپىيىلىك ئورۇننى بەلگىلىدى، نۇرغۇن ھايۋاناتنىڭ ئەۋرىشكىسىنى ۋە گېئولوگىيە ئەۋرىشكىلىرىنى يىغىپ، ئۇلارنى 40 تۆگىگە ئارتىپ ئېلىپ كەتتى.

شۇ يىلى يازدا، كەشمىردىكى فرانسىيىلىك سودىگەر داۋىدنى سايكۆل ۋە تاغ دۇمباشقا كېلىپ تۇكخې دەرياسى ۋادىسىنى تەكشۈردى.

ئەنگلىيىلىك باۋېل كەشمىردىن تاشقورغانغا، تاغ دۇمباشقا، قەشقەرگە، ئاقسۇغا، كۇچاغا، شايارغا كەلدى. قەشقەردىكى قەدىمىي شەھەر خارابىسى ئەتراپىدىن مىلادى V ئەسىرگە ئائىت قېيىن دەرىخى پوستىغا براھمى يېزىقىدا يېزىلغان سانسكرىتچە نومنى تاپتى.

1890 - يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 16 - يىلى)

1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، تۇرپاننىڭ ئۇيغۇر ۋاڭى مامۇتقا ئۈچ كۆزلۈك گۈللۈك پۆپۈك ئىنئام قىلىندى.

16 - كۈنى، ئۆلكە مەركىزىدە پۇل ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، جەمئىي تەننەرخى 25 مىڭ 700 سەرلىك پۇل تارقىتىلدى.

3 - ئايدا، جاڭ جۈن ئىلىنىڭ لەشكەر سەردارى بولدى.

5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، تورغاۋۇتلارنىڭ ۋاڭى بايار پايتەختكە پادىشاھنى تاۋاب قىلىشقا كەلدى.

6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، روسىيىلىك ئوفىتسېر يانۇۋ 1 مىڭ

500 دىن ئارتۇق تاجاۋۇزچى قوشۇننى باشلاپ پامىرغا بېسىپ كىردى.

7 - كۈنى، قەشقەرنىڭ باشبوغى كېسەل بولۇپ ئۆلگەچكە، ئاقسۇنىڭ لەشكەر سەردارى دۇڭ فۇشياڭ قەشقەرنىڭ باشبوغى بولدى.

6 - ئايدا، دۇترېل پارىژدىن يولغا چىقىپ، تاشكەنت، ئۇشتىن ئۆتۈپ قەشقەرگە كەلدى، ئاندىن خوتەنگە بېرىپ، ئاسترونومىيىلىك ئۇسۇل بىلەن خوتەننىڭ ئورنىنى بەلگىلىدى. ئۇ يەردىن نىيە، كېرىيە ئارقىلىق شىزاڭغا باردى. يول بويى نۇرغۇن قەدىمكى ۋەسىقىلەرنى ۋە ئاسار ئەتىقىلەرنى يىغدى.

8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، ئەنگلىيىلىك يان خاسبان يەكەنگە كەلدى، 9 - ئايدا تاشقورغانغا، كىچىك پامىرغا باردى.

12 - ئايدا، شۋېتسىيىلىك سۋېن ھېندىن ئۇشتىن پامىرغا كەلدى، ئۇ بۇ يەردە يان خاسبان بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، تىيانشان تاغ تىزمىلىرىدىن ئۆتۈپ ئىسسىق كۆلگە كەلدى.

1891 - يىلى ئەتىيازدا شۋېتسىيىگە قايتتى.

1891 - يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 17 - يىلى)

2 - ئاينىڭ 20 كۈنى، ئاپەتكە ئۇچرىغان يەكەن، قاغىلىق ئىككى ناھىيىدىن ئېلىنىدىغان غەللە - پاراق ئازايتىلدى.

4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، شەنشىنىڭ ۋالىيسى تاۋمو گەنسۇ - شىنجاڭ شۈنفۇلۇقىغا تەيىنلەندى.

قاغىلىق ناھىيىسىدىن ئېلىنىدىغان يەر بېجى، سۇ بېجى كەچۈرۈم قىلىندى.

6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، چاررۇسىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلى قەشقەر ۋالىيسى شاڭباڭجوغا تاشكەنت باش ۋالىيسى جوڭگو - روسىيە چېگرىسىدىكى پامىرنى تەكشۈرىدىغانلىقى توغرىسىدا خەت تاپشۇردى. شاڭباڭجو دەرھال جاۋاب خەت يېزىپ، چوڭ - كىچىك پامىر جۇڭگونىڭ باشقۇرۇشىدىكى زې—



مىن ئىكەنلىكىنى، روسىيە باش ۋالىيسى ئۆز چېگرىسىغىچىلا كېلىشكە بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

7 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، روسىيىلىك ئوفىتسېر ئىئوانوۋ قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى 300 نەچچە پىيادە، ئاتلىق ئەسكەر ئىككى زەمبىرەك بىلەن پامىردىكى قىزىل جىيەك قاراۋۇلخانىسىغا بېسىپ كىردى.

8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، ۋېي گۇاڭتاۋ ئاقسۇ كونىشەھەردە سۇ ئاپىتى، مۆلدۈر ئاپىتى يۈز بەردى، بارسكۆل ئاپەتكە ئۇچرىدى، دەپ مەلۇمات يوللىدى.

10 - ئايدا، پامىردىكى سۇمان قاراۋۇلخانىسىنىڭ باشلىقى توختى باي ئافغانىستانلىق بىر باي ئالتە - يەتتە ئادەم بىلەن سۇمان قاراۋۇلخانىسىدىن ئۆتۈپ، ئاقيا دېگەن يەرگە باردى، قايتىشتا ئۇنىسىدى دەپ مەلۇمات بەردى. 10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، جاڭ خۇڭخۇ 30 ئاتلىق ئەسكەر بىلەن قەشقەردىن سۇمانغا قاراپ ئاتلاندى.

1892 - يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 18 - يىلى)

1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، ئۇيغۇر چىنۋاڭى شامەخسۇت شىنۋۇمېن سىرتىدا خاننىڭ دىدارىنى كۆردى.

12 - كۈنى، چاررۇسىيە تاشقى ئىشلار ۋەزىرى، قورۇقلۇق ئارمىيە ۋەزىرى، باش شتاب باشلىقى قاتارلىقلارنىڭ پەۋقۇلئاددە يىغىنىنى چاقىرىپ، جۇڭگونىڭ پامىر رايونىنى قوراللىق بېسىۋېلىشنى قارار قىلدى.

4 - ئايدا، شىخونىڭ چېپەيزى قاتارلىق جايلىرىدا سۇ ئاپىتى يۈز بەردى.

5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، ئاقسۇدا يەر تەۋرىدى، يەر غەربتىن شەرققە تەۋرىدى.

7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، ئىلىدا قاتتىق يەر تەۋرىدى، يەر تەۋرەش تۆت سېكۇنتقا داۋاملاشتى. يەر شىمالغا قاراپ

تەۋرىدى. شىخودا يەر غەربتىن شىمالغا قاراپ تەۋرىدى.

24 - كۈنى، روسسىيەنىڭ يۈز نەپەر ئەسكىرى ئاقتاشقا يېتىپ كەلدى. 25 - كۈنى قاراۋۇلخانىمىزنى چېقىپ، ئادەملەرنى تۇتقۇن قىلدى، كېيىن ئۇلارنى قويۇۋەتتى.

8 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، جۇڭگو - روسسىيە ئىككى دۆلەتنىڭ چېگرىسىدىكى قورۇقلۇق يولىغا سىم تارتىش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلدى.

9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، تاۋمو: تۇرپان قاتارلىق ئايماق، ناھىيىلەرنىڭ سۇ ئاپىتىگە، مۆلدۈر ئاپىتىگە، ئۈششۈك ئاپىتىگە، قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە ئۇچرىغانلىق ئەھۋالىنى مەلۇم قىلدى.

9 - ئايدا، ئاقسۇدا ياغاچ، كۆمۈر كۆچىدىن قىممەت بولغاچقا، ئاقسۇ پۇل قويۇش ئىدارىسى كۇچاغا يۆتكەلدى.

12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، تاۋمو: يەكەن دەرياسىنىڭ سۈيى تېشىپ كېتىپ، خەلقنىڭ 140 ئېغىز ئۆيى سۇ ئاستىدا قالغانلىقى، 3 مىڭ 900 نەچچە مو ئېتىزنى سۇ بېسىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا مەلۇمات يوللىدى.

سەيياھ لانسدېل دىن تارقىتىش ئۈچۈن ئوتتۇرا ئاسىياغا ۋە شىنجاڭغا كەلدى. ئۇ روسسىيىدىن ئالدى بىلەن ئىلىغا، ئاندىن كېيىن مۇزات تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ، ئاقسۇغا، قەشقەرگە، خوتەنگە، قارا قۇرۇم تاغ ئېغىزىغا، لاداققا باردى. ئۇنىڭ «جۇڭگودىكى ئوتتۇرا ئاسىيا — كىچىك شىزاڭدىكى ساياھەتتىن خاتىرە» ناملىق ئەسىرى بار.

شۇ يىلى، فرانسىيىلىك دوترېلنىڭ ئارخېئولوگىيە ئەترىتى خوتەندىن قارۇشتى يېزىقىدىكى نومنى ۋە قەدىمكى ساپال بۇيۇملارنى تاپتى.

پامىردىكى سۇمانتاش قاراۋۇلخانىسىنىڭ مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلىرى چېكىندى.

1893 - يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 19 - يىلى)



1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، ئۈششۈك ئاپىتىگە، مۆلدۈر ئاپىتىگە، سۇ ئاپىتىگە، قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە ئۇچرىغان تۇرپان، باركۆل، ئۈرۈمچى، گۇچۇڭ، فۇكاڭ، يەكەن، قاغىلىق يەتتە ئايماق ناھىيىدىن ئېلىنىدىغان غەللە - پاراق، ئوت - چۆپ سېلىقى ئازايتىلدى.

6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، ئىلىنىڭ مۇئاۋىن دوتۇڭى بولىسىڭئى تارباغاتاينىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى بولدى. ئىلىدىكى شىبە قوشۇنىنىڭ سەردارى جۇڭلياڭ ئىلىنىڭ مۇئاۋىن دوتۇڭى بولدى.

10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، جۇڭگو - روسسىيە «بارلۇق تېغىنى قايتۇرۇپ بېرىش كېلىشىمى» ئىمزالاندى، بارلۇق تېغى، ئىمىل دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى جايلار قايتۇرۇۋېلىندى.

21 - كۈنى تاۋمو: گۇچۇڭ قاتارلىق ناھىيىلەرنىڭ ئاپەت ئەھۋالىنى مەلۇم قىلدى.

12 - ئاينىڭ 17 -، 27 — كۈنلىرى كۇچادا ئۇدا يەر تەۋرىدى، شەھەر ئىچىدىكى ئۆي - ئىمارەتلەر ئۆرۈلۈپ چۈشتى، نۇرغۇن ئادەم ئۆلدى ۋە زەخىملەندى. جەمئىي 553 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى، توققۇز ئەر - ئايال ئۆلدى، 33 كىشى زەخىملەندى.

شۇ يىلى قەشقەردە كان ئىشلىرى، پۇل قويۇش ئىدارىسى قۇرۇلدى. 1895 - يىلى كان ئىشلىرى بىلەن پۇل قويۇش ئايرىۋېتىلدى.

1893 - يىلى 12 - ئايدىن 1895 - يىل 10 - ئايغىچە، روسسىيە ئېكىسپېدىتسىيە ئەترىتىدىكى بىروۋىسكى، كىسلوۋ قاتارلىقلار تۇرپان ئويمانلىقىغا كېلىپ ھاۋارايى پونكىتى قۇردى، مەملىكىتىمىزگە قايتقاندا، بىر قىسىم قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنى ۋە باشقا تۆرلۈك يېزىقتىكى نوملارنى ئېلىپ كەتتى.

1894 - يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 20 - يىلى)

1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، «جۇڭگو - روسىيە قازاق يېرى قاتارلىق جايلارنىڭ تەۋەلىكىنى بەلگىلەش كېلىشىمى» ئىمزالاندى.

19 - كۈنى، سۇ ئاپىتىگە ئۇچرىغان كۇچا، يەكەن، گۇچۇڭدىن ئېلىنىدىغان يەرلىك غەللە - پاراق ئازايتىلدى ھەمدە ئۇرۇقلۇق ئۆتنە بېرىلدى.

2 - ئايدا، سۋېن ھېدىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەرغىلاندىن پامىرغا كەلدى. 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قەشقەرگە باردى. 5 - ئايدىن 10 - ئايغىچە پامىردا جۇغراپىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، كۇچا ۋاڭى ئەمەتكە ئۈچ كۆزلۈك گۈللۈك پۆپۈك ئىنئام قىلىندى.

11 - ئايدا، ئەنگلىيە - روسىيە پامىرنى يوشۇرۇنچە بۆلۈشۈۋالدى، سارىكۆلنى جۇڭگو بىلەن روسىيىنىڭ چېگرىسى دەپ بېكىتتى.

شۇ يىلى، ئىلىغا سىم تارتىلدى.

شىخودا تېلېگراف ئىدارىسى قۇرۇلدى.

ئۈرۈمچىدىكى يۇڭفىڭ شەرقىي ئۆستىڭىنىڭ دامبىسىنىڭ 320 گەز ئۇزۇنلۇقتىكى بىرى يار ئېلىپ كەتتى، داشىگودا سۇ تېشىپ كەتتى، گۇڭشىڭ ئۆستىڭى، تەيپىڭ ئۆستىڭىدىنمۇ سۇ تېشىپ كەتتى.

خۇاڭ ۋەنپىڭ قەشقەرنىڭ باشبۇغى بولدى.

روسىيىلىك ئوبروچېۋ بېيجىڭدىن لەنجۇغا كېلىپ، قۇمۇل، لۈكچۈن، تۇرپان، ئۈرۈمچى، ئىلى ئارقىلىق روسىيىگە قايتتى. جەمئىي 9 مىڭ 400 لى ئىنگلىز لى يول باستى، جۇغراپىيىلىك ماتېرىياللارنى توپلىدى.

فىرانسىيىلىك ئېتنوگراف ماشۇف ھىندىستاندىن لاداق،



قاراقۇرۇم، كىرىيە، قەشقەر، ئاقسۇ، مارالبېشى، قاراكۆل قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، ئۇ جايلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

1895 - يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 21 - يىلى)

3 - ئايدا، جاڭ جۈن قەشقەرنىڭ باشبۇغى بولدى.

4 - ئايدا، روسىيە، ئەنگلىيە پامىرنى ئۆز ئارىسىدا بۆلۈشۈۋالدى.

جەنۇبىي سىم يولىغا ۋە شىمالىي سىم يولىغا سىم تارتىش ئاياغلاشتى. شىمالدا ئۈرۈمچىدىن شىخو، ئىلى، تارباغاتايغا سىم تارتىلدى. جەنۇبتا تۇرپاندىن كۇچا، ئاقسۇ، قەشقەرگە سىم تارتىلدى. سىم تارتىشقا جەمئىي 240 مىڭ سەر پۇل كەتتى. بىر باش ئىدارە، 16 شۆبە ئىدارە قۇرۇلدى.

سۋېن ھېدىن قەشقەردىن مارالبېشىغا كەلدى، ئۇ پىرژېۋالىسكى سىزغان خەرىتىدىكى خاتالىقنى تۈزىتىش ئۈچۈن، تەكلىماكان قۇملۇقىنى كېسىپ ئۆتۈپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا چىقماقچى بولدى ھەمدە خارابە ئىزلىرىنى تاپتى.

4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى مارالبېشىدىن يولغا چىقىپ، يەكەن دەرياسى بىلەن خوتەن دەرياسى ئارىلىقىدىكى قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتتى، لېكىن سەپەردە سەككىز تۆگىسىنىڭ يەتتىسى ئۆلدى، بىر كىشى ئۆلدى ھەمدە بارلىق ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلىرىدىن ئايرىلدى. 6 - ئايدا قەشقەرگە قايتتى، 12 - ئايدا خوتەنگە باردى.

5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، ئەنگلىيىنىڭ سودا مۇخبىرى بېگمان ئۈستۈن قەشقەرگە كېلىپ، روسىيىنىڭ قەشقەردىكى باش كونسۇلى پېتروۋسكىنى ۋە ئەنگلىيىنىڭ ساياھەت ئىشلىرى ئەمەلدارى ماجۇيىينى زىيارەت قىلدى. ئۇنىڭ «غەربىي ئاسىيادىكى زىيارىتىم» ناملىق ئەسىرى بار.

7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، سارىكۆلدە يەر تەۋرىدى.

9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، گېرمانىيىنىڭ لۇڭچۈن بانكىسى

شىنجاڭغا مال ئەكىلىپ ساتتى، شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالدى.

شۇ يىلى، جۇڭگو - روسسىيە سودا باش ئىدارىسى ئۈرۈمچىدە تەسىس قىلىندى.

1896 - يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 22 - يىلى)

1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، ئىلىنىڭ لەشكەر سەردارى جاڭ جۈن قەشقەرنىڭ باشبۇغى بولدى.

15 - كۈنى، لوپنۇرنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى كەكلىك دېگەن جايغا ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ بوز يەر ئاچتى.

1 - ئايدا، سۋېن ھېدىن خوتەندىن كېرىيە دەرياسى بويىغا كەلدى. سەپەر جەريانىدا دەندان ئۆيلۈك ئىبادەتخانىسىنىڭ خارابىسىنى ۋە تام رەسىملىرىنى تاپتى. تەكلىماكانىنى كېسىپ ئۆتۈپ 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى كورلىغا كەلدى. لوپنۇر كۆلىگە بېرىپ بۇ كۆلنى تەكشۈردى. 5 - ئاينىڭ ئاخىرىدا خوتەنگە كەلدى. 1987 - يىلى ستوكھولمغا قايتتى.

2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، ۋاڭ فىڭمىڭ ئىلىنىڭ لەشكەر سەردارى، جاڭ خۇەيىۋي باركۆلنىڭ لەشكەر سەردارى بولدى.

3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، سارىكۆلدە يەر تەۋرەپ، قىرغىزلاردىن يەتتە ئەر - ئايال ئۆلدى. ئۈچ كىشى زەخىملەندى، بىر ئەسكەر ئۆلدى، 42 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى.

5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، ھەربىيلەرگە تەمىنات ئىئانە قىلغان ئۇيغۇر ۋاڭى شامەخسۇت مۇكاپاتلاندى.

6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئۈرۈمچىنىڭ شىمالىدىكى يېزىلىرىدا چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەردى، بۇغدايلىقلار زىيانغا ئۇچرىدى.

7 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، قەشقەر يېڭى شەھەرنىڭ خانىبېرىق قاتارلىق يېزا - كەنتلىرىدە بوران - چاپقۇن، مۆلدۈر



ئاپىتى يۈز بەردى. كۆزلۈك زىرائەتلەر زىيانغا ئۇچرىدى. 12 مىڭ 350 مو 9 پۇڭ يەتتە لى يەردىكى زىرائەت ئاپەتكە ئۇچرىدى. 1 مىڭ 274 ئائىلە زىيانغا ئۇچرىدى، 63 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى، بىر ئۇيغۇر ئايال، 125 كالا، 25 ئات، 179 ئېشەك ئۆلدى.

9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، قۇمۇلنىڭ جاساق چىنۋاڭى شامەخسۇتنىڭ ئانىسى پۇجۇڭ خېنىم بانۇ كېسەل سەۋەبىدىن 73 يېشىدا ئۆلدى.

11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، قەشقەر كونىشەھەردە يەر تەۋرەپ، شەھەر - يېزىلاردا 73 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى، يەتتە ئەر - ئايال ئۆلدى، بەش كىشى زەخىملەندى.

11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، راۋ يىڭچى شىنجاڭغا شۈنفۇ بولدى.

شۇ يىلى روسسىيىلىك ئەتكەسچىلەر ئىلى، تارباغاتايدىكى يوللار بىلەن 536 مىڭ سەر قىممىتىدىكى مال ئېلىپ كىرىپ، 332 مىڭ 526 سەر قىممىتىدىكى مالنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

فرانسىيىلىك چاۋانىئان ئىسسىق كۆل بويىدىن ئىلىغا كەلدى.

1897 - يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 23 - يىلى)

5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، روسسىيىنىڭ قەشقەردىكى مۇئاۋىن كونسۇلى ئەسكەر باشلاپ بېرىپ سودىگەر ماسلىنىڭ دۇكىنىدىن 24 بولاق بەڭنى ئاختۇرۇپ تاپتى.

6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، باشبۇغ جاۋداچۈي ئىلىنىڭ لەشكەر سەردارى بولدى.

7 - ئاينىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا قۇتۇبىدىكى فاڭساۋخۇ، ساڭجيا چۈي قاتارلىق جايلار تۇيۇقسىز چېكەتكە ئاپىتىگە ئۇچراپ، 9 مىڭ 279 مو يەردىكى زىرائەت زىيانغا ئۇچرىدى.

7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، چېكەتكىلەر ماناس ناھىيىسىنىڭ

شەرقىي جەنۇبىدىكى يېزىلارغا ئۇچۇپ كىرىپ، 2 مىڭ 82 مو 2 پۇڭ بەش لى يەردىكى زىرائەتكە زىيان سالدى.

8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، قەشقەرنىڭ لوڭكو ئۆتىڭىدە سۇ تېشىپ كېتىپ، كۆۋرۈكنى بۇزۇۋەتتى.

8 - ئاينىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ئۇچتۇرپاننىڭ تاغلىق رايونلىرىدا ئۇدا قاتتىق يامغۇر يېغىپ، توشقان دەرياسى يار كەتتى. دەريا ياقىسىغا جايلاشقان يېڭىسار، يۇلغۇن قاتارلىق 13 يېزا كەنتتىكى 3 مىڭ 131 مو يەردىكى زىرائەتنى سۇ بېسىپ كەتتى، 146 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ كەتتى.

10 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، ئەنگلىيىلىك دېش تاغدۆمباشتا ئۆلچەش خىزمىتىنى باشلىدى. يەكەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن كىرىيە دەرياسىنى داۋاملىق تەكشۈردى.

شۇ ئايدا، ۋۇسىن پېترۇۋنىڭ ئورنىغا روسىيىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى باش كونسۇلى بولدى.

11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى كېچىدە تاشقورغان، مىڭتېكە ئەتراپىدا ئىككى قېتىم يەر تەۋرىدى، ئەتىسى يەنە يەر تەۋرىدى.

12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، تۇرپاندىكى ئۇيغۇر ۋاڭى ماموت شىنۇۋمىندا خانىنىڭ دىدارىنى كۆردى.

شۇ يىلى ئەنگلىيە تاشقورغاندا خەت - چەك پونكىتى قۇردى، ھىندىستاننىڭ خەت - چەكلىرىنى يەتكۈزۈپ بەردى.

روسىيە پېتربورگ پەن - تەتقىقات يۇرتى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى كېلىمىنتىز باشچىلىقىدىكى ئارخېئولوگىيە ئەترىتىنى تۇرپاندا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا ئەۋەتتى ۋە ئاسار - ئەتىقىلەرنى ئوغرىلاپ كەتتى. بۇ ئەترەت قوچو قەدىمىي شەھىرىنى (ئىدىقۇتنى)، تۇيۇقتىكى ئىبادەتخانا خارابىسىنى ۋە 130 كىمىر ئۆينى تەكشۈرۈپ، بىر قىسىم خەنزۇچە يازمىلارنى، سانسكرىتچە يازمىلارنى ۋە باشقا يېزىقلاردىكى ۋەسىقىلەرنى، تام رەسىملىرىنى، بېغىش



لىمىلارنى ئېلىپ كەتتى.

1898 - يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 24 - يىلى)

3 - ئاينىڭ 26 -، 27 - كۈنلىرى، ئىلىدىكى گوزىنگو تېغىدا قاتتىق قار ياغقاچقا، ئادەم، ئات - ئۇلاغلارنىڭ يولى توسۇلۇپ قالدى.

28 - كۈنى، ئىلىدىكى كۈرە شەھىرىگە كەلكۈن كېلىپ، پۇقرالارنىڭ 606 ئېغىز ئۆيى ئۆرۈلۈپ كەتتى، 140 ئائىلە ئاپەتكە ئۇچرىدى، بىر ئەر كىشى سۇدا ئۆلدى.

4 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 4 - كۈنىگىچە، قەشقەردىكى چوڭ مەيداندا ھەربىي كۆرەك ئۆتكۈزۈلدى.

16 -، 17 - كۈنلىرى، تۇرپاندا قارا بوران چىقىپ، غەربىي شىمال يولىدىكى 97 ستولبا، توقسۇندا 44 ستولبا ئۆرۈلۈپ كەتتى.

28 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 6 - كۈنىگىچە گېرمانىيىلىك خىردېل قۇمۇلغا كەلدى.

4 -، 5 - ئايلاردا، تيەنجىندە تۇرۇشلۇق گېرمانىيىلىك سودىگەر شى چاڭخاڭ ئۈرۈمچىگە كېلىپ، قوي يۇڭى، تۆگە يۇڭى، ئىت تېرىسىدىن تىكىلگەن كەنجە، ئات قۇيرۇقى، ئات يايلىسى، ئات تېرىسى، كالا تېرىسى، ئۆچكە تېرىسى قاتارلىقلارنى سېتىۋالدى.

5 -، 6 - ئايلاردا، قارا شەھەر، شىخولاردا چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەردى.

6 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، قەشقەر كونىشەھەردە قاتتىق يەر تەۋرىدى، 525 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 47 ئادەم ئۆلدى، 85 ئادەم زەخىملەندى، 118 كالا، ئۆچكە، قوي ئۆلدى، سوخۇڭ قاراۋۇلخانىسىنىڭ ئۆي ۋاقلىرىمۇ ئۆرۈلۈپ كەتتى.

25 - كۈنى، سۇيدۇڭگە كەلكۈن سۈيى كېلىپ، 606 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ كەتتى. 25 -، 26 - كۈنلىرى باركۆلدە قات

تىق يامغۇر يېغىپ، كەلكۈن ئاپىتى يۈز بەردى. 200 نەچچە مو يەردىكى زىرائەت سۇ ئاستىدا قالدى.

8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ بەنفاڭگو، شۈيشىگو، تۇگۇك، ئەرگۇك، چىڭگۇك قاتارلىق جايلىرىدا تۇيۇقسىز مۆلدۈر يېغىپ، 4 مىڭ 360 مو يەردىكى كۈزلۈك زىرائەتكە بەرھەم بەردى.

9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، تۇرپاننىڭ تۇيۇق، مۇرتۇق قاتارلىق جايلىرىدا قاتتىق يامغۇر ياغدى، ئېرىق - ئۆستەڭلەر تار بولغاچقا سۇ تېشىپ كېتىپ، 1 مىڭ 410 تۈپ ئۈزۈم تېكىنى ئېقىتىپ كەتتى، 117 مو يەردىكى زىرائەتنى سۇ بېسىپ كەتتى، 120 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى، بىر ئەر كىشى، بىر كالا، 16 ئېشەك ئۆلدى.

10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، ئىلىنىڭ مۇئاۋىن دوتۇڭى جۇڭ لياڭ كېسەل سەۋەبىدىن خىزمىتىدىن قالدۇرۇلدى، ئورنىغا لالى مۇئاۋىن دوتۇڭ بولدى.

ئۆلكە مەركىزىدە روسىيىلىكلەر ئۈچ - تۆت ماگىزىن ئاچتى، ئۆلكە مەركىزىدە 200 نەچچە روسىيىلىك سودىگەر بار ئىدى. راۋىيىڭچى شىنىپىڭ ناھىيىسى تەسىس قىلىشنى تەكلىپ قىلدى.

گېرمانىيىلىك گېئولوگ فىد فول ۋە خوردېرىل ئايرىم - ئايرىم ھالدا شىنجاڭدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا كەلدى. ئۇلار تاشكەنت، ئۈشتىن يولغا چىقىپ، ئاقسۇ، قارا شەھەر، تۇرپان، قۇمۇل ئارقىلىق گەنسۇ، چىڭخەيگە باردى، ئاندىن خەنكو ۋە شاڭخەيگە باردى، شاڭخەيدىن دېڭىز يولى بىلەن دۆلىتىگە قايتىشتى. ئۇلار 700 پارچە رەسىم تارتىپ، مەركىزىي ئاسىيا رايونىدىكى يايلاقلارنىڭ يەر تۈزۈلۈشى ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى. فىدفولنىڭ «ئاسىيادىن ئۆتۈش» ناملىق ئەسىرى بار.

1899 - يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 25 - يىلى)



1 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، سۇ ئاپىتىگە، چېكەتكە ئاپىتىگە ئۇچرىغان تۇرپان، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارغا قۇتقۇزۇش بېرىلدى.

4 - ئاينىڭ 22 -، 23 - كۈنلىرى قەشقەردە قاتتىق بوران چىقىپ، 80 نەچچە ستولبىنى ئۆرۈۋەتتى.

5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى چاڭ گىڭ: قازاقلارنىڭ نوپۇسى كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىۋاتىدۇ، مىڭبېگى قاتارلىق ئەمەل-مەنسەپلەرنى تەسىس قىلساق دەپ تەكلىپ بەردى.

22 - كۈنى، ئالتاي ئورانقايلىرىنىڭ مۇئاۋىن دوتۇڭى سەنباۋ دورجى كېسەل سەۋەبىدىن خىزمىتىدىن قالدۇرۇلدى، ئورنىغا ئوغلى چاغان بولىك مۇئاۋىن دوتۇڭ بولدى.

7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، بايدىكى بەزى جايلاردا مۆلدۈر يېغىپ، زىرائەتلەرگە ئېغىر زىيان سالدى.

7 -، 9 - ئايلاردا، قەشقەر كونىشەھەرگە تەۋە بەزى جايلاردا سۇ ئاپىتى يۈز بېرىپ، 3 مىڭ 392 مو يەردىكى زىرائەت زىيانغا ئۇچرىدى، بايدىكى داۋانچى ئۆستەڭبويى دېگەن جايدا سۇ ئاپىتى يۈز بېرىپ 13 مىڭ 215 مو زىرائەت زىيانغا ئۇچرىدى، چوڭ، قىزىل قاتارلىق جايلاردا سۇ ئاپىتى ۋە مۆلدۈر ئاپىتى يۈز بېرىپ، 5 مىڭ 277 مو يەردىكى زىرائەت زىيانغا ئۇچرىدى، 33 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى.

8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، سۋېن ھېدىن شۋېتسىيە پادىشاھى ئوسكارنىڭ ۋە نوبېلنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا 2 - قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تارىم دەرياسىدىن كورلىنىڭ جەنۇبىدىكى يېڭى كۆلگە بېرىپ، تارىم دەرياسىنىڭ قاتناش لىنىيىسى خەرىتىسىنى تەپسىلىي رەسىمگە ئالدى.

9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، ئۈچتۇرپاندىكى خۇيزۇلاردىن

بەي جىنسەي، لى چاڭفۇ قاتارلىقلار ماناستىكى خۇيزۇلار ئىسيان كۆتەرگەنلىكىدىن ۋاقىپلىنىپ، شۇ كېچىسى ئۇلارمۇ ئىسيان كۆتۈردى. لېكىن ئىسيان مەغلۇپ بولۇپ، يەتتە كىشى زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى.

10 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، ئۆتكەن يىلى ئاپەتكە ئۇچرىغان تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن ئېلىنىدىغان باج - سېلىق ئازايتىلدى.

شۇ يىلى، روسىيىلىك سودىگەرلەر شىنجاڭغا ئېلىپ كىرگەن ماللارنىڭ قىممىتى 1 مىليون 298 مىڭ سەر كۈمۈشكە، شىنجاڭ روسىيىگە چىقارغان ماللارنىڭ قىممىتى 955 مىڭ سەر كۈمۈشكە يەتتى.

فرانسىيىلىك بانىن بېيجىڭدىن يولغا چىقىپ، كۆكخوت، نىڭشىيا، چىڭخەي، گەنسۇ ئارقىلىق ئالتۇن تاغقا بېرىپ قەدىمكى يىپەك يولىنى تەكشۈردى، ئاندىن تارىم دەرياسى بويىغا كېلىپ، تىيانشاندىن ئۆتۈپ ئۈرۈمچىگە كەلدى، ئىلى، سەمەرقەنت ئارقىلىق قايتىپ كەتتى.

1900 - يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 26 - يىلى)

3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، فرانسىيىنىڭ باش ئەلچىسى باۋنىڭ ئىلىغا كەلدى.

3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، سۋېن ھېدىن تەشكىللىگەن ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ ئەزاسى جۇڭگولۇق ئۇيغۇر ئەردىك (艾尔的克) قەدىمكى كىروران (مىران) شەھىرىنىڭ خارابىسىنى تاپتى.

4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، بايدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۆرىسى ئەمەت كېسەل سەۋەبىدىن ئۆلدى.

19 - كۈنى جاڭ جۈن ئۆلدى، ئورنىغا جاڭ زۈڭبىن باركۆلنىڭ باشبۇغى بولدى.

6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، كۇچادىكى بەزى جايلاردا



كەلكۈن ئاپىتى يۈز بېرىپ، 78 ستۇلبا ئۆرۈلۈپ چۈشتى.

7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، روسىيە يىخېتۇەن ھەرىكىتىنى باھانە قىلىپ، 200 روس ئەسكىرىنى ئىلى قاراۋۇلخانىسىنىڭ سىرتىغا ئەۋەتتى. 18 - كۈنى ئىلى قاراۋۇلخانىسىدىن ئۆتۈپ، 20 - كۈنى روسىيە كونسۇلخانىسىغا ئورۇنلاشتى.

22 - كۈنى، ئاپەتكە ئۇچرىغان قەشقەر كونىشەھەر، بايئىككى ناھىيىدىن ئېلىنىدىغان باج - سېلىق كەچۈرۈم قىلىندى.

8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، تۇرپاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ جاساق جۇنۋاڭى مامۇت ئۆلدى. ئۇنىڭ ئىشىنى چوڭ ئوغلى، باش تەيجى ئىمىن خوجا ۋاقىتنچە باشقۇرۇپ تۇردى.

يازدا، باركۆل، گۇچۇڭ، چۆچەكلەردە قۇرغاقچىلىق ئاپىتى، بوران ئاپىتى يۈز بەردى.

12 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، ئىلىنىڭ لەشكەر سەردارى جاۋداچۈي قەشقەرنىڭ باشبۇغى بولدى.

14 - كۈنى، مائەنلىياڭ ئىلىنىڭ لەشكەر سەردارى بولدى.

شۇ يىلى، قەشقەردىكى روسىيە سودىگەرلىرى روسىيىگە چىقارغان ماللارنىڭ قىممىتى 2 مىليون 572 مىڭ 330 رۇبلىغا، كىرگۈزگەن ماللىرىنىڭ قىممىتى 1 مىليون 726 مىڭ 479 رۇبلىغا يەتتى.

تيەنجىندىكى يىخېتۇەنچىلەردىن جاڭيۈك يوشۇرۇن ھالدا ئىلىغا كېلىپ، مەخپىي پائالىيەت ئېلىپ باردى، ماناستىمۇ يىخېتۇەنچىلەر پائالىيەت ئېلىپ باردى. ئۇزاق ئۆتمەي بۇ ئىككى جايدىكى يىخېتۇەنچىلەرنىڭ ھەرىكىتى باستۇرۇلدى.

ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى ۋېنگىرىيىلىك سىتېيىن كەشمىردىن يولغا چىقىپ، تاشقورغان ئارقىلىق قەشقەرگە كەلدى. 10 -

ئاينىڭ 2 - كۈنى خوتەنگە باردى، يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ مەنبەسىنى تەكشۈردى. 11 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، يورۇڭقاش دەرياسى بىلەن كېرىيە دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تەكلىماكان قۇملۇقىدا ۋە دەندان ئۆيلۈك قەدىمىي شەھىرىدە ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، ئۇ يەردىن ھىندىستاننىڭ دەسلەپكى دەۋردىكى مەدەنىيىتىگە ئوخشايدىغان ھەيكەللەرنى، تام رەسىملىرىنى، تارشا پۈتۈكچىلەرنى ۋە نۇرغۇن تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى شۇنىڭدەك VI — VII ئەسىرلەرگە تەئەللۇق سانسكرىتچە ۋەسىقىلەرنى تاپتى.

1901 - يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 27 - يىلى)

1 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، سېتېيىن نىيە قەدىمىي شەھەرنى تاپتى.

1 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 2 - ئاينىڭ 22 - كۈنىگىچە سېتېيىن نىيە خارابىسىدا ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ باردى. زور مىقداردا قارۇشتى يېزىقىدىكى يازمىلارنى، خەنزۇچە يازمىلارنى، تامغا - مۆھۈرلەرنى، ھەيكەللەرنى، سانسكرىتچە يازمىلارنى تاپتى. 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى سېتېيىن خوتەندىن قەشقەرگە قايتتى. ئۇ قىممەتلىك ئاسار -ئەتىقىلەرنى 12 چوڭ ساندۇققا قاچىلاپ ئەنجانغا بېرىپ، پويىزغا ئولتۇرۇپ 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى لوندون بۈيۈك بىرىتانىيە مۇزېيىغا يېتىپ باردى.

2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، ئاپەتكە ئۇچرىغان بارىكۆل، گۇچۇڭ، چۆچەكتىن ئېلىنىدىغان غەللە - پاراق ئازايتىلدى.

3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، سۋېن ھېدىننىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى يەنە بىر قېتىم كىروران قەدىمىي شەھىرى خارابىسىغا كەلدى ھەمدە كەڭ كۆلەملىك، تەشكىللىك ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ باردى، زور مىقداردا قارۇشتى يېزىقىدىكى يازمىلارنى، خەنزۇچە يازمىلارنى، زىننەت بۇيۇملى-



رىنى، پۇللارنى، ياغاچ قوچاقلارنى تاپتى. كىروران خارابىسىنىڭ تېپىلىشى لوپنۇر كۆلى كۆچمە كۆل دېگەن قاراشنى مۇھىم ئاساس بىلەن تەمىن ئەتتى. 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، سۋېن ھېدىن كەشمىر ئارقىلىق قايتتى.

6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، ئىلىنىڭ مۇئاۋىن دۇتۇڭى لالى كېسەل سەۋەبىدىن خىزمىتىدىن قالدۇرۇلدى، ئورنىغا گۇاڭ فۇ مۇئاۋىن دۇتۇڭ بولدى.

17 -، 18 - كۈنلىرى، كۇچانىڭ تەكلىك قاتارلىق يېزىلىرىغا كەلكۈن كېلىپ، ئۆي - ۋاقلارنى ئېقىتىپ كەتتى، نۇرغۇن زىرائەت زىيانغا ئۇچرىدى.

28 - كۈنى، مارالبېشىغا تەۋە مەكىت ۋە يۇقىرى ئۇتەي قاتارلىق جايلاردا مۆلدۈر ئاپىتى يۈز بېرىپ، 15 مىڭ 219 مو يەردىكى زىرائەت زىيانغا ئۇچرىدى.

7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 9 - ئاينىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە، ماناستىن قۇتۇبىغىچە بولغان جايلاردا چۈما كېسىلى تارقىلىپ، 50 نەچچە كۈندە 200 دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلۈپ كەتتى.

9 - ئاينىڭ 4 كۈنى، ئىمىن خوجا ئاتىسىنىڭ تۇرپاننىڭ جاساق جۈنۋاڭى دېگەن مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلىدۇ، دەپ بۇيرۇق چۈشتى.

12 - ئايدا، روسىيە تاشقورغاندا خەت - چەك پۇنكىتى قۇرۇپ، ئون نەچچە ئاتلىقنى تۇرغۇزدى، پامىرنىڭ خەت - چەكلىرىنى يەتكۈزۈپ بەردى.

1902 يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 28 - يىلى)

2 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، ئۆلكىلىك ئىشچى - دېھقان مەكتىپىنى قۇرۇش توغرىسىدا يارلىق چۈشتى.

3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، كابخۇتنىڭ سەردارى ئەلخان ۋە ئۇنىڭ بەش ھەمراسى كۇچاغا بارغاندا تۇتقۇن قىلىندى.

5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 4 - كۈنىگىچە، ئىلىدىكى گۈزگودا يامغۇر يېغىپ، سۇ تېشىپ كەتكەچكە، ئۈچ كۆۋرۈكنى سۇ ئېقىتىپ كەتتى.

5 - ئاينىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئىلىنىڭ تاغلىرىدا ئۇدا يامغۇر يېغىپ كەلگەچكە، قاش دەرياسىنىڭ سۈيى تېشىپ كەتتى.

5 - ئايدا، سۋېن ھېدىن يەنە پامىردىن ئۆتۈپ قەشقەرگە كەلدى، 6 - ئايدا ستوكھولمغە يېتىپ بېرىپ 2 - قېتىملىق ئوتتۇرا ئاسىيا سەپىرىنى ئاياغلاشتۇردى. ئۇ «ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىزاڭ» ناملىق كىتابىنى ۋە «1899 — 1902 - يىللاردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا سەپىرىنىڭ ئىلمىي نەتىجىلىرى» ناملىق بەش توملۇق ئىلمىي ئەسەرنى يېزىپ چىقتى.

6 - ئايدا، مارالبېشىدا چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەردى.

7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، چۈشتىن كېيىن، مارالبېشىدا چوڭ مۆلدۈر يېغىپ، 2 مىڭ مودىن كۆپرەك يەردىكى زىرائەتنى زىيانغا ئۇچراتتى.

8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەشقەردە بىر يېرىم مىنۇت قاتتىق يەر تەۋرىدى، بۇ شىنجاڭ تارىخىدا ئەڭ قاتتىق يەر تەۋرەش ھېسابلىنىدۇ. يەر تەۋرەش رايونىدا يەر تەۋرەش دەرىجىسى ئون بالدىن ئېشىپ كەتتى. 10 مىڭ ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى، تاغ ئولتۇرۇشۇپ، يەر يېرىلىپ كەتتى، مىڭغا يېقىن ئادەم ئۆلدى.

30 - كۈنى قەشقەردە يەنە يەر تەۋرىدى.

9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، قەشقەردە يەنە بىر قېتىم قاتتىق يەر تەۋرىدى.

9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، تۇرپاننىڭ ئاقبۇلا دېگەن يېرىدە قاتتىق يامغۇر يېغىپ، كەلكۈن سۈيى نۇرغۇن ستولبىلارنى ئۆرۈۋەتتى. سۇ توققۇز ھارۋىنى ئېقىتىپ كەتتى، 12 ئادەم ئۆلدى.



9 - ئايدىن 1903 - يىل 3 - ئايغىچە، گېرمانىيىلىك گرونۋېدىل قاتارلىقلار روسىيە ئارقىلىق شىنجاڭغا كەلدى، ئۇلار تۇرپاندا بەزى مىڭئۆيلەرنى رەسىمگە ئېلىۋالدى، قىممەتلىك سەنئەت بۇيۇملىرىنى ۋە يازمىلارنى (خەنزۇچە، ئىرانچە، تۈركچە، مانىچە يېزىقلاردىكى يازمىلار) ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇلار بۇ يازمىلارنى، ئاسار - ئەتىقىلەرنى 46 چوڭ ساندۇققا قاچىلاپ ئېلىپ كەتتى.

10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، بارىكۆلدە مۆلدۈر يېغىپ ئاپەت پەيدا قىلدى.

15 - كۈنى، چۈشتە قارا شەھەردە قاتتىق يەر تەۋرىدى.

شۇ يىلى، ئۆلكە مەركىزىدە شىنجاڭ ئۆلكىلىك باج ئىشلىرى باش ئىدارىسى، قۇمۇل، گۇچۇڭ، ماناس، ئاقسۇ، تۇرپان، مارالبېشىدا جەمئىي ئالتە شۆبە ئىدارە قۇرۇلدى. شۇ يىلى باش ئىدارە جەمئىي 90 مىڭ 876 سەر باج يىغدى.

ياپونىيىنىڭ داگۇ گۇاڭرۇي باشچىلىقىدىكى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى پامىر، تىيانشان قاتارلىق جايلارغا كېلىپ ئاسار - ئەتىقىلەرنى قازدى. داگۇ گۇاگرۇي قاتارلىق تۆت كىشى 8 - ئايدا لوندوندىن يولغا چىقىپ، ئەنجان، ئوش ئارقىلىق 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى قەشقەرگە كەلدى. ئۇلاردىن داگۇ بىلەن بىندۇ، جىڭ شاڭلار جەنۇبقا — ھىندىستانغا بېرىپ، ئاندىن دۆلىتىگە قايتتى، دۇبىيەن يەكەنگە قايتىپ يەنە خوتەنگە بېرىپ، تىيانشاننى تەكشۈرمەكچى بولدى. داگۇ گۇاڭرۇي ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ مەقسىتى — بۇددا دىنىنىڭ شەرققە تارقىلىش لىنىيىسىنى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا بۇددا دىنىنىڭ ئىسلام دىنى تەرىپىدىن سىقىپ چىقىرىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئىدى.

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئابلەت نۇردۇن
ئابلىز مۇھەممەت سايرامى

新疆文史资料选辑(27) (维吾尔文)
中国人民政治协商会议新疆维吾尔自治区
委员会文史资料委员会 编

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市建中路54号)
新疆新华书店发行 新疆新华印刷三厂印刷
850×1168毫米 32开本 12.625印张 4插页
1989年12月第1版 1990年1月第1次印刷
印数：1——2,500

ISBN 7-228-01188-0/K·103 定价：3.15元
(内部发行)

ISBN 7 — 228 — 01188－0
K·103(民文)定价：3.15元